

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

# يول

(بىرىنچى قىسىم)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

يول

(1)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ISBN 978-605-70311-1-2





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەببۇللا ئابلىمەت

# يول

(رومان)

- 1 -

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# يول | Yol

- رومان | Roman -

- بىرىنچى قىسىم -

ھەبىبۇللا ئابلىمىت | Aybibulla Ablimit

تەھرىر: ئەسما ئىلھام Editör : Esma ILHAM
بىرىنچى نەشرى: 2021 – يىلى فېۋرال İlk Baskı: Şubat 2021
ئەۋلاد نەشرىياتى Ewlad Neşriyatı

Seyit Ömer Mah. Uzun Halil Sok. No: 12/5 Fatih / İstanbul
Sertifika No: 43840

ISBN: 978-605-70311-1-2


Copyright© Aybibulla Ablimit

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
Published By Teklamakan Uyghur Publishing House

Printed in Istanbul | ئىستانبۇلدا بېسىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى









www.uyghurkitap.com














ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

يولچى .................................. 1
ئايسىز ئايدىلىك كېچە .............................. 37
چاقنىغان قوياش.............................. 81
مەۋج ئۇرغان دەريا .............................. 125
كۆك بايراق جۇشقىسى.............................. 219
ئاشىقلىنىڭ شېھىدلىرى.............................. 319

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يولچى

بىراۋنىڭ ماڭغانلىقى يولنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، قەدەم ئىزلىرى يولدا چاقناپ تۇرىدۇ.

_ تەپەككۇرىمدىن _

يولنىڭ بېشى كۆپ ھاللاردا ئۈمىد، ئارزۇ، بەختىيارلىق، ھاياجان ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن باشلانسىمۇ، ئەمما ھەرۋاقىت ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى بەزىدە كۆز ياش، ھىجران ۋە قايغۇ - ئەلەملەر بىلەن باشلىنىدىغان يوللارمۇ بولىدۇ. بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىن ئىلچىنىڭ خەلپىلىك ھويلا مەھەللىسىدىن يولغان چىققان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇ ھالىدىن، يا خۇشاللىقىنىڭ، يا ئازابىنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈۋېلىش تەسرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن تەمكىنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي ھالىتى، خوتەننىڭ مۇشۇ فېۋرال ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قىش بىلەن باھارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئىقلىمىغا ئوخشايتتى. بۇنداق سىرلىق روھىي كەيپىياتنى ئەلۋەتتە باشقىلار ئاسان مۆلچەرلىيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تېشىغا چىقارمىغان، باشقىلاردىن، ئەتراپىتىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە تەبىئەتتىن، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ يوشۇرىدىغان سىرلىرى بار ئىدى. بۇ مۇقەددەس سىرلارنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە يوشۇرغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ يولدا ئەنە شۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ئالغا

ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇمىدىنى تاپقان بىر ئىرادە، بىر جەڭگىۋارلىق، بىر پىداكارلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قارا خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى ئىلچىنىڭ كوچىلىرىغا قالدۇرۇپ، قاراقاشقا قاراپ يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان كەڭ دالادىكى توپىلىق يولغا چىقتى. ئۇنىڭ مۇرىسىنى مىدىرلىتىپ، كەشتىلەنگەن ئانار گۈلى تاڭ شەپىقىدە جۇلالىنىپ تۇرغان خۇرجۇننى تۇزەشتۈرۈپ قويدى ـ دە، قارا قاشلىرىغا تاقشىپ قالغان قارا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپىكىنى سول قولى بىلەن سەل يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا نەزەر كۆزىنى ئاقتۇردى. ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوق بۇ يولنىڭ سول تەرىپىدە بىخ چىقىرىشقا پىتىنالماي تۇرغان جىگدە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى سەھەر شاملىدا لىڭشىۋاتاتتى، ئەمما قۇم ئارىلاش توپىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۇيى بولسا مىدىر قىلمايتتى. چۈنكى بۇ قۇرغاق ئىقلىمنىڭ تەبىئىتىگە ماسلاشقان جىگدە كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزى ئاشۇ قۇم ئارىلاشقان ئانا تۇپراق ئاستىغا مەھكەم باغلانغان ئىدى. ھىندىقۇش ۋە قۇرۇم تاغلىرىدىن كەلگەن سوغۇق ھاۋا بىلەن تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىدىن كەلگەن قۇرغاق ھاۋا بىرلىشىپ ئەسكەن شامال، سەھەردە يولچىنىڭ يول ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. يولنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقلاردىكى دۆۋە ـ دۆۋە ئوغۇتلار ئادەمگە گۆرستان جىمجىتلىقى ئىچىدە ياتقان قەبرىستانلىقنى ئەسلىتەتتى. بۇ تۇپراقلاردا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان كېۋەزلەر، بۇغدايلار، قوناقلار، جۇملىدىن بارلىق مايسىلار، ھەتتا ئۇستىدە ھاياتلىقنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقان بارلىق جان ـ جانىۋارلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئىنسانلار شۇنچىلىك كۈچلۈك ھاياتىي كۈچى بىلەن، تاغلار بىلەن چۆللەر ئارىسىدىكى مۇشۇ بوستانلىقنىڭ ناچار تەبىئىي ئىقلىمىنىڭ

بىسىمغا ئەسىرلەردىن بېرى چىداپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بۇ تۇپراقلاردا ئەزەلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى پەقەت تەبىئەتنىڭلا بېسىمىغا قارشى كۈرەش قىلىپ قالماي، يەنە مۇشۇ زېمىنغا بېسىپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلۇمىغىمۇ قارشى كۈرەش قىلماقتا. مانا بۇگۈن مېڭىۋاتقان بۇ يوللار ئەنە ئاشۇ ۋەتەننىڭ كەلگۈسىدىكى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، ئىقبالى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، ھۆرلۈكى ئۈچۈن بېسىلىدىغان يوللارنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يول بويى تەبىئەتتىكى ئادەمنى خۇشاللىق ۋە قايغۇغا سالىدىغان بارلىق مەۋجۇداتلارنى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، ھەممىنى ئۆز كاللىسىدا بىر - بىرىگە باغلىدى ۋە مېڭىسى ئىچىگە شۇنچىلىك گۈزەل بىر مەنزىرىنى سىزىپ چىقتى، ئۇ بولسىمۇ ئانا ۋەتەن ئىدى. يەنى توپ ماھىيىتى بىلەن ئېيتقاندا، ئازات بىر ۋەتەن، مۇستەقىل بىر ۋەتەن ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل گۈزەللىك ھەر ئىنسان ئۈچۈن پەقەت ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدىلا بولىدۇ. ئۆز ۋەتىنى بارلارنىڭ گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ. گۈزەللىك ئايرىم بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئىنساننىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەركىنلىك ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئەمما، ۋەتەنگە ئىگە چىقالمىغانلارنىڭ ئانا تۇپرىقى دۈشمەنلەرنىڭ قانلىق ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا ۋەتەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئانا تۇپراقتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆز گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى روھلار ئۆلگەن، ئەركىنلىك يوقالغان ۋە ئىنساننىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۆلۈپ، قارا كۆزلەر ئۆز نۇرىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. بۇ

ئاددىـي ھەقىقەتنـى مۇھەممـەد ئەمـىن بۇغـرا ئۆزىنىـڭ 32 يىللىـق ھايـات يولىدىـن تەجرىبىلـرى ئارقىلـق چۈشىنىپ يەتكـەن، شۇڭا ۋەتەنىـى قۇتقۇزۇشـنىڭ يولىنىـڭ ئالـدى بىلـەن مىللەتنىـڭ روھىنـى تىرىلدۈرۈشـتىن باشلىنىشـى كېرەكلىكىنـى ئـدراك قىلغـان ئىـدى. ئـۇ 21 يېشـىدا خوتـەن ۋە قاراقاشـتىكى مەدرىسـىلەردە ئـەرەب، پـارس تىللىرىدىكـى يۈكسـەك دىنىـي ئىلىـم ئوقۇشـنى پۈتتۈرگەندىـن كېيىـن مۇدەررىـس بولـۇپ، بىـر تەرەپتىـن بـالا ئوقۇتـۇش بىلـەن شۇغۇللانسا، يەنـە بىـر تەرەپتىـن ۋەتەنىـى قۇتقۇزۇشـنىڭ يوللىرىنـى ئىزدەشـكە كىرىشـكەن ئىـدى.

خەلـق ئىچىـدە ھـەم ئىلمـى ھـەم پەزىلىتـى بىلـەن سـۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشـتەك ئۇلـۇغ نېمەتكـە ئىگـە بولغـان مۇھەممـەد ئەمـىن بۇغرانى ئـاق كۆڭـۈل، ۋاپـادار خوتـەن خەلقـى ھۆرمەتلـەپ، «ھەزرىتـىم» دەپ چاقىرىدىغـان بولـدى. «ھەزرىتـىم» دېگـەن ئۇلـۇغ نامغـا ئىگـە بولغـان بـۇ مۇبـارەك زات 1930 ـ يىللىرىنىـڭ بېشـىدا، مەشـھۇر تاتار ئالىملىرىدىــن چۆچەكتــە ئولتۇرۇشــلۇق مۇھەممــەد مــۇرات رەمزىنىــڭ قېشـىغا ھەدىـس ۋە تەپسـىر بىلىملىرىدىـن دەرس ئېلىـش ئۈچـۈن بارىمـەن دەپ، خوتەندىـن يولغـا چىقىـپ، كۇچـا، كـورلا، تۇرپـان، ئۈرۈمچـى، چۆچـەك، ئىلـى، ئاقسـۇ ۋە ئارىدىكـى شـەھەرلەرنى ئالتـە ئـاي سـاياھەت قىلىـپ، خوتەنگـە قايتىـپ كەلـدى. ئـۇ بـۇ ئـۇزۇن يولچىلىــق جەريانىــدا ۋەتىنىمىزنىــڭ گــۈزەل تــاغ ـ دەريالىرىنــى تاماشـا قىلىـش بىلـەن بىرگـە، ئـەڭ مۇھىمـى شـۇ جايلاردىكـى ۋەتـەن سـۆيەر زىيـرەك زاتـلار بىلـەن ھەمسـۆھبەتتە بولـدى ۋە شـۇ جايلارنىـڭ سياسـىي، ھەربىـي، ئىجتىمائىـي، تەبىئىـي شارائىتلىرى بىلـەن تونۇشـۇپ چىقتـى. مانـا مۇشـۇ ئۇلـۇغ يولچىلىـق بىلـەن ئىلىغـا كەلگەنـدە، ئـۇ ئـۆزى بىلـەن بىـر ئىدىيەدىكـى، نەچچـە ۋاقىتتىـن بېـرى ئىـزدەپ يۈرگـەن ئادىمىنـى تاپتـى. بـۇ خاسـىيەتلىك كىشـى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىلىدا تونۇشقان سابىت داموللام ئىدى. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۆيگەن بۇ ئىككى يۈرەك نەچچە كۈن ھەمسۆھبەت بولۇپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قارارلارنى ئالدى. تېگى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدىن بولغان سابىت داموللام چوڭقۇر بىلىمى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە پەرق ئېتىش تۇيغۇسىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۆزىدىن ئون سەككىز ياش كىچىك بولغان مۇھەممەد ئەمىنگە ئاجايىپ پەخىرلىنەرلىك تەسىراتلارنى قالدۇردى. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، ھەر ئىككىلىسى يۈرەكنى يۈرەككە يېقىپ، كۆيسە تەڭ كۆيۈپ، ئاقسا تەڭ ئېقىپ، ھېچ ئۆمىد يوق شارائىت ئاستىدا جاسارەت قىلىسىلا ۋە بەدەل تۆلەشتىن قورقمىسىلا، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، قاراڭغۇلۇقتىن ئايدىڭلىققا چىقىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ۋەتەننى قۇللۇق كۈرەش ئارقىلىق ئازات قىلىشقا بىرلىكتە قەسەمياد قىلغان بۇ ئىككى زاتنىڭ بىرى خوتەنگە قاراپ يول ئالغان بولسا، يەنە بىرى، ھەرەمگە ھەج قىلىش بىلەن بىرگە، تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چەت ئەلگە قاراپ يولغا چىقتى.

يولغا چىقىش ئۈچۈن كىملەر بىلەن چىقىش ۋە نېمە ئۈچۈن چىققانلىقىڭنى بىلىشىڭ، يولنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. چۈنكى ئۆزۈڭ چۈشەنمىگەن يولنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلمەيسەن، چۈشەندۈرەلمىسەڭ بىرلىكتە ئالغا باسالمايسەن، ئالغا باسالمىساڭ يول ئالالمايسەن. چۈشىنىش ئۈچۈن يەنە شۇ يولچى بولۇشۇڭ كېرەك، يولچى بولۇشۇڭ ئۈچۈن يولغا چىقىشىڭ، يولغا چىقىش ئۈچۈن جاسارەت كېرەك، ئىرادە كېرەك ۋە مېھنەت كېرەك. مېھنەت جاپادۇر، مېھنەت دەردتۇر، مېھنەت غەمدۇر، مېھنەت ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇشتۇر، مېھنەت ۋاقتى كەلگەندە جاننى تىكىشتۇر، مېھنەت

يەنە تەجرىبىدۇر، يەكۈندۇر ۋە يەنە شۇ يولدۇر، يولچىلىقتۇر. شۇڭا، يولغا چىق، يولچى بول ۋە بىللە يولغا چىققان دوستۇڭنى يولدا تاشلىما ھەمدە يول ئۈستىدە تاپقان دوستقا ئىشىنىپ، ھەممە سىرىڭنى ئاشكارىلىما.

ئەنە شۇ مېھنەتلىك يولچىلىقتا سابىت داموللام ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى مۇناسىۋەتلىك زاتلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىقلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە، يەنىلا ئۆز خەلقىگە تايىنىشتىن باشقا ئىككىنچى بىر يولنىڭ يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى. سابىت داموللام مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ گەرچە ئاللاھى بىر، دىنى بىر، كىتابى بىر ۋە پەيغەمبىرى بىر بولسىمۇ، ئەمما، مېڭىۋاتقان يولىنىڭ بىر ئەمەسلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ مۇسۇلمان ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ناھايىتى قالاق، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان، مائارىپى قىلچە راۋاج تاپمىغان ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئادەملىرى ئىنتايىن نامرات، يوقسۇل، ئاچ، كېسەل ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ يەرلەردە ئاللاھ ئۆز يولىغا يولباشچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئوخشاش بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن سۆيگۈ، سەمىمىيەت، ئىشەنچ، راستچىللىق، ئىتائەت، قۇدرەت، پاراسەت، بىلىم، ئىرادە، ھۆرمەت ۋە كامالەت قاتارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. بار دېيىلسە، ھەر خىل تەرىقەت، مەزھەپ، سۇلۇك ۋە ھەر خىل ئېقىملارنىڭ بارلىقىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باي بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئىنتايىن زورلىقىدىن ئىبارەت ئادالەتسىزلىكنىڭ بارلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز ئىدېئولوگىيەسى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىپ مىليونلارچە دوللارنى خەجلەيدىغانلىقىنى، ئەمما خەلقنىڭ ئىلىم بىلەن يۈكسىلىشىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ گۈللىنىشىگە، مائارىپ ۋە سەھىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىقلارنىڭ ياخشىلىنىشىغا قىلچە مەبلەغ سالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا تۆۋەن قاتلامدىكى كەڭ ئاممىنىڭ ئىنتايىن ھەقىر تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ياشايدىغانلىقىنى كۆردى.

سابىت داموللام ئەنە شۇنداق بىر قاتار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي مېتود بىلەن ئەقلىي خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن، ئۈمىدىنى ئۆز خەلقىگە باغلاپ ئۇدۇل خوتەنگە قايتتى.

مانا ئەمدى سابىت داموللام خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي بىلىمى، تەشكىللەش قابىلىيىتى ۋە ناتىقلىق سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئازاتلىق يولىدا كۈرەش قىلىش ھەققىدە ئۈچ ئايدىن بېرى كېچە - كۈندۈز دىنىي تەبلىغ قىلىش ئارقىلىق، قاراقاش خەلقى ئۈستىدىن ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقتا. بۈگۈن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سەپدىشى سابىت داموللام بىلەن ئۇلۇغ ئىشلارغا جىددىي تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن، قاراقاشقا قاراپ ئالدىراپ يولغا چىققان ئىدى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىر سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت جىددىي يول يۈرگەندىن كېيىن، سەل ھارغىنلىق يەتتىمۇ قانداق، يولنىڭ چېتىدىكى تىنىپ كەتكەن ئېرىقنىڭ قىرىغا خۇرجۇنىنى قويۇپ، بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئاندىن ئەتسىز ئالىقانلىرى

بىلەن ئالدىغا سۇنۇلغان پۇتلىرىنى مۇجۇپ - مۇجۇپ تۇتتى. قاراقاش تەرەپتىن ئەسكەن سوغۇق شامال ئۇنىڭ سوقچاق ئاۋاق يۈزىگە چىرايلىق قوييۇۋالغان قاپقارا ساقاللىرىنى ئىلچى تەرەپكە يەلپۈتمەكتە ئىدى. ئۇ بىرەر ھارۋىنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ساقىلى يەلپۈنگەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەمما نۇرىنى يوقاتمىغان قوي كۆزلىرىگە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە خۇنۇك كۆرۈنەتتى. بۇرۇن بۇ قىرلارغا ئۆز سايىسىنى تاشلاپ تۇرۇدىغان رەت - رەت دەرەخلەر ھازىر كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت ئىلگىرىكى چىرايلىق مەنزىرىلەرنىڭ شاھىتى بولغان بىر قانچە چوڭ كۆتەك ۋە كۆتەكلەرنى قومۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنكى ئازگاللارلا قالغان ئىدى. كۆتەكلەردىكى پالتا ئىزلىرى، چوڭقۇر ئازگاللار، ھارۋا چاقلىرى پەيدا قىلغان يولدىكى كاتاڭلار يول ئازابىدا ھارغىنلىق يەتكەن يولۇچىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر ۋەھىمىنى پەيدا قىلاتتى. يولنىڭ ئۇ چېتىدە چاڭ - توزان ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، خارابىلىققا ئايلانغان دېھقان ئۆيلىرى تاشلىنىپ چۆلدەرەپ، نە ئادەم، نە ھايۋان ياشىغۇسىز ھالغا كەپ قالغان ئىدى. قىڭغىيىپ قالغان خام كېسەك تاملار بولسا جىن شۇرىپىنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىقى ۋە قىلىۋاتقان ياۋۇزلۇقىغا سۈكۈت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىۋاتقاندەك ئىدى. دەرەخلەرنىڭ كېسىلىشى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ تىنىپ كېتىشى ۋە بوستانلىقلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن ھەممە يەر خارابىلىققا ئايلانغانىدى. تەبىئەت ئوتتۇرىغا قويغان مىزاننىڭ ھەر ۋاقىت ناھايىتىمۇ توغرا بىر مەنتىقىسى بار بولۇپ، ئەمما بۇ توغرا مەنتىقىلىق مىزاننى زالىملار ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن پالتىلاپ چېپىپ تاشلاۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قۇياش كۆككە ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋامۇ خېلىلا ئىسسىشقا باشلىدى. يۈزىنى قۇياشقا تۇتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىنى ئىللىتىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئىچىنىمۇ يورۇتتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قۇياش بىر بولغىنى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى يورۇتۇشقا، ئىللىتىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكمەتنى يادىغا ئالدى. ئىنسانىنى غەشلىكتىن، غەمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۈمىد يوللىرىنى چاقنىتىدىغان يەنىلا شۇ مۇقەددەس قۇياش دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ شۇ ئويلىرى جالالىددىن رۇمىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرلىرىغا تەققاس ئىدى.

«دەردىم بار دېسەن. دەرد ئىنسانىنى ھەققە ئاپىرىدىغان بۇراقتۇر. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

بۇ دەرد پەقەت مەندىلا بار دەپ ئويلاپ قالما،

سەندىكى دەردلەرنى نېمەت دەپ بىلىدىغانلارمۇ بار.

ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، قاراڭغۇ قۇدۇقتىكى يۈسۈپنى ئويلا.

دەرد نەدە بولسا، داۋا شۇ يەرگە بارىدۇ.

يوقسۇللۇق نەدە بولسا، نېمەت شۇ يەرگە بارىدۇ.

مەسىلە نەدە بولسا، جاۋابمۇ ئۇ يەردە بولىدۇ.

كىمە قاياققا ماڭسا، سۇمۇ شۇ ياقتا بولىدۇ.

ھەسرەت چەكمە!

ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ئىنسانغا قاراپ بولىدۇ.

ئەسلىدە ھەقىقەت ئالەمى بىر بولىدۇ.

بۇ ئالەم بىر چۈشكە ئوخشايدۇ.

پەرەزگە ئىشىنىپ قالما ئەي جان!

چۈشۈڭدە قولۇڭ كېسىلسە قورقما! قولۇڭ جايىدا.

دۇنيا بىر چۈش بولسا، بېشىڭغا كەلگەن بۇ پالاكەتلەر ئۆتكۈنچىدۇر.

ئۇنداقتا، يەنە نېمىگە ھەسرەت چېكىسەن؟

ھەممە بالا ـ قازا بېشىڭغا كېلىپ، چىدىغۇچىلىك ھالىڭ قالمىغان يەرگە كەلگەندە ھەرگىز بەل قويۇۋەتمە. چۈنكى دەل ئاشۇ يەر يولۇڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئات ئالماشتۇرىدىغان جايدۇر.

ھەر كىم بىر نەرسىگە ئىشىنىدىغان مۇشۇ زاماندا، سېنىڭ ئىشەنچىڭ ئاللاھ بولسۇن.

ھەسرەت چەكمە!

ئاللاھنىڭ سېنىڭ دەردلىرىڭنى سېنىڭدىن ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئۇنۇتما.

دۇئا قىلغاندا ئۇنىڭغا سۇنۇق بىر كۆڭۈل بىلەن قولۇڭنى كۆتەر.

چۈنكى ئاللاھنىڭ شەپقىتى ۋە ئېھسانى، كۆڭلى يېرىم كىشىگە قاراپ ئۇدۇل ئۇچىدۇ.

ھەرگىز ھەسرەت چەكمە!

بولۇپمۇ بۈگۈن!»

ئۇ روھلۇق بىر كەيپىيات بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئورۇق، ئوتتۇرا بويىغا شۇنچىلىك ياراشقان قارا بوز رەختتىن تىكىلگەن پاختىلىق چەكمەن چاپىنىنىڭ سىرتىغا

چىگىۋالغان پوتىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئېرىق قىرىدىكى خورجۇنىنىڭ چۇچۇلىسىنى قىقىشتۇرۇپ، مۈرىسىگە ئارتتى، ئاندىن يول ياقىسىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ نىشانغا قانچە تېز بارسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئالدى. مۇشۇ سۈرئەتتە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بىر ئاۋازنى تۇيدى. ئاۋاز ئارقا تەرەپتىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز بىر يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ كېلىۋاتقان هارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىلداشلىرى ئات تۇياقلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن چىقارغان ئاۋازلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاجايىپ ئېسىل بىر سىمفونىيەنىڭ نوتىسىنى مۇشۇ كاتاڭغۇ يولنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قالدۇرۇۋاتقاندەكلا ئىدى. ئۇ يول ياقىسىدا توختاپ، ناخشىغا قۇلاق سالدى.

غېمىم كۆپتۇر ئەي گۈلى رەنا،
بىخەۋەر سەن هالى زارىمدىن.
پەلەكنىڭ گەردىشى دەۋران،
ئايرىدى جانان يارىمدىن.

مۇھەببەت دەردىدە يىغلاپ،
ئۆتتۈپ ئۆمرۈم ئادا بولغاچ.
باياۋانلاردا مەجنۇن تۇتىيا،
سېنى ئىزلەپ غۇبارىمدىن.

ھارۋا كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېنىدا توختىدى. ھارۋىكەش ھارۋىدىن ئىتتىك سەكرەپ چۈشۈپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ھەزرەت ئۇستاز» دەپلا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن، «نەگە كېتىۋاتىلىكىن ئۇستاز؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتىم يىگىتنىڭ خۇشخۇيلۇقىغا، كەڭ قۇچاقلىرىغا، گىرۋي بويلىرىغا، ئەگمە قاشلىرىغا، ئۆتكۈر قارا كۆزلىرىگە، جاراڭلىق ئاۋازلىرىغا قاراپلا بۇ يىگىتنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قاراقاشتىكى تۆمۈرچى مەسۇم ئاكىنىڭ ئوغلى ئەردەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. شۇڭا چاقچاق قىلغان قىياپەتتە: «يولچى مەن، يولدىن كەلدىم، يولدا كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئەردەم: «ھە، ئۇستاز! ئۇغۇ شۇنداق، قاراقاشقا مېڭىپىلىدە، قارىمامدىغان بۇ دەل كەپ قېلىشنى، قېنى ھارۋىغا چىقسىلا» دەپ ھۆرمەت بىلەن ھارۋىنى ئىشارەت قىلدى. ھەزرىتىم مەمنۇنىيەت بىلەن ھارۋىغا چىقتى ۋە مازلىرى چىقىپ كەتكەن ئەسكى چاپانغا يۆگىنىپ، ھارۋىنىڭ يان تاختىيىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئادەمگە كۆزى چۈشتى. ئېغىلىنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويغان بىر باغلام قوناق شېخىدەك تۇرغان يۈزى سۇلغۇن زەپىرەڭ بۇ ئادەمگە ئىككى قولىنى تەڭلەپ قول ئېلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندا ئۆزىنى ئوبدان جايلاپ ئولتۇردى. ئەردەم قارا رەڭلىك، قاشقىسى ماڭلىيىغا خويمۇ ياراشقان، كەڭ تۆشلۈك ئۆگ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى «چۇھ ـ چۇھ» دەپلا بىر دېۋىتىۋىدى، ئات يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى. كونىلار «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» دەپ بىكارغا ئېيتمىغاندە. ھارۋا ئات تۇياقلىرىنىڭ ۋە چاقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئالدىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. بىپايان كۆك يۈزى ئاستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەك دالىدا ئەركىن يول ئېلىپ كېتىۋاتقان ھارۋىدا ئولتۇرغان ھەزرىتىم كۆڭلىدىن مۇنۇلارنى ئۆتكۈزدى، «ئىنساننىڭ ھاياتى مۇشۇنداق يولچىلىق بىلەنلا ئۆتىدۇ. مۇشۇ يولچىلىقتا ئىنسان زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ، ئىزتىراپ چېكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈچلىنىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، بۇ يولدا جان بېرىدۇ، قان تۆكىدۇ، ئەمما ئەسلا توغرا يولدىن ئازمايدۇ. چىققان يولدا غەلىبە قىلماق ھاياتقا بىر مەزمۇن قاتىدۇ، ھاياتنى مەنىلىك قىلىدۇ. يوللار ھەر ۋاقىت دوست بىلەن دۈشمەن، تىنچلىق بىلەن ئۇرۇش، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، مەزلۇم بىلەن زالىم، ھەق بىلەن ناھەق، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، توقلۇق بىلەن ئاچلىق، ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدۇ...»

ھارۋىنى ھەۋەس بىلەن ھەيدەۋاتقان ئەردەم سول قولىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولىدىكى قامچىسىنى يېنىغا قويدى ـ دە، بېشىدىكى يىپپىگى تۇمىقىنى يۇقىرىغىراق ئىتتىرىپ قويدى. ئاندىن قېلىن لەۋلىرى ئارىسىدىكى ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، تەبەسسۇم بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى:

ـ مەن تۈنۈگۈن سەھەردىلا ئىلچىغا كىرگەن ئىدىم. بۇ يىل قىشىچە ئۆزۈم سوققان كەتمەن، گۈرجەك، ئوغاق، چالغا قاتارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرى ۋە شۇنىڭدەك ھۈنەرۋەنلەر ئىشلىتىدىغان پالتا، بولقا، كەكىدىن تارتىپ تا بۈرەندە، بىگىز، تۆمۈنە قاتارلىق ئۇششاق ئەسۋاپلارغىچە ھەممىسىنى ھارۋىغا بېسىپ دۇكاندارلارغا ئۆتكۈزىۋەتتىم. ئاندىن ئۆيگە كېرەكلىك بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ بولغىچە كەچ بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، دەڭدە قونۇپ ئەتە سەھەردىلا يولغا چىقمامدىمەن دەپ، دەڭگە كىردىم. ئۇ يەردە كۈنلۈكچى بولۇپ يۈرگەن ھامۇتكامنى ئۇچرىتىپ قالدىم...

ھارۋا تۇيۇقسىز يولنىڭ ئازگاللىرىغا چۈشۈپ، ئىغاڭلاپ كەتتى. ئەردەم يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرەپ هارۋىنىڭ يان تاختىيىنى چىڭ تۇتۇۋالغان هامۇتقا بىر قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈۋېتىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

ـ هامۇتكام بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇشىمىز، قاراقاشنىڭ يۇقىرىدا ئولتۇرىدۇ. كېرەمباينىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان يىللىقچى دېهقان. ئۇ هەر يىلى بىر نەچچە قېتىم دۇكىنىمغا كېلىپ، بەزىدە ئۆزىگە كېرەكلىك دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى ئالسا، بەزىدە بۇزۇلغانلىرىنى ياساتتى. بۇ يىل دۇكىنىمدا ئەمەس بەلكى دەڭدە كۆرۈپ، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. شۇڭا هامۇتكامغا: «قاراقاشتا قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىمىز بار، بۇ يەردە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، يېرىم ئاچ ـ يېرىم توق يۈرۈپ نېمە قىلىسەن ئاكا؟ ئەت تىرناقتىن ئايرىلمايدۇ. قانداق دەردىڭ بولسا مەن ئىگە» دەپ، ئۇنى قايىل قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭدىم، ـ ئەردەم سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، توق قارا، قېلىن بۇرۇتلىرى ئۈستىگە ساقىپ چۈشكەن ئىنچىكە بۇرنىنىڭ ئۈچىنى ئوڭ قولىنىڭ ئىشارەت بارمىقى بىلەن سىلاپ قويدى.

هەزرىتىم ئەمدىلا ئون سەككىزنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىدە چۆلنى كۆكەرتكىدەك سۆيگۈنىڭ بارلىقىنى كۆردى. ئاللاهنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ئىنسانىي سۆيگۈ بولۇپ، ئەردەم شۇ نېمەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبىدە مۇهەببەت نۇرى بىلەن ئايدىڭلانغان شۇنچىلىك يورۇق، شۇنچىلىك كەڭ بىر كۆڭۈل ئۆيىنى ئىنشا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىكى نۇر ئۇنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرىغا بولغان مۇهەببىتىنى تېخىمۇ ئارتتۇرغان بولۇپ،

بۇنداق بىر كۆز بىلەن قارىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ، تېخىمۇ مېھرىلىك كۆرۈنىدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. ھەزرىتىم يىگىتنىڭ يۇمىلاق نۇرلۇق يۈزلىرىگە، ئۇنىڭ شۇ ئەسكى كاتاڭ يوللاردا ئۆز خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە كۆزلىگەن نىشانغا تېز يېتىشى ئۈچۈن ئىچىنى ھوزۇرغا تولدۇرۇپ، مەزمۇت ئولتۇرۇپ مارۋىنى ھەۋەس بىلەن ھەيدەشلىرىگە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى. شۇ ئەسنادا، يىگىتنىڭ كونا كۈركىسىنىڭ بېلىدىكى تاسمىلىق كەمەرگە ئېسىۋالغان غىلاپنىڭ ئىچىدىكى سىرىق تۈچتىن ياسالغان شۇنچىلىك چىرايلىق پىچاقنىڭ دەستىسىگە ھەزرىتىمنىڭ كۆزى چۈشتى. پىچاقنىڭ دەستىسى ئالامەت كۆركەم بولۇپ، شەكلى سۇمۇرغنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. دەستە سۈپىتى ناھايىتىمۇ ياخشى تۈچتىن يونۇپ سىلىقلاپ ئىشلەنگەندەك قىلاتتى. ماتېرىيالى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇستا بىر ھۈنەرۋەننىڭ چېۋەر قولى بىلەن يۇقىرى ماھارەت، نەپىس سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن بىر گۈزەل ئەسەر ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. دەستىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قويۇلغان ياقۇت كۆزلەر قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ سۇمۇرغنىڭ كۆزىگە زىننەتلەنگەن قارا قاشتېشى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى ماكان قىلىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئانا تۇپراقنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى سۇمۇرغ كۆزىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرى ساماۋى ئالەمدىن ئەركىنلىك روھىنى قاناتلىرىنىڭ ئۇستىگە قوندۇرۇپ ئەكىلىپ، خوتەن دىيارىغا چېچىۋېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. پىچاق غىلاپقا شىپپىدە كەلگەن بولۇپ، غىلاپنىڭ تۆۋەن قىسمى قاش ئەگمىسىدەك، ئۇچى كىچىك مۇنچاق شەكلىدە ئىدى.

غىلاپ نەپىسلىك جەھەتتىن پىچاقنىڭ دەستىسىدىن

قىلىشمايتتى. غىلاپىنىڭ يۈزىدە ئىنچىكە قىڭغىرچاقماق سىزىقچىلار بولۇپ، بويىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئۈچ تال كىچىك كۆز قويۇلغان. كۆزلەرنىڭ ئىككىسى بوپ شەكىلدىكى يالتىراق كۆك تاشتىن ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىككى كۆزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يۈرەك شەكىلدىكى قىزىل تاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. تاشلاردىن چاقنىغان رەڭلىك نۇرلار غىلاپىنىڭ يۈزىدىكى ئىنچىكە سىزىقچىلارنىڭ كۈن نۇرىنى سۇندۇرۇپ قايتۇرغان نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، چاقنىغان مىڭ قۇياشتەك ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. بولۇپمۇ ئىككى كۆك كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۈرەك خۇددى ئەركىنلىككە تەشنا بىر مىللەتنىڭ قەلبىدەك، گۈپ ـ گۈپ قىلىپ توختىماي ئىدا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەسلىدە ئەردەمنىڭ چوڭ بوۋىلىرى يېڭىسارلىق كىشىلەر بولۇپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن يۇرت كېزىپ، سەييارە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرىدىغان تۆمۈرچىلەردىن ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا ئۇلار ئۆز رىزقىنى ئىزدەپ يولى قاراقاش تەرەپكە چۈشكەن بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، مەردلىكى، مېھماندوستلۇقى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ يۈكسەكلىكى، بۇ ھۈنەرۋەن ئائىلىنىڭ قاراقاشنى مەڭگۈلۈك ماكان قىلىپ تۇتۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. بەلكى بۇ پىچاق ئاشۇ ئۇستا ھۈنەرۋەن بوۋىلىرىنىڭ يادىكارى بولسا كېرەك. نەچچە ئون مىڭ يىلدىن بېرى تىنىمسىز شاۋقۇن چىقىرىپ ئېقىۋاتقان قاراقاش دەرياسى، خوتەن دەرياسى، تارىم دەريا بويلىرىدا يىللار ئۆتۈپ، دەۋرلەر ئالماشتى. بۇ ۋادىلاردا ياشىغان ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ ئۇلۇغ دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئېسىل مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، تەكلىماكاندا كولدۇرما ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىپ، يىپەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولىنىڭ گۈللىنىشىگە شانلىق ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئۇرۇش ئوتى دېڭىزلىرىنىڭ ئىچىدىكى سانسىزلىغان ھېكايىلەر، قىممەتلىك يادىكارلىقلار بۇ پايانسىز تەكلىماكان قۇم دېڭىزىنىڭ تېگىگە كۆمۈلۈپ قالدى. قۇم بورانلىرى ئېچىپ تاشلىغان ۋە تېپىشقا ئاسانراق بولغانلىرىنى بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلار بۇلاپ ئۆز دىيارلىرىغا ئېلىپ قاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەللىك ئېكسپېدىيەچىلەر تالان ـ تاراج قىلدى. قالغىنى پەقەت، مېھنەتكەش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادىكار قىلىپ قالدۇرغان مۇشۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىلا ئىدى. شۇڭا خەلقىمىز ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شۇ ھۈنەر سەنئىتىنى قەدىرلەپ ۋە تېخىمۇ بېيىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ يولى قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ، ئۆز دىيارلىرىدا چىقىدىغان قىممەت باھالىق قاشتېشىدەك ئېسىل مەھسۇلاتلارنى كۆز قارچۇقىدەك قەدىرلىدى. بۇ دۇنياغا ھۆسن قوشقان قاشتېشى بولسا، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ خوتەنگە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى ئىدى. خەلق ئۇنىڭدا كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنى مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەريي ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، قاشتېشى توغرىسىدا مۇنداق ئالتۇن قۇرلارنى تىزغان ئىدى:

«كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى

سېلىنىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. بۇ تاشنى بۆزگە ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا، بۆزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ، بۇ سىنالغان. ئادەم ئۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ»

ھەزرىتىم ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كىرپىشقان ئاقيۈگلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان تۇپاقنى بېشىغا باستۇرۇپ كىيىۋالغان دېھقانغا قاراپ: «ھامۇتىكا، قانچە باللىرى بار؟ ھال - ئەھۋاللىرى قانداقراق كېتىپ بارىدۇ؟» دەپ سورىدى. دېھقان قوتۇر ھايۋاننىڭ دۈمبىسىدەك بولۇپ تېرىلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن قولى بىلەن تۆتنى كۆرسىتىپ: «تۆت بالام بار، ئۈچى ئوغۇل، ئەڭ كىچىكى قىز، چوڭى ئەمدى ئون تۆتكە كىردى. بىز دېھقان خەقنىڭ ئەھۋالنى تۇرقىمىزغا بىر قاراپلا بىلىۋالايلا ھەزرىتىم. ئۆزۈم بۇ يىل ئوتتۇز بەشكە كىردىم. ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن، تېنىم ساق. تىرىكچىلىك بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دەردىمىز. باللارنىڭ كەچتە توق قورساق ئۇخلىشىنى كۆرۈشتىن باشقا بىر غېمىمىز يوق. لېكىن ھازىر تىرىكچىلىكىمىز كۈندىن - كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىر چەتتىن يامۇلدىكى دوتەي دەپتۇق، چېرىك دەپتۇق، باي - غوجاملار دەپتۇق، ھەممىسىنىڭ بىز دېھقانلار ئۈستىگە سالىدىغان يەر باجلىرى، ئالۋاڭ - سېلىق، ھاشارلىرىنىڭ ئارقىسى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ زۇلمى بىزدەك دېھقانلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك ئىككى يىلدىن بېرى ھۆل - يېغىن بەكمۇ ئاز. ھەممە يەرنى قۇرغاقچىلىق قاپلاپ كەتتى. خۇددى ئاللاھنىڭ قەھرى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىپ ياغقاندەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ يىل يەرگە تېرىيدىغان ئۇرۇقلۇقمۇ يوق. شۇڭا مەھەللىدىكى ساۋۇت ۋە ئەمەتلەر بىلەن بىللە ئىلچىغا

بىرىپ كۆنلۈك ئىشلەپ، ئۇرۇق ئالىدىغان پۇلنى بولسىمۇ تاپارمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. لېكىن ئىلچىدىكى خەقنىڭ ھالىمۇ بىز يېزىلىقلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. ھەي، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن تاڭ. ئۇ ئىككى قېرىندىشىم قۇرۇق قول قايتىشقا رايى ئۇنىماي، ئىلچىدە مەدىكارچىلىق قىلىپ قالدى. ئۇلارنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. مەن بولسام ئەردەم ئىنىمنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇپ، ئۆيگە ماڭدىم» دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ. ئۇ گەپ قىلغاندا، ساغرىپ كەتكەن چىشلىرىنى يېپىپ تۇرغان يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنىڭ مىدىرلاشلىرى ناھايىتىمۇ ئەلەملىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ چارىسىز تۇرقىنى شامالدا قارىدىغان يۈزلىرىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن چوڭقۇر قورۇقلار، ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ياڭاقلىرى بىلەن تىترەپ تۇرغان كەكە ساقاللىرى تېخىمۇ تولۇقلاپ تۇراتتى.

دېھقانلار ئۆمۈر بويى ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي كەڭ دالىدا ئۆز بەدىنىدىكى جىسمانى كۈچكە تايىنىپ ئەمگەك قىلىدۇ. پەقەت ئاشۇ قارا كۈچكە قاراپ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى نىشان قىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئۆمرى بويىچە دائىم بىر نەرسىگىلا باغلانغان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قۇم ئارىلاشقان شۇ سېرىق تۇپراق. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆمرى تىنىم تاپماي تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىپ، پۈتۈن جىسمانىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۆتكەن بىر ئۆمۈردىن ئىبارەت. ئاخىرى ئۇلار دۈمچەيگەن بەدەنلىرى بىلەن، ماڭلىيىدىن ئاققان تەرلىرى بىلەن، ھەتتا تومۇرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلىرىنى سۈمۈرۈپ ئالسىمۇ تۈگىمىغان روھى بىلەن مۇشۇ تۇپراقنىڭ مەڭگۈلۈك بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغان ھامۇتنىڭ دۈمچەيگەن گەۋدىسى، كىر باسقان تۇمىقى، نۇرسىز كۆزلىرى،

تورلاشقان پېشانىسى، قارىدىغان ئاۋاق يۈزلىرى، سارغايغان چىشلىرى، قاداق باسقان ئالىقانلىرى... مانا بۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ دېھقان ھەققىدە ئۆمۈر داستانى يېزىۋاتاتتى. شۇڭا دېھقان دېمەك، ئۆمۈر بويى تۇپراققا مالاي بولماق ۋە كۆزلىرىنى كۆكتىن، ئۇيۇقلاردىن ئۈزۈپ يەرگە قارىتىپ، تۇپراق ئۈستىدە تىپىرلىماقتىن ئىبارەت دېمەكتۇر.

ھەزرىتىم ئۆزىدىن ئەمدىلا ئۈچ ياش چوڭ بۇ دېھقاننىڭ ھاياتى بويىچە ھېچبىر ۋاقىت «بەخت گۈلى»نى ئۈزۈپ باقمىغانلىقىنى، كۆڭۈل سۇنۇقلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر تاشلىرى ئاستىدا ئۆگۈتتەك ئېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى قىلىنى سۇندى. ئۇ سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

— ھامۇتىكا، گەرچە تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي مۇساپىسىدىكى نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلار بىزنى قەدىر - قىممەتسىز، چارىسىز، ئۈمىدسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت ئىشەنچىمىزنى يوقاتمايلىكى، دۇئالىرىمىز قوبۇل بولسۇن. رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ ھەرۋاقىت بىز بىلەن بىللە. بىزنىڭ بۇ ئېغىر كۈنلىرىمىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن سىلەرگە مۇشۇ گەپلىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، - دەپ، سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— قەدىمكى زامانىدا بىر جاھان كەزدى دەرۋىش ئۆتكەن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇزۇن بىر يولچىلىقتىن كېيىن قورسىقى ناھايىتى ئاچ ھالدا بىر يېزىغا كەپتۇ. دەرۋىش يېزا خەلقىگە، «كۈنلەردىن بېرى بىر بۇرداناننى ئېغىزىمغا سالمىدىم، قورساق شۇنچىلىك ئېچىپ كەتتى. ماڭا ئازراق يەيدىغان بىر نەرسە

www.uyghurkitap.com

بەرگەن بولساڭلار» دېگەنىكەن، يېزا ئاھالىسى ھەممىسى بىردەك «ھەي دەرۋىش، بىزنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمىزمۇ سىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. بىزنىڭمۇ يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنىمىز يوق. ئەمما بۇ يېزىدا ئىككى باي بار. بىرىنىڭ ئىسمى شاكىرباي، يەنە بىرىنىڭ ھەددادباي. بۇلارنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭ ھەم كۆركەم تۇرالغۇلىرى بار. ئەگەر سەن ئاشۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ يېنىغا بارساڭ، سېنى خوشاللىق بىلەن مېھمان قىلىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرۋىش سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ، شاكىربايىنىڭ تۇرالغۇسىغا كەپتۇ ۋە شاكىربايغا ئۆز ھالىنى ئىزھار ئەيلەپتۇ. شاكىرباي دەرۋىشنىڭ ئەرز ـ ھالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرۋىشنى ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، تۇرالغۇسىدا قوندۇرۇپتۇ. ئەتىسى سەھەردە دەرۋىش تۇرالغۇدىن ئايرىلىش ئالدىدا، شاكىربايغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆيگەن بەندىسى ئىكەنسەن. ئاللاھ ساڭا بۇنچىلىك كۆپ بايلىق ئاتا قىلغان ئىكەن، سەنمۇ ئاللاھقا ھەرۋاقىت شۈكۈر قىل». بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاكىرباي: «دەرۋىش ئاتا، ھېچبىر نەرسە كۆرۈنگىنىدەك قالمايدۇ. بەزىدە كۆزگە كۆرۈنگەن نەرسە دەل رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. كۆرۈنگەن بۇ باياشاتچىلىقمۇ ئۆتكۈنچى، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپتۇ. دەرۋىش شاكىربايىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى شۇنچە ئويلاپمۇ تېگىگە تازا يېتەلمەي، يولغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، دەرۋىشنىڭ يولى يەنە شۇ يېزىغا چۈشۈپتۇ. دەرۋىش يولدىكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا شاكىربايىنى سوراپتۇ. بىر دېھقان: «ھە، شاكىرنى دەمسەن، ئۇ بەكمۇ گادايلىشىپ كەتتى. ھازىر

ھەددادباينىڭ يېنىدا ئوتاقچىلىق قىلىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرۋىش دەرھال ھەددادباينىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ شاكىربايىنى تېپىپتۇ. شاكىربايىنى بۇرۇنقى قەددى ـ قامىتى پۈتۈنلەي تۈگەشكەن، ئۇچىسىدا جۇلقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى كىيىم ـ كېچەك، چىرايى ناھايىتى ھارغىن ھالدا كۆرۈپتۇ. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىدە ئۇنىڭ ئۆي ـ سەرەمجانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ۋە مال ـ بارلىقىنىڭ ھەممىسىنى سەل ئېقىتىپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، ئىشلەتكۈسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن جان بېقىش ئۈچۈن ھەددادباينىڭ ئوتاقچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىكەن. شاكىرباي بۇ قېتىم دەرۋىشنى ئۆزىنىڭ كونا كەپىسىدە ناھايىتى ئاددى بىر ۋاقلىق تاماق بىلەن مېھمان قىپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا، دەرۋىش شاكىربايىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكلەرگە كۆڭلىنىڭ ناھايىتى يېرىم بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاكىرباي: «كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن ئەي دەرۋىش! ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپتۇ.

دەرۋىش يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋىشنىڭ يولى يەنە شۇ يېزىغا چۈشۈپتۇ ۋە ھەددادباينىڭ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بارلىق مال ـ بىساتلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋاپادار خىزمەتكارى ۋە كونا ئاغىنىسى شاكىرغا قالدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. دەرۋىش شاكىربايىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك نۇرغۇن مال ـ چارۋا، مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسى شاكىرغا تەۋە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى بەختىيار ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. شاكىرباي بۇ قېتىم دەرۋىشنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا كۈتۈۋاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

خوشلىنىش ۋاقتىدا، دەرۋىش ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى خوش بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاكىرباي: «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ!» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان دەرۋىش يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، دەرۋىش يەنە شاكىربايىنى ئىزدەپ كەپتۇ. كىشىلەر بىر دۆڭلۈكنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دەرۋىش دۆڭگە چىقىپ قارىسا، قەبرىستانلىقنىڭ بېشىدىلا شاكىربايىنىڭ قەبرىسى تۇرغۇدەك، قەبرە تېشىغا «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىكەن. دەرۋىش قەبرە ئالدىدا فاتىھە ئوقۇپ، ئەرۋاھلار روھىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن: «بۇ قانداقمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن. ئادەم ئۆلگەن تۇرسا، يەنە نېمىسى كەتسە بولاتتى، ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر يەنە قانداق بىر ئەسكى ئىش بولسۇن؟» دەپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە دەرۋىش ئۆزىنىڭ كونا دوستىنىڭ قەبرىسىگە زىيارەتكە كەپتۇ. قارىسا يا بىر دۆڭ يوق، ياكى بىر قەبرىستانلىق. ھەممىسىنى كەلكۈن ئېقىتىپ يوق قىلىۋېتىپتۇ. شاكىربايدىن بۇ پانىي دۇنيادا بىر ئىزمۇ قالماپتۇ. ئاخىرى دەرۋىش شاكىربايىنىڭ «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ!» دېگەن سۆزىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئىلىمگە ئاتاپ، بىر ئۆمۈر دىلىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپتۇ.

يەنە ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندە، شۇ ئەلنىڭ سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى مۇنداق بىر پەرمان جاكارلاپتۇ: «ماڭا شۇنداق بىر ئۈزۈك ياساڭلاركى، خوشال بولغان چېغىمدا دەردلىك چاغلىرىمنى ئەسلەتسۇن، دەردلىك چاغلىرىمدا خوشاللىق كۈنلىرىمنى ئەسلەتسۇن». نۇرغۇن ئۇستا زەرگەرلەر

پادىشاھتىن يۇقىرى ئىنئامغا ئېرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېسىل، كۆركەم ھەرخىل ئۆزۈكلەرنى ياسىغان بولسىمۇ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە ھېچبىرى يارىماپتۇ. ئاخىرى ۋەزىرلەر، ئوردا ئەركانلىرى ئىزدەپ يۈرۈپ ناھايىتى يۇكسەك بىلىمگە ئىگە بولغان ھېلىقى دەرۋىشنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ. دەرۋىش بىر ۋاراق قەغەزگە بىر خەتنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: «ئوردا زەرگەرلىرى ناھايىتىمۇ ئاددى بىر ئۆزۈكنى ياساپ، ئۈستىگە مۇشۇ خەتنى ناھايىتىمۇ چىرايلىق ھۆسنىخەت بىلەن ئويسۇن، ئاندىن پادىشاھقا ئارمىغان قىلسۇن». بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى مەلىكىلىك بىر زەرگەر ئاددىي بىر ئۆزۈكنى ياساپ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە ئارمىغان قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاددىي ئۆزۈكنى كۆرۈپ ئېرەڭشىمىگەندەك قىلىپ قولىغا ئاپتۇ، ئەمما ئۈستىدىكى ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ!» دېگەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان ئۆزۈكى دەل مۇشۇ ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ھېكايە ئاخىرلىششى بىلەن تەگلا ئەردەم:

- بۇ ھېكايىدىكى «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز، مېنىڭ ھامۇتكامغا دېگەن سۆزۈمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. مەن ھامۇتكامغا: «ئاكا! بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەتىيازلىق ئۇرۇق ئۈچۈن بېشىڭنى ئۇنچىلىك قاتۇرۇپ كەتمە. بۇ يەرلەردە ئۆزۈڭنى خار قىلماي، مەن بىلەن كېتىپ ئائىلەڭنىڭ بېشىدا تۇر، جان ئېسەن بولسا، تاڭ قالارلىق ئىشلارنى كۆپ كۆرىمىز تېخى» دېگەن ئىدىم. راستتىنلا مۇشۇ سەھرا يولىدا ھەزرەت ئۇستاز بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىمىزنى كىم بىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇڭا، پەقەت ئىشەنچىمىزنى يوقاتمىساقلا ھەر چىققان يولدا بىر ھېكمەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلەيمىز، ـ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزى پەخىرلىنىپ، ئادىتى بويىچە ئۇلۇغ قولىنىڭ ئىشارەت بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن مېيىقىدا كۈلۈپ ھەزرىتىمگە قارىدى. ھەزرىتىمۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، سۆزىنى ۋەزىنلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەردەم توغرا ئېيتىدۇ ھامۇتكا، بىزدە «ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنەر» دەيدىغان ماقال بار. كائىناتنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ ھەربىر مەۋجۇداتنى ئۆز رىزقى بىلەن ياراتقان. بىزنىڭ رىزقىمىز ئۆزىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتا. بىز ئۆز رىزقىمىز ۋە يۇرتىمىزدا ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان بايلىقلارنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقىمىز، ۋاقتى كەلگەندە بۇ يولدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ مېلىنى قوغداش بىزگە پەرز قىلىنغان. غەم بىلەن خۇشاللىق ھەر ۋاقىت بىللە بولىدۇ. ئەمما بىز تارىختىن بۇيان غەم بىلەن دەردنى كۆپ تارتتۇق، خۇشاللىق چاغلىرىمىز يوق دېيەرلىك بولدى. ھەرۋاقىت دەرد بىلەن غەم بىزگە يېپىشتى، خۇشاللىق بولسا بىزدىن قاچتى. ئەمما شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، تاڭ ئاتمايدىغان كۈن يوق، تۈن قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ تاڭ ھامان ئاتىدۇ. شۇڭا تۈگىمەيدىغان دەردمۇ بولمايدۇ، دەردلەرنىڭ ئارقىسىدىن چوقۇم بەختىيار كۈنلىرىمىز يېتىپ كېلىدۇ. يولىمىزنىڭ ئاخىرىدا خۇشاللىق بىزنى چوقۇم كۈتىدۇ. بىز قەلبىمىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا يۇمشاق، مېھرىبان، زالىمغا قارشى قەھرى غەزەپلىك قىلساقلا، رەببىم خەلقىمىزنىڭ داد ـ پەريادلىرىنى ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە شەپقىتىگە لايىق قىلىپ،

غەزەپلىرىمىزنى زالىمغا قارشى ئوق قىلدۇ. ئەڭ بۈيۈك ئادالەت تارازىسى ئاللاھ، ئۇنىڭ ئادالىتى ھامان بىر كۈنى تەجەللى بولىدۇ.

دىلى جالالىنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلانغان ھەزرىتىمنىڭ لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن بۇ پاساھەتلىك سۆزلەر، ئەردەم بىلەن ھامۇت دېھقانغا بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، دەرد تارتقان ۋە زۇلۇمنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن قەلبىگە شىپالىق يامغۇردەك تۆكۈلدى. بولۇپمۇ ھامۇت دېھقاننىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ھەيرانلىق ۋە كەسكىنلىك، شۈبھەسىزكى ناھايىتى سەممىي ئىدى. ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرى قۇملاقچىنىڭ پال تاشلىرىدەك پارقىراپ، يۈزلىرى تېخىمۇ پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردىنلا راھەتلىنىپ، ئىككى قولىنى كىرىپ ھارۋىنىڭ يانتاختىيىنى چىڭ تۇتۇپ، باغرىدىن چىققان بىر زەپەر جۇشقۇنلۇقى بىلەن مۇشۇ كەمگىچە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خوشاللىق ۋە ئۈمىدنى ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە سوقۇۋاتقان مەسۇم قەلبىدە ھېس قىلدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە قۇۋۇرغىسىغا گۈپ - گۈپ ئۇرۇلۇپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئاۋازى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋىجدان ئاۋازىغا ئايلانغان ئىدى.

سۆز ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە تۇرمۇشقا مەنە قاتقان بىر يالغۇز يول. سۆز بەدەنگە ئوخشىسا، سۆزنىڭ مەنىسى جاندۇر. ئەلۋەتتە، بۇنداق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مۇكەممەل جۈملىلەرنى ئادەم ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. ئېغىزدىن چىققان ئۇ گۈزەل سۆزلەرنى كىشى تويماي ئاڭلايدۇ. بۇنداق سۆز ۋە ھېكايىلەر ئارقىلىق، ئىنسان بەش مىنۇت ئىچىدە ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىنەلەيدۇ. سۆزنى دەل مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا

ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگىلى بولىدۇ. ئەمما ھەممە ئادەم ھەزرىتىمدەك پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ دېھقانلار. دېھقانلاردا گۈزەل سۆزلەر بولمىغان بىلەن، باشقىلاردا بولمايدىغان ئاجايىپ گۈزەللىكلەر بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىچكى گۈزەللىك. ھامۇت دېھقان ئۆزىنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى، ھۆزۈرىنى ۋە بەختىيارلىقىنى سۆز بىلەن ئەمەس، كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن سۈكۈنات ئارقىلىق بىلدۈردى. بەزىدە ھېسسىياتقا تولغان سۈكۈتمۇ ئاجايىپ ئىسىل مەنالارنى ئۆز قوينىغان ئالغان بولىدۇ.

يول بارغانسېرى قىسقىراۋاتاتتى. ئات ئۆزىنىڭ پۇشۇلداشلىرىغا ھارۋىنىڭ غىچىرلاشلىرىنى قوشۇپ، سوغۇق شامالنىڭ مۇڭلۇق گۈركىرەشلىرىگە قارشى توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە. ھېچقانداق ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى يوق چۆللۈك ئىچىدىكى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قەبرىستانلىقتا بىر توپ قاغىلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەمما ھارۋا چاقىنىڭ تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن بۇ قاغىلارنىڭ ئەسلىدە ئادەملەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەردەم ھاردۇق يېتىپ تەر باسقان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، يولنىڭ چېتىگە توختاتتى ـ دە:

ـ بۇ جامائەت مازار ـ ماشايىخلارغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندەك قىلىدۇ، قېنى بۇلارنىڭ پەيزىنى بىزمۇ بىردەم كۆرەيلى، قانداق دەيلىكى ھەزرەت ئۇستاز؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتىم رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇلارنىڭ تاۋاپىنىڭ مەقسىدىنى بىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارغا نەزەر تاشلىدى. بۇ خارابىلىقتا خارابىدەك خارلىقتا قالغان يەرلىك خەلقنىڭ تەبىئەتتىن ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ھېچقانداق بىر مېھرىبانلىق، قار

ـ يامغۇردىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە ئەۋلىيالاردىن يامغۇر تىلەپ كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ، قولل‌ىرىدا كۆتۈرۈۋالغان رەڭلىك لاتىلاردىن ياسىغان تۇغلاردىن ۋە يامغۇر تىلەپ كەلگەن جامائەتكە باش بولغان جەدىچى موللىنىڭ قولىدىكى يامغۇر تىلەش مۇراسىمىدا قۇربانلىق قىلغان ھايۋاننىڭ قانلىرى بىلەن مىلەنگەن دەرەخ شېخىدىن مەلۇم ئىدى. جەدىچى ئۆزىنىڭ رىسالىسىنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ، داپچىلار داپلىرىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئوڭ ـ سولغا يۆتكەپ رىتىم بىلەن چېلىپ، ھەممىسى بىرلىكتە ناھايىتى ھاياجان بىلەن «ۋوي، ۋوي، ۋوي» دەپ توۋلاشتى. ساپايىچىلار بولسا ساپايىنى ئوڭ ـ سول مۈرىلىرىگە يۆتكەپ ئۇرۇپ، ئەھمەد يەسسەۋىي ھۆكمەتلىرىنى ئوقۇشتى.

خۇش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار، بىرۇ بارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .
زاتى ئۇلۇغ رەھمان ئىگەم ھەم جەببارىم
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .

سەھەر ۋەقتە يىغلاپ تۆكسەم قانلار كۆزدىن،
كۆڭلۈم ئاچىپ ئاگاھ بولاي ياخشى سۆزدىن.
قۇدرەتىگە مەھۋ بولۇپ كېتەي ئۆزدىن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .

www.uyghurkitap.com

ئەجابەتنى ئاندىن تىلەپ قىل مۇناجات،
ھاجەتىڭنى رەۋا قىلغاي قازىيەل ھاجات.
رەھمەت دەريا تولۇپ تاشار يەتسە فۇرات،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن «ئەنتەل ـ ھادى» .

ئەي داد ئىگەم، ھېچ يەتمەدى سەنگە دادىم،
يەرۇ كۆكنى نالان قىلدى بۇ فەريادىم.
رۇزى مەھشەر قىچقارغايمۇ كەل ئازادىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن «ئەنتەل ـ ھادى» .

بەندە بولساڭ زىكرىن ئايغىل، قولۇڭ ئالسۇن،
يولدىن ئازساڭ، رەھبەر بولۇپ يولغا سالسۇن.
سەھەرلەردە زارى قىلغىل، رەھمى كەلسۇن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن «ئەنتەل ـ ھادى» .

يىغلاپ كەلدىم، ھەزرەتىڭگە ئايا شاھىم،
قابساب كەلدى قاراڭغۇلۇق ھەممە يانىم.
پادىشاھىمسەن بىر ئۇ بارىم تەك يىگاھىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن «ئەنتەل ـ ھادى» .

باشدىن ئاياغ بولدى گۇناھ قايدا باراي،
يول ئاداشقان ئىتتەك بولۇپ كىمدىن سوراي،
بۇ ھال بىرلە دىدارىڭنى قايدىن كۆرەي،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .

بىلمەس نادان زىكرىن ئايتىب زاھىر ئاللاھ،
ھەق زىكرىنى سۆيلە تىنماي بولغۇن ئاگاھ،
راھىم مەۋلام نەزەر قىلسا بولۇر ناگاھ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .

ئەي يارانلار، نەفس قولىدىن ئەرماندەمەن،
ئىسيان يۈكى بۈكتى مېنى، دەرماندەمەن،
ئاجىز قۇلۇڭ، ھەرنە قىلساڭ فەرماندەمەن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىن ‹ئەنتەل ـ ھادى› .

جەدىچى موللا بىردىنلا «ئاللاھ» دەپ تووۋلىۋىدى، باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ تەڭلا «ئاللاھ! ئاللاھ!..» دەپ تووۋلاشتى. ئۆلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەدەنلىرى تىترەشكە باشلىدى ۋە نالە قىلىپ ھەممىسى ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئاندىن ھەممىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا ئاللاھقا تەۋبە ـ ئىستىغفار قىلىپ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ئەردەم، ھامۇت دېھقان ۋە ھەزرىتىممۇ ئىختىيارسىز قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتىم مۇشۇ مازارلىقتىكى بارلىق ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلغان بولسا، ھامۇتنىڭ يامغۇر دۇئاسى قىلغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھاياجاندىن چىقىپ تۇراتتى. دۇئادىن كېيىن ئەردەم ئىتىنىڭ تىزگىنىنى دېۋىتىپ، يەنە يولغا راۋان بولدى. ھەزرىتىمنىڭ كۆڭلى تەشۋىش ئىچىدە يېرىم بولدى ـ دە، رىئاللىقتىن بىزار بولغان مېڭىسى خىيالغا پاتتى. ھەزرىتىم ئۈمىدىنى بۇ دۇنيانىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا باغلىغان بولسا، ئۇلار جەسەتلىرى ئاللىقاچان چىرىپ تۇپىلىرى تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەن مازايى شەيخلەرگە باغلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ئەتىكى قورساقنىڭ غېمىدا بولسا، ھەزرىتىمنىڭ ئۈمىدى كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىقبالىدا، مۇستەقىللىقىدا ئىدى.

ئۈمىدمۇ يولغا ئوخشايدۇ، ئادەملەر زېمىندا مېڭىپ يولنى پەيدا قىلسا، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق مېڭىسىدە ئۈمىدنىڭ نۇرىنى چاقنىتىدۇ. يول كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزسە، ئۈمىد ھەقىقەتنى ئىخترا قىلىش يولغا باشلايدۇ. يولچىلىق ھاياتلىق سەپىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنسان بۇ يولدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، خاتالىقلىرىدىن يەنە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. يولچىلىق ھارۋىلىرى كاتاكلارغا پاتقاندا، يولچى ئۆزى يانتاياق بولۇپ سۆرەيدۇ. ئەمما ئىنسان ھاياتى ھەممە خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭدىن يېڭى ساۋاقلارغا ئىگە بولۇشقا ھەرگىز يەتمەيدۇ. شۇڭا تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن، ئۆتمۈشتىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن، تارىخىي رومان، ھېكايە ۋە چۆچەكلەردىن ئىبرەت ئېلىش، ئۇلارنى يەكۈنلەپ

خۇلاسىلاش لازىم. دېمەك، ئىنساننىڭ دورىسى يەنىلا شۇ ئىنسان. ھايات يولىدا ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىگە ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان ھەزرىتىمنىڭ مۇشۇ قىسقىغىنا يولچىلىقتا ئېيتقان ئالتۇنىدەك سۆزلىرى، ھېكايىلىرى ۋە ئەردەمنىڭ ياردەم سۆيەر قەلبى، ھامۇت دېھقانغا بولغان سەممىي مۇئامىلىسى، مانا بۇلار ھامۇت دېھقاننىڭ يۈزىنى يەردىن كۆككە قاراتقان ئىدى. روھى ياۋا گىياھتەك قايتا تىرىلىپ، توڭلىغان يۈرىكى قايتا ئېرىگەن ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا، ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىگە بولغان ئىنسانچە مۇئامىلە ئەڭ كۈچلۈك دورىدىنىمۇ، موللا ـ ئىشانلارنىڭ پۈتۈك ۋە دېمىدىلىرىدىنمۇ بەتتەر تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.
مانا بۈگۈن، ھامۇت دېھقان ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئەتراپقا تەپسىلىي سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ناھايىتى ئۇزاقلاردىكى تاغ تۆپىلىرى خۇددى بىرسى كۆك يۈزىگە رەسىمىنى سىزىپ قويغاندەك، ئوچۇق سامادا بەك ئېنىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. قاراڭغۇ قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ يۈزىنى كۆكتىكى قۇياشقا تۇتقاندەك، ھامۇتمۇ يۈزىنى قۇياشقا تۇتقانىدى، يۈزىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار كۈن نۇرىدا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدى. ئەمما، بۇ ئۇنىڭغا ھۇزۇرلۇق ئىدى. ئۇنىڭغا خۇددى زېمىن بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقى قىسقارغاندەك، ھاياتتا ئۈمىد قىلغانلىرى بىلەن بېشىغا كەلگەنلەر ئارىسىدىكى پەرق يوقالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ ۋە ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئەركىنلىكنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ساپ ھاۋانىڭ ۋە قۇياشنىڭ ھاياجىنى بىلەن ئەركىنلىكتىن باشقا بىر نەرسە ئويلىمايتتى. ئۈمىد ئەتراپتىكى كۈن نۇرىدەك ئۇنىڭ ئىچىنى قاپلىغان ۋە يورۇتقان ئىدى. ئۇ پۈتۈن غەملەرنى ئۇنۇتقان بولۇپ، كۆڭلى خۇددى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەيت قىلىنغان مۇنۇ قوشاقلاردىكى مىسرالارغا ئوخشايتتى.

www.uyghurkitap.com

كۈيلەر تولۇق تۈزۈلدى،
ئوزۇق، ئىدىش تىزىلدى.
سەنسىز ئۆزىكىم ئۈزۈلدى،
كەل خاتىرجەم ئوينايلى.

مانا ئەمدى يىراقتىن قاراقاش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مۇشۇ يەر شارىغا ئائىت بولغان بۇ كىچىك زېمىن قۇرغاق تۇپراقنىڭ ئۈستىگە ئىنشا ئېتىلگەن بولۇپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئەنە شۇنداق كىچىك بوستانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋەسىلە بولغان ئىدى. ئەمما چۆللەردىن چىرقىراپ، ھۇۋلاپ كەلگەن شامال ۋە بورانلار بۇ يەردىكى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەڭ تەسىر قىلغان بولۇپ، تەبىئەتنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئاتا قىلغان قۇم - شېغىللىرى شامال - بوراننىڭ قۇترىشى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن مۇنبەت بوستانلىقلارنى كېيىنى - كەينىدىن يۇتۇپ، قۇم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. پەقەت يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى ئەنە شۇ قاراقاشتەك يۇرتلارلا، تەبىئەتنىڭ بۇ رەھىمسىز زۇلۇملىرىغا باش ئەگمەي ساقلىنىپ قالغان ئىدى. چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان بۇ قەدىمى دىيارنىڭ توپىسىدا قۇم تەركىبى ناھايىتى ئۈستۈن بولغانلىقتىن، بۇ، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ ئاساسەن ئىچىگە ياغاچ ياكى چىۋىق ئېلىنغان لاي ياكى خام

كىسەكتىن بىنا قىلىنىشىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ھازىر كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقىنى، دەل شۇ لاي ۋە كىسەكتىن قۇپۇرۇلغان، ئەمما ئاقارتىلمىغان ئەسكى تاملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئاتنىڭ تاقىلىرى بىلەن ھارۋىنىڭ چاقىدىكى چەمبەر تۆمۈرنىڭ يەرگە تېگىشىدىن چىققان تاقىر ـ تۇقۇر ئاۋاز، سۆكۈنات ئىچىدە قالغان قاراقاشىنىڭ كوچىلىرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىپ باراتتى. مەھەللىلەرنىڭ تار، ئەگىر ـ بۈگۈر كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەتسىز سېلىنغان، ئاقارتىلمىغان ئەسكى تاملىق ئۆيلەر كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى. كوچىلاردا ئۇياق ـ بۇياققا كېتىۋاتقان ئادەملەرنى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئېزىۋەتكەن ئىدى. مايلاشقان تۇماقلار، يىرتىق گەدەنلەر، ياماق دۈمبىلەر، يەكپاي ئاياقلار، ئۇستىخانلىرى تېرىسىگە چاپلاشقان بالىلار، چوڭقۇر تورلاشقان ھارغىن پېشانىلار، سارغايغان چىشلار، چىشسىز ئېغىزلار، خۇنسىز كۆزلەر، قىسىلغان بويۇنلار، مۈكچەيگەن گەۋدىلەر، ئۆسكىلەڭ ساقاللار، قاداق باسقان ئالقانلار، قىڭغايغان تاملار، قۇرىغان دەرەخلەر، سۇنغان تاللار، ئۇنسىز ئۇچار قۇشلار... بۇ يەردە ھەممە جانلىقلار غەمكىن، ھەممە كۆڭۈللەر دەردلىك ئىدى. خۇددى دۇنيادىكى بارلىق زۇلۇم مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈستىگە ياغقاندەكلا ئىدى. ئەخلەت ـ چاۋالار تىقىلىپ قالغان سۇسىز ئېرىقلارنى ياقىلاپ، دېرىزىلىرىگە چاپلانغان سامان قەغەزلىك پاكار ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئات ھارۋىسى، كوچىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقان مەدرىسىنىڭ كۆك سىرلىرى ئۆڭگەن، ياغاچلىرى قاغجىراپ كەتكەن ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەردەم بىلەن ھامۇت دېھقان ھەزرىتىم بىلەن خوشلىشىپ، قاراقاشىنىڭ سىرتىدىكى يېزىغا تۇتاشقان يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يول قاغجىراپ چاك ـ چاك يېرىلىپ

كەتكەن ئېتىزلار ئارىسىدىن ئۆتەتتى. يولنىڭ ناچارلىقىدىن ئات پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ ئالدىغا تاشلايتتى. «ھەرقانچە ئەخمەق بولسىمۇ، ھەمراھ ياخشى، ھەرقانچە ئەگرى بولسىمۇ، يول ياخشى» دەپ، كونىلار بىكارغا ئېيتماپتىكەن، ملڭ ئەسكى دېگەن بىلەن، يەنىلا بۇ يەردە يىراق يېزىغا تۇتىشىدىغان بىر يول بار ئىدى. ئەردەم قولىدىكى قامچىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ئاتقا ھەيۋە كۆرسەتتى. ئات قامچىنىڭ ئۆزىگە تېگىشىدىن ئەنسىرەپ تېخىمۇ شاشلىشىپ، تەۋەككۇل قىلىپ پۇتلىرىنى ئالدىغا ئىتتىك تاشلاشقا باشلىدى. ھارۋىنىڭ چاقى ئامالسىز ئاتنىڭ پۇتلىرىغا ماس ھالدا ئىتتىك پىرقىرايتتى. بىردىنلا ھارۋىنىڭ چاقى كاتاڭغا چۈشۈپ كېتىپ، جالاق ـ جۇلۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھارۋا قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. خىيال بىلەن ئولتۇرغان ھامۇت دېھقان ئوڭدىسىغا يىقىلىپ بېشىدىكى تۇمىقى ھارۋىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. بۇ قىززىقچىلىقنى كۆرگەن ئەردەم قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئېتىنى ئاران توختاتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھامۇت دېھقانمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈشلىرى ناھايىتىمۇ سەممىي ۋە ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر كۈلۈش ئىدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ تۇمىقىنى ئېلىپ، تىزىغا ئىككى ـ ئۈچ ئۇرۇپ قېقىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىغا باسۇرۇپ كىيىپ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان توغراقلارغا تەلمۈرۈپ قارىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەھەللىسى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە سۆيۈملۈك ئائىلىسى ئەنە ئاشۇ توغراقلارنىڭ ھىمايىسىدە ئىدى.

توغراق ھاۋاسى قۇرغاق بۇ زېمىنغان شۇنچىلىك ماسلاشقان، شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر يەر قاتلىمىنى ماكان قىلغان سۇ مەنبەلىرىگىچە يېتىپ بارالايدۇ. توغراقلارنىڭ يىلتىزلىرى بىر ـ بىرلىرىگە گىرەلىشىپ،

تورلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق چەكسىز كەتكەن چۆللۈكلەر ئىچىدىكى كىچىك بوستانلىقلارنى ۋە ئۇ يەرنى ماكان قىلغان خەلقلەرنى قۇملاردىن ۋە شامال - بورانلاردىن مۇداپىئە قىلىدۇ. توغراق شوردىن قورقمايدىغان بولۇپ، غوللىرىدىكى ۋە يوپۇرماقلىرىدىكى شورنى ئۆزى تازىلىيالايدۇ. ئۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ئاۋامنى جۇملىدىن يوپۇرماقلىرىنى ئوزۇق قىلىدىغان چارۋىلارنى شورنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئەسىرلەر ئۆتۈپ، دەۋرلەر ئالمىشىپ، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنلىرىدىكى بۇ زېمىندا نۇرغۇن دۆلەتلەر يىقىلىپ، نۇرغۇن قەسىرلەر ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن سۇلتانلار ئۆلۈپ، ئۇلارنىڭ توپىلىرى قۇملارغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئەمما، مىڭ يىل كۆكرىپ تۇرىدىغان، مىڭ يىل يىقىلمايدىغان، يىقىلسىمۇ مىڭ يىل چىرىمايدىغان ئەنە شۇ توغراقلار بارلىق ئىشلارغا، بارلىق ھېكايىلەرگە، پۈتۈن بىر تارىخقا شاھىتلىق قىلماقتا.

ئەردەمنىڭ ئات ھارۋىسى بولسا، شۇنچىلىك قىيىن تەبىئىي شارائىتلاردا ھېچ بىر يەرگە كۆچمەي، مۇشۇ زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مۇشۇ ئانا تۇپراقنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئانا يۇرتى قىلغان مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنسۆيەر روھىنىڭ سىمۋولى بولغان ئەنە شۇ چەكسىز ھاياتى كۈچكە ئىگە توغراقلىقلار ئىچىگە ئاستا - ئاستا مېڭىپ كىرىپ، پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئايسىز ئايدىڭ كېچە

قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق بىر يول ئاچايلىكى، ئۆندەرىگەنلەر ھوشىنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن. توقىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن، بىزدىن غەم ـ قايغۇ كەتسۇن.

— «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن —

يولدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئالدىراشلا ئويباغ مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ھويلىغا كىرىپ، ئەتراپقا بىر كۆز ئاتتى. دەرس ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۈرۈنقىدەك قىمىر قىلماي تۇرغان قېرى ياڭاق دەرىخىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ياڭاق دەرىخىدىن شاخلاپ چىققان يەتتە يالىڭاچ غولنىڭ نەچچە ئونلىغان ئۇششاق شاخلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. تالىپلار قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ ھەيۋەتلىك يەتتە غولىغا قاراپ، ياڭاقلىرىنى «ئۆكەر ياڭىقى» دەپ ئاتاپ ئەتىۋارلاپ يېيىشەتتى. مانا ھازىر قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئامان ـ ئېسەن باش باھارغا ئۇلىشىش ئالدىدا تۇرغان سەۋرچان ياڭاق دەرىخى، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا ئۆز ھالىدىن مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، شاخلىرىدىن يەڭگىل شىلدىرلىغان ئاۋازلارنى

چىقىرىــپ قويۇۋاتاتتــى. يــاڭاق دەرىخىنىــڭ ئۇچلىرىنىــڭ ئۇدۇلــدا بولسـا، پارقـىراپ تۇرغـان قۇياشـنىڭ چەكسـىز نۇرلـىرى يېيىلغـان ساماغا ئاقارغـان باشـلىرىنى تاقـاپ تۇرغـان قـۇرۇم تاغلـىرى يىراقلاردىــن يالتىــراپ تۇراتتــى. مۇھەممــەد ئەمــىن بۇغــرا قورونىــڭ ئۇدۇلىدىــن كېســىپ ئۆتــۈپ، كۆنگــەي تەرەپكــە ئۇيغــۇر مىمارچىلىــق ئۇسـلۇبىدا ئاددىـي، ئەمما، چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان پىشايۋانلىق ئۆيلەرنىــڭ ئــوڭ تەرىپىنىــڭ ئــەڭ چېتىدىكــى ئۆيىنىــڭ ئىشــىكى ئالدىغا كېلىـپ تـۇردى. ئـۇ مۇرىسـىدىكى خۇرجۇننـى يەرگـە قويـۇپ، ئۆزىنــى سـەل رۇسـلىۋالغاندىن كېيىــن ئىشــىكنى چەكتــى. ئۆيىنىــڭ ئىچىدىــن: «ئىجازەت، قېنـى كىرسـىلە» دېگـەن يېقىملىـق بىـر ئاۋاز ئاڭلانــدى. مۇھەممــەد ئەمــىن بۇغــرا يەردىــن خۇرجۇننــى كۆتۈرۈپ قوللىـرى بىلـەن قامالـلاپ ئېلىپـلا، سـول قولـى بىلـەن ئىشـىكنى ئېچىـپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ ئـوڭ پۇتـى بىلـەن بوسـۇغىنى ئاتـلاپ ئۆيگـە كـىردى. ئۇدۇلدىكـى سـۇپىغا سـېلىنغان بىـر پارچـە ئوتقاشـتەك خوتـەن گىلىمىنىـڭ ئۈسـتىگە قويۇلغـان كىچىـك تـۆت چاسـا شـىرەنىڭ يېنىـدا كىتـاب ئوقـۇپ ئولتۇرغـان كىشـى كىتابنـى دەرھـال شـىرەگە قويـۇپ، «ۋەئەلەيكـۇم ئەسسالام» دەپ ئورنىدىـن تـۇردى. ئـۇ بېشـىغا ئاپپـاق دوپپـا كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىـڭ توم قارا قاشـلار ئاسـتىدىكى قـارا كۆزلـىرى، ئىككـى چىكىسـىگە يېپىشـىپراق تۇرىدىغــان ئوتتۇراھــال چوڭلۇقتىكــى قۇلىقــى ۋە تومــراق بۇرنــى، سـەل قېلىــن لەۋلـىرى ئارىسـىدىكى ئويمـاق ئېغىزلـىرى خـۇددى مۇشـۇ دۆڭلىـكتەك كەلگـەن يۈزىگـە ئۆلچەپ قويۇلغانـدەك شـۇنچىلىك مــاس كەلگــەن ئىــدى. ھەممىدىــن بەكرەكــى، چىرايلىــق قىلىــپ ياســتىۋالغان قىــرۇ باسـقان قىسـقا سـاقىلى قـەددى ـ قامەتلىـك بـۇ كىشـىنى تېخىمـۇ سـالاپەتلىك قىلىـپ كۆرسـىتىپ تۇراتتـى. بـۇ خـۇش چىـراي كىشـى، دەل مۇھەممـەد ئەمـىن بۇغـرا كۆرۈشۈشـكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقىتىلىشى

ئىنتىزار بولغان سابىت داموللام ئىدى. ئۇلار ناھايىتى سەممىي قول ئېلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، سابىت داموللام:

ــ «مېھمان كەلسە قۇت كېلەر» دەپتىكەن، قېنى مېھمان، تۆردىن ئورۇن ئالسىلا،ــ دەپ، تۆرگە سېلىنغان چۆرىلىرىگە زەدىۋال ئېلىنغان كۆرپىنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۆرسەتتى. ئىككەيلەن كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، «ئامىن! ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ ئامانچىلىق بەرسۇن!» دەپ ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئالدىراپ سۆز باشلىدى. ئۇ سۆزىنى ئامال بار ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن ھەم قىسقا ھەم ئاددى جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، كەينى ـ كەينىدىن تىنماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئىلچىدە دوتەي ئەسكەرلىرىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ تەۋرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ھەي بۇ ياخشى بىر ئىشنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بىر شۇملۇقنىڭ پۇرىقى بۇرنۇمغا پۇراۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدىم. نامازشامدىن كېيىن دوتەينىڭ توگچىسى تۇردى بەگ ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، بىزنىڭ «مىللىي ئىنقىلاب كومىتېتى» تەشكىللاتىمىز ۋە 29 ـ فېۋرال ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابىمىزدىن دوتەينىڭ خەۋەر تاپقانلىقىنى، ئەمما ھازىر ئەسكەرلىرىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن دەرھال قول سېلىشقا پېتىنالماي، گۇمىدىكى ئەسكەرلەرنى چاقىرتىش ئۈچۈن چاپارمەن ماڭدۇرغانلىقىنى، ھەممىدىن خەتەرلىكى، قاراقاش يامۇلىنى قوغداش ئۈچۈن تاغدىكى ئەللىك پالۋاننى ئالداپ ئەكىلىپ ياموُلنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياموُلنى قوغداشقا سالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

مەن تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقىپ، ھازىر ئالدىلىرىغا كېلىشىم. «كېڭەشلىك ئىش ئۈزلىشار، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار» دەپتىكەن. داموللام، ئۆزلىرىنىڭ قانداق مەسلىھەتى بار ئىكەن، ـ دەپ، داموللامنىڭ جاۋاب بېرىشىگە تەقەززا بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. سابىت داموللام گەپلەرنى سەۋر بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىچىككىنە سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن كالتە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـ بىزدە «تۈلكە ئۆز ئىنىگە ئۈرسە، قوتۇر بولۇر» دېگەن ماقال بار. ئەلۋەتتە ئىچىمىزدە قوتۇر بولۇپ كېتىشتىن قورقمايدىغان تۈلكىلەرنىڭ بولۇشى، مۇناپىقلارنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ. ئەمما ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلە بۇ ئەمەس. بىزنىڭ ھازىر جىددىي قىلىدىغان ئىشىمىز، ئىنقىلابنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي دەرھال ئالدىغا سۈرۈش. بۇ يولغا ئاتلانغان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز. ھازىر بىز دىققەت نەزىرىمىزگە ئالىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئەڭ قىيىن، ئەڭ دەھشەتلىك ۋە ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان ناچار شارائىتلار ئاستىدىمۇ، نىشانغا يېتىدىغان بىر يولنىڭ بارلىقىغا ئىمانىمىز بىلەن ئىشىنىش. بۇنداق جىددىي پەيتتە بىز توغرا پىلان، توغرا سىياسەت، توغرا قارار ئېلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەلقىمىزگە تايىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىماسلىقىمىز لازىم. شۇنداقلا كېرەكلىك يەردە سەۋر قىلىشىمىز كېرەك.

سابىت داموللامنىڭ تەمكىنلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا ئۈمىد بەردى، ئۇ دەرھال:

ـ ئۇنداقتا ۋاقتىنى بەش كۈن ئالدىغا سۈرۈپ، 24 ـ فېۋرال

كىرىشى بىلەن تەڭ تۇن قاراڭغۇسىدا ئىنقىلابنى باشلايلى. ئەگەر سىلىمۇ قوشۇلسىلا دەرھال ھەيئەتلەرگە خەۋەر قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق باشقا تەشكىلات ئەزالىرىغا زەنجىرسىمان خەۋەر يەتكۈزەيلى. يىغىلىدىغان ئورنىمىز دەل مۇشۇ مەدرىسىنىڭ قورۇسى بولسۇن. ھازىر چۈش بولدى، تەييارلىق ئۈچۈن ناھايىتى بىر يېرىم كۈنلا ۋاقتىمىز بار. بۇ پىلانغا سىلە نېمە دەيلىكىن؟

سابىت داموللام گەۋدىسىنى ئازراق ئالدىغا ئېگىپ تۇرۇپ:

ـ ناھايىتى بەلەن پىكىر بولدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەدرىستىكى ئىشەنچلىك تالىپلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەيئەت ئەزالىرىغا خەۋەر قىلايلى، ئۇندىن باشقا خۇپتەن نامىزىدا مەسچىتكە كەلگەن جامائەتكە تەسىرلىك ۋەز بېرەيلى. ھە، يەنە بىر مەسىلە شۇكى، مۇنداق جىددىيلا ئىش باشلىساق، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزگە تەييارلىغان قوراللىرىمىز يېتەمدىكىن؟ ـ دېدى. بۇ سوئالغا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سۆزىنىڭ ۋەزنىنى جىددى قىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئەزالىرىمىزغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشتى. بولۇپمۇ سىلە بىلەن مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، تەشكىلاتىمىزدىكى ئەزالار سانىنىڭ ئېشىشى ھەقىقەتەن بەك تېز بولدى. يەنە كېلىپ، سىلىنىڭ رامىزان ئايلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ۋەز ئېيتىپ، مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش توغرىسىدىكى قىلغان تەبلىغلىرى بىزنىڭ ئەتە يېرىم كېچىدە ئېلىپ بارىدىغان ئازاتلىق كۆرىشىمىز ئۈچۈن بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ۋە ئومۇمىي پىكىر ئېقىمى بەرپا قىلىپلا قالماي، يەنە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچىمىزگە كۈچ قېتىشتا بەكمۇ تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. ھازىر تەييارلىقىمىز

ئاساسەن پۈتـۈپ قالغـان بولسـىمۇ، لېكـىن قـورال يـوق ھېسـابتا. ئــوۋ ملتىقــى ۋە زامانــۋى بــەش ئاتــار بولــۇپ، جەمئىــي يىگىرمــە ئەتراپىــدا قــەدەر ملتىــق بــار، ھــە راســت، ئۆزۈمنىــڭ تاپانچىســى بۇنىــڭ سىرتىدا. قالغىنى نەيــزە، قىلىــچ ۋە چوماقلاردىــن ئىبــارەت، - دەپ، مەيۈسـلەنگەن ھالـدا سـۆزىنى ئاخىرلاشـتۇردى.

- بۇنىڭغىمــۇ شــۈكرى دەيلــى. ئــەڭ مۇھىمــى خەلقىمىزنىــڭ قەلبىــدە چاقنــاپ تۇرغــان ئىمانىنــڭ نــۇرى. بــىز مۇشــۇ مۇقــەددەس كــۈچ بىلــەن دۈشــمەنىنىڭ مېڭىســىنى چەيلــەپ، قولىدىكــى قورالــى بىلــەن ئۆزىمىزنــى قوراللاندۇرىمىــز، - ســابىت داموللــام ســۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىشـىغىلا شـۇنچىلىك گـۈزەل، شـۇنچىلىك يېقىملىـق بىـر ئـاۋاز ئىشـىك ۋە دېرىـزە پەردىلىـرى بىلـەن چىـڭ دۈملەنگەن ئۆيىنىڭ ئىچىگـە تۇيۇقسـىز كىرىـپ، بـۇ ئىككـى سەپداشـىنىڭ قەلـب تارلىرىنى تىترەتتــى، ئۇلارنىــڭ تومۇرلىرىــدا ئىنســان روھىنــى ياشــنىتىدىغان ئىسســىق بىــر ئېقىــم پەيــدا قىلــدى. بــۇ ئــاۋاز مەدرىســىنىڭ يېنىدىكــى مەسـچىتنىڭ گۈمبىزىدىــن ئاڭلىنىۋاتقــان مەزىنئاخۇنۇمنىــڭ پېشــىن نامىـزى ئۈچـۈن ئېيتقـان ئـەزان ئـاۋازى ئىـدى.

شــۇنداق قىلىــپ، ســابىت داموللــام خــەۋەر قىلىــش ئىشــلىرىغا مەســئۇل بولىدىغــان، مۇھەممــەد ئەمىــن بۇغــرا بولســا قــورال - ياراقلارغـا مەسـئۇل بولىدىغـان بولـۇپ كېلىشـتى. ئىنقىـلاب قورالسىز بولمايــدۇ. ئەركىنلىــك كۈرەشــچىلىرىنىڭ قولىدىكــى قــورال قانچــە كــۆپ ۋە قانچــە ســەرخىل بولســا، ئەلۋەتتــە شــۇنچە ياخشــى. شــۇڭا كونــىلار «قــورال تەييارلانســا، قۇلۇنلــۇق بــولار، قورالنــى ئۇنۇتســا، تۇتقــۇن بــولار» دەپ بىكارغــا ئېيتمىغــان.

مۇھەممــەد ئەمىــن بۇغــرا نامازدىــن كېيىــن قورســىقىنى ئــازراق ئەســتەرلىۋېلىپلا، ئــۇدۇل مەســۇم ئۇســتىنىڭ تۆمۈرچىلىــك دۇكىنىغــا

قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يولدىكى ھەممە نەرسە كونا، زۇلمەتلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. دېمەك، كۆكتىكى قۇياشتىن باشقا ھەممە نەرسە كونىرايدۇ، يوللار، ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۆيلەر، دەرەخلەر، كىيىم ـ كېچەكلەردىن تارتىپ ھەممە نەرسە ...

ئەڭ غەمسىز ئادەممۇ بۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە ئۆكۈنمەي تۇرالمايدۇ، بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىمۇ ئادەمگە باشقىچە ئاڭلىنىدۇ. بۇ يەردىكى سېپىللار ئىنسانىنىڭ روھىنى بوغىدۇ، تاملار تۈرمە پۇرايدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەنە شۇ كونىرىغان بەترەڭ مەنزىرىلەر ئىچىدىن ئۆتۈپ، زۇلمەتلىك تاملارنى ياقىلاپ كېتىۋاتقان ۋە موھتاجلىق ھەسرەتلىرى چىرمىغان ئادەملەر ئارىسىدىن يول ئېلىپ، ئۇچرىغان كونا تونۇشلارغا ھەرۋاقىت تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كونا سالاملارنى قىلىپ، نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئۆيلەرنىڭ يېرىلىپ كەتكەن ئىشىكلىرىگە ئەلەملىك بېقىپ، پەرىشان ھالدا مەسۇم ئۇستىنىڭ كونا دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەيلا قالدى. بۇ كونا دۇكان كۆرۈنۈشتە كەتمەن ـ گۈرجەك سوقىدىغان تۆمۈرچى دۇكىنى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قىلىچ ۋە نەيزە ياسايدىغان ئورۇنلاردىن بىرى ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا تەشكىلاتنى قۇرغاندىن بۇيان، ئۇرۇشقا كېرەكلىك قوراللار مۇشۇ دۇكاندا مەسۇم ئۇستىنىڭ چىۋەر قولى ۋە ئوغلى ئەردەمنىڭ ئۇرغان كۈچلۈك بازغانلىرى بىلەن ياسىلىپ، تەييار بولغان ئىدى.

دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئاتنى تاقىلاش ئۈچۈن باغلايدىغان كونا ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارتىقىغا كەندىر يىپىدىن ئېشىلگەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تـوم ئارقانــلار يىلانــدەك تولغىنىــپ ئوراغلىــق تۇراتتــى. دۇكان تاملىرىنىــڭ كاھــش ســۇۋاقلىرى چۈشـۈپ كەتكــەن بولــۇپ، ھــەر تەرىپــى شــورۇلداپ تۆكۈلــۈپ تۇراتتــى. ياغاچلىــرى كونىــراپ كەتكــەن ئىشــىكى ئوچــۇق بولــۇپ، ئىچــى قاراڭغــۇ كۆرۈنەتتــى. ئىشــىك ئالدىغــا كەتمــەن، گۈرجــەك ۋە تۆمۈردىــن ســوققان باشــقا ئەسـۋاپلار تىزىــپ قويۇلغــان ئىــدى. مۇھەممــەد ئەمىــن بۇغــرا ئەتراپقا بىــر قــۇر قارىۋەتكەندىــن كېيىــن، دۇكانغــا «ئەسســالامۇئەلەيكۇم» دەپــلا ئۇدۇلــلا كىرىــپ كەلــدى. دۇكانىنىــڭ بىــر بۇلۇڭىغــا تاشـلاپ قويۇلغــان كونــا قــوي تېرىســىنىڭ ئۈســتىدە ئولتــۇرۇپ تاقــا مىخــى ياســاۋاتقان مەســۇم ئۇســتا ســالامنى دەرھــال ئىلىــك ئالــدى. ئــۇ قولىدىكــى بولقىســىنى ئالدىدىكــى كىچىــك ســەندەلنىڭ ئۈســتىگە قويۇپــلا ئورنىدىــن تــۇرۇپ، مۇھەممــەد ئەمىــن بۇغــرا بىلــەن ئىككــى قوللاپ قىزغىــن كۆرۈشــتى. بۇلارنىــڭ كونــا دوســتلاردىن ئىكەنلىكــى ئىككىســىنىڭ يــۈز ئىپادىســىدىن بىلىنىــپ تۇراتتــى. مەســۇم ئۇســتا يانىدىكــى كىچىــك كونــا ئورۇندۇقنــى مۇھەممــەد ئەمىــن بۇغراغــا كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىــپ قىلــدى. دۇكانىنىــڭ ئىچــى خېلىــلا چــوڭ بولســىمۇ، ئىچىدىكــى بىســەرەمجان نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىدىــن ئادەمگــە بەكمــۇ تــاردەك بىلىنەتتــى. ئوچاقتىكــى ئوتنىــڭ يۈزىنى كۆل قاپــلاپ كەتكــەن بولــۇپ، يېنىدىكــى قــوي تېرىســىدىن ياســالغان كۆيەكنىــڭ يۈزىگــە چۈشــكەن ياماق كىشــىگە ئېشــەكنىڭ يېغىرىنــى ئەسلىتەتتى. ئوچاقنىــڭ ئالدىدىكــى چــوڭ ســەندەلنىڭ يۈزلىرىدىكى چوقــۇر ۋە ئىنچىكــە ســىزىقچىلار ئۇنىــڭ نەچچــە ئــون يىللاردىــن بېــرى بازغانىنىــڭ دەردىگــە، زۇلۇمىغــا، قاتتىــق ئۇرۇشــلىرىغا چىــداپ، سانسىــزلىغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ئــۇرۇش قورالــلىرىنىــڭ ياســىلىپ چىقىشــىغا ۋەســىلە بولــۇپ، ئۇلارنــى كۆلــۈپ تــۇرۇپ ئۇزىتىــپ قويغانلىقىغــا شــاھىدلىق قىلىۋاتاتتــى. مانــا بــۇ ســەپكۈن

يۈز بۇ ھاياتتا كۈرمىگىلىغان ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا مۇستەبىت، زالىم، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە سىپىل ئىچىدىن ئاندا ـ ساندا چىقىپ خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرىدىغان خىتاي چېرىكلىرىنىڭ خورلاشلىرىغا، كاچاتلاشلىرىغا سەۋر قىلىپ كەلگەن مەسئۇم ئۇستىنىڭ ياداڭغۇ، چوڭقۇر قورۇق باسقان كەڭ يۈزىنىڭ شولىسى ئىدى.

سالام ـ سائەتتىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا گېپىنى ئەردەمدىن باشلاپ:

ـ بىز بۈگۈن ئەردەم بىلەن يولداش بولدۇق، ئۇمۇ ئىلچىدىن يولغا چىقىپتىكەن، تەلىيىمگە يولدا ئارقامدىن يېتىشىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ تېخى بۇ يەرگە كەلمىگەندەك قىلىدۇ. ھەقچان ھامۇتكامنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ـ دېدى. مەسئۇم تۆمۈرچى قېلىن لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ:

_ مەنمۇ ئۇنىڭ يولغا قاراپ ئولتۇرغان. ۋاقىت ئاللىقاچان ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا ئەنسىرەپ، ئەقلىمگە كەلمىگەن ئىشلار قالمىدى. ھېلىمۇ ھەزرىتىم ئۆزلىرى كېلىپ، مېنى خاتىرجەم قىلىپ قويدىلا. ھامۇتنىڭ ئۆيىمۇ بۇ يەرگە ئۇنچىلىك يېقىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارمۇ بەك ناچار. بەلكى كەچكىچە كېلىپ قالار. ئەردەم بويىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئالدىمدا بىر بالا، مەرھۇم ئانىسىنىڭ ئامانىتى. ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم، ئاۋازىنى بىردەم ئاڭلىمىسام سېغىنىپ كېتىمەن. بۇ سېغىنىش دېگەن ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئىكەن، بەكمۇ ھاياجان، بەكمۇ دەردلىك، بەكمۇ ھارغىن. ئۇنىڭ ئالتۇندەك بالىلىق دەۋرى مۇشۇ قاراڭغۇ دۇكاندا ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ دۇكاندا كۆمۈرلەر بىلەن تەڭ كۆيۈپ، تۆمۈرلەر بىلەن

تەڭ تاۋلىنىپ چىقتى. بۇ تەرتىپسىز ھاياتتا ئىنسىنىڭ يوقلىقىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يېتىشسىپ چوڭ بولغانسېرى، مەن پۈرلىشىپ، مۆكچىيىپ قېرىپ ماڭدىم. مانا ئەمدى پۈتۈنلەي قېرىپ، ئىشقا يارىماس ھالغا كەلدىم. ۋاقىت ھەممە بارلىقنى قېرىتىپ، چۈرۈتۈپ، بەربات قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ قاتىل ئىكەن، ھەي...! ـ دەپ، ئۇھ تارتتى. ئاندىن ئوچاقنىڭ بىر تەرىپىدە چېچىلىپ ياتقان كۆمۈرنىڭ ئۇششاق قالدۇقلىرىغا قاراپ قويۇپ:

ـ مانا ھازىر دۇكاندا كۆمۈرمۇ تۆگىدى، يەنە تېخى بۇ ئۆمۈرمۇ تۆگىدى. دېمەك، «تۆمۈر تاۋلانغاندا كۆمۈر تۆگىدى، ئەقىل تاۋلانغاندا ئۆمۈر» دېگەن دەل مۇشۇدە. دوتەيدىن ئايلىقنى ئالالمىغان كان ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغاندىن بۇيان، كۆمۈرمۇ قىس بولۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇرۇن تۇتۇش قىلىپ يېتەرلىك قورالارنى سوقۇۋالغان ئىكەنمىز، شۇڭا بۇ ئىشلاردىن بەكمۇ ئەندىشە قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ ھەزرىتىم. ئەمما بۇ زۇلۇمغا «تۇر» دەيدىغان زامان كەلدى، ھەتتا كېلىپ ئۆتۈپمۇ كەتتى بولغاي.

تۆمۈرنى تۆمۈر بىلەن سوقتى،

بىرى قىزىق، بىرى سوغۇق ئىدى.

ئىنساننى ئىنسان بىلەن قىردىلەر،

بىرى ئاچ، بىرى توق ئىدى.

دېگەندەك، بىزنى بىر تەرەپتىن توقلار ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق قوراللىرىغا تايىنىپ قىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، قۇرغاقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاپەتنى

بىشىمىزغا بالا قىلىپ سالغاچقا، دېھقانلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، ـ مەسۇم ئۇستا سۆزلىرىنى تۈگىتىپلا قاتتىق يۆتىلەپ كەتتى. بۇ يۆتەل ئاۋازى ساغلام ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى يۆتەل ئاۋازىغا قەتئىي ئوخشىمايتتى. بۇ يۆتەل ھاياتتا بىر ئۆمۈر جاپا چەككەن، بىر ئۆمۈر زۇلۇمغا ئۇچرىغان، بىر ئۆمۈر سۆيگۈگە ھەسرەتتە قالغان بىر نىدانىڭ ساداسى ئىدى. بۇ يۆتەل يەنە كىشىگە، ئوتنىڭ كۈچلۈك ھارارىتىدىن قايناغان چۆگۈندىن تېشىپ چىققان قايناق سۇنىڭ  قىززىغان مەش ئۈستىگە تامغان تامچىسىدىن كېلىپ چىققان ئۈركۈتكۈچى پورۇقلاشلارنى ئەسلىتەتتى. مەسۇم ئۇستا بۇ يۆتەل ئارقىلىق كۆيگەن كۆمۈرنىڭ ئۆپكىسىگە تولغان ئاچچىق ئىسلىرىنى، قىززىق تۆمۈرگە ئۇرۇلغان بازغاننىڭ زەربىسىدىن چىققان قارا تۈتەكلەرنى ۋە تالغان يۈرەكتىكى ھارغىنلىقلارنى، ئاچچىق زەرداپلارنى تېشىغا پۈركۈۋاتقاندەك چىرايلىرى پۈرلىشىپ كەتكەنىدى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ قاتتىق يۆتەلدىن بىئارام بولۇپ، مەسۇم ئۇستىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلار ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن:

ـ مەسۇمكا، ئەھۋال جىددىي. تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىشلىرىدىن دوتەي خەۋەردار بوپتۇ. شۇڭا ئىنقىلابنى دەرھال ئالدىغا سۈردۇق. بۈگۈن ئالدىراپلا كېلىشىمدىكى ئاساسىي مەقسىدىم، سىلىدىكى قىلىچ، نەيزە، پالتا قاتارلىق قوراللارنى ۋە ئۆزلىرى ياسىغان قوغۇشۇن ئوقلىرىنى ئېلىپ كېتىش. ئەگەر ئەردەم كەلسە، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا بېسىپلا ئەلنىڭ تىنچلىقىدا مەدرىسىگە ئەكىتىۋالساق بەك ياخشى بولاتتى. سىلە بۇنىڭغا قانداق قارايلىكى؟ ـ دەپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى. بۇ

گەپلەرنى ئاڭلاپ مەسۇم ئۇستىنىڭ قارىدىغان يۈزلىرى بىردىنلا يورىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بىر ھۇزۇر، بىر خۇشاللىق ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ھاياجان بىلەن:

ــ بۇ ئۆمرۈمدە ئاڭلىغان ئەڭ ئېسىل خەۋەرلەردىن بىرىنى مانا ھازىر سىلى ئۆزلىرى ئېيتتىلا. دۇرۇس ئويلاپتىلا، مۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن ھۇزۇرغا تولىدۇ، مۇزلىغان يۈرىكىمۇ ئېرىيدۇ. ئۆزلىرى بىلىلا ئۇكام! مەن ماغدۇرۇمدىن كەتكەن بىر قېرى گاداي، مۇشۇ كەمگىچە قولۇمدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، ئاز ـ تولا بىر نەرسىلەرنى لەۋزىمىزگە ۋاپا قىلىپ ھازىرلاپ، دۇكاننىڭ ئارقىسىدىكى ئامبارغا تىقىپ قويىدۇم. ئۇلارنىڭ كارغا كەلگىنىنى كۆرسەم ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. ئىنسان ئۈچۈن ھەر نەپەستە ئۆلمەك ۋە تىرىلمەك بار. مەن نەپىسىم كېسىلىش ئالدىدا تۇرغان، يولنىڭ ئاخىرىغا كەپ قالغان ئادەممەن. مېنىڭ بۇ ئەتراپتا سىلىدىن باشقا يېقىنىم يوق، شۇڭا ئوغلۇم ئەردەمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، ئەتە كەچتىكى جەڭگە ئۇمۇ قاتناشسۇن. كونىلار «تاي ئات بولسا ئات تىنىۇر، ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنىۇر» دەپتىكەن. مانا ھازىر ئەردەممۇ ئەر بولدى. مەن ئارزۇ قىلغان ۋە مەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئۇ چوقۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە سىلىنىڭ مەدرىستىكى كەچلىك دەرسلەرگە تولۇق قاتنىشىپ كەلدى، ئىلىمنىمۇ ھەرھالدا ئىگىلىدى. بۇلارنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ئۇكام. ئۇنىڭ سىلىگە ياخشى بىر سەپداش ھەم يولداش بولالايدىغانلىقىغا ئالاھنىڭ ئالدىدا ۋەدە بېرەلەيمەن. نەچچە ۋاقتىن بېرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى ئۇ سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بىلمەسكە سېلىۋالدى. بۇمۇ ئۇنىڭ چىۋەر ۋە

سەۋرچانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئەمدى پەيتى يېتىپ كەلدى. ئاشۇ قاراڭغۇ ئامباردا پارقىراپ ياتقان پۈتۈن قورال‌لاردا ئۇنىڭ ئۇرغان بازغانلىرىنىڭ ئىزى بار. شەمشەردەك ئىتتىك ۋە تۆمۈرنىمۇ لايىنى كەسكەندەك كېسىدىغان قىلىچلارنىڭ بىسىنى سۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاققان تەرى بىلەن سۇغۇردى. شۇڭا بۇ جەڭدىن ئۇنى مەھرۇم قالدۇرمىسىلا.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ ئاددىي تۆمۈرچى بوۋاينىڭ يۈرىكىدىن چىققان شۇنچىلىك مۇكەممەل جۈملىلەرنى ۋە گۈزەل سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندى. دائىم بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلماق ئەخمەقلىقتۇر، ئىنسان پەقەت ئۆزى بولۇشى لازىم، ئۆزى نېمە بولسا شۇ. ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزئارا پەرق بار. ھەر خىل، ھەر تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندا كىشى بۇ پەرقلەرنى ئاندىن سېزەلەيدۇ. يوللاردا ماڭغاندا، ئەتراپقا قارىغاندا، دېگەنلەرنى ئاڭلاپ، كۆرۈنگەنلەرنى كۆرگەندە، ئادەم كۆڭلى پۈۋلەپ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى چوغىنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. كۆڭۈل كۆكسى كەڭ، ياردەم سۆيەر ئادەملەر سۈزۈك ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇنداق پاكىز ئەينەككە قارىغاندا، ئاندىن ئادەم ئۆزىنىڭ كەملىكىنى بىلىدۇ، ئۆزىدە يوق ۋە كەم نەرسىلەرنى بايقايدۇ. شۇتاپىنىڭ ئۆزىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ بوۋايدىكى نۇرغۇن پەزىلەتلەرنى بايقىدى، ھەتتا ئۆزىدە يوق ئېسىل خىسلەتلەرنى قېرى تۆمۈرچىنىڭ روھىدا كۆردى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھازىرقى ئۆزگىرىشلەر يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى مۇنداق بىر قىسقا ھېكايىنى ئەسلەتتى:

«ئەينى زاماندا ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى

ھەزرىتى يۇسۇپنىڭ بىر دوستى سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. ھەزرىتى يۇسۇف دوستىدىن، ماڭا نېمە سوۋغا ئالغاچ كەلدىڭ؟ دەپ سوراپتۇ.

دوستى بۇ سوئالغا:

– سەندە يوق يەنە نېمە باركى؟ سېنىڭ نېمىگە ئېھتىياجىڭ بار؟ سەندە ئەقىل – ئىدراكمۇ، قەددى – قامەتمۇ ۋە ئايدەك گۈزەل چىرايمۇ بار. سەندىن تېخىمۇ چىرايلىق يەنە بىرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى كۆرسۇن دەپ، بىر ئەينەك ئالغاچ كەلدىم،– دەپ جاۋاب بېرىپتۇ».

دېمەك، ئەينەككە قارىساڭ ئۆزۈڭنى كۆرىسەن، ئۆزۈڭدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى بايقايسەن. ئارتۇقچىلىقلىرىڭغا قاراپ مەپتۇن بولساڭ، كەمچىلىكلىرىڭگە قاراپ ئەپسۇسلىنىسەن. كەمچىلىكلىرىڭنى تۈزىتىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان يولىدا ماڭىسەن. مانا بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەينەك يول كۆرسەتكۈچىدۇر. «مۆمىن مۆمىنگە ئەينەكتۇر»، مۆمىن بولسا كۆڭلى سۈزۈك ئەينەكتەك پاك بولغان كىشى. شۇڭا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ مۇقەددەس نەرسە يەنىلا شۇ ۋەتەن ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ يولى ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىدىغان پاك ۋە ساداقەتمەن كۆڭۈل ھېسابلىنىدۇ. مەسۇم ئۇستا ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاجىز تېنىنى، قېرىپ قالغانلىقىنى قىلچىمۇ ئويلىماي، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تىرىكى بولغان ئوغلىنى ئىنقىلابقا ئاتىغان ئىدى. ئىنسان پەقەتلا بىر بەدەندىن ئىبارەت بولماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا ھايات بەرگەن روھتىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن ۋە ئۇ روھنى ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا يۈزلەندۈرگەنلەر، ھەقىقىي ئىنسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى

ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ۋۇجۇت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايۋان، روھ بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلەكتۇر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈندۇر. شۇڭا ئادەمنىڭ ئورنى ھەم يەر يۈزىدە ھەم كۆك يۈزىدە بولىدۇ. تۇپراقتا مەنسۇپ بولغان ۋۇجۇت يەردە قالسا، روھى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك يۇرتى يەر ئەمەس، بەلكى كۆك. ئىنساننىڭ روھى ھەر ۋاقىت ئاللاھقا يېقىنلاشقان بولۇشى لازىم. چۈنكى ئىنسان قىسقا بىر مۇددەت يەردە ياشايدۇ ۋە بۇ ئۆتكۈنچى يولدىن تېزلا ئۆتۈپ، باقى ئالەمگە مەڭگۈلۈك سەپەر قىلىدۇ. مەسۇم ئۇستا بۇ پانىي ھاياتنىڭ يولچىلىقتا ئۆلۈمدىن ھېچ قورقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھازىر ھەتتا ئوغلىنىمۇ ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە بېرىشى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا يالۋۇرۇۋاتاتتى. ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلۈم ئەڭ تەبىئىي بولغان ئاخىرقى نەتىجە ۋە بار بولۇشنىڭ بىر سەۋەبى. ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەت. ئۆلۈم پۈتۈنلەي يوق بولۇش دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۆلۈم، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەت ھاياتىغا كۆچۈش، بۇ دۇنيادىن كېتىپ، ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇش دېگەنلىكتۇر. ئۆلۈم دېمەك، ماكان، زامان بار بۇ ئالەمدىن ماكانسىز، زامانسىز ئۇ ئالەمگە ئاپىرىدىغان بىردىنبىر يول دېمەكتۇر.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەقلىدىن كەچكەن پىكىرلەر سەۋەبىدىن سەل ھاياجانلانغاندەك بولدى، شۇڭا ئۇ خىيال رىشتىلىرىنى دەرھال كېسىپ تاشلاپ، ئۆز قاراشلىرىنى كەسكىن قىلىپ مۇنداق بايان قىلدى:

ـ مەسۇم ئاكا، مەن سىلىنىڭ قەلبلىرىنى چۈشەندىم، دېگەنلىرىدەك بولسۇن. ئوغۇللىرى ئەردەم بۇندىن كېيىن

مېنىڭ ئۆز قېرىندىشىمغا ئوخشاش. ئۇنى يېنىمدىن ھەرگىز ئايرىمايمەن. مەن نەگە، ئەردەم شۇ يەرگە. مېنى قوللىغانلىرى ۋە ماڭا ئىشەنگەنلىرى ئۈچۈن، سىلىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ھازىر خىتايلار بىزنىڭ نورمال تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى. يالغۇز تۇرمۇشىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى روھىمىزنى ئۆلتۈردى. بۇ مەلئۇنلار پۈتۈن بىر مىللەتنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىز مەڭگۈ يوقالمايمىز، بەلكى قايتا ـ قايتا تىرىلىمىز. جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق بىلەن يېڭى يول ئاچىمىز. يولىمىزنىڭ ئوچۇق، غازىتىمىزنىڭ مۇبارەك بولىشى ئۈچۈن دۇئالىرىنى بىزدىن ئايىمىسىلا. ئەمدى مېنىڭ بۆگۈن قوراللارنى ئەكتىشىمگە ھېچ ھاجەت قالمىدى. ئەتىگىچە پايلاقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئەتە كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ، ئەردەم بارلىق قىلىچ، نەيزە ۋە پالتىلارنى ھارۋىسىغا يۈكلەپ، چاندۇرتماستىن مەدرىسكە ئەكەلسۇن. بىز ئەردەم بىلەن ئەتە كۆرۈشەيلى. سىلىمۇ بەك تەشۋىش ئىچىدە قالمىسىلا، ئۈمىدۋار بولايلى. ئۈمىد بولسىلا، ھەر بىر كۈنىمىز ئۆزگىچە پارلاق كۆرۈنىدۇ. بۇ سۆيۈملۈك يۇرتىمىز يېڭىلىقلارنى ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆرسۇن دەپ سوقۇۋاتىدۇ. بۇ ئىنقىلابىمىز زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا قاراپ ئالغان يولىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قالغۇسى. مانا شۇ بىرىنچى قەدىمىمىز بىلەن خەلقىمىز بالايىئاپەتتىن خالاس بولغاي، مەزلۇملار ئاسارەتتىن قۇتۇلغاي!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان مەسۇم ئۇستا «ئامىن! ئامىن!» دەپ، قارىغاينىڭ قوۋزۇقىدەك بولۇپ كەتكەن ئىككى قولى بىلەن مۇشەققەتلىك ئۇزۇن بىر ئۆمۈرنىڭ ئىزناسى قالغان يۈزى ۋە ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ، ئۆز تىلەكلىرىنى بىرگە ئىپادىلىدى، ئاندىن:

www.uyghurkitap.com

ـ مېنى بەكمۇ بەختىيار قىلىۋەتتىلە ئۇكام! سىلىگە كۆپ رەھمەت. «كۆڭۈلدە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق» دېگەن گەپ بار، سىلىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىمەن. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمانىم يوق. بۇرۇن مەن، ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ ئەسكى ئىش يالغۇز قېلىش بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، ھازىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئەسلى يالغۇزلۇق ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلدۇرغان مۇشۇ زۇلمەتلىك تۈزۈم ئاستىدا، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان جەمئىيەتتە ياشىماق ئىكەن. ئىنشائاللاھ، سىلىنىڭ ئاتلانغان بۇ نۇسرەت يوللىرى بىزنى تەنھالىق ھەسرەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە مۇيەسسەر قىلغاي! ئىشلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك پىلانلىق، تەدبىرلىك بولۇشىنى ئۇلۇغ ئىگەمدىن تىلەيمەن، ئامىن!

شۇنداق قىزغىن سەمىمىي سۆھبەتتىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەردەمنىڭ ئەتە كەچتىكى ۋەزىپىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى مەسۇم ئۇستىغا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، خوشلىشىپ دۇكاندىن ئايرىلدى. ئۇ مەسۇم ئۇستىغا ئېيتىدىغان ئەڭ ئېسىل تەشەككۈرلىرىنى كۆرەشنىڭ غەلىبە مېۋىلىرى ئارقىلىق بىلدۈرۈشنى خىيال قىلدى، قەلبىدە ئۆزىنىڭ ۋاپادار خەلقىگە بولغان مەمنۇنىيەت ھېسلىرى ھاسىل بولدى. ئۇلۇغ بىر يولغا ئاتلانغان ئادەمگە نىسبەتەن، ئۆز خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدىنمۇ ئارتۇق سوۋغا بولمىسا كېرەك. مەسۇم ئۇستىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپالىق جىسمانىي ئەمگەك ۋە روھىي ئازاب دەستىدىن ھاردۇق يېتىپ ھېچ ھالى قالمىغان يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى چوقانىنى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ كۆڭلى تۇيدى. كۆڭۈل ھەققەتەن ئۇلۇغ بىر نېمەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىرلىرىمىز كۆڭۈل ھەققىدە ھېكمەتكە تويۇنغان

مۇنــداق رۇبائىيلارنــى يازغــان ئىكــەن:

كۆڭۈل تۇمانى ئاشىقمىزنى ئاشكارىلىما كۆڭۈل،
كۆڭۈلدىن چىققان تۇمان، ئوچۇق كۆرۈنەر كۆڭۈل.
كۆڭۈلدە قان دولقۇنلىرى بۇژغۇنلاپ تاشىدۇ،
بەلكى ئۇ كۆڭۈل ئەمەس، بىر دېڭىزدۇر ئەي كۆڭۈل.

كۆڭلــى ئۇلــۇغ كىشــىلەر پولاتتــەك ئىرادىلىــك بولىــدۇ. ئىرادىنىــڭ كۈچــى هاياتنىــڭ نېگىــزى. ئــارزۇ - ئارمــان بــۇ ئالەمــدە تەگدىشــى يــوق ئىــرادە كۈچىگــە ئىگــە كىشــىلەرگە مەنسۇپ. تىــز پۈكمــەس قەيســەر ئادەملــەر دۈشــمەنگە تىغمــۇ - تىــغ دۇچ كەلگەنــدە تەۋرەنمىســە، ئانىدىــن شــۇ مىللەتنىــڭ يولباشچىســى بولالايــدۇ. هــەر خىــل قىينىچىلىقــلار، هەتتــا ئۆلــۈم ئالدىــدا مەردانىلارچــە ئالغــا ئىلگىرىلــەش روهــى بىــر مىللەتنىــڭ قەدىــر - قىممىتىنــى ســاقلايدىغان مەڭگۈلــۈك روھ. بــۇ خىــل روهقــا ئىگــە جاســارەتلىك يولباشــچىلارنى قەدىرلەشــكە ئەرزىيــدۇ. مۇهەممــەد ئەمىــن بۇغــرا ئەنــە شــۇ ئېســىل ســۈپەتلەرنى ئۆزىگــە مۇجەسسەملەشــتۈرگەن كۆڭلــى ئۇلــۇغ، ئىرادىلىــك بىــر يولباشــچى بولۇشــقا مۇناســىپ ئىــدى. ئــۇ يــول بويــى مۇنــداق خىياللارنــى ئەقلىدىــن كەچــۈرۈپ ماڭــدى:

- بــۇ جاهانــدا كۆڭلــى بىئــارام ئــادەم ئــاز ئەمــەس. هالبۇكــى، دوتەيلــەر ۋە ئۇلارنىــڭ ئەســكەرلىرىدىن تەركىــپ تاپقــان بــۇ تاجاۋۇزچــى خىتايــلار ئۆزىنىــڭ ئــارام دۇنياســىنى، ئــۆز جەننىتىنــى ئىنشــا ئېتىــش ئۈچــۈن، جــان - جەهلــى بىلــەن بىــزدەك مەزلــۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتلىرىدىن بىرى
www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ ئۈستىدىن زوراۋانلىق ئىلىپ بارماقتا، باج ـ خىراجلارنى ھەسسىلەپ ئارتتۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى بۇلاڭ ـ تالان قىلىپ، بۇ ھاياتنى بىزگە جەھەننەمدىن بەتتەر قىلىۋەتتى. جەھەننەم ئازابتۇر، ئوتتۇر، ئوتتا كۆيۈپ پۇچۇلماقتۇر. جەھەننەم يەنە ئازابلىق ئىڭراشلار ئاڭلانمايدىغان جايدۇر. شۇڭا مەنسۇر ھەللاج:

«جەھەننەم ئازاب تارتىدىغان يەر ئەمەس، بەلكى تارتقان ئازابلارنى ھېچكىم تۇيمايدىغان يەر» دېگەن ئىكەن. راست بىزنىڭ دەردىمىزنى، ئازابلىرىمىزنى جىمى ئالەم تۇيمىدى، تۇيسىمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى. ئەمما بىز تۇيدۇرۇشنى بىلىمىز، كۆڭۈل بۆلدۈرۈشنى بىلىمىز، بۇ جەھەننەم ئوتىنى ئۆچۈرۈشنى بىلىمىز. تەن ۋە روھىمىزنى كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ بىردىنبىر چارىسى، ئۇنى ئۆچۈرۈشكە قۇدرىتى يېتىدىغان سۇ بىلەن سەل باشلاش. ئەمدى خوتەن دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ تاشىدىغان زامانى كەلدى. بۇ تاشقان سۇلار دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرگەي، گۈلدۈرلىگەن دولقۇن ئاۋازى جىمىكى جاھاننى قاپلىغاي، خۇددى توپان بالاسىدەك تاجاۋۇزچىلارنى يالماپ يۇتقاي، ئۇيقۇدا ياتقان خەلقىمىزنى ئويغاتقاي، بىزنى جاھانغا تونۇتقاي. بىز ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زالىملارغا ئۇنداق ئاسان يول بەرمەسلىكىمىز، ئۇلارنىڭ زۇلۇم سالغۇچى يوللىرىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغان چىغىمىزدىلا ئۇلارمۇ بىئاراملىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، زۇلۇمنىڭ تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، جەھەننەم ئوتىنىڭ قانداق بىر دەھشەتلىك ئوت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىزنىڭ يولىمىزغا كۆز تىكمەيدىغان بولىدۇ ۋە ئۆز ماكانىغا قاچىدۇ. شۇنداقلا، باشقىلارغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ، تالان ـ تاراج قىلىش يولى بىلەن ھۇزۇرغا ئېرىشىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

خۇپتەن نامىزىغا خېلى ۋاقىت بار بولسىمۇ، ئەمما مەسچىتنىڭ ئىچى جامائەت بىلەن لىق تولغان ئىدى. نامازنىڭ ئالدىدا سابىت داموللامنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ھەممە كىشى مېھراپقا يۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. سابىت داموللام بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا بىر ئاز ھاياجان ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى. چۈنكى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدىراش، ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ مۇھىم قارارلارنى ئالغان كۈنلەرنىڭ بىرى بولغانىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئىنقىلابنى ئالدىغا سۈرۈش پىلانى تەشكىلاتتىكى بارلىق ھەيئەتلەرنىڭ بىردەك ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ھازىر سابىت دامولامنىڭ ئەتە يېرىم كېچىدىكى ئازاتلىق جېڭى ئۈچۈن جامائەتنى ئىدىيە جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ھەرقانداق بىر ئەھۋالغا قارشى ھوشيار تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن تەسىرلىك بىر ۋەز بېرىشى زۆرۈرىيەت ئىدى. بولۇپمۇ ئاممىنىڭ كۈرەشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، ئىرادىسىنى تاۋلاش، روھىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە ئايەتلەر ئارقىلىق ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ، جامائەتنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان نۇتۇق سۆزلىشى لازىم ئىدى.

سابىت دامولام ئادەتتە مېھراپتا ئولتۇرۇپ، ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئەمرىمەرۈپ، نەھيى - مۇنكەر ئېيتاتتى. ئەمما بۈگۈن بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كۆك يوللۇق ماتا يەكتەكنىڭ ئالدىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىغا ئورىۋالغان ئاپپاق سەللىسىنىڭ ئۇچ چېكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئۇچىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ قويغاندىن كېيىن، جامائەتكە جىددىي بىر تۇس بىلەن قاراپ، سۆزنى ۋەزىنلىك قىلىپ باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىم ئامبىرى

ـ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلىسىگە ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە، جۈملىدىن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەن پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمانلارغا بولغاي.

مەۋجۇتلۇقنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ئاللاھنىڭ ئەرراھمان، ئەررەھىم، ئەلمەلىك، ئەلمۇمىن، ئەلمۇنتەقىم، ئەلئەزىز، ئەلۋەلىي، ئەلجەببار... قاتارلىق 99 مۇبارەك ئىسمى بىلەن سۆزۈمنى باشلايمەن. ئەخلاق ۋە ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى پۈتۈنلەي يوقىلىۋاتقان، بولۇپمۇ ئاياللار ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراپ نارىسىدە قىزلار ئەرەب چۆللىرىنىڭ قىززىق قۇملىرىغا تىرىك كۆمۈلىۋاتقان، جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر زاماندا، ھىدايەت ئۇيۇقنى تۇتقان بىر قۇياش جاھانغا ئىلىم ۋە ھېكمەت نۇرلىرى ياغدۇرۇپ، ئىنسانلىق تارىخىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى ئايدىڭلىققا چىقارغان ئىدى. مانا بۇ قۇياشنىڭ ئۆزى دەل قۇرئان كەرىمدۇر. ئۇلۇغ رەببىم مۇقەددەس كىتاب بولغان قۇرئان كەرىمنى 22 يىل جەرياندا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي ئارقىلىق 30 پارە، 114 سۈرە ۋە 6236 ئايەت قىلىپ نازىل قىلدى. مانا مۇشۇ سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە، بىزدەك مەزلۇم مىللەتلەرنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، ئۇرۇش ـ جىھادقا چاقىرىش ھەققىدىكى مەزمۇنلار مىنىڭ بىلىشىمچە، ئون ئۈچ سۈرەنىڭ 50 تىن ئوشۇق ئايەتىدە تەكىتلىنىدۇ. قۇرئان بۇ ئارقىلىق بىزدەك زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنى زالىملارغا، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۆزۈل ـ كېسىل كۈرەش قىلىشقا، جىھاد قىلىشقا چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

بەقەرە سۈرەسىدە بەش ئايەت، ئال ئىمران سۈرەسىدە ئۈچ ئايەت، نىسا سۈرەسىدە ئون بىر ئايەت، ئەنفال سۈرەسىدە سەككىز ئايەت، ھەج سۈرەسىدە ئۈچ ئايەت، مۇھەممەد سۈرەسىدە تۆت ئايەت، فەتھ سۈرەسىدە ئۈچ ئايەت، ئەنكەبۇت سۈرەسىدە بىر ئايەت دەل مۇشۇ مەزمۇندىكى بۇيرۇقتۇر. بۇلار ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك ئاللاھنىڭ مۇقەددەس بۇيرۇقلىرىدۇر. مۆھتەرەم ئەزىز مۆمىنلەر، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، تۆۋەندە مەن زىكرى قىلىنغان شۇ ئايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن، سىلەرنىڭ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىشىڭلارنى ئۇلۇغ ئىگەمدىن نىياز ئەيلەيمەن!

بەقەرە سۈرىسى 90 ـ ئايەت:

«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»

216ـ ئايەت:

«سىلەر ياقتۇرمىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلارمۇمكىن. سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»

ئال ئىمران سۈرىسى 200 ـ ئايەت:

«ئى مۆمىنلەر! چىداملىق بولۇڭلار، باتۇرلۇق كۆرسىتىڭلار. جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىسا سۈرىسى 95 ـ ئايەت:

«مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ جىھاد قىلغۇچىلارنى بۈيۈك ئەجىر بېرىش ئارقىلىق جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى»

تەۋبە سۈرىسى 39 ـ ئايەت:

«ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. سىلەرنى ھالاك قىلىپ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ...»

41 ـ ئايەت:

«ئى مۆمىنلەر جامائەسى! سىلەر يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ، ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»

ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 ـ ئايەت:

«بىز ئۈچۈن جىھاد قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»

مۆھتەرەم، ئەزىز جامائەت، يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتكەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ۋە بىز بەندىلەردىن

كۆتكەن ئۆمىدى، تاجاۋۇزچىلارنى ئانا تۇپراقلىرىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىزگە كۆرسەتكەن مۇقەددەس يولى. ئەجابا بىز قاچانغىچە ئۇخلاپ ياتىمىز، قاچانغىچە بۇ زۇلۇمغا چىدايمىز، قاچانغىچە قۇللۇقتا، ھەقىرلىقتا ياشايمىز؟ يېتەر ئەمدى، ئەي ئەزىز قېرىنداشلىرىم، قولىمىزغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ئۇرۇش قىلىدىغان زامان كەلدى، ئاللاھنىڭ دەستۇرىغا چىڭ ئېسىلىشنىڭ پەيتى كەلدى. بىز بۇ ھاياتقا قاقشاپ، ئېزىلىپ ياشىغاندىن ئاللاھنىڭ يولىدا كۈرەش قىلىپ، جېنىمىز، قېنىمىز، مېلىمىز، مۈلكىمىز، ۋىجدانىمىز، غۇرۇرىمىز بىلەن جىھاد يولىغا ئاتلىنىشىمىز لازىم. مانا بۇ يول بىزنىڭ تىرىلىش يولىمىز، ئۈمىد يولىمىز، ئەركىنلىك يولىمىز، مۇستەقىللىق يولىمىزدۇر. مۇشۇ كەمگىچە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆچ كۆڭلۈك دۇنيا ئۈچۈن غەيرەت قىلىپ تىرىشتۇق، ئەمما كۆرگەن كۈنىمىز ھەممىمىزگە ئايان، ئەمدى ئەبەدىي بىر ھايات ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك ۋەتەن ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان، قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىدىغان زامان كەلدى. جالالىدىن رۇمى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئاسالەت بويىدا ئەمەس سويىدا،
نازۇكلۇق بەلدە ئەمەس تىلدا.
توغرۇلۇق سۆزدە ئەمەس ئەمەلدە،
گۈزەللىك يۈزدە ئەمەس يۈرەكتە.

مانا ھازىر نەسلىمىزنىڭ ئوغۇزخان نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى تىلىمىز، دىلىمىز، ئەمەلىيىتىمىز بىلەن، ئالپلىق ۋە مەرتلىككە تولغان يۈرىكىمىز بىلەن ئىسپاتلاشقا پۇرسەت ۋە شارائىت يېتىپ كەلگەن زاماندۇر. مەن مۇشۇ جامەدە ئولتۇرغان ھەر بىرىڭلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭلارغا يارىشىدىغان ھالدا زال ئوغلى رۇستەمدەك باھادىرلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

ئەي مەزلۇملەرنىڭ غەمگۇزارى بولغان ئاللاھىم! سەن بىزگە توغرا يولنى كۆرسەت، پۈتۈن مەزلۇملارغا، جۈملىدىن بىزگە ياردەم ئەيلە، زالىملار ئاجىزلارغا، ئاياللارغا ۋە باللارغا، جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە زۇلۇم قىلماقتا، مانا مۇشۇ زۇلۇمغا يىللارچە سەۋر قىلىپ كەلگەن، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كېچىنىڭ يوقىمىدۇر تېڭى دەپ كۆز ياشلار بىلەن، ھەسرەتلىرى بىلەن سەندىن ياردەم ئىستىگەن مۇشۇ قەۋمگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما ئاللاھىم، بىزنىڭ خاتىرجەملىكىمىزنى، ھۇزۇرىمىزنى، ئۈمىدىمىزنى يوق قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى يەر بىلەن يەكسان ئەيلە ئاللاھىم، بىزنى ئۆز تۇپراقلىرىمىزدا ئەركىن، بەختىيار، باياشات ياشىشىمىزغا نەسىپ ئەيلە ئاللاھىم، ئۈممىتى مۇھەممەدكە ياردەم ئەيلە، ئۈممىتى مۇھەممەدكە مەغپىرەت ئەيلە ئاللاھىم! بىزنى بىر تۇغنىڭ ئاستىدا جەم بولۇشقا نەسىپ ئەيلە، سېنىڭ ھېكمىتىڭدىن سوئال سورالماس يا ئاللاھىم! ئەركىنلىككە ئېگە بولۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەڭ كۈچلۈك سادا، ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ساداسى، شۇڭا بىزنى ھەق يولىدا ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىققا مەدەت بەر ئاللاھىم! بىزنى زالىملارنىڭ قولىدا ئېزىلىشكە قالدۇرما، دۇئالىرىمىزنى قوبۇل ئەيلە ئاللاھىم، بىز ساڭىلا دۇئا قىلىمىز، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز. ئەي، قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھ! ساڭا تۈمەن مىڭلاپ مەدھىيەلەر بولسۇن! ئامىن، ئەلفاتىھە!...

سابىت داموللامنىڭ يۈرەككە تېگىدىغان تەبلىغلىرى ۋە دۇئالىرىدىن مەسچىت ئىچىدىكى جامائەتنىڭ يۈرەكلىرى تىترەپ

كەتتى. ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە شاھاپ يۇلتۇزى يول كۆرسەتكۈچى بولۇپ چاقنىدى. چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ئۈمىد نۇرى پەيدا بولدى. ئۇلار ئەتىكى كۈننىڭ باشقىچە بولۇشىنى، چىققان قۇياشىنىڭ باشقىچە چاقنىشىنى، بىخلىغان كۆچەتلەرنىڭ چېچەكلىشىنى، قاغجىرىغان يەرلەرنىڭ كۆكىرىشىنى، گەز باسقان لەۋلەرنىڭ نەملىشىنى ئارزۇ قىلدى. بۇ ئارزۇلارغا يېتىش ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ تىرىلگەن روھلىرىدا ئايان بولدى. ھەر بىر ئىنسان ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، قەۋمىگە، يۇرتىغا ۋە ۋەتىنىگە قىلىنغان، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان زۇلۇملارغا، خورلۇقلارغا قارشى نەپرەتلىرىنى، قارشىلىقلىرىنى پەقەت كۈرەش ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، قورال‌لىق كۈرەش ئارقىلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئادالەتكە، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

23ـ فېۋرال ناھايىتى جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتكەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمما خۇددى قاراقاش دەرياسىدەك ئۈستى مۆل ـ مۆل قىلىپ جىمجىت ئاققاندەك كۆرۈنۈپ، ئاستىدىن دولقۇنلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرلۈۋاتقانلىقىنى ئادەم تۇيمىغىنىدەكلا بىر كۈن بولدى. شۇ تاپتا قاراقاشتا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن يامۇلنىڭ ھېچ خەۋىرى يوق ئىدى.

24 ـ فېۋرال تولۇپ بىر ئاشپىشىم ۋاقىت ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما خەۋەر قىلغان كىشىلەردىن ئارانلا 67 كىشى يىغىلدى. قالغان كىشىلەرنىڭ تېخىچە سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كۆك بىلەن يەر زۇلۇمنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە يەر كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئىچىدەكلا كۆرۈنەتتى. يىغىلغان كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەقەززالىق ئىلكىدە جايلىرىدا ئۇلتۇرالماي، مەدرىسە قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توپلاندى. بىر چاغدا گۆر قاراڭغۇسىدا قالغان كوچىلاردىن ئالىكنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ھارۋا چاقىنىڭ تاراقلاشلىرى، ئاندىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى مەدرىسە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىچە يېقىنلاپ كېلىپ، ئاخىرى توختىدى. شۇ چاغدا ماشكىنىڭ ئىڭرىغان ناخۇش ئاۋازى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، لېكىن ئاتنىڭ كۈچلۈك كىشنەشلىرى بۇ ئىڭرىغان ئاۋازنى بېسىپ چۈشتى. دېمەك، ئەردەم دېيىشكەن بويىچە، تەييارلانغان قورال، قىلىچ - نەيزىلەرنى ھارۋىسىغا بېسىپ، قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئارقىسىغا مەھەللە ئىتلىرىدىن ئالىك بىلەن ماشكىنى ئەگەشتۈرۈپ مەدرىسە دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدى.

ئالىك مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئەڭ باتۇر ئىتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنى مەھەللىنىڭ قاراۋۇلى دېسەكمۇ بولاتتى. چۈنكى ئۇ بۇ مەھەللىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ياخشى - يامانلىقنى ئۆزىنىڭ تۇغما سەزگۈرلۈكى بىلەن بىلىۋالاتتى. ئەگەر بىر ئەسكى بۇ مەھەللىدىن ئۆتسە، ئۇ شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن بىر تامنىڭ ياكى بىر قانىتى ئېچىقلىق دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدا ئالدىغا قويغان ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قارا بۇلۇتتەك قاشقىسى بار تۇمشۇقىنى قويۇپ، يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. نىشان ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئارقىسىدىن ئېتىلىپ كېلىپلا باتۇرلۇق بىلەن تالايتتى. ئەگەر بىر ياخشى بۇ مەھەللىگە كېلىپ قالسا، ياي شەكلىدىكى ئۇچى ھەر دائىم يۇقىرىغا قاراپ تىك تۇرغان ئالچىپا قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان دىڭ ئىككى قۇلىقىنى مىدىرلىتىپ تۇرۇپ، ياخشىنى قارشى ئالغاندەك ئالدىغا يۈگرەپ كېلەتتى - دە، تۇمشۇقىنى

ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى - ئۈچ قېتىم بوش قاۋاپ قويىتتى. ئەگەر ئۇ مەھەللىدە كۆرۈنمەي قالسا مەھەللىنىڭ باللىرى ئۇنى «ئالىك، ئالىك موك موك...» دەپ چاقىرىدىغان بولسا، ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان هامان نەلەردىندۇر ئۇچقاندەك يۈگرەپ كېلەتتى ۋە ئۆزىگە چۈشكەن ۋەزىپە بولسا دەرھال بىجا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ پارقىراق ئاق تېرىسىدە ئالىقاندەك قاپقارا ئالىلىرى بار بولغاچقا، ئۇنىڭغا «ئالىك» دەپ نام قويۇلغان بولۇپ، بۆرىنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، شىرنىڭ پۇتىدەك كۈچلۈك توم پۇتلىرى ۋە تۈكلۈك توم قۇيرۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ياخشى بىر نەسىللىك ئىت ئىكەنلىكى نامايەن بولۇپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسى ئالىكقا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئالدىغا كەلسە ئۇنى سىلاپ قويماي قالمايتتى. ئۇمۇ ھېچ ھېيىقماي قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقان پېتى كېلىپ، ئىككى پۇتىنى كىشىلەرنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، يۈزلىرىگە تۇمشۇقلىرىنى يېقىشقا ئۇرۇناتتى. مانا ھازىرمۇ، ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئالىك ئەردەم ھارۋىدىن چۈشۈشى بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى. ئەردەممۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ باشلىرىنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۇۋۇلىدى، ئاندىن بىر قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن دۈمبىسىنى سىلىدى. ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ غەرەزسىز مۇھەببەتتىن ئەردەم بىلەن ئالىكنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا بىر ھوزۇرلۇق تۇيغۇ تولغاندەك ئىدى. بۇ چاغدا مەھەللىنىڭ يەنە بىر ئىتى ماشكا قورسىقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يېتىپ، ئىككى مېتىر يىراقلىقتا ئۇلارغا قاراپ ئاۋازىنى چىقىرىپ ئىڭراپ قويدى. ماشكا ئۆزى پاكار كەلگەن، قۇلاقلىرى سالپاڭ، سېرىق تۈكلىرى بۇدرە، بېلى سۇنۇپ كەتكەندەك ئىگىك ئىت ئىدى. بەدەنلىرىدە

تۇزۇكرەك تۇك قالمىغانىدى. دۇمبىسىنىڭ ئىككى يېرىدە يوغان يىغىرى بار بولۇپ، يىغىرىنىڭ قىچىشىشىنى پەسلىتىش ئۈچۈن يەردە ئىشەكتەك تولا ئېغىنايتتى، شۇڭا ئۇستى بېشى دائىم مەينەت يۈرەتتى. ئەمما ئۇ شۇنچىلىك مەينەت بولىشىغا قارىماي، دائىم كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئىنچىكە تۈكسىز قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە شەپقىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن تەمەگەر كۆزلىرىنى ئادەملەرگە تىكەتتى. ئەمما كىشىلەر ئادەتتە ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى تاشلىمايتتى، بىرەر نەرسىنىمۇ ئالدىغا تاشلاپ بەرمەيتتى. پەقەت ئالىكىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قۇيرۇقىنى قىستۇرۇپ مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قورسىقىنى تويغۇزۇپ، جېنىنى جان ئېتەتتى. ئۇ يامان بىلەن ياخشىنى پەرق ئەتكۈچىلىك بىر ئىدراكقا ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق جانلىقلار ئوخشاشلا شەپقەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە خور كۆرگەنلىكىدىنمۇ، ئادەملەر ئالدىدا نۇرسىز كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، بويۇن ئېگىپ تۇراتتى. ھەتتا بەزىدە يات ئادەملەرنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ قالغان مۇشۇ كۈنىگە تەن بەرگەنىدەك، پۈتۈن بۇ خارلىققا ئۆزى سەۋەبچى بولغانىدەك، تەقدىرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە بويۇن ئېگىپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ بىر ـ ئىككىنى تېپىشىنى كۈتۈۋاتقانىدەك قورسىقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، پۈكلىنىپ يېتىپ ئىڭرايتتى. ھەرگىزمۇ ئۇلارغا قاراپ قاۋىمايتتى. بەلكى قاتتىق قورقسا كېرەك، ئۇنىڭ ھالىدىن: «سىلەر مېنى قانچىلىك ئۇرساڭلارمۇ، خارلىساڭلارمۇ، مەن سىلەرگە قارشى چىقمايمەن» دېگەنىدەك بىر تۈيغۇ ئىپادە قىلاتتى. ئەمما ئۇ ھازىر ئەردەمدىن ھېچكىمدىن كۆرمىگەن بىر مېھرىبانلىقنى كۆردى. ئەردەم ئالىكنى

سىلاپ بولۇپ، نىرىدا تۇرغان ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنىمۇ سىلىدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ شەپقەتلىك سىلاشلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، خۇددى پۈتۈن دەردلىرىنى ئېيتماقچى بولغان دەردمەنىدەك، ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر ئاۋازلارنى چىقاردى. ئەمما ئەردەمنىڭ بۇ قىلىقى ياقمىغاندەك، دەرھاللا يەنە ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.

ھارۋىنىڭ كەلگىنىنى تۇيغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال دەرۋازىنى ئاچتى، ئەردەم ھارۋىنى قورۇنىڭ ئىچىگە ھەيدەپ ئەكىرىپ توختاتتى. قورالارنىڭ ساق ـ سالامەت كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كۆپچىلىكمۇ خاتىرجەم بولدى. ئەمدى نەچچە ۋاقىتتىن بىرى كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار قولىدا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى كۆتۈرگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ھەرخىل روھىي ھالەتتىكى سەپداشلىرىغا قاراپ:

ـ ئەزىز قېرىنداشلىرىم! ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بەدىر ئۇرۇشىدۇر. بەدىر ئۇرۇشىدا دۈشمەن كۈچلىرى مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە ھەرخىل قورالار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى مىڭغا يېقىنلىغان بولۇپ، يەتتە يۈز تۆگىلىك ۋە يۈز ئاتلىق بۇ كۈچلۈك قوشۇنغا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بېشى ئەبۇ جەھىل قوماندانلىق قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۇلارنىڭ ئۈچتەن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيتتى، قورالىرى بولسا ئىپتىدائىي قورالار ئىدى، ئۇلاردا ئاران ئۈچ ئاتلا بار ئىدى. بىراق بۇ قوشۇننىڭ بېشىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ تاغىسى شىر يۈرەك ھەزرىتى ھەمزە بىلەن باھادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەزرىتى ئەلى قوشۇننىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك تاغدەك تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار بىر ئاز ئەنسىزلىك ئىلكىدە ئىدى. ۋاقىت 624 ـ يىلى 14 ـ مارت بولۇپ، ئۇ كۈن دەل بۈگۈنكى كۈندەك جۈمە كۈنى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئاددىي قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ، شەۋكەتلىك ئەسھابلىرىغا: «ئاللاھنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دەپ، ئەنفال سۈرەسىنىڭ 45 ـ ، 46 ـ ئايەتلىرىنى ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاتلىق تىللىرىدىن تۆكۈلگەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرەتلىرىگە غەيرەت قوشۇلدى، جانلىرىغا مىڭ جان كىلىپ قوندى. بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلار كوللېكتىپ ھالەتتە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان تۇنجى ئۇرۇش ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ كۆڭلىنى ھاياجان قاپلىدى، ئۇ ھال خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزدەكلا ئىدى. پۈتۈن ئەسھابىكرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھنى ياد ئېيتىڭلار» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ھەممىسى بىرلىكتە: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر توۋلاپ، زەپەر قازىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تەئالادىن مەدەت تىلىدى، ـ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، مەدرىس قوروسىدىكى بارلىق ئەركىنلىك كۈرەشچىلىرى بىردەك: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ جاراڭلىق تەكبىر توۋلىدى. بۇ ئاۋاز يەتتە

غوللۇق قىرى ياڭاق دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى تىترىتىۋەتتى.

توغرا، «ئەگەر ئاللاھ ياردەم قىلىدىغانلار بولسا، بىر تال پاشىمۇ نەمرۇتنى ئۆلتۈرەلەيدۇ». مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلىرى جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ قەلب تارىلىرىنى تىترىتىپ، پانىي بولغان بۇ بەدەنگە يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان ئىلاھى روھنى جۇشقۇنلاتقان، ئويغاتقان ۋە قانات قاققۇزۇپ كۆكلەرگە ئۇچۇرۇشقا ھازىرلىغان ئىدى.

كۆپچىلىك كۈچلۈك بىر ھاياجان ئىلكىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىك تىترەۋاتقان ۋە ئالتۇندەك سۆزلەر تۆكۈلۈۋاتقان لەۋلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سۆزىنى داۋام قىلدى:

– بەدرى ئۇرۇشى رەسمىي باشلاندى. گەرچە دۈشمەن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ قەتئىي چېكىنمەي جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەمزىدەك باھادىر ئوغلانلارنىڭ قان كېچىپ جەڭ قىلىشى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبۇ جەھىل قاتارلىق 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كە يېقىن ئادەم ئەسىر ئېلىنىدى، قالغانلار ئارقىسىغا قارىماي بەدەر قاچتى. مۇجاھىتلاردىن بولسا ئون تۆت كىشى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. مانا بىز شۇتاپنىڭ ئۆزىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، بەدىر ئۇرۇشىدىكى مۇجاھىتلاردەك: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر تۇۋلاپ ئاللاھنى ياد ئېتىپ، ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۈشمەننىڭ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆز ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ھازىر بۇ يەرگە

جەم بولغانلىرىمىز جەمئىي 68 كىشىي ئىكەنمىز. ئەمما جەڭگە ھەممىمىز بارمايمىز. ئارىمىزدىكى مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە داموللام قاتارلىق سەككىز مۆتىۋەرىمىز مەدرىسىدە ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ نۇسرەت قازىنىشىمىز ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بەزى تەدبىرلەرنى ئالغاچ بۇ يەردە قالىدۇ، قالغان باھادىر ـ ئەزىمەتلەر قوللىرىغا قورال ئېلىپ مېنىڭ ئارقامدىن ماڭسۇن!

بۇ چاغدا ئاپپاق ساقاللىرى قاراڭغۇ تۈننىڭ سوغۇق شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان خىزىر سۈپەت مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم مۇجاھىتلارغا مەدەت بەرمەكچى بولۇپ، ئەنفال سۈرەسىنىڭ 65 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى:

«ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، دۈشمەندىن ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا كافىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھوشىيار قەۋم ئەمەستۇر»

مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم گەرچە قېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئايەتلەرنى شۇنچىلىك سۈزۈك نەپەس بىلەن ئوقۇدى ۋە مەنىسىنى بۇغداي دانىلىرىدەك دانە ـ دانە قىلىپ يېشىپ بەردى. بۇ ئايەتلەرنىڭ چاقنىغان نۇرى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ قاراڭغۇ يوللىرىنى يورۇتقان ئىدى. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم يەنە:

ـ جاسارەتلىك بولۇڭلار، باتۇر بولۇڭلار باللىرىم! سىلەرنىڭ مۇشۇ زۇلمەتلىك كېچىدە كۆك بۆرىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭلارنىڭ نۇرلىرى كۆكۈللىرىڭلارنىڭ نۇرلىرىدىن كەلگەن.

كۆڭۈلنىڭ نۇرى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن، ۋەتەن سۆيگۈسى بولسا سىلەرنىڭ پاك قەلبىڭلاردىكى كۈچلۈك ئىمانىڭلاردىن كەلگەن. مەن سىلەرنى ئۇلۇغ ئىگەمگە ئامانەت قىلدىم. ئۇلۇغ ئىگەم سىلەرنىڭ غازىتىڭلارنى مۇزەپپەر قىلسۇن! «لا تەھزەن! ئىننەللاهە مەئەنا» ، يەنى «ئەنسىرىمە، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، ئاللاھ ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىرگە! مانا بۇنىڭ ئۆزى بىزگە يېتىدۇ، بىز چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز. بىزنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشتىن باشقا بىر يولىمىز يوق. چۈنكى ھەق مەزلۇملارنىڭ دوستى. غازاتلىرىمىز مۇبارەك بولسۇن! ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

مىلتىق ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللانغان جەڭگىۋار بىر قوشۇن قاتار تىزىلىپ، قاپقاراڭغۇ كوچىلاردا بىر قولدا مەشئەل، يەنە بىر قولدا قوراللىرىنى تۇتۇپ يامۇلغا قاراپ ماڭدى. پۈتۈن قاراقاش قاراڭغۇ تۈننىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان شۇ پەيتتە، ئەركىنلىك ئۈچۈن تاڭ سۈلالىسىنىڭ پادىشاھى ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن كۇرشادنىڭ 40 ئالپىدەك بۇ 60 باھادىرنىڭ قەلبىنى كۆرۈنمەس بىر قۇياش يورۇتقان ئىدى. بۇ قۇياش، قاراڭغۇ تۈندە ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ قەلبىگە تۇتىشىدىغان يولنى نۇرلاندۇرىدىغان غايىپ ئالەمنىڭ قۇياشى ئىدى. ئىنشائاللاھ، بۇ قۇياش خوتەندىكى بارلىق ئامىمنىڭ، جۈملىدىن ئانا ۋەتەن تۇپرىقىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلىرىگە مەنىۋى سۇرمە سۈرۈپ، كۆزلىرىدىكى غەپلەت توزانلىرىنى تازىلىغاي ۋە ئازاتلىق ئىرادىسى ئۈلارنىڭ قەلبلىرىنى فەتىھ قىلغاي.

جانابىي ھەق بىر كېچىسى ھەزرىتى داۋۇتقا مۇنداق خىتاپ قىلدى: «كىم بىزنى سۆيۈدىغانلىقىنى سۆزلىسە، ئاشىقلىق

www.uyghurkitap.com

دەۋاسى قىلغان بولدۇ. كىم پۈتۈن كېچە ئۇخلىسا، ئۇنىڭ سۆزى يالغان، دەۋاسىمۇ يالغان!»

مانا بۇ ئايسىز كېچىدە، شۇ 60 باھادىرنىڭ قەلبى ئاللاھ يولىغا تەلپۈنگەن ئىدى. ئۇلار بۇ يولدا ئۆلسە ۋىسال شەربىتى ئىچەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دەۋاسى راس ۋە ھەق ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە باسقان يوللاردىكى قەدەم ئىزلىرى گۇۋاھ ئىدى. بۇنداق ئىزلار تارىخ بەتلىرىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

بارلىق مەنىۋى گۈزەللىكلەر، ئېھسانلار ئۆزىنى بۇ جىمجىت كېچىدە كۆرسىتىشكە تەييار ئىدى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى ئالىكنىڭ ئۈنلۈك ھاۋشىغان ئاۋازى بۇزدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ روھىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئىدى. بۈگۈنكى جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالىكنىڭمۇ تويىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئايسىز قاراڭغۇ كۆككە تارالغان ئاۋازىدىن مەلۇم بولدى. ئىتلارمۇ نەپەس ئالىدىغان، بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلالايدىغان، ھەتتا ھەق بىلەن ناھەقنى تونۇيدىغان، زۇلۇمغا قارشى قاۋايدىغان، ھەتتا ئالىكتەك جاسارەتلىك ئىتلار زالىمنىڭ پاچىقىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن قاتتىق چىشلەيدىغان بىر جان ئىدى. جان بولغاچقا بۇلارمۇ سۆيگۈنى، نەپرەتنى، قورقۇنچنى بىلەتتى، بۇلارنى قورقۇتقانمۇ، سۆيۈندۈرگەنمۇ يەنىلا شۇ ئىنسانلار ئىدى. قورقۇشقا زالىملار سەۋەپ بولسا، سۆيۈنۈشكە مەزلۇملار سەۋەب بولغانىدى. خوتەن دىيارىغا مۇستەملىكىچى خىتاي ئاياق باسقاندىن بۇيان، بۇ دىياردىكى ئىتلارغىمۇ ھېچ ياخشى كۈنلەر نېسىپ بولمىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئىتلارنى كۆرگەنلا يەردە يا ئاتاتتى يا چاپاتتى. ئۆزلىرى

ياسىۋالغان مەخسۇس كالتەكلىرى بىلەن ئىتلارنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتەتتى. ھەتتا مەخسۇس ئىت ئوۋلاشقا چىقىپ، كوچا - كوچىلاردىن ئىتلارنى تۇتۇپ، يامۇلنىڭ قورشالغان ئېگىز تاملىرى ئىچىدە تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، گۆشىنى يوغان قازاندا ۋاراقشىتىپ قاينىتىپ پىشۇرۇپ مەززە قىلىپ يېسە، تېرىسىنى تۇز بىلەن ئەيلەپ، ئۆزلىرىگە ئىسسىق جۇۋا قىلاتتى. ئىتلار شۇنچىلىك ئەقىللىق، شۇنچىلىك سەزگۈر ۋە ۋاپادار جانىۋار بولغاچقا، خىتايلارنىڭ زالىم بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. جاسارەتلىك ئىتلار خىتايلارنى يالغۇز كۆرگەن ھامان مۆكۈنۈپ يېتىپ، ئارقىسىدىن ئېتىلىپ بېرىپ چىشلەيتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋان سۆيەر، مېھرىبان بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، دائىم ئۇيغۇر مەھەللىسىدىلا ياشايتتى. ھېچ بىر ۋاقىت ئېزىپ - تېزىپ يامۇلنىڭ سۈرلۈك تاملىرىنى ياقىلاپ ماڭمايتتى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقى نېمە يېگەن بولسا شۇنىڭ تەمىنى تېتىيتتى، ئۇيغۇرلار ئاچ قالغاندا ئۇلارمۇ ئاچ قالاتتى. تارتقان زۇلۇملىرى ئوخشايتتى، زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بىر بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنىڭ روھىي ئازابلىرىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئىتلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن سەزگۈر ۋە ئەقىللىقى ئالىك ئىدى. ئالىك ئايسىز قاراڭغۇ كېچىلەردە يالغۇز قالغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسە ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپ، تا ئۆيىگە كەلگۈچە ھەمراھ بولاتتى، دەرۋازىسى «تاراق»قىلىپ تاقالغاندا، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ ئارقىغا قايتاتتى. شۇڭا ئالىكتەك ئىتلار ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ بىرپارچىسىغا ئايلانغانىدى. ئالىك بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ بىر سېھىرلىك باغلىنىش پەيدا بولغان ۋە بۇ باغلىنىش ساداقەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ باغ ھەر ئىككى تەرەپنى بەختلىك قىلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مانا بۇگۈنگىچە، ئالىتەك نەسىللىك ئىتلار ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پەيتىنى كۈتكەن بولسا، ماشكىدەكلەر ئۆز جېنىنى جان ئېتىش ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنىڭ تەنلىرىنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئازاپلىرىغا چىداپ، چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا ئىككى پۈكلىنىپ ياتاتتى. ئەمما بۇنداقلارنىڭ گۆشىمۇ، تېرىسىمۇ زالىملارغا يارىمىغاچقا، بىر تىپىك بىلەن ئۇلارنى يولنىڭ ياقىسىغا ئۇچۇرۇۋېتەتتى. مانا بۇ ئايسىز كېچىدە ئالىت كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، نەچچە ۋاقتىن بېرى سەۋر قىلغان پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئاۋازىنىڭ يېتىشىچە قاۋىماقتا، ئۆز ئاچچىقلىرىنى، غەزەپلىرىنى ئىپادىلىمەكتە. ئۆزى ۋە دوستلىرى ئۈچۈن زالىملارغا قارشى جەڭگاھقا قاراپ يول ئالماقتا. ئەمما ماشكا ئالىتنىڭ ئارقىسىدىن ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزلىكىدىنلا مېڭىشتىن توختاپ قالدى. ئالدىدا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مەشئەللەرگە قاراپ غال - غال تىترىدى. ماشكىنىڭ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان مەشئەلدىن قورققانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇنچاقلىقتا كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەشئەلدىن قورققانىدى. بۇنىڭ ئىسپاتى، ئۇنىڭ مەدرىسىنىڭ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ياڭرىغان، ئادەمنى جاسارەتلىك قىلىدىغان تەكبىر سادالىرىدىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، ئۈركۈپ ئاجىز تەنلىرىگە تىترەك ئولاشقانلىقىدىن مەلۇم بولغان ئىدى. كېيىن ئالىتتىن خىجىل بولغاندەك ئۆزىنى سەل ئوڭلىۋېلىپ، يەنە قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى تاما قىلغاندەك ئالىتنىڭ ئارقىسىدىن ئازراق مېڭىپ باقتى، لېكىن داۋاملىق مېڭىشقا جاسارەت قىلالمىدى - دە، غېرىپلىقتا بوينىنى قىسىلىپ قالغان يېتىم بالىدەك يولنىڭ ياقىسىدىكى ئەسكى بىر تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، دائىم چىقىرىدىغان غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن

ئاستا غىڭشىپ ئاندىن پۈكلىنىپ يېتىپ، كۆك بىلەن زېمىن زۇلۇم قاراڭغۇسىدا قالغان كېچىدە، زۇلمەتلىك ئۇيقۇغا پاتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە پاك ۋە ناپاك روھلار بولغىنىدەك، ھاۋانلارنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئالىك پاك روھلۇق ھايۋان بولسا، ماشىكىنىڭ تەنلىرىلا ئەمەس، روھلىرىمۇ ئاللىقاچان بۇلغىنىپ، ئۆلۈپ بولغانىدى. ئالىك بۇ يولدا شادلىققا تولسا، ماشكا ئەجەل قورقۇسىدا تىترەيتتى، ئالىك تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان يامۇلنىڭ ئېگىز تاملىرىغا قاراپ شىددەتلىك ئېتىلغانىدا، ماشكا ئەسكى سوقما تامنىڭ تۈۋىنى پاناھ تاپقانىدى. دېمەك، «ھەر يولنىڭ بىر يولچىسى بار» دېگەن سۆز راس ئىدى. ئەمما، كىمنىڭ قەلبى قانداق سوقسا، شۇنىڭغا لايىق يول تاپىدۇ.

مېنىڭ ئارزۇيۇم بىلەن بولسا ئارسلاندىن قورقما،
سېنىڭ ئىقبالىڭ مەن، بەختى قارىلىقتىن قورقما.
پەلەكتىكى ئاي، يولداش بولسا ئەگەر ساڭا،
كۈندۈز ئۆتۈپ كەچ بولسىمۇ قورقما.[1]

يولدا قاتار كېتىۋاتقان قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا، بىر قولىدا يالىڭاچ يېنىۋاتقان مەشئەلنى، يەنە بىر قولىدا تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ تۇتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھاياجان ئىلكىدە قالغان ئەردەم بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تەگكۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىسىدىكىلەر ئىز بېسىپ يول ئالماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ

1 جالالىدىن رۇمىي رۇبائىيلىرىدىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يۇرۇشلىرى خۇددى توپان بالاسىدا دېڭىز دولقۇنلىرى يېرىپ كېتىۋاتقان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە ئوخشايتتى. مەشئەلنىڭ يورۇقلۇقى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ياداڭغۇ يۈزىنى زۆھرەنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان يۈسۈپنىڭ يۈزىدەك نۇرلۇق قىلىۋەتكەن بولۇپ، خۇددى ئاي پارچىسىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى ھەممە يەرنى ئايدىڭلىتىۋەتكەن بولغاچقا، بۇ كېچە كۆكتىكى ئايمۇ ئەيمەنگەن ھالدا ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئىدى. ھەتتا كۆكتىكى يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنۈشكە جۈرئەتسىزلىك قىلغانىدى. قاراڭغۇ تۈندە غۇيۇلداپ ئۇچۇپ سەيلە قىلىدىغان ھۇۋقۇشلارمۇ بۈگۈنكى ئايسىز ئايدىڭ كېچىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى بولغان خارابىلىقىغا بېكىنىۋالغانىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى شۇ تاپتا ھەممىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، ئۇلار پەقەت ۋە پەقەتلا مىللەتنىڭ ھۆرلۈكى، ۋەتەننىڭ مۇنقەرزدىن قۇتۇلۇشى يولىدا جەڭگاھقا قاراپ يۈرۈشنى، بالدۇرراق بىرىپ دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئېزىشنى ئويلايتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇ دەقىقىلەر باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن جان كېتىدىغان يولغا ئىككىلەنمەي قەدەم باسقان ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى ئىدى. ئايسىز كېچىدە ئۇلارنىڭ روھى ئايدەك يورۇغان، قەلبى يۇلتۇزدەك يانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېزىلگەن روھلىرى جاسارەت بار يەردە ئاسارەتنىڭ بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى مۇشۇ ئايسىز كېچىدە تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئۇلار يامۇلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. يامۇلدىكى قاراۋۇل ئەسكەرلەر بۇ كېچىدە بۇنداق بىر ئىنقىلابنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، دوتەي مەجبۇرىي ياللىۋالغان ئەللىك تاغلىقنى قاراۋۇللۇققا بەلگىلەپ، ئۆزلىرىدىن بىرقانچىسىنى ھەر

ئېھتىمالغا قارشى ئىچكىرىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا قاراۋۇللۇققا قويۇپ، بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. «ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ» دېگەندەك، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ياممۇلدا قاراۋۇللۇققا قويۇلغان تاغلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان بولۇپ، ھەتتا ئىنقىلابچىلارغا يامۇلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان يىگىتلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ۋاقىت ئېگىز يۇقىرى بولغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يىگىتلىرىنى باشلاپ، دەل ۋاقتىدا يامۇلنىڭ ئىشىكىگە ئاستا يېقىنلاشتى. ئىچىدىكى ئادەمنى كېلىشىۋالغان «ئىم»نى، يەنى پارولنى ئاڭلىغان ھامان ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدىغان بولغان ئىدى. شۇڭا كونىلار «ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس» دېگەن ئىكەن. ئەردەم ئېگىز، قاۋۇل كەلگەن يىگىتنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، يامۇلنىڭ قاراڭغۇ قوروسىغا قاراپ «ۋىتتۇالداق، ۋىتتۇالداق» دەپ ئىككى قېتىم سايرىدى. بۇ ۋاقىتسىز سايرىغان قۇشنىڭ ئاۋازىنى تونۇيدىغان تاغلىق يىگىت دەرھال كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، يىگىتلەر قورونىڭ ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا كىرىشتى. ئەمما، بۇ چاغدا قاياقتىندۇر بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالىك دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە يايدىن چىققان ئوقتەك چاپتى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مەشئەلنى دەرھال ئاۋاز بار تەرەپكە قاراتتى ـ دە، جالۇتنىڭ ئالدىغا جاسارەت بىلەن چىقىپ، بىر تاش بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھەزرىتى داۋۇتتەك، بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتتى. بۇ بىرىنچى پاي ئوق ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن زالىمغا قارشى ئېتىلغان تۇنجى ئوق ئىدى. بۇ ئوق، مۇستەقىللىقنىڭ يولىنى يورۇتقان شاھاپ يۇلتۇزى ئىدى. بۇ ئوق ئاۋازى، قەدىممۇ قەدەم، ئاستا ـ ئاستا ئۆلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالغان مىللىي روھنى ئويغىتىش چاقىرىقى ئىدى. بۇ

ئاۋاز، ئەمدىلا بىخلىناي دېگەندە يۇلۇپ تاشلىنىپ، ئىبرىقنىڭ قىرلىرىدا ۋاقىتسىز قۇرۇپ كەتكەن ياۋا گىياھلاردەك، يىگىتلەرنى جانلاندۇرىدىغان، شۇنداقلا دۆلەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ قايتا تىرىلىش يولىنىڭ باشلىنىش سىگنالى ئىدى.

يامۇلنىڭ ئالدى قوروسىدا جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن تاغلىق پالۋانلار نىمە قىلارىنى بىلمەي ئەجەل ھودۇقۇشىدا قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە بوراندەك باستۇرۇپ كەلدى. ئەمما ئارقا ھويلىغا جايلاشقان ھاكىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىن پەسكە قارىتىپ شىددەتلىك ئوق ئېتىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى.

ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

جەڭ دەھشەتلىك بولۇۋاتاتتى. ئەمما قاراڭغۇدا نىشانىنى چەنلەپ ئاتماق، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇنداق جىددى پەيتتە، ئاتىلىرىمىزنىڭ «ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس» دېگەن سۆزى بويىچە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتى. يەنى، بىر تۆركۈم ئادەملىرىنى ئالدىدىكى نىشانغا ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئاتقۇزۇپ قويۇپ، بىر قىسمىنى ئالىكنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى چىققان تەرەپكە يۆتكىدى. سەزگۈر مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئالىكنىڭ بىر يوچۇقنى تاپقانلىقنى بىلگەندى. شۇڭا ئۇ ئەردەم قاتارلىق يىگىتلەرنى باشلاپ، قورونىڭ ئوڭ يان تەرىپىدىكى ئېگىز تامنى بويلاپ مېڭىپ، تام تۈۋىدىكى قۇرۇق ئىبرىقنىڭ سۇڭگۈچى يېنىغا كەلدى. ئالىك ناھايىتى ھاياجان بىلەن قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، ئۆملەپ سۇڭگۈچتىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەردەم ئوڭ قولىدا مىلتىقنى تۇتۇپ، سول جەينىكى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرۇپ سۆڭگۆچكە كىردى، ئۇ ئوڭ قولىدىكى مىلتىقنى يەرگە قويۇپ، دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئادىتى بويىچە ئىشارەت بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سىلىۋەتتى ـ دە، ئاندىن مىلتىقنى ئېلىپ سۆڭگۆچتىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىسىدا تۇرغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولۇپ، يىگىتلەرنى تېزدىن ئۆتۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دۈشمەننىڭ ئارقا قوروسىغا كىرگەن ئىدى. ئۇلار شەپە چىقارماي بېرىپ، ئۆگزىدە تۇرۇپ ئوق ئۈزۈۋاتقان دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن دۈشمەن تەرەپمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى دەرھال ئارقا تەرەپكە قاراپ ئوق ئۈزدى ۋە يەنە بىر توپ ئەسكەرلەر ئۆگزىدىن مايمۇنلاردەك تېزلىكتە يەرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، جانلىرىنى دوغا تىكىپ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئوقلىرىنى بەتلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئەردەم بەل تاسمىسىغا قىستۇرۇۋالغان پىچىقىنى سوغۇرۇپ ئېلىپلا ئەسكەرلەرگە قاراپ ئېتىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئالىك ئەردەمنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئەسكەرگە شىددەتلىك ئېتىلىپ، ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. پەيتنى چىڭ تۇتقان ئەردەم چاققانلىق بىلەن ئالىك تالىغان ئەسكەرنىڭ بوغۇزىغا سۇمۇرغ باشلىق پىچىقىنى سۆركىدى. ئەمدى جەڭ ئوق بىلەن ئەمەس، قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا بىلەن داۋاملىشىپ، ئۇر ـ چاپ باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ قاپقاراڭغۇ ئايسىز كېچىدە كاللا موللاق بولۇپ قانلارغا مىلەندى. زالىم ئامبال ئەسكەرلىرىدىن ئاققان قانلار قاراقاشنىڭ ئەزىز تۇپراقلىرىنى بۇلغىدى. ئۇرۇش ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت داۋام قىلىپ،

ئاخىرى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. تۆپۈقسىز ھۇجۇمغا دالدىسىز تۇرغان ھاكىم باشلىق 36 ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى، ئون نەچچە ئەسكەر قاراڭغۇدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئىلچى تەرەپكە قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. پىدائىيلاردىن بىرىگە ئوق تېگىپ نەق مەيداندا شېھىتلىك شارابىنى ئىچتى، ئىككىسى يەڭگىل يارىلاندى. شېھىت بولغان يىگىت يامۇلنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان تاغلىق ئەزىمەت ئىدى. ئۇرۇش ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما يىگىتنىڭ ۋاقىتسىز شاھادىتى كۆپچىلىكنى قايغۇغا سالدى.

ئۆلۈم شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا چوقۇم كېلىدىغان بىر ھادىسە. ھېچكىم بۇ ھادىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئۆلۈم تۇپ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىنى ھەممە جەھەتتىن ئورۇۋالغان ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان ئەڭ گۈزەل بىر يول. بولۇپمۇ تاغلىق يىگىتتەك ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قىلىنغان جەڭدە ئۆلۈپ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولماق، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس يول.

قاراقاشنىڭ ئايسىز ئاسمىنى بىردىنلا تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. شامال قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ ئەكىلىپ، بۇ زېمىننىڭ ئۈستىگە توپلىدى، تۇمانلار ئەتراپنى قاپلىدى. قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقنىغان چاقماق يۈتۈن ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ چاقنىغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ چاقنىتىۋەتتى. ئارقىدىنلا قۇلاقنى يارغىدەك گۈلدۈرمامىلار ۋە ئېتىلغان ئوقلاردىن چىققان پورۇخنىڭ ھىدى ئەتراپنى قاپلاپ، تېخىمۇ سىرلىق

قىلىۋەتتى. ئەمدى يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. كۆكلەرنىڭ
رەھىمدىللىكى كېلىپ، بۇلۇت ماناپلار قەدەھلىرىگە لىق تولغان
شىپالىق يامغۇر شارابلىرىنى ئۇسسۇزلۇقتىن قاغجىراپ، ئېزىتىراپ
چەككەن ئانا تۇپراققا تۆككەن ئىدى. مانا بۇ باھار يامغۇرى،
كۆك يۈزىنى ۋال - ۋال پارقىرىتىش ۋە يەر يۈزىنى ياپيېشىل
ياشىنىتىش ئۈچۈن بۇلۇتلار ئۈستىگە يېزىلغان لىرىك ئۆمىد
قەسىدىلەرنىڭ يامغۇر بولۇپ تۆكۈلگەن ئەركىنلىك سەتىرلىرى
ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# چاقنىغان قۇياش

سۆرەن چىقسا، ئۇرۇق - تۇغقان جەملىشەر،
دۈشمەن كەلسە، خەلق توپى تەۋرىشەر.
— «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن —

يوللارنى بۆگۈن تۇپراقنىڭ تازا مەززىلىك پۇراقلىرى قاپلىغان ئىدى. تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا ياغقان باھار يامغۇرى كۆكنى، قۇياشنى، يوللارنى، ئىشقىلىپ تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى يۇيۇپ تازىلاپ، يىپيېڭى، تاپتازا قىلىۋەتكەن ئىدى. يامغۇردىن كېيىن چاقنىغان قۇياشنىڭ نۇرلىرى باشقىچە كۆركەم پارقىرايتتى، كۆكمۇ باشقىچە كۆپكۆك ئىدى. يوللار، يول بويىدىكى دەرەخلەر يۇيۇلۇپ، ئېرىق قىرغاقلىرىدا ئالا - يېشىللىقلار پەيدا بولغان ئىدى. بولۇپمۇ مەدرىس قوروسىنىڭ ئىچىدىكى يەتتە غوللۇق ياگاق دەرىخى باشقىچە تۈسكە كىرگەن بولۇپ، غوللىرىدىن نازۇك بىخلارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەدرىس قوروسى ۋە قورودىكى ئۆيلەر ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، بۇ ئادەملەردە ئاجايىپ ھاياجان، ئالامەت جۇشقۇنلۇق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىنغان ئۈمىدلەر قايتا ئۆز ماكانلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.

مەدرىسنىڭ مەجلىس زالىدا، ھەيئەتلەر قاراقاش ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى ھەيئەتلەر جىددىي قارارلارنى

ئېلىش ئۈچۈن باش قوشۇشقان ئىدى. ئىشىك ئالدىدا ئەردەم قاتارلىق قوراللىق تۆت يىگىت چەبدەس تۇراتتى. ئەردەمنىڭ يېنىدىكى ئالىك خۇددى غارنىڭ بوسۇغىسىدا ياتقان ئەسھابۇل كەھفنىڭ ۋاپادار ئىتى كىتمىردەك ئىككى پۇتىنى سوزۇپ، ئەتراپنى ھوشىيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ياتاتتى. خۇددى ئەسھابۇل كەھف يىگىتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھەق يولىدا ماڭغان كىتمىردەك، ئاخشام ئالىك ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلۈمدىن قورقماي ئۇلارغا يولداش بولۇپ مېڭىپ، ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بولسا، ماشىكا بۇ يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆز جېنىنىڭ غېمىنى يەپ سوقما تام تۈۋىدە قالغان ئىدى. ھازىر ئالىك ھايات، ئەمما ماشىكا تاڭغا يېقىن ياغقان دەھشەتلىك يامغۇرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەسكى سوقما تامنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ ئۆلگەن ئىدى. «بارلىق جانلىقلار ئاخىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگەندەك، ئۇمۇ ئۈن ـ تىنسىز تۇپراق ئاستىدا قېلىپ، چىرىشكە باشلىغانىدى. قورققاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق قەدىرسىز ئۆلۈم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق پاجىئەگە يولۇققانلىقىدىن ئاشۇ ئەسكى تامدىن باشقا، نە مەھەللىدىكىلەرنىڭ، نە ئالىكنىڭ، نە باشقا ئىتلارنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى...

قاراقاش كوچىلىرىدا قۇياشقا ھەسرەت قالغان كۆڭۈللەر يايرىغان ئىدى، قۇياش نۇرىدا قارا تۇپراقتىكى ئۆسۈملۈكلەرلا ئۈلىشىپ قالماستىن، بەلكى يەنە قاراقاش خەلقىنىڭ توڭلىغان يۈرەكلىرىمۇ ئېرىگەنىدى. سىتەم بىلەن قەھەتچىلىكنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدا جان تالىشىۋاتقان خەلق ئۈمىد ئاسمىنىنىڭ نامەلۇم بۇرجىكىدىكى كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، ئاستا ـ ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى، سولغۇن چىرايى ئېچىلىپ، تاتارغان مەڭزىگە قان يۈگۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن باھار يامغۇرىغا ھەسرەت قىلىپ قاغجىرىغان كۆكۈللەر سۇ ئىچكەن، پۈتۈن تەبىئەتتىكى جانلىقلار سۇغا قانغان، ئېزىلگەن روھلار بىخ ئۇرغانىدى. خەلقىنىڭ يۈرەكلىرىدە بەخت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان، قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ خوتەن دەرياسىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۆركەشلەپ، دولقۇن ياساپ تېز - تېز ئېقىشقا باشلىغانىدى.

تەپەككۇرنى بىلدىغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ غەلىبىنى ئالقىشلىدى، بارلىق خەلق ئۈستۈن بىر ھاياجان بىلەن ئەركىن نەپەس ئالدى. ئۇلارنىڭ زېھنىدىكى بۇ ھاياجان پۈتۈن قاراقاش دىيارىنى تىترەتتى، دۇنيادا بۈگۈنكىدەك ھاياجانغا تولغان ئىككىنچى بىر قاراقاش يوق ئىدى. دېمەك، جاھاندا بىرلا قاراقاش بار! پەقەت زورلۇق كۈچ بىلەنلا، يەنى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىقلا ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەقىقەت، بۈگۈن مۇشۇ كۆك قۇتبىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە بوستانلىقتا ئىسپاتلانغان ئىدى. پۈتۈن ئاۋام ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ ۋە ئەركىنلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ كىملەرنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەنلىكىنى ئەمدىلەتتىن ھېس قىلىشقا باشلىغان، ئۆزلىرىنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان جەڭگىۋار روھلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىدە بولۇپ باقمىغان ھۆرلۈك ھوزۇرىنى ھېس قىلىشتى. بۇتەمنىڭ قولىدىن كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن جانلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ خۇنسىز كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە قايتا تۆرەلگەن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

تەشـكىلات ئەزالىرىنىـڭ ئـون سـەككىز ۋەكىلـى 1 ـ فېۋرالـدا ئاچقـان يىغىنـدا ئېلىنغـان قارارلارغـا ئاساسـەن، بۆگۈنكـى يىغىنـدا يېڭـى قـارارلار ئېلىنـدى. مۇۋەققـەت ھۆكۈمـەت ئاپپاراتـى قۇرۇلـۇپ، ھەرقايسـى مەمـۇرى ئورگانلارنىـڭ مەسـئۇل خادىملىـرى بېكىتىلـدى. مۇھەممـەد نىيـاز ئەلـەم ئاخۇنـۇم بۇرۇنقـى قارارغـا ئاساسـەن يەنـىلا ھۆكۈمـدار بولـدى. سـابىت داموللامـۇ بۇرۇنقـىدەكلا ھۆكۈمـدار مەسلىھەتچىسـى ۋە مائارىـپ، ئەدلىيـە، مائالىيـە ۋە دىنىـي ئىشـلارغا مەسـئۇل رەھبـەر قىلىـپ بېكىتىلـدى. مۇھەممـەد ئەمىـن بۇغـرا بـۇرۇن ھەربىـي ئىشـلارغا مەسـئۇل بولغـان بولسـا، ھازىـر رەسـمى ھەربىـي قومانـدان بولـۇپ سايلاندى، يىغىنـدا قوشـۇننىڭ ھەربىـي فورمىلىرى ۋە تۇغلارنــى دەرھـال تەييارلاشـقا قـارارلار ئېلىنـدى.

بـۇ قېتىمقى جىددىـي چاقىرىلغـان يىغىننىڭ روھىغا ئاساسـەن، ھۆكۈمــدارلار، ئەســكىرىي قومانــدان ۋە ئىنقــلاب قوشــۇنىنىڭ رەھبەرلىــرى بىلــەن خەلــق ۋەكىللىرىنىــڭ باشقۇرۇشــى ئاســتىدا، مۇۋەققــەت ھۆكۈمەتنىــڭ بەلگىلەنگــەن قانۇنلىــرى ۋە شــەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنـى تەرتىپلىـك، ئادالەتلىـك ئىجـرا قىلىـش ئۇسـۇللىرىنىڭ ھەم نىزاملىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشـى جىددىـي تەشـەببۇس قىلىندى ۋە دەرھـال يولغـا قويۇلىدىغـان بولـدى. بېرىلگـەن ھۆكۈملەرنــى، بۇيرۇقلارنــى قەتئىــي قوغــداش شــەرت قىلىنــدى. قاراقـاش چاقماق تېزلىكــدە ئــازات بولغانىــدىن كېيىــن، ئەمــدى ئىلچىگــە دەرھــال يـۈرۈش قىلىـش پىلانلىـرى تـۈزۈپ چىقىلـدى، دۈشـمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغـا ھەرۋاقىـت ھوشـيار تـۇرۇش ئۈچـۈن، ئەتراپتىكـى يېـزا ۋە ناھىيەلەرگــە قوشــۇن ئەۋەتىلىدىغــان بولــدى. ئــازات رايونلارنىــڭ كېڭىيىشــىگە ئەگىشــىپ قانـۇن، پەرمانلارنــى تېخىمـۇ ئىلگىرىلىگـەن ھالـدا مۇكەممەللەشـتۈرۈش، ئىجـرا قىلىنىشـىغا كاپالەتلىـك قىلىـش ئاپپاراتلىرىنــى تەرەققــى قىلــدۇرۇش زۆرۈرلىكــى نەزەردىــن ســاقىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنمىدى. قارارلارنى بەرگۈچى ھۆكۈمدارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇق دائىرىسى ئېنىق قىلىپ بەلگىلەندى. بۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يۈكى بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ھۆكۈمدارنىڭ قارارلىرىنىڭ تېخىمۇ توغرا ۋە ئەمەلىي بولۇشى ئۈچۈن، سابىت داموللامنىڭ ھەرۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى ۋە دانا پىكىرلەرنى بېرىپ، جىددىي قارارلارنى ئېلىشىغا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، بىر ھۆكۈمنىڭ خاتا بېرىلىپ قىلىشى بىلەن پۈتۈن ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى رېئاللىقتىن يىراق ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قاراقاش كوچىلىرىغا سەھەردىلا كەتمەن، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىققۇالغان دېھقان پىدائىيلىرىنى دەرھال تەرتىپكە سېلىپ، ئىنتىزامچان بىر قوشۇن ھالىغا ئەكەلمىسە قەتئىي بولمايتتى. شۇڭا، بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدا كەڭ كۆلەملىك بىر يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئازات بولغان قاراقاشنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا جاكارچىلارغا جاكارلاشنى ئۇقتۇردى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان جاكارچى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، كوچا - كوچىلاردا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى جاكارلاش بىلەن بىرگە، خەلقنى قاراقاش دەريا بويىدىكى كەڭ كەتكەن دالاغا يىغىلىشقا چاقىردى.

باھار شاملى يولى سائادەتكە ئايلانغان قاراقاش خەلقىنىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىنى ئەتراپقا يېيىۋاتاتتى. قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىنى بېلىقنىڭ قاسىراقلىرىدەك پاقىرىتىۋەتكەن قۇياش دەريا بويىغا قاراپ سەلدەك ئېقىۋاتقان ئاممىنىڭ گەجگىسىگە شولا تاشلاپ، يوللىرىغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چاچاتتى. خەلقنىڭ ئۈمىدى كۆكلۈل ياپراقلىرىدىكى سارغىيىپ قۇرىغان غازاڭلارنى ئايرىپ، شاخلىرىدىن يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ چىقىشىغا

ياردەم قولىنى ئۇزاتقان ئىدى. خەلق ئەركىنلىكىنىڭ ناندىن تېتىملىق، قۇياشتىنمۇ پارلاق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ تاغلاردىكى تۇمانلاردەك، كۆكلەردىكى بۇلۇتلاردەك دەريا بويىغا قاراپ يۈگرەيتتى. ئالتە تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن خۇشاللىق تېشىشقا باشلىغان قاراقاش دەرياسىغا تامچە ـ تامچە بولۇپ قوشۇلدى، دەريا جۇشقۇنلىنىپ خۇددى قاشتېشى قەدەھلىرىدىن تېشىپ ئاققان ئالتۇن سۈيىدەك ئەتراپىغا يېيىلدى. يېيىلغان ئالتۇن سۇلارنى كېچىپ ماڭغان خەلق تاڭ ئالدىدىكى يامغۇردا نەملەنگەن تۇپراقنىڭ تازا ھىدىنى قانغۇدەك سۈمۈردى. سۆيۈملۈك باھارنىڭ ھىدى كەلگەن بولۇپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىق، خۇشاللىق، ئىللىقلىق ۋە گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى قاراقاش دەرياسى بويىدىكى كەڭ دالىغا يىغىلماقتا ئىدى. زىمىستان قىشتا بارلىق تەبىئەت رەڭسىز، سۈرەتسىز ئىدى. ئەمدى بۇ گۈزەل ماكان گۈزەل بىر سۈرەت بىلەن گۈزەللەشمەكتە، بۇ گۈزەللىك قاراقاش خەلقىنىڭ كۆڭۈللىرىنى مەھلىيا قىلماقتا ئىدى. كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغان ئەلۋەتتە كۆزلەرنىمۇ مەھلىيا قىلدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خوشاللىق ئىلكىدە خۇمالاشماقتا. پۈتۈن روھلار تىرىلگەن بولۇپ، خۇددى ئىيسانىڭ تىرىلىشىنى قۇتلۇقلاۋاتقاندەك ھەممە يەر خوشاللىق ئىچىدە ئىدى. چۈنكى قاراقاشلىقلار ئۆزلىرى قايتىدىن تىرىلگەن ئىدى. ئۇزاق تاغلاردىن، دەريالاردىن، بوستانلىقلاردىن، چۆللەردىن پارلىدىغان رەڭلەر كۆرۈنەتتى. ھەممىسى، مەن ئىنسانمەن، ئىنسان بولۇش مېنىڭ ھەققىم دەۋاتقاندەك مەغرۇر ئىدى. قارا ماڭلايلىق، قارا قاشلىق، قاڭشارلىق يىگىتلەر يانلىرىدا كېتىۋاتقان يېلىم سۈرگەن سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق، سۈرمە سۈرۈلگەن قايرىما كىرپىكلىك شەھلا كۆزلۈك قىزلارغا شوخلۇق قىلىپ قاش ئاتاتتى. «تۈركىي

www.uyghurkitap.com

تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردەك باھار خەندانى ھەممە يەردە دەۋران سۈرگەن ئىدى.

تاغ تۆپەسى ياشاردى،
قۇرۇق ئوتنى يوشۇردى.
كۆل سۈيىنى تاشۇردى،
سىيىر بۇقا مۆرىشۇر.

تۈرلۈك چېچەك ئېچىلدى،
كىمخاپ سىلىنچا سىلىندى،
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

مەسۇم تۆمۈرچى ئەردەمنىڭ يولىغا قاراپ، دۇكاننىڭ ئەسكى تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شادلىقى بىلەن ئورتاقلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالىدا بىردىنلا ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالى ھال ئەمەس ئىدى. چۈنكى يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى قارىداۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قان ئاستا - ئاستا مۇزلاۋاتقاندەك، كۆكرەك ئومۇرتقىسى سىقىلىپ ئاغرىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىششقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ تۇپراق پۇرىقى ئارىلاشقان ساپ ھاۋانى سۈمۈردى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ساپ تۇپراقنىڭ مەززىلىك

هەدى ئۇرۇلدى. ئىنسان تۇپراقتىن كېلىپ تۇپراققا كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، يامغۇردىن كېيىنكى تۇپراقنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا هۇزۇر ئاتا قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ هازىرقى بىردىنبىر ئارزۇسى قېنىپ بىر نەپەس ئېلىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوغلى ئەردەمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ يان تەرەپكە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، ئارقا ئومۇرتقىسىنى توپىلىرى شۇرۇلداپ چۈشۈپ تۇرغان دۇكاننىڭ تېمىغا چىڭگىدە نىقتاپ يۆلەپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ماغدۇر ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇنىڭدىكى خۇشاللىق، مەمنۇنىيەت، زوقلارنىڭ هەممىسى قارا تۇمانلار ئىچىدە غايىپ بولغاندەك بولدى. قوللىرىدا چوماق كۆتۈرۈپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يىرتىق ـ ياماق كىيىم كىيگەن دېهقانلار ئۇنىڭ هالىنى تۇيماي، ئۆز هاياجانلىرى ئىچىدە بىهوش بولۇپ دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەسۇم ئۇستا بىر چەتتىن ئەردەمدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر چەتتىن ئۆزىنىڭ چالا قىلغان ۋە ياخشى قىلمىغان ئىشلىرىنى ئويلاپ، خىيالى ئۆتمۈشتىكى زامانغا ئېغىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىقىلىشقا باشلىدى، كۆكرىكىدىن تارقالغان ئاغرىق ئېغىر بوشلۇقى ۋە ئېگەكلىرىگىچە يەتتى. ئۇ توپىغا مىلەنگەن ئالقانلىرى بىلەن سول مەيدىسىنى ئاستا ئۇگىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى داغلىنىپ يانغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىدى. ئاغرىغانسېرى ئۇنىڭ ئۈمىدلىرى بىر ـ بىرلەپ يوقىلىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ قۇياشقا تىكىلىپ قارىدى، ئىللىق نۇر ئۇنىڭ تورلاشقان كۆزلىرىدە رەڭمۇرەڭ نۇرلارنى جۇلالاندۇرۇپ، قەلبىنى قايغۇ ۋە ئۈمىد ئارىلاشقان هاياجانغا تولدۇردى.

ئۇنىڭ باغرىدا ئىككى روھ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان بولۇپ، بىرسى يەنە بىرسىنى يەڭمەكچى بولىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىرسى يۈكسەك ئارزۇلار ۋە پۈتۈن ماغدۇرسىز ئورگانلىرى بىلەن دەل ھازىرقى زامان ۋە ماكاندىكى دۇنياغا قۇچاق ئېچىپ، ئوغلى ئەردەمنى ئېلىپ قاراقاش دەريا ساھىلىغا ماڭغان توپقا قوشۇلۇش بولسا، يەنە بىرسى، توپا ـ چاڭلار ئوتتۇرىسىدىن شىددەتلىك بىر ئىشقى ئوتى بىلەن ئۇچۇپ چىقىپ، ئىشقى ۋىسالىغا يېتىپ، مىڭ قۇياش چاقنىغان كۆكلەرگە يۈكسىلىپ، ئۇلۇغ ئەجدادلارغا بۆگۈنكى زەپەر خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈش ئىدى. ئاخىرىدا ئىككىنچى تاللاش بىرىنچىسىدىن غالىپ كەلدى. ئۇ ئەندىشىگە چۈشتى. ئەمما، بارلىق ئەندىشە ۋە قورقۇنچلارنىڭ ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى ئەسكە ئالدى. بۇ قورقۇنچلارنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە ئۆلۈم قورقۇنچىسىمۇ بار ئىدى. بىراق، پەقەت ئۆلۈملا ئۆز جىسمىنىڭ قەپەزلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، روھىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسۇم ئۇستا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يولچىلىقتا چىققانلىقىنى ئىدراك قىلدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىنى ئېلىش ئالدىدا كەلىمە شاھادەت ئوقۇدى ۋە ئەردەمنىڭ يولىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىدى، ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، قۇلىقىغا «دادا! دادا!» دېگەن بۇ مۇقەددەس نام گۇڭگا ئاڭلاندى. ئۇنىڭ بېشى ئوڭ تەرەپكە قىڭغىيىپ، تامنىڭ ئېچىلىپ قالغان يېرىقلىرىنى بويلاپ چۈشكەن شورلۇق توپىلار بىلەن بىرگە، يەرگە سىڭايان سىيرىلىپ چۈشتى. دۇكانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەردەم دادىسىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، يايدىن چىققان ئوقتەك يۈگۈرۈپ دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە يۈزىنى ئۇنىڭ مۇزدەك قارىدىغان يۈزىگە ياقتى. ئىچىدىن ئۆرلىگەن پىغان ۋە ئاھ ئۇرۇشلار كۆكلەرگە يەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالى دادىسى

باھائىددىن ۋەلەد ۋاپات بولغاندىكى جاالالىددىن رۇمىنىڭ ھالىغا ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ئەردەمنىڭ ئاھ ـ زارلىرى، كۆڭۈلدىن كەچكەن مەرسىيەسى جاالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسىغا ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى مەرسىيەسىدىن قىلىشمايتتى:

كۆز غەمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى،
كۆك يۈزى بۇ ھىجران دەردىنى تارتسا ئىدى،
پادىشاھ بۇ دەردلەرنى تۇيسا ئىدى،
كۆز كىچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلايتتى.
كۆك، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلايتتى.
پادىشا قارايتتى ئالدىغا،
تاجىسىغا، تەختىگە، دۇبۇلغىغا، كەمرىگە،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلايتتى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن سابىت دامولالام ئاتلىق مەپىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى ياندىكى قاتار ـ قاتار خاس مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە دەريا بويىغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. ئالدى ـ كەينىدە يۈزلىگەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرى قوللىرىدا «يااردەم ئالالاھ تەرىپىدىن ۋە غەلىبە پات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغان تۇغلارنى كۆتۈرگەن ھالدا، ئۇزۇن سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇالارنىڭ باشلىرىغا ئورۇۋالغان قىزىل رەڭلىك سەللە قۇياش نۇرىدا جۇاللىنىپ، بەئەينى پارتلىغان يانار تاغنىڭ

لاۋۇلدىغـان چوغلىرىغـا ئوخشـاپ قالغانـدى. يىراقتىـن كۆرۈنـۈپ تۇرغـان قاراقـاش دەرياسـىنىڭ ئۆركەشـلىگەن سـۇلىرى تولغىنىـپ كېتىۋاتقـان يىلاننىـڭ قاسـىراقلىرىدەك كىشـىنىڭ كۆزلىرىنـى قاماشـتۇرۇپ ۋال - ۋۇل چاقنايتتـى.

ھارۋىنىـڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئانـار گۈللـۈك دۇخـاۋا كۆرپىنىـڭ ئۈسـتىدە ئـازادە ئولتۇرغـان سـابىت داموللام، چىرايلىـرى جىـددى تـۈس ئالغـان قومانـدان مۇھەممـەد ئەمىـن بۇغراغا قـاراپ:

- بىـر ئـاز ھاياجانلانغانـدەك قىلىـلا. ئەلۋەتتـە بۇنـداق ھاياجـان مەنـدىمۇ بـار. چۈنكـى بـۇ بىزنىـڭ بىرىنچـى قېتىملىـق غەلىبىمىـز. ئەممـا بىـز تەمكىنـرەك بولـۇپ، ئىشـلارنى ئەتراپلىـق ئويلىشـىپ، خەلقنىـڭ مۇسـتەقىللىق كۈرەشـكە بولغـان ھېـس - تۇيغۇلىرىنـى تېخىمـۇ ئويغىتىـپ، ئامـال قىلىـپ ئۇلارغـا غەيـرەت كىرگۈزۈشـىمىز كېـرەك. ئۇلارنىـڭ ھېـس - تۇيغۇسـىنى قوزغـاش بىلـەن بىرگـە، ئۇلارنىـڭ ئەقىـل - ئىدراكىغىمـۇ ئالاھـىدە ئىلھـام بېرىشـىمىز لازىـم. خەلقتـە تېخـى ئەقىـل - ئىـدراك، غەيـرەت- شـىجائەت تولـۇق يېتىلمىـدى. بۇنـداق چاغـدا پەقـەت «ھېسسـىيات» بىلەنـلا ئىـش كـۆرۈش ھەقىقەتـەن ئىنتايىـن خەتەرلىـك. ھازىـر تېخىمـۇ ئىلگىرىلـەپ پۇختـا ئەمەلـيي خىزمەتلەرنـى قـول سـېلىپ ئىشـلەيدىغان پەيـت كەلـدى. بولۇپمـۇ جۈمەدىـن كېيىنكـى نۇتۇقلىرىنـى ئالاھـىدە مەزمۇنلـۇق ۋە ۋەزنىلىك قىلىپ سۆزلەشلىرىگە توغـرا كېلىـدۇ. مـەن ئىشـىنىمەنكى، ئىنشـائاللاھ سـىلى چوقـۇم زور بىـر قوشـۇننى ئارقىلىرىغـا سـېلىپ، تارىخقا ئۆچمـەس ئىزلارنـى قالدۇرىدىغـان بىـر يـول ئاچىـلا.

مۇھەممـەدە ئىمىـن بۇغـرا ئەتراپتىكـى ھەيۋەتلىـك ئـادەم دېڭىزىغـا قارىـدى، ئانـدىن يىراقتىكى قاراقـۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاقارغان

چوققىلىرىغا قاراپ، بۇ بىۋاپا دۇنيادا ئەسلى قانداق بولسا ئۆز پېتى شۇنداق كۆرۈنىدىغان، پەقەتلا ساختىلىقى يوق تەبىئەتتىن ھۇزۇرلاندى. كېيىن تەبەسسۇمغا تولغان يۈزىنى سابىت داموللام تەرەپكە قارىتىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

ـ توغرا ئېيتتىڭلا داموللام، مەندە بىرئازھاياجان ۋە تەشۋىش بار. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، خەلقىمىزنىڭ پىكىر ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى يوق. كوچىغا چىققان خەلقنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قارنى ئاچ. «ئاچ نېمە يېمەس، توق نېمە دېمەس» دېگەندەك، جاھىل، مۇتەئەسسىپ كۆچلەر ۋە خىتاينىڭ سادىق غالچا بەگ ـ غوجىلىرىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ كېتىشىدىن بىر ئاز ئەنسىرەيمەن. خەلقىمىز مەسىلىلەرگە ھەر جەھەتتىن توغرا قاراشتا، ئۆزىنى چەتكە تارتىشنىڭ ئاجايىپ يوللىرىنى تېپىشنى ئوبدان بىلىدۇ، يەنە تېخى بۇ يولنى توغرا يول دەۋالىدۇ. ئەنە شۇ يول مىللىي ئاجىزلىقنى، ھورۇنلۇقنى ۋە مۇغەمبەرلىكتەك ئىللەتلەرنى نادىر ئىللەت دەپ تونۇشقا يېتەكلىگەن. خوتەننىڭ ئادەملىرى كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ بۇ ھالەتنى ئۆزى ئۆچۈن شەرەپ بىلگەن. ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەن مۇنقەرز بولسا، ئاخىرى يەنە بىزدەك بىرنەچچە مەردانىلار چىقىپ، شېھىت بولۇشنى مۇقەددەس يول دەپ بىلىدىغان ئەزىمەتلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ بوگۈنكىدەك يوللىرىنى تاپىدۇ. نادان خەلق مۇنداق چاغدا شۇ مەردانىلارنىڭ گېپىنى ئازراق ئاڭلىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قولدىن كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ئازراقىغا ئىگە بولسىلا، بۇرۇنقى ئازابلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يەنە بۇرۇنقى بىغەملىك ھالىتىگە قايتىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭىدۇ. بۇنداق ئىشلار تارىختا كۆپ تەكرارلانغان. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا سۈتى بىلەن تەڭ كىرگەن بىر خىل مۇتەئەسسىپلىكى بار. بىز ئىسلاھ قىلىمىز دەيمىز، ئەمما ئۇلار بولىدۇ دەپ قويۇپ، كونا ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش بۇياقتا تۇرسۇن، كونىنىڭ ئۈستىگە يېڭىنى چاپلاپ مۇتەئەسسىپلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇ، خۇددى ئەسكى چاپاننىڭ ياماقلىرى ئۈستىگە يەنە ياماق سېلىپ، قاتمۇ ـ قات ياماق توقام قىلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش. شۇڭا، بىزدەك تېڭىرقاپ قالغان بىر مىللەتكە ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنى سىغدۇرىدىغان بىرەر جاي تېپىلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

سابىت داموللام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ھازىرقى بۇ غەلىبىدىن سۆيۈنۈشىنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە بەك چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىۋېرىپ، ھازىرقى كونكرېت مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، سۆزنىڭ تېمىسىنى كۆڭۈللۈك ئىشلارغا يۆتكەشكە ئۇرۇندى.

ـ ھەزرىتىم، ئۇنچىلىك ئەنسىرەپمۇ كەتمىسىلە، ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن، ھەممە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ بىر ياخشى چارىسى تېپىلىدۇ. ئەلۋەتتە، پەقەت بىزلا ئىرادىلىك، دىيانەتلىك بولۇپ، ئۆزىمىز توغرا دەپ بىلگەن بۇ يولدىن ئازمىساقلا. قېنى، ئازراق بولسىمۇ زېھنىمىزنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، بىر دەم سىياسەتنى ئۇنتۇپ، بۇ ئەزىز يۇرت توغرىسىدا سۆزلىشىپ ماڭايلى. سىلى ئۆزلىرى ئۈسۈپ چوڭ بولغان بۇ زېمىننىڭ ئىسمىنىڭ «قاراقاش» بولۇپ قېلىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلەملا؟ مەن تەكلىماكاننىڭ يىراق

بۇرجەكلىرىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ ئىسمىنىڭ قاراقاش بولۇپ ئاتىلىشىغا ئۇلارنىڭ شۇ قارا ماڭلىيى بىلەن قارا قېشى سەۋەبچى بولغانمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، ـ دەپ كۈلۈپ كەتتى. سابىت داموللامنىڭ چاقچاق ئارىلاش بۇ سوئال ۋە جاۋابلىرىغا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قوشۇلغاندەك قىلىپ، شېرىن بىر كۈلدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىنى سۆزلىدى:

ـ خەلق ئىچىدىكى پاراڭلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ زېمىننىڭ «قاراقاش» دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى قاراش:

قاراقاشلىقلار تاڭ سەھەردە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقسا، شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالنى (پىشانىسى)غا چۈشۈپ كۆيدۈرۈدىكەن، چۈشتىن كېيىن خوتەندىن قاراقاشقا قاراپ يولغا چىقسا، غەرب تەرەپتىكى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ چوققىسىدا تۇرغان قۇياش ئۇلارنىڭ ئالنىنى يەنە كۆيدۈردىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئالنى ھەردائىم قارا ئىكەن. ئەنە شۇ قارىيىپ قالغان ئالنى قاپقارا قېشى بىلەن قوشۇلۇپ «قاراقاش» دەپ ئاتالغان ئىكەن. شۇڭلاشقا، «قاراقاشلىقلارنىڭ ئالنى قارا، لوپلۇقنىڭ گەدىنى قارا» دېگەن ماقال خەلق ئىچىدە بىكاردىن پەيدا بولمىغان ئىكەن.

ئىككىنچى قاراش:

بۇرۇنقى زامانلاردا، يولچىلار خوتەندىن ئەتىگەندە قاراقاشقا قاراپ يولغا چىقسا، دەريانىڭ قېشى قارىيىپ كۆرۈنگەندە مەنزىلگە يېتىپ بارىدىكەن. شۇڭا دەرياغا «قاراقاش» دەپ نام سىڭىپ قالغان بولۇپ، كېيىن زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قاراقاش» دېگەن بۇ نام شۇ دەريادىن سۇ ئىچىدىغان يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى قاراش بولسا:

بۇ زېمىن، ئۆزلىرى بىلىدىلا، قارا قاشتېشى كۆپ ئۈچرايدىغان دەريا بويىدىكى بىر يۇرت. شۇڭا بۇ يۇرتنى ئاتىلىرىمىز «قاراقاش» دەپ ئاتىغان ئىكەن.

قاراقاش ھەققىدىكى بۇ مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلىغان داموللام، قۇياشنىڭ نۇرىدا جىمىر - جىمىر قىلىپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋاتقان يىراقتىكى دەريا سۈيىگە نەزەر سېلىپ تۇرۇپ:

_ ئاڭلىشىمچە، ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىلىنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى بولغان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا مەدەنىيەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە، مەنىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن مەشھۇر قامۇسنى يېزىپ چىققان ئىكەن. بۇ كىتاب، تۈرك تىلىنىڭ ئەينى زامانلاردا ئىنسانلار ئەڭ مۇقەددەس تىل دەپ بىلگەن ئەرەب تىلىدىنمۇ گۈزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئەرەبلەرگە تونۇتۇپ قويغان، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر گۆھەرگە ئايلانغان. ئۇندىن باشقا، بۇ كىتاب يالغۇز ئەرەب ۋە تۈرك تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولۇپلا قالماستىن، يەنە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مول ماتېرىياللار ۋە شېئىر، قوشاق، ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل

قامۇس ئىكەن. مانا مۇشۇ قامۇستا زىكىر قىلىنىشىچە، «قاش» دېگەن سۆز «قاشتېشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ دەلىلگە ئاساسلانغاندا، قاراقاشنىڭ قارا قاشتېشى مەشھۇر. شۇڭا ئۈچىنچى كۆز قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار دەپ ئويلايمەن.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سابىت داموللامنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ:

- ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنچە ئىشنىڭ ئارىسىدا قاراقاش ئىسمىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدىكى قىسقا مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. دېمەك، بۇ قىسقىغىنە يولچىلىقىمىزدىمۇ بىر ھېكمەت بارلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. شۇڭا مەن بەزىدە بۇ دۇنيادا ھەر دائىم يول يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالىمەن.

سابىت داموللام مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى، ئاندىن بۇ سۆھبەتتىن خۇلاسە چىقارغاندەك قىلىپ:

- يولىمىزنى تاپقان چېغىمىزدا ھەرگىز قورقماسلىقىمىز لازىم، ھەتتا خاتا ئىش قىلىشقا قەدەر جەسۇر بولۇشىمىز كېرەك. كۆڭۈلسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت بىزگە يول كۆرسىتىدىغان ۋاستىلەرنىڭ قاتارىدادۇر. خەلقنىڭ ئۈمىدى قورساق تويغۇزۇش بولسا، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز كەلگۈسىدە قۇرۇدىغان مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇشى كېرەك. مانا، سىلە بىلەن بىز بۇ مۇقەددەس يولغا تاكى ئاخىرەتكىچە كۆڭۈل بىرلىكى بىلەن يولغا چىقتۇق، - دەپ، جالالىدىن رۇمىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار دېيدىلەر،
ئۇ كۈندىن بىرى تا بۈگۈنگىچە يولدا بىز.
يول بولماق ئاسان ئىكەن ئەمما،
كۆڭۈل بولماق ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس!

دەريا بويىدىكى كەڭ كەتكەن سايلىق توّت تەرەپتىن جەم بولغان ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپى ئارىسىدا كەتمەن ـ گۈرجەك كۆتۈرۈپ چىققان دېھقانلارمۇ، قولىغا ئۇۋ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشكەن ئوۋچىلارمۇ، تەككە ـ دەرگاھلاردىن چىققان سوپى ـ ئىشانلارمۇ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئىككى ئىنىسى ئابدۇللاھ بىلەن نۇر ئەھمەدكە ئەگەشكەن نەچچە مىڭلىغان ئىلچى ئەتراپىدىكى دېھقانلارمۇ بار ئىدى. ھەر كەسىپ، ھەر يەرلىك ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، سەپ ـ سەپ بولۇپ قاتار ـ قاتار تۇرۇشقان ئىدى.

ئېگىز ئاسمانمۇ خۇددى دەرياغا چىلاشقاندەك، دەريا سۈيىمۇ پەلەككە ئۇلاشقاندەك ئېگىز ـ پەس بولۇپ بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھالدا، ئاسمان بىلەن سۇنىڭ رەڭگى ئوخشاشلا كۆپكۆك بولۇپ بىر ـ بىردىن پەرقسىز تۇراتتى. قۇياشنىڭ نۇرىدا قىلتىرىقتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ دولقۇنلىرى قىرغاقلارغا شاۋقۇن چىقىرىپ ئۇرۇلاتتى. ئارقا تەرەپتە ئاپئاق ئېگىز چوققىلار، ئەتراپتا ئەگىز سۈيى ساقىغان كۆلچەكلەر، دەل ـ دەرەخلەر، يىراقتىكى توغراقلىقلار ئوراپ تۇرغان كەڭ دالا پۈتۈن تەبىئەتنى بەھەيۋەت قىلىۋەتكەن ئىدى.

مىغىلدىغان ئادەملەر بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەردىن مۇستەسنا هالدا، جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىككى تاۋۇتنىكى مەسۇم ئۇستا بىلەن تاغلىق يىگىت ئەھمەتنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى.

نامازدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەركىنلىككە تەشنا، ھۆرلۈككە تەقەززا خەلققە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇتقىنى سۆزلىدى. ئۇ بېشىغا قىزىل سەللە ئورىۋالغان، بېلىگە تاپانچا قىستۇرغان، يېنىغا قىلىچ ئېسىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئوپمۇئوخشاش قىزىل سەللە ئورىۋالغان ئەردەم قاتارلىق پىدائىيلار قاتار ـ قاتار سەپ تارتىپ تۇراتتى. بۇ قىزىل سەللىلىكلەر، ئادەملەر توپى ئىچىدىكى قولىغا چوماق تۇتىۋالغان هامۇتتەك دېھقانلارنى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەنە شۇ قىزىل سەللە تارىختىكى خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا هاياجان ئىلكىدە سۆزىنى ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن باشلىدى:

ـ ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرەسىنىڭ 156 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىتلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر»

ئاللاھ تەئالا بىزنى مانا مۇشۇنداق مۆجىزىگە نائىل بولغانلاردىن ئەيلىسۇن.

بىز دۈشمەنگە قارشى جەڭدە ئۆلۈشتىن ھېچ قورقماسلىقىمىز لازىم. مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى شۇكى، بىز ھەممىمىز باتۇر بولىشىمىز كېرەك. بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باتــۇر بولغىنىمىزدىــلا، دۈشــمەن ســېپىللىرىغا مەردانىلارچــە ھۇجــۇم قىلالايمىــز، كۈچلــۈك دۈشــمەن بىلــەن ئېلىشــىپ، ئــۆز ئەركىنلىكىمىزنــى قولغــا كەلتۈرەلەيمىــز ۋە ئاخىرەتتــە ئاللاھنىــڭ ھوزۇرىــدا يۈزىمىــز يــورۇق بولــۇپ، جەننــەت باغچىســىدىن ئــورۇن ئالالايمىــز. شــېھىتلىك مەرتىۋىســىگە ئېرىشــىش، بــۇ ھاياتتــا ھەممىمىزنىــڭ بېشــىغا كېلىدىغــان ئۆلۈمدىــن ئىبارەت بــۇ ھادىســىنىڭ ئــەڭ شــەرەپلىك. چۈنكــى شــېھىت بولغــان كىشــى مەڭگــۈ ئۆلمەيــدۇ! نــاۋادا ســىلەر قورقۇنچــاق بولســاڭلار، مــەن ھەرقانچــە باتۇرلــۇق قىلىــپ، ســىلەرنى قانچىلىــك رىغبەتلەندۈرگەن تەقدىردىمــۇ، بەربىر دۈشــمەنگە تاقابىــل تۇرالمايمىــز. قورقۇنچاقلىــق بىزنــى ئاســارەتتىن قۇتۇلدۇرالمايــدۇ. جاسارەت بولمىغــان يــەر ئاسارەتتە قالىــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن ھەممىمىــز باتــۇر بولىشــىمىز، جاســارەتلىك بولۇشــىمىز لازىــم! بىزنىــڭ ئىچىمىــز ئەلــەم ۋە دەردلــەر بىلــەن توشــۇپ كەتتــى، بــۇ ئەلەم شۈبھىســىز تاجاۋۇزچىلارنىــڭ دەپســەندە قىلىشــىدىن كېلىــپ چىققان. ئەمــدى شــۇ تارتقــان جەبــرى ـ ئەلەملەرنىــڭ، مەنــۋى ئازابلارنىــڭ ئىنتىقامىنــى ئالىدىغــان چــاغ كەلــدى. بۇنــداق چاغــدا باھادىرلىــق قىلماي ئولتۇرۇشــنىڭ ئــۆزى ھەقىقەتــەن ئەشــەددىي قورقۇنچاقلىقتىــن باشــقا نەرســە ئەمــەس. رەببىمىــز بىزگــە قۇرئــان كەرىمنىــڭ نىســا سۈرەســى 71 ـ ئايىتىــدە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــى مۆمىنلــەر! مۇداپىئــە ھالىتىــدە تــۇرۇڭلار. ئۈرۈشــقا تۈركــۈم ـ تۈركۈم بولــۇپ ياكى ھەممىڭلار بىــر بولــۇپ چىقىــڭلار.» يەنــە تەۋبــە سۈرەســىنىڭ 38 ـ ئايىتىــدە: «ئــى مۆمىنلــەر! ســىلەرگە ئاللاھنىــڭ يولىــدا جىھادقــا چىقىــڭلار دېيىلســە، نېمىشــقا يۇرتۇڭلاردىــن ئايرىلغــۇڭلار كەلمەيــدۇ؟ دۇنيــا ھاياتىنــى ئاخىرەتنىكــى بەخــت بىلــەن تېگىشىشــكە رازى بولدۇڭلارمــۇ؟ دۇنيا ھاياتىــدىن بەھرىمــەن بولــۇش ئاخىرەتنىــڭ نېمەتلىرى بىلــەن سېلىشــتۇرغاندا ئەرزىمــەس نەرســىدۇر.»

ئاللاھنىڭ ھەربىر سۆزىدە بىر ھېكمەت بار. بىز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغىنىمىزدىلا نۇسرەت بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھازىر دۈشمەنىنىڭ كۈچ توپلاپ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇداپىئەمىزنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، دەرھال مۇشۇ مەيدانغا كەلگەن مۆمىنلەردىن زور بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئىلچىغا قاراپ ئىلگىرىلەيمىز.

مانا بۈگۈنكىدەك مۇبارەك جۈمە كۈنىدە، دۇئالار قوبۇل بولىدىغان بۇ مىنۇتلاردا، بىز خوتەنلىكلەر مۈرىنى - مۈرىگە تەگكۈزۈپ سەپ تۈتۇپ تۇرۇپتىمىز. بۇ نېمىدېگەن گۈزەللىك-ھە! نېمىدېگەن جەڭگىۋارلىق-ھە! ئەزىز مۆمىنلەر، ئۇلۇغ خەلقىم، جۈمەلىرىڭلار مۇبارەك بولسۇن! غازىتىڭلار مۇبارەك بولسۇن! ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىڭلارنى ھەرتۈرلۈك بالا - قازالاردىن ساقلىسۇن! ئامىن!

ئىنسان ئوغلى تۇغۇلۇپ بۆشۈككە بۆلىنىپ چوڭ بولۇپ، ئات ئۈستىگە مىنىپ جەڭ قىلىپ تاكى قارا تۇپراققا ئاق كېپەن بىلەن كۆمۈلگەنگە قەدەر، ھەر دائىم بىر ئىمتىھان ئىچىدە. ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنبىيا سۈرەسىنىڭ 35 - ئايىتىدە ئېيتىدۇكى: «ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى. سىلەرنى بىز يامانلىق ۋە ياخشىلىق ئارقىلىق سىنايمىز، سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر»

ئاللاھىم، كۆزلىرىمىز يۇمۇلۇپ، ئۈستىمىزگە قارا تۇپراق تۆكۈلگىنىدە، بىزگە بەرگەن بارلىق نېمەتلىرىڭ ئۈزۈلگىنىدە بىزگە رەھمەت قوللىرىڭنى ئۇزاتقىن. ئىسىملىرىمىز ئۇنۇتۇلغاندا، جىسمىمىز چۈرىگەندە، قەبرىلىرىمىز يوقالغاندا، ئەمەل دەپتەرلىرىمىز يېپىلغاندا بىزگە رەھمەت قىل. ئۇلۇغ ئاللاھىم

www.uyghurkitap.com

سىرلار ئاشكارىلانغاندا، ھەتتا قەلبىمىزدىكى ئويلىرىمىزمۇ ئوتتۇرىغا چىققاندا، تارازا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا بىزگە رەھمەت قىل. سېنىڭ رىزايىڭ ئۈچۈن يولغا چىقتۇق، سېنىڭ يولۇڭدا پاك ـ پاكىز تەنلىرىنى قالقان قىلىپ، ياش جانلىرىنى يۇرتلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل دۆلىتىمىز ئۈچۈن پىدا قىلغان يىگىتلەرنى سېنىڭ رەھمىتىڭگە تاپشۇرىمىز. سەن ئۇلارنى ئۆز ماكانىڭدا ئەڭ يۈكسەك ئىنئاملىرىڭ بىلەن مۇكاپاتلىغىن. ئۇلارنىڭ ئەزىز، مۇقەددەس خاتىرىلىرىغا ئىگە چىقىش ئۈچۈن، مۇشۇ مەيداندىكى ۋە بۇندىن كېيىن يېڭىدىن كېلىدىغان نەسىللىرىمىزنى ئۇلارنىڭ يوللىرىدا مېڭىشقا نەسىپ ئەيلە. يا رەھمان، يا رەھىم بولغان گۈزەل مەرھەمىتىڭگە تەلپۈنۈپ سەندىن تىلەيمىزكى، قۇتلۇق ھەبىبىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئالىرىمىزنى دەرگاھىڭدا قوبۇل ئەيلە. بىز ئاتلانغان بۇ يولدا تا ئاخىرغىچە مۇزەپپەر ئەيلە، بىزنى نۇسرەت يولۇڭغا باشلا، ئامىن!

مۆھتەرەم ئەزىز مۆمىنلەر! بۇ ھاياتتا ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە، كىم بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ نىمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىڭلار. ھەق يولدا ئۆزىمىزنى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاتاپ، ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلساق ۋە ھۇجۇرات سۈرەسىدىكى «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر....» دېگەن ئايەتنى ئۆزىمىزگە قىبلەنامە قىلالىساق، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا بىر ـ بىرىمىزگە شۇنچىلىك چىڭ باغلانساق، ئىنشائاللاھ قەتئىي ھەقىرلىقتا قالمايمىز. كۆكلەرگە تۇتاشقان ئۇلۇغ چىنارلىرىمىزغا پالتا ئۇرماقچى بولغانلار، بىرلىكىمىزنى كۆرەلمىگەنلەر، ئۆزئارا ياردەمچى

بولىشىمىزنى قوبۇل قىلالمىغانلار ئەلۋەتتە بۇندىن كېيىن ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، بىرلىك ـ باراۋەرلىكىمىزنى، ئىتتىپاقىمىزنى بۇزۇشقا تىرىشىدۇ، ئىچىمىزگە پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ، بىزنى پارچىلاپ يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن نېمە قىلسا قىلسۇن، قانداق ۋاسىتىلەرنى قوللانسۇن، بىز خوتەنلىكلەرنىڭ قېرىنداشلىق رىشتى ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئويۇنلىرىغا، توزاقلىرىغا قارشى قولىمىزدىن كەلگىنىنى قىلغان چېغىمىزدا ۋە ھەممىمىز «لا تەھزەن! ئىننەللاھە مەئەنا»، يەنى «قايغۇرما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دەپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگىنىمىزدە، بىز پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى ئازاتلىققا، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرەلەيمىز. تومۇرىمىزدىكى ئىسسىق قان جۇشقۇنلىدىمۇ، ئەمدى بولدى، بىزنى ھېچبىر كۈچ چىققان يولىمىزدىن توسالمايدۇ. بۇ يولدا يا شېھىت بولىمىز يا مۇزەپپەر بولىمىز. بۈگۈن قىيامغا تۇرىدىغان پەيت، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىمىز، زالىملارغا ئەمەس!

مەن بىر قوماندان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، بىر يېنىمدا بىلەكلىرى كۈچلۈك، قىلىچلىرى كەسكىن مەرت، باھادىر ئەزىمەتلەر بولسا، يەنە بىر يېنىمدا ئادالەت تارازىسىنى چىڭ تۇتقان، ئاللاھنىڭ نىزامىنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان زىيالىي ـ ئۆلىمالار تۇرسا، تۇغلىرىمىز كۆككە تاقاشقان بۇلۇت سۈيگەن چوققىلاردا مەڭگۈ جەۋلان قىلىدۇ! خەلقىمىز چوقۇم ھۆرلۈككە مۇيەسسەر بولىدۇ!

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ئوڭ قولى بىلەن سول يېنىدىكى قىلىچىنى قىنىدىن «شارت» قىلىپ

سـۇغۇرۇپ ئېلىــپ، هــاۋادا ئىگىــز تــۇرۇپ:

«لا تەهــزەن! ئىننەللاهــە مەئەنــا!» دەپ توۋلــىدى. ئــون مىڭــدەك خەلقمــۇ ئۇنىڭغــا ئەگىشــىپ بىــردەك:

«لا تەهــزەن! ئىننەللاهــە مەئەنــا! لا تەهــزەن! ئىننەللاهــە مەئەنــا!....» دەپ توۋلــىدى.

مۇهەممەد ئەمىن بۇغرا قىلىچىنى هاۋادا ئوينىتىپ تۇرۇپ:- يا شاهادەت، يا هۆرىيەت! - دەپ بار كۈچى بىلەن توۋلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سايدىكى پۈتۈن خەلق كۆكنى تىترىتىپ: يا شاهادەت، يا هۆرىيەت!- دەپ توۋلىدى.

پۈتــۈن قاراقــاش ئاســمىنىنى مانــا مۇشــۇ جاراڭلىــق ســادا قاپلىــدى. بارلىــق مەۋجــۇدات بــۇ ســادادىن تىترىــدى، قۇيــاش بۇلــۇت پەردىســىنى پۈتۈنلــەي يىرتىــپ، زىيــا قىلىچىنــى چىقــاردى، كۆكتــە قانــات قاققــان لاچىنــلار ئانــا تۇپراقتىــن چىققــان ســاداغا قــاراپ پــەرۋاز قىلــدى. قۇياشــنىڭ تەبەسسۇمىدىن قــارا تۇپراقتىــن لالىلــەر بىــخ ئــۇرۇپ چىقتــى، بۇنىڭغــا تەڭكــەش نەكــەس، ياســىمىن گۈللىرىمۇ يۈزلىرىنــى قۇياشــقا قارىتىــپ، دەريــا بويلىرىــدا كۆزلىرىنــى جىمىرلىتىــپ داڭ قېتىــپ قىلىشــتى، ئۆســتەڭ بويلىرىدىكــى چوكانتاللار بويۇنلىرىنــى ئىگىشــىپ، قاشتېشــىدەك سۈزۈك سۇلاردا يۇيۇنــدى، بارلىــق مەخلۇقاتــلار جــان كۆزىنــى ئېچىــپ كۆككــە باقتــى. ئــۇلار گــۈزەل جانانىنــىڭ ئايــدەك پارقــىراق جامالىنــى، هىلالــدەك نــازۇك بويىنــى كۆرگەنــدەك بولــدى...

شــەپەق ئۆزىنىــڭ ئــەڭ ئاخىرقــى تامچــە قىزىــل قانلىرىنــى قاراقــۇرۇم تاغلىرىنىــڭ باغرىغا چېچىۋېتىــپ پېتىشقا باشــلىغان ئىدى. مۇشــۇنداق مىڭلارچــە شــەپەقنىڭ قېنــى ۋەتــەن ئەركىنلىكىنىــڭ

تۇغۇلۇشى ئۆچۈن پەدا بولۇشقا تەييار ئىدى. تۇپراق بېشىدا ئەردەمدىن باشقا ئىنسان قالمىغان بولۇپ، ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق زاراتگاھلىقتا بىپايان ۋادىدا چاقماق ئۇرۇۋەتكەن يالغۇز دەرەختەك بېشى ئېگىك ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن دادىسىنىڭ قەۋرىسىدىكى نەم تۇپراققا تېزنىقىدىن تۆكۈلدى.

ئۇ ئىچىدە: «ماڭا قارا دادا، سەن مازاردا بولساڭمۇ مەن ساڭا ھەر دائىم ھەمراھ. مەن سېنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايمەن. مېنىڭ سېنى قەلبىمدە ھەر دائىم ياد ئېتىپ يۈرگەنلىكىمدىن روھىڭ خەۋەر تاپىدۇ. مەيلى بەخت ـ شادلىق چاغلىرىمدا بولسۇن، مەيلى جاپا ـ مۇشەققەتلىك چاغلىرىمدا بولسۇن، مەيلى ئوت ـ يالقۇنغا پۈركەنگەن جەڭگاھتا بولسۇن سېنى قەتئىي ئۇنتۇمايمەن. ئۇلۇغ رەببىمگە شۈنچىلىك ئىشىنىمەنكى، ئۇ سېنى غۇربەتلىك قاراڭغۇ گۆردە يىلاننىڭ زۇلۇمىغا، قەبرىنىڭ ئازابىغا ھەرگىز يولۇقتۇرمايدۇ» دەپ نىدا قىلدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىدا، ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى، قەددى ـ قامەتلىك، شەۋكەتلىك كۆرۈنىدىغان بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ مۈرىسىگە تاشلىنىپ تۇرغان قاپقارا ئۆسكىلەڭ چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتىۋەتكەن ئىدى. يىگىتنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى نۇر چاچقان چولپاندەك، بۇرۇنلىرى ئېگىز كەلگەن، لەۋلىرى قىلىن، كۆكرەك ـ تۆشلىرى تاشتەك، سۈرى يۈزلىگەن ئەر ـ يىگىتكە تەڭ، ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان بولۇپ، گويا كۆكتىن چۈشكەن شەھرىياردەك بەھەيۋەت ئىدى. يىگىت ئەردەمگە سەۋر تىلەپ، سەممىي قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايغۇرما قېرىندىشىم! بۇ دۇنيادىكى ھەربىر جانلىق ھامان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ھەممىمىز ئاللاھتىن كەلدۇق، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز. بۇنى مۇشۇ كۆك قۇببەنىڭ ئاستىدىكى ھەربىر جانلىق بىلىدۇ. «ئادەمگە مۈڭ تېگەر، تاغ تۇمشۇقىغا يەل تېگەر» دەپتىكەن. شۇڭا دادام بۆرە ئوغلى ھەر دائىم: «ئەي روھ ئالەمدىن بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلار! ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئۈركۈمە، قورقما، بۇ ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇش» دەيدىغان. بىز بۇ دۇنيادا بىر يولچى، بۇ يولچىلىقتا بۇ قونالغۇدا ئازراق قالىمىز- دە، يەنە نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيمىز. قېنى دوستۇم، تونۇشۇپ قالايلى، مەن ئەرەن بولىمەن. تاغ يولىدىن كەلدىم، ساي يولىدا يولچىمەن. مەن بۇ ئازاتلىق كۈرەشىگە قېتىلىپ، ئەجدادلىرىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچىمەن. سايدىكى يىغلىشتا ساڭا دىققەت قىلدىم. سەن ھەزرىتىمنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەزىمەتلىرىدىن بىرسىدەك قىلىسەن. ھەزرىتىمنىڭ پۈتۈن قاراقاش خەلقىگە سۆزلىگەن نۇتقى خۇددى كۆز ئالدىمدا يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشاش، يولۇمنى ئېنىق ۋە روشەن يورۇتتى. مەنمۇ مۇشۇ سەپكە قېتىلماقچىمەن. سېنىڭ بىلەن يولىمىز بىر، غايىمىز بىر. بىز بۇندىن كېيىن بۇ يولدا دوست بولۇپ، قان كېچىپ جەڭ قىلايلى. ئەمدى قايغۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىمىز يوق. تۇر ئورنۇڭدىن، ئەمدى يولىمىزغا راۋان بولايلى...

روھ ئەلەس ئالەمنىڭ سىرتىغا مەستانە بولۇپ چىققاندا، كېچە - كۈندۈز بولۇپ ئۆتىدىغان زاماننىڭ ماس قەدىمى بىلەن نىشانغا قاراپ ئۇدۇل يول ئالىدۇ. خۇددى ساداقتىن چىققان ئوقنىڭ نىشانى بولغىنىدەك، ھاياتلىق يولىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆلۈم، بۇ دۇنيانىڭ نىشانى ئۇ دۇنيا. ئوقنىڭ باشقا بىر نىشانغا

سانجىلىشى ئىمكانسىز. ئەلەس ئالەمدىن كەلگەن روھنىڭ نىشانى يەنە ئۆز ماكانى، پارچىنىڭ نىشانى بىر پۈتۈن. ئەنە شۇ نىشانغا يېتىش جەريانىدىكى ھاياتلىق مۇساپىسىدە ھەربىر ئادەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى پەرقلىق بولىدۇ. بىرىنىڭ ھاياتى يەنە بىرسىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدىكى موھتاجلىق ۋە زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل جاھانغا تولۇپ كەتكەن ئېچىنىشلىق كۈلپەتلەر، قورقۇنچلار، ئىزتىراپلار ۋە بەختسىزلىكلەر ئۆزگىچە، ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىكى ياخشىلىق، يەنى ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغان بەخت ـ سائادەت، شۈكرى ـ قانائەت دېگەنلەرمۇ ھەربىر ئىنساندا ئۆزگىچە ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن مۇشۇ نەم تۇپراقنىڭ ئاستىدا ياتقان مەسۇم تۆمۈرچىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى جەبىر ـ جاپا، ئەقىدە ـ ۋاپا، سۆيۈش ۋە نەپرەتتە ئۆتكەن بىر ئۆمۈر بىلەن ھاياتلىقتا ئۆز مەنىسىنى تاپقان.

ئەردەمنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئالدىدا تۇرغان بۇ قامەتلىك يىگىتنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزى ئارىسىدىكى «بۆرە ئوغلى» ۋە «ئەرەن» دېگەن ئىسىملار بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى گۈزەل، يۈزى ئۇنىڭدىن گۈزەل، كۆڭلى ھەممىدىن گۈزەل بۇ يىگىت بىلەن ئوبدان بىر مۇڭداشقۇسى كېلىپ، بىرلىكتە ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئەردەمنىڭ ئۆيىدە تاڭ ئاتقۇچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى ۋە مۇڭداشتى، بۇ كېچە ھېچ ئۇخلىمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى جالالىدىن رۇمىنىڭ «بۇ كېچە ئۇخلىما» دەپ يازغان نەزمىلىرىدەكلا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلىما، نە بولۇر، بىر كېچە،
ھىجران ئىشكىنى قاقما بىر كېچە.
بىر كېچە دوستلارنىڭ كۆڭلى بولسۇن،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇز بۇ كېچە.

كۆزلىرىمىز ئايدىڭ بولسۇن بىر كېچە،
كور بولسۇن شەيتان بىر كېچە.
ھەر يەر ئەنبەر پۇراقى، ئۆيلەردە قەندىل،
دەستىرخاندىكىلەر جانلانسۇن بۇ كېچە.

ئۇخلىما نە بولۇر بىر كېچە،
ھىجران ئىشكىنى قاقما بىر كېچە.
بىر كېچە ئاتقا مىنىپ مەيدانغا كەل،
كۆڭۈللەر راھەت، كۆكسلەر مەيدان بولسۇن.

يېڭى كىيىملەر كىيەيلى بىز قۇللار،
مۇسادەك سەن كالتەك ئال قولۇڭغا،
كالتەك بىردىنلا قولۇڭدا يىلان بولسۇن.
سۇلايماندەك چۈمۈلىلەرنىڭ يېنىغا بار،
چۈمۈلىلەر بىردىنلا سۇلايمان بولسۇن.
بۇ كېچە ھىجران ئىشكىنى قاقما، نە ئولۇر.

ئىككى ياشنىڭ بۇ كېچە ئۇخلىماي قىلغان سۆھبىتى ناھايىتى مەنىلىك بىر سۆھبەت بولدى. خۇددى يامغۇر قۇرۇق تۇپراقنى قانداق جانلاندۇرغان بولسا، بىر ـ بىرلىرىنىڭ روھلىرىنى شۇنداق تىرىلدۇردى. بولۇپمۇ يىگىتنىڭ تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرى ئەردەمنىڭ سۇنۇق دىللىرىنى قايتىدىن ياشناتتى. ئۇلار ئۆز ئەلەملىرىنى، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى، غايىلىرىنى، ئۈمىدلىرىنى ئۆزئارا بەھرىلەپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بۆرە ئوغلىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەردەمنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلدى. ئەسلىدە «بۆرە ئوغلى» دېگەن بۇ نام بۇ يىگىتنى بېقىۋالغان دادىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ناھايىتىمۇ ئېچىنىشلىق بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى.

1858 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن چېرىك يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىشغال قىلغان. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە كەلگەندە، قەشقەردە ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلغان ۋەلىخان تۆرە، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا خەلقتىن يىغىۋالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، ئادەملىرى بىلەن بىللە پەرغانىگە قاراپ قېچىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغان باشسىز خەلق چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچى چېرىكلىرى تەرىپىدىن قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچراپتۇ. تۆمەن دەرياسى قان بولۇپ ئېقىپتۇ. پۈتكۈل تارىم ۋادىسى خەلقنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپتۇ. قەشقەردىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭغان چېرىكلەر خوتەنگىچە يول ـ يولدا ئۇچرىغانلا خەلقنى قەتلىئام قىلىپ مېڭىپتۇ. ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باسمىچى چېرىكلىرى يەركەندىن ئۆتۈپ خوتەنگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلق نۇرغۇن ئۇششاق باللارنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر تاۋۇز تېرىغان ئېتىزلىقتا گەمە كولاپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالنى چېرىكلەر بايقاپ قاپتۇ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بۇ نارىسىدە باللارنىڭ ئاھ - زارلىرىغا پەرۋا قىلماي، قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپتۇ. تاۋۇزلۇق ئۇششاق باللارنىڭ دات - پەريادلىرى، مەسۇم قانلىرى بىلەن تولۇپ، بەئەينى جەھەننەمنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپتۇ. مېھرىبان ئانىلىرىنىڭ سۆيگۈگە لىق تولغان لەۋلىرى تەگكەن يۇمران بويۇنلارغا جاللاتنىڭ قانلىق قىلىچى كېلىپ ئۇرۇلۇپتۇ، كىچىك گەۋدىلەردىن ئايرىلغان باشلار، ساپىقىدىن ئۈزۈلگەن تاۋۇزلاردەك يەرگە دۇمىلاپ چۈشۈپتۇ. كىچىك - كىچىك باشسىز گەۋدىلەردىن ئېتىلىپ چىققان قانلار چەيلەنگەن تاۋۇزلارنىڭ سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ياپ يېشىل ئېتىزلىقنى ھەش - پەش دېگىچە قىپ قىزىل رەڭ بىلەن بوياپتۇ. كېسىلگەن باشلاردىكى مەسۇم كۆزلەردىن چاچراپ چىققان قاپ قارا كۆز قارچۇقلار تاۋۇز ئۇرۇقلىرى بىلەن تەڭ جاللاتلارنىڭ خەيلىرى ئاستىدا مجىلىپ چەيلىنىپتۇ. بۇ دۇنيانىڭ جەھەننىمگە ئايلانغان ئېتىزلىقتا قايسىنىڭ باش، قايسىنىڭ تاۋۇز، قايسىنىڭ كۆز قارچۇغى، قايسىنىڭ تاۋۇز ئۇرۇقى، قايسىنىڭ قان، قايسىنىڭ تاۋۇز سۈيى ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك بىر مەنزىرە پەيدا بوپتۇ. ئاللاھنىڭ ياراتقان بۇ ئالەمدە مۇنداق ۋەھشىلىك بىرىنچى قېتىم، مانا مۇشۇ ماكاندا، مۇشۇ زاماندا يۈز بېرىپتۇ. ئەجابا، قۇياش كۆتۈرۈلگەن يەردىن تارتىپ تا پاتقان يەرگىچە بولغان پۈتۈن زېمىندا مۇنداق بىر قىرغىنچىلىق ھېچ كۆرۈلگەنمىدۇ؟

بۇ ۋەھشىلىكنى كۆرۈپ تۇرغان قۇياشمۇ چىداپ تۇرالماي، چارىسىزلىق ئىچىدە گۈزەل يۈزىنى پارە ـ پارە قىلىپ پارچىلاپ، قارا بۇلۇتلارنىڭ ئىچىدە غايىپ بوپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا يىراقتا شىلدىرلاشلاردىن توختاپ، قورققىنىدىن قېتىم قالغان ئورمانلىق ئارىسىدا، مۆكۈنۈپ ياتقان قارا قۇرۇم تاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان ئىككى بۆرە بۇ قىرغىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ بويۇنلىرى ناھايىتى تۇم، ياللىرى ناھايىتى قويۇق، كۆكۈش رەڭلىك تۈكلىرى شۇنچىلىك ئۆزگىچە چىرايلىق ياراشقان، چاقناپ تۇرغان نۇر ئۆتكۈزگۈچى كۆپكۆك كۆزلىرى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇرىدىغان چىشى بۆرە ئىكەن. يەنە بىرى ئەركەك بۆرە بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك، تېرىلىرى قېلىن، كۈمۈش رەڭلىك قويۇق تۈكلىرى تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، چىشلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر، تەقى ـ تۇرقى بەھەيۋەت ئىكەن. بىر چاغدا بىر كىچىك بالا تاۋۇزلۇق ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، ئۇلار تەرەپكە يەر بىغىرلاپ قېچىپتۇ. ئارقىدىن ئىككى چىرىك قان تامچىپ تۇرغان قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ «شا...» (ئۆلتۈرۈڭلار!) دەپ يۈگرەپ كەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چىشى بۆرە تۇرغان يېرىدىن يايدىن چىققان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، بالىنىڭ دۈمبىسىدىن چىشلەپلا ئېلىپ ئورمان تەرەپكە بەدەر قېچىپتۇ. ئارقىسىدىن ئەركەك بۆرە ئۇلارنى قوغداپ چېپىپتۇ. قوغلاپ كەلگەن ئىككى چېرىك چارىسىزلىكتىن، ئالدىغا ساڭگىلاپ قالغان ئۇزۇن ئۆرمە چاچلىرىنى چىشلەپ، جىرتاق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قانلار قېتىم قالغان قىلىچلىرىنى قېنىغا مىڭ تەستە كىرگۈزۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىپتۇ. بىردىنلا بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقنى يۇقىرىدىن كۆرۈپ، شاھىت بولغان ئەرشى ئەلا، ئۆلگەن باللارنىڭ ئۇۋالىغا چىداپ تۇرالماي، دەھشەتلىك گۈرۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن ئۆزىنى ئۇزى پارچە

ـ پارچە قىلىۋېتىدىغانـدەك غەزەپلىنىپتـۇ ۋە چاقماقلارنـى چىقىـپ، قـارا بۇلۇتلارنـى سۈرۈپ ئەكىلىـپ، ئۆزىنىـڭ تەزىيـە يىشـىنى تاۋۇزلـۇق ئۈسـتىگە ئەكىلىـپ تۆكـۈپ، مۇنـداق ئىپادىلەرنـى بىلدۈرگەنـدەك قىپتـۇ: «ئەگـەر ئىنسـانلار مېنىـڭ ماكانىمـدا يۇلتۇزلارنىـڭ ئورنىـدا ياشـىغان بولسـا، بـۇ كۆكمـۇ ئۇلارغـا تـار كېلىـپ، مـاكان تالىشـىپ ئۇرۇشـۇپ، بىـر ـ بىرلىرىنـى قىرىـپ ـ چىپىـپ، يامغۇرنىـڭ ئورنىـدا زېمىنغـا قـان ياغـار ئىكـەن. ئەگـەر ئىنسـانلار دېڭىـزلاردا ياشـىغان بولسـا، بىـر ـ بىرلىرىنىـڭ تۆككـەن قانلىرىدىـن دېڭىـز ئوكيـان، دەريـا ـ ئۆسـتەڭلەردە قانـلار سـەل بولـۇپ ئاقـار ئىكـەن. ھېلىمـۇ ياخشـى بـۇلار مۇشـۇ كۆتۈرۈشـلۈك قـارا تۇپـراق ئۈسـتىدە ياشـايدىغان بولـۇپ قاپتـۇ.»

شـۇندىن مۇقـەددەم بـۇ بـالا زۇلمـەت باسـقان دوزاختىـن يىراقلىشـىپ، تـاغ ـ داۋانـلاردا، ئەركىـن تەبىئەتنىـڭ قوينىـدا بۆرىلـەر بىلـەن بىللـە ياشـاپتۇ. بۇلارنـى يىراقتىـن كۆرگـەن ئىنسـانلار بالىغـا «بـۆرە ئوغلـى» دەپ نـام قويـۇپ قويۇپتـۇ. ئارقـا ـ ئارقىدىـن پەسـىللەر ئالمىشـىپ، يىلـلار سـۇدەك ئېقىـپ ئۆتۈپتـۇ. ئىككـى بۆرىمـۇ بـۇ ئالەمدىـن ئـۆن ـ تۈنسـىز كۆچـۈپ كېتىپتـۇ. يەقـەت بـۆرە ئوغلـى ھاياتلىـق يولىنـى قاتمـۇ ـ قـات تاغـلار ئارىسـىدا ئۇۋچىلىـق قىلىـپ بېسـىپتۇ. ئانـا زېمىنىنىـڭ ئۈسـتىدە ئەلمىسـاقتىن بېـرى ھېـچ قىمىـر قىلمـاي قـەد كۆتـۈرۈپ تۇرغـان ئاشـۇ گـۈزەل تاغلارنـى ئۆزىنىـڭ ماكانـى قىپتـۇ.

ئىزىمغا چۈشكەندە دۈشمەنلىرىم،
ئېلىپ قاچتى كۆك بۆرە ـ توتېملىرىم.
كۆرۈندى يەنە مېنىڭ ئۈمىد يولۇم،
گۈزەل تاغ بولدى مېنىڭ ماكانىم.

يېتىشتىم مەن زال ئوغلى رۇستەمدەك،
چاپتىممەن تاغ يولىدا تۇلپاردەك.
ئاتقان ئوقۇم جان ئالار ئەزرائىلدەك،
گۈزەل تاغ بولدى مېنىڭ ماكانىم.

بىر كۈن كېلىپ قىساسىم ئېلىنغاندا،
بۆرە ئوغلى ئەلبەت يېتىدۇ مۇرادىغا.
ئەجەل كېلىپ جان تەسەددۇق بولغاندا،
گۈزەل تاغ ئولۇر ئەبەدىلئەبەد ماكانىم.

ئۇلۇغ ئاللاھ بىر جانلىقنى باشقا بىر جانلىققا يەم بولۇش ئۈچۈن ياراتقان. پەقەت ئىنساننىڭ تەقدىرى ئۇنداق ئەمەس. ئىنسان ئۆز رىزقىنى ماگىلاي تەرى بىلەن، هايۋانلارنى بېقىش بىلەن تەبىئەتنى ئۆز پايدىسىغا قوللىنىش ئارقىلىق ياشاشنى بىلىدۇ. شۇڭا بىر كۈنى بۆرە ئوغلى تاغدىن چۈشۈپ ئادەملەر بار جايلارغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ بىر ئارا يول يۈرۈپ بىر قەۋرىستانلىقتىن ئۆتۈپتۇ، بۇ چاغدا هاۋانى سۈرلۈك تۇمانلار ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، بۇلۇتلار ئارىسىدا گىرەلىشىپ كەتكەن تاغلار ئۇنىڭ ئارقىسىدا جۇدالىق داغلىرى ئىچىدە قاپتۇ. كۆكتە قۇياش بىلەن ئايمۇ كۆرۈنمەي، يەر بىلەن ئاسمان گويا تۇتىشىپ كەتكەندەك بىر خىل رەڭگە كىرىپتۇ. ئەتراپىنى رەتسىز

گۈمبەزلەر بىلەن دۆۋە - دۆۋە توپىلار ئورىغان بولۇپ، سەلكىن يەل ئۇچۇرتۇپ ئەكەلگەن قۇملار كۆزلىرىگە كىرىپ، مۆرىسىدىكى ياي بىلەن بىلدىكى ئوقدان ئىرغاڭلاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر- بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن قەۋرىلەرنىڭ كەينىدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر يەردە، نىمىدۇر بوۋاقتەك ئىڭگەلىگەن ئاۋاز قۇلىقىغا كىلىپ ئۇرۇلۇپتۇ. بۇرە ئوغلى دەرگۇمان ئىلكىدە، ئاۋاز بار تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ ئىڭگەلىگەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە يەنە دىققەت بىلەن قۇلاق سانپتۇ. ئۇ ئىچىدە،- ئاھ ئاللاھىم! قارىمامدىغان بۇ كارامەتنى، بۇ ئويمۇ - ئوچۇق بوۋاقنىڭ ئاۋازىغۇ؟،- دەپ، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ، جاۋابنى كىمدىن ئىلشنى بىلمەي، ئاۋاز چىقىۋاتقان توپىلىرى تېخى قۇرۇمىغان بىر قەۋرىنىڭ يېنىغا ئاستا يېقىنلىشىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا بۇرە ئوغلىنىڭ قامەتلىك ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ جۇغلاۋاپتۇ. ئۇ بىردەم نىمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ، ئۇلۇغ ئاللاھتىن،- ئاللاھىم ماڭا ئەقىل - ئىدرەك بەرگىن. مىنى ئۆزۈمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىمتىھانلار بىلەن سىنىمىغىن،- دەپ، يالۋۇرۇپتۇ ۋە ھوشيار بولماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئۇشتۇمتۇت دۇچ كەلگەن بۇ كارامەت ئالدىدا يەنىلا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، مىڭىسىدىن تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار چاقماقتەك يىنىپ، ئەقلى - ھۇشىنى يوقاتقىلى تاسلا قاپتۇ.

ئۆز زامانىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئايالى ھەزرىتى ھاجەر ئۆزىنىڭ بوۋىقى ھەزرىتى ئىسمائىلنى قۇچاقلاپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىدە، چەكسىز كەتكەن باش - ئايىغى كۆرۈلمەيدىغان چۆللۈكتە ئۇياقتىن - بۇياققا تەمتىرەپ مېڭىپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي سۇ بار بىر يەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ «سافا»نىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاندىن يەنە

پەسكە چۈشۈپ، قارشى تەرەپتىكى تاغ «مەرۋە»گە يامشىپ چىقىپ، ئەنە شۇنداق چارىسىزلىك ئىچىدە يەتتە قېتىم ئىككى تاغ ئارىسىدا يۈگۈرەپ يۈرگىنىدەك، بۆرە ئوغلىمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي گۈمبەزلەر ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ ھەمدە ۋاقىتنىڭ ئىتتىك ئۆتۈشى بىلەن بوۋاقنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىپ، ئۇپۇل - توپۇل نەم توپىلارنى كەتمەننىڭ يۈزىدەك كەڭ ئالقانلىرى بىلەن بىر چەتكە توپ - توپ قىلىپ ئىتتىرىپتۇ، ھەتتا ئالدىرىغىنىدىن، قەبرىنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىپ تۇرۇپ، تازە پۇراپ تۇرغان نەم توپىلارنى غۇلاچلاپ - غۇلاچلاپ ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرى لەھەتنىڭ ئىشىكىنى ياپقان خام كېسەكنى كۆرۈپتۇ. ئەمدى بوۋاقنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ روشەن ئاڭلىنىپتۇ. كۆكتىكى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي يۈزىنى توراپ تۇرغان پەردىلەرنى قايرىپ ۋاللىدا پەيدا بوپتۇ - دە، گۈزەل جامالىنى لەھەتنىڭ ئاغزىغا توغرىلاپتۇ. بۇ چاغدا بۆرە ئوغلىنىڭ بارلىق قورقۇنچلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يەڭگىل بىر نەپەس ئاپتۇ ۋە ئىچىدە ئىللىق بىرھېس پەيدا بوپتۇ. ئاندىن ئۇ، - بىسسىملاھىررەھمانىررەھىم، - دەپ، لەھەت ئاغزىدىكى كېسەكنى ئېلىپ، قارىغۇدەك بولسا، ئىچىدە ياتقان جەسەتنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدا بىر بوۋاق بۇدۇرۇق قوللىرىنى ئوماق ئاغزى - بۇرنىغا سۈرتۈپ ياتقۇدەك. بالىنىڭ يۈزى بەئەينى كۆكتىكى تولۇن ئايدەك، قەبرىدىكى مۇنكەر ۋە نەكىر مەلەكلىرىدەك شۇنچىلىك نۇرلۇق تۇرغۇدەك. بۆرە ئوغلى بۇ كارامەتنىڭ ماھىيىتىنى لەھەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپلا بىلىپتۇ ۋە بوۋاقنىڭ ئۆلۈك ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئىدراك قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بوۋاقنىڭ كىندىكىنى ئاۋايلاپ ئۈزۈپ، ئۈستىدىكى كۆينىكىنى يېشىپ يۆگەك قىلىپ بوۋاقنى ئوراپ،

گۆردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىرىپ، يۇمشاق ساپ تۇپراقنىڭ ئۈستىگە ئاستا پەپىلەپ قويۇپتۇ. ئاندىن قايتا لەھەتنىڭ ئاغزىنى خام كېسەك بىلەن قاملاشتۇرۇپ ئېتىپ، ئۈستىنى بۇرۇنقىدەك توپا بىلەن يېپىۋېتىپتۇ. بۆرە ئوغلى بولسا يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن كۆككە قاراپ تۇرغان نۇر تويىدەك ئوغۇل بوۋاقنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق قورقۇنچلىرىنى، ھارغىنلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، بەختىيارلىققا چۆمۈپتۇ. ئاندىن ئۇ كونىلارنىڭ «گۆرىستاندا ئۆي بولماس، توپىلاڭ يەردە ئوۋ بولماس» دېگەنگەپلىرىنى ئەسكە ئاپتۇدە، دەرھال ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، بۇ يەرگە قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا شۇ يول بىلەن ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى «ئەرەن»دەپ ئاتاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى بوۋاق ئۇنىڭغا بىر جەھەتتىن شۇنچىلىك جەسۇر، باتۇر يىگىتتەك كۆرۈنسە، يەنە بىر جەھەتتىن ناھايىتى ئەرمىش، كامىل ئادەمدەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى ئىككىلەنمەيلا «ئەرەن» قويۇپتۇ. شۇندىن بۇيان ئەرەننى ئۆزىدىن ھېچ ئايرىماي كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىپ، غارلارنى ماكان قىلىپ، ئەرەننى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئۇنىڭغا ئوۋ ئوۋلاشنى، چوققىلىرى كۆككە سانجىلغان بۇ تىلسىمات تاغلاردا قانداق ھايات قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپتۇ. ۋاقتنىڭ دەريا سۇلىرىدەك تىنىمسىز ئېقىشى بىلەن بۆرە ئوغلىمۇ ماغدۇردىن قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەرەن ئىسمىگە مۇناسىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان باھادىر بىر يىگىت بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇلار بۇ ھاياتتا يوقسۇللۇق، ماكانسىزلىق دەردىدە ئۆلۈم قۇلىقىغا پىسىلدىسىمۇ، ھېچ بىر ۋاقىت ئەركىنلىكنى قولدىن قويۇشنى ئويلىماپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارىسىدا، ئىنسانلار ئارىسىدا ياشىغاندىن بەتەر ئەركىن، ئازادە ياشاپتۇ. ئەمما ۋەھشى زالىم تاجاۋۇزچىلارنىڭ

قانلىق قولى ئاخىر كېلىپ ھايۋانلار ماكانى بولغان كەڭ كەتكەن تەبىئىي بايلىقلارغا تولغان تاغلارغىچە ئۇزىراپ يېتىپتۇ.

تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى، ئەرەننىڭ خىيالى يەنە شۇ ئۆزى ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن ماكان تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ھېچكىمگە سۆز ئاچمىغان ئىدى. ئەسلىدە بىرەسى بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىپ ئىچىدىكى بارلىق ئەلەملىرىنى، دەردلىرىنى تۆكۈپ، ئىچىنى بىر بوشىتىۋالغۇسى بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بۇنداق بىر پۇرسەت كەلمىگەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇ يالغۇز دەردىنى چىقىرىۋېلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش غايىدىكى بىرسى بىلەن پاراڭلىشىشىنىڭ قانچىلىك مەنىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تاغلاردا قانچىلىك كۆچلۈك بولۇپ، ئۆزىنى قوغداپ ياشىغان بولسىمۇ يەنىلا روھىيەت قاتلىمىدا شۇنداق بىر ئاجىز نۇقتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ نىشانسىز ئازاب ئىچىدە تەمتىرەپ، ئۇ چوققىدىن بۇ چوققىغا يامىشىپ، ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتسىزلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ، بەئەينى كاماندەك ئېگىلگەن قارا قاشلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان قويۇق چاچلىرىنى ئوڭ قولى بىلەن ئارقىسىغا تاراپ تۇرۇپ، دادىسى توغرىسىدا سۆزلىرىنى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن يەنە داۋام قىلدى:

ئىككى يىلدىن بېرى يەن دوتەيىنىڭ ئەسكەرلىرى بىز ماكان قىلغان تاغلارغا كېلىپ يول ئېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى تاغلاردىكى قىممەتلىك مەدەنلەرگە كۆزى چۈشكەن ئىكەن. ئۇلار بىر چەتتىن يول ئېچىش ئۈچۈن ئورمانلارغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، بىر چەتتىن تاغلارغا مىنامىت

كۆمـۈپ پارتلتــپ ھەممــە يەرنــى ۋەيــران قلــدى. چۈنكــى ئــۇلار ئــادەم كۈچىگــە تايىنــپ يــول ياســسا ئــۇزاق ۋاقــت كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتــى. شــۇڭا دەرھــال پايدىغا ئىگــە بولــۇش ئۈچــۈن تەبىئەتنى ۋە جانلىقلارنــى ۋەيــران قىلــش يولىنــى تاللىغــان ئىــدى. ئــوت قويغــان دائىرىدىكــى ئــوت ئۈچقۇنلــرى باشــقا يەرلەرگــە يامــراپ، پۈتــۈن تــاغ جەھەننەمنىــڭ ئازابــى ئىچىــدە قالغــان ئىــدى. ئەزەلدىــن بېــرى شــۇ تاغــلاردا ياشــاپ كــۈن كەچۈرىۋاتقــان بارلىــق جانلىقــلار بــۇ زۇلۇمنىــڭ شــىددەتلىك زەربىســىگە ئۇچــراپ، ئــۆز ماكانلىرىدىــن ئايرىلىشــقا مەجبــۇر بولــدى. تۈيۇقســىز قويۇلغــان ئوتنىــڭ دەســتىدىن تاغدىكــى بارلىــق دەل ـ دەرەخ، ئۆســۈملۈكلەرنىڭ ھەممىســى بىراقــلا كۆيــۈپ كــۈل بولــۇپ كەتتــى. دەھشــەتلىك ئــوت يالقۇنــى ئىچىــدە قالغــان بــۆرە، چىلبــۆرە، تۈلكــە، كىيىــك، بۇغــا، يــاۋا قوتــاز، يــاۋا توڭگــۇز، ھىمالايــا سۇغــۇرى، كۈلــرەڭ قۇيرۇقلــۇق توشــقان، بۆكــەن، قىرغــاۋۇل ۋە كەكلىكتىــن تارتىــپ يىلانلارغىچــە ھەممــە ھايۋانــلار قورقۇنــچ ۋە ساراســىمگە چۈشــتى، جانتالىشــىپ ئۆزلىرىنــى ھەرتەرەپكــە ئــۇردى. ئانــا ھايۋانلارنىــڭ زور كۆپچىلىكــى ئــۆز بالىرىنــى چىشــلەپ ئۇيــاق ـ بۇياققا قېچىــپ تېــرە ـ پېــرەڭ بولــۇپ، ئاخىــرى چىقىــش يولــى تاپالمــاي ئــوت ئىچىــدە يــۈرەك ـ باغرىلــرى بىلــەن تــەڭ كۆيــۈپ كاۋاپ بولــدى. يەنــە بەزىلــرى باللىرىنــى دۈمبىســىدىن چىشــلەپ ئېلىــپ قېچىــپ، تاغدىــن چۈشــىۋاتقان دەھشــەتلىك ئېقىنلارغــا ســەكرەپ ھــالاك بولغــان بولســا، يەنــە بــەزى ئۇچــار قۇشــلارنىڭ ئانىلــرى دەرەخ شــاخلىرىدىكى چاڭگىلىرىــدا ئــۆز باشــكىلىرىنى پوكىنىغــا باســۇرۇپ يېتىــپ، ئــۆز باللىرنــى قوغــداش ئۈچــۈن ئۇچــۇپ كەتمــەي شــۇ دەرەخلــەر بىلــەن بىللــە كۆيــۈپ كەتتــى. مــەن ھاياتىمــدا ھېــچ ئانــا مېھــرى كۆرمىگــەن بىرســى بولمــەن. ئەمما قــۇش ۋە ھايۋانلاردىكــى شــۇ پىداكارلىقلارنــى كــۆرۈپ، «ئانــا»

دېگەن سۆزنىڭ قانچىلىك مۇقەددەسلىكىنى، ئانىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى كۆڭلۈمدە ھەقىقى ھېس قىلدىم. مەن ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كەڭ تەبىئەت قوينىدا تونۇپ يەتتىم. ئانا قۇشلارنىڭ ئۆز باشقىلىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بېشىمنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن چاغلىرىدا، چىشى بۆرىنىڭ كۈچۈكلىرىنى يىنىدىن ئەگەشتۈرۈپ ئەپچىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتكەنلىرىنى كۆرگىنىمدە، بايتاللارنىڭ قۇلۇنلىرىنىڭ بويۇنلىرىنى يالاپ ئەكىلەتكەنلىكىنى تالاي قېتىم كۆرگەن چاغلىرىمدا، ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پىنھان قەلبىمدە قىياس قىلدىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا مېنىڭمۇ ئانام بولغان بولسا، مەنمۇ شۇ بۆرە كۈچۈكلىرىدەك ئەكىلەپ تۇرۇپ كەپسىزلىك قىلىپ ئۇيان ـ بۇيانغا قاچقان چاغلىرىمدا شۇ ئانا بۆرىدەك يۈگرەپ بېرىپ تۇتۇپ ئەكىلىپ، ئۆز جايىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان بولسا دېگەندەك شېرىن خىياللاردا بولدۇم. شۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ئانا مېھرىنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتىم. بولۇپمۇ ئۆز ئانامنىڭ ئۆلۈك تۇرۇپمۇ گۆر ئىچىدە مېنى مۇشۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى ئويلىسام، ئانىلارنىڭ ھەقىقەتەن تەسۋىرلىگۈسىز ئۇلۇغ، پىداكار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۇلارنىڭ قۇتساللىقىغا مەدھىيەلەر ئوقۇماي تۇرالمايمەن ۋە ئانامنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈنىمەن. ئەمما بۆرە ئوغلى ماڭا ھەم ئانا ھەم دادا بولدى. ئەسلىدە ئۇ، مەندىنمۇ بەختسىز ئىدى. ئۆكۈنۈش ئىچىدە دەرد ـ ئەلەمنى بىر ئۆمۈر يۈرىكىدە تۇشۇپ ياشىدى. چۈنكى ئۇ ھەم دادىسىز ھەم ئانىسىز چوڭ بولغان. شۇڭا مەن بۆرە ئوغلىدەك بىر دادامنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ ئۇلۇغ ئىگەمگە مىڭ شۈكرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ كەلدىم. تەبىئەتتە پەسىللەر ئالمىشىپ تۇرغىنىدەك بۇ كىشىلىك ھاياتتىمۇ پەسىللەر ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. بەزىدە باھاردەك يېقىملىق، جانلىق بولسا بەزىدە كۈزدەك ھەممە نەرسە قۇرۇپ، غازاڭ بولىدىغان چاغلار كېلىدىكەن. بەزىدە يازدەك مول ھوسۇللۇق بولسا، بەزىدە قىشتەك يوقسۇل، قەھرىتان سوغۇق چاغلار بولىدىكەن. ئەنە شۇ ئوت ئاپىتىدىن كېيىنلا دادام بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇ كۈلپەت بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا كەلگەن ئىدى. ئوت ھەر تەرەپتىن ئوراپ، ئۆرلەپ كەلمەكتە ئىدى. بىز ئوتتىن بار كۈچىمىز بىلەن شۇنچىلىك تېز قېچىپ چىققان بولساقمۇ، ۋاھالەنكى، ياشىنىپ قالغان دادام، تاغنىڭ ھەر جايىنى قاپلىغان قويۇق ئىس - تۈتەك ئىچىدە يۆرۈپ، زەھەرلەنگەن ئىكەن. دوزاق ئوتىدىنمۇ بەتتەر كۆچلۈك بولغان ئوت - يانغىندىن كېيىن، دادام ئاغرىپ يېتىپ قىرلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. شۇندىن بۇيان مېنى ھايات دولقۇنلىرى ھەر تەرەپتىن ئۇردى. بۇ ئۇرۇشلار مېنى تاغ باغرىغا يۇمۇلتۇپ چۈشۈردى. تاغ باغرىلىرىدا باھارنىڭ نەزمىسى باشلانغان چاغ بولغاچقا، كۆكلەم تالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇمران قوللىرىنى قاناتلىرى كۆيگەن تاغ قۇشلىرىغا سىخىيلىق بىلەن سۇنۇپ تۇراتتى. مەن بولسام نەگە بېرىپ، نىردە تۇرۇشۇمنى بىلمەي، شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن ياپراقتەك ئۇياق - بۇياقلارغا ئۇچۇپ يۈرگەن شۇ پەيتتە، بۇ ھۆرىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب شاملى تاغ باغرىغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر روھىمنى ئويغاتتى. ئويغانغان روھ مېنى بۇ مۇشەققەتلىك ھاياتنىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىدىن سۆرەپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بۇ يولغا ئاتلاندىم، دەپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كەڭ غولىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك

گەۋدىسىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرۇپ رۇسلىدى ۋە روھىدىكى بۇ خوشاللىقنى دوستى ئەردەم بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ، مىيىغىدەك كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈشلىرى سەممىي بىر دوسلۇقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭ تالغىنلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نۇر چاقنىدى. ھەربىر ئادەمنىڭ باغرى ئىسسىيدىغان بىر يەرگە، دەردلىرىنى ئورتاقلىشىدىغان بىرلىرىگە ئېھتىياجى بولىدۇ. بۇنداق يەر پەقەت بىر، بۇنداق دوست پەقەت بىرسى بولسىلا كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئەرەن ئۈچۈن بۇ ئېھتىياج تاماملانغان ئىدى.

ئەرەننىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان ئەردەم ئۆزىنىڭ بېشىدىن ھېچ بىر ئىش ئۆتمىگەندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدى. يا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشى كېرەكمۇ ياكى ئىچ ئاغرىتىشى كېرەكمۇ؟ چۈنكى ئىنسان چۈشىنەلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىدىن ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ. مانا شۇ تاپتا ئەردەم ھاياتىدىكى چۈشىنىكسىز بەزى نەرسىلەرنى ئەرەننىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئۇ ھاياتتا ئەڭ قىيىن ئىشنىڭ يالغۇز ياشاش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. يالغۇز كىشى ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىدىن ئىزدەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئازابلىناتتى. ھازىر ھەر ئىككى يىگىت يالغۇز ئەمەس ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە بىر ھەقىقىي دوست تاپقان ئىدى. بىلمىگەنلىرىنى بىلىپ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ ئاجىز يېرىگە قىسىلىپ قالغان ئاچچىق دەردنى بىر «ئۇھ» تارتىش بىلەن كائىناتقا يېيىۋەتكەندەك يەڭگىل بولۇپ قالغان ئىدى. ئەردەمنىڭ لەۋلىرى قۇرىغان، كۆزلىرى تالغان بولسىمۇ، ئۇ لەۋلەردىن تۆكۈلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستلارغا مەدەت بېرىدىغان گۈزەل سۆزلىرى، ئۇ ھارغىن كۆزلەردە دوستلارغا خوشاللىق بەخش ئېتىدىغان ئۈمىد نۇرلىرى بار ئىدى. ئەردەم سۈكۈنات ئىچىدە ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ قولىنىڭ ئىشارەت بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قويۇپ، سۆز ئالدى:

ـ ئىلاھىي نىدا، ھىدايەتكە ئىنتىلگەنلەرئۈچۈن ئەڭ ساپ بۇلاق بولغان قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن تارىخىي بايانلار قەيت قىلىنغان. شۇ تارىخىي بايانلارئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن بىرسى بولسا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ پىر ئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش قىسسىلىرى ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قاراڭغۇ قۇدۇقتىن قۇتۇلىشى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدىن قۇتۇلىشى قاتارلىقلاردۇر. مانا بۇمىساللار خۇددى سىنىڭ لەھەت ئىچىدىن ساق چىقىشىڭ ۋە ئىككى بۆرىنىڭ داداڭنى مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قانلىق قىلىچىدىن قۇتۇلدۇرۇ ئېلىپ ,بېقىپ چوڭ قىلىشىغا ئوخشاش ئىلاھى قۇدرەتنىڭ مۇشۇ پانى دۇنيادىكى تەجەللىسىدۇر. يەنە مىسال بىلەن چۈشەندۈرىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەشەددىي زالىم، قانخور ۋە مۇتەكەببىر پىرئەۋىن بولسا بەنى ئىسرائىل خەلقى ئۈستىدىن ناھايىتمۇ قانلىق زۇلۇم، ئېزىشلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ قىز ـ خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىگە دېدەك قىلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇرۇپ، ئوغۇللارنى ئۆلتۈرگەن. يەھۇدىيلارنى شۇ ۋاقىتتىكى مىسىر جەمئىيىتىدە قۇل قىلىپ ئىشلىتىپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەركىنلىكلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغان. ھەتتا پىرئەۋىن ئۆزىنى ئىلاھ دەپ جاكارلىغان. ئەينى چاغدا پىرئەۋىنىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە ئاساسەن، شۇ چاغدا

تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلاردىن بىرسىنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ، سەلتەنەتىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى روشەنلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن پىرئەۋىن تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان. دەل مۇشۇ قانلىق دەۋردە مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز ئاچقان. بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىلاھى ئادالىتى ۋە ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ئۆلتۈرىلىۋاتقان ئوغۇل بوۋاقلار ئارىسىدىن ھايات قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق ئاللاھنىڭ ھىدايىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئىلھام بولىقى بولۇش بىلەن بوۋاق ھالىتىدىكى مۇسا ساندۇققا سېلىنىپ، نىل دەرياسىدا ئېقىتىلىپ ھايات قالغان. يەنى بوۋاق نىل دەرياسىنىڭ ئېقىتىشى بىلەن، دەريا بويىغا چىققان پىرئەۋىن ئوردىسىدىكى ئايال خىزمەتچىلەرگە ئۇچراپ قالغان. دەريادىن سۈزۈپ ئېلىنغان بوۋاقنىڭ مېھرىنى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن پىرئەۋىنىنىڭ ئايالى ئاسىيە ئانىمىزنىڭ قەلبىگە سالغان. بۇنىڭ بىلەن پىرئەۋىنىنىڭ تاغۇت تەختىنى گۇمران قىلىدىغان باھادىر بولسا پىرئەۋىنىنىڭ ئوردىسىدا تەربىيەلىنىپ چوڭ بولغان. پەيغەمبىرلىك ۋەزىپىسىگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرىكى ياشلىق ۋاقتىلىرىدا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە بىلەن بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، باشقىلارنىڭ قىساس ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ، مەديەن خەلقىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ بارغان. ئاندىن ئۇ يەردە ئون يىلدەك ياشىغان ۋە ئاخىرى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ مىسىرغا قايتىش يولىدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن پىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن قەۋملەرنى ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە ئاخىرى ئاللاھنىڭ بەرگەن مۆجىزىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلارنى پىرئەۋىنىنىڭ زۇلمىدىن ساق

- سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ چىققان. ئۆزىنى تەگرى دەپ ئاتىغان پىرئەۋن بولسا ئىككىگە ئايرىلغان دېڭىزنىڭ بىردىنلا قوشۇلىشى بىلەن دېڭىزدا غەرق بولۇپ ھالاك بولغان.

مانا بۇ قۇرئاندىكى قىسسىلەرنى بىزنىڭ يول باشچىمىز ھەم ئۇستازىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمدىن ئويباغ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆگەنگەن ئىدىم. بىزمۇ شۇ يەھۇدىي قەۋملىرىدەك ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ كۆپ زۇلۇملارغا ئۇچراپ، بەدەل تۆلەپ كەلدۇق. تۆككەن قانلىرىمىز ئاز بولمىدى. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. ھەر ۋاقىت ئەزىز يۇرتلىرىمىزغا زالىملار ئارقا - ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلدى. ئەمما، بىزمۇ ھېچ بىر ۋاقىت باش ئەگمىدۇق. يەرگە يىقىلساق قايتا يەنە ئورنىمىزدىن دەس تۇردۇق. ئەمدى بىزنى يوقاتماقچى بولغانلار بىلسۇنكى بىز شاھادەتنى يول، يولدا ئالدىمىزغا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى بەخت دەپ بىلىمىز. بۇ قۇتلۇق يولدا قېنىمىز ئانا تۇپراققا تۆكۈلسە، بۇ قانلار تىرىلىش روھىمىزغا قۇيۇلغان جان سۈيى بولۇپ قالغۇسى. تۇپراققا بىرسىمىز كۆمۈلسەك، ئۇ يەردىن مىڭ يىگىت ئۆسۈپ چىققۇسى. بىز بۇ كۈرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىپ، قۇتلۇق دۆلىتىمىزنى قۇرمىغىچە يولدىن ھەرگىز يانمايمىز. بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ قايغۇلۇق كۈنلىرىم بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن مەن سېنىڭدەك بىر دوستقا ئىگە بولدۇم ھەم باشلىغان بۇ قۇتلۇق يولىمىز بىرىنچى كۈنىلا غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى. ياخشى كۈنلەر بىزگە كەلمىسە، بىز ئۇنىڭغا قاراپ يول ئالدىغان چاغ كەلدى،- دەپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سىرتقا نەزەر تاشلىدى.

ئەمدى قۇياش ئىلچى تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ ھەممە يەرنى

ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن پۈركىگەن ئىدى. سىرت تىپ - تىنچ بولۇپ، دەل مۇشۇنداق تىنچ ۋاقىتتا ياپراقلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن شەبنەم دانچىلىرى باھار خوشاللىقلىرى ئىچىدە پار - پار پارقىراپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككى يىگىت چوغدەك قىزىرىپ چاقنىغان قۇياشنى كۆرگەندە قەلبىدە ئىللىق بىر سېزىم ئويغاندى. ئۈمىدكە تولغان روھىيەت دۇنياسى ۋۇجۇدىنى شېرىن لەرزىگە سالدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چاقنىغان ئۈمىد يۇلتۇزلىرى ئىقبال يولىنى يورۇتتى. ئانا يۇرتىنىڭ ئەزگۈ گەۋدىسى ئۈستىگە چۈشكەن تاڭ قۇياشىنىڭ چاقنىغان نۇرى، ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق گۈزەل چاغلار ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئەردەم بىلەن ئەرەن ئىككىسى يۇرتىنىڭ گۈزەل تاغلىرىغا قاراپ، جاراڭلىق بىر ئاۋاز بىلەن «مۇھەققەق كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەۋج ئۇرغان دەريا

قىرقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان - نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق دۈشمەن بوشسۇن.
— «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن.

يولنى سەن تاللايسەن، يول بولسا سېنى تاۋلايدۇ. يولغا ئاتلانغان ئادەم چوقۇم مىھنەتكە مۇھەببەت باغلايدۇ ھەمدە مۇھەببەتنىڭ ئۆزى سېنىڭ مىھنىتىڭگە ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى بەزىدە مىھنەتتىن ئىمتىھان ئالىدۇ. ئىنساننى جاپا، بالا - قازا ھەتتا ئۆلۈم ئارقىلىق سىنايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ يولغا قىلىچ كۆتۈرۈپ ئاتلانغان باھادىرلار خۇددى سېپىنى چېكىنى سىقىپ تۇتقان قولىدىكى قىلىچقا ئوخشاش كەسكىن بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. دانالار «ئەڭ ئىتتىك قىلىچ بولسا ئەڭ ئۇلۇغ ئوتتا تاۋلانغان ۋە ئەڭ كۆپ بازغان يېگەن قىلىچتۇر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. شۇڭا بۇ يولدا ماڭغان يولچىلار جاپالارغا، دەردلەرگە چىدايدىغان بىر يۈرەككە، ئىشەنچىگە، ساداقەتكە ئىگە بولۇشى ۋە يولنىڭ ھەر دوقمۇشىدا تۆلەيدىغان بەدەللەرگە تەييار تۇرۇشى لازىم.

ئـەردەم يولنـىـڭ بېشـىـدىلا بـەدەل تۆلەشـكە باشـلىغان ئـىـدى. ئەمما ئـۇ تۆلىگـەن بەدەللـەر قانچە ئېغـىر بولسـىمۇ، يەنـىـلا سـەۋر قىلىشـنى بىلـدى ۋە روھىنىـڭ بىـر يەرلـىرى ھـوزۇر ئىچىـدە ئىـدى. چۈنكـى، كۈندىـن ـ كۈنگـە ئېرىشـىۋاتقان غەلىبىلـەر، يېڭىلىۋاتقـان دۈشـمەنىنىڭ ئاقىۋىتـى ئۇنـى ھازىرقـى ھالىدىـن مەمنـۇن بولۇشـقا ئۈندىگــەن ئىــدى. بولۇپمـۇ ئۇنــىڭ يـاش يۈرىكىــدە بىلىنــەر ـ بىلىنمـەس تۇيۇلـىپ تۇرغـان بىـر ئىشـق ئوتىنىـڭ ئۇچقۇنلـىرى ئۇنـى تېخىمۇ بـەك ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى. ئـۇ خىيالـلار دېڭىزىـدا ئـۈزۈپ يـۈرۈپ ۋاقتىنىـڭ قانچىلىـك تېـز ئۆتـۈپ كېتىۋاتقانلىقىنـى سـەزمەيلا قالغانــدەك قىلاتتــى.

«قىشقا راسلان كېلىش بىلەن قۇتلۇق ياز،
تۈن ـ كۈن كېچىپ تۈگەيدۇ زامان بىلەن ئاي.»

دېگەنـدەك ھـەش ـ بـەش دېگۈچـە قاراقاشـتىن يولغـا چىققىلى بىـر ئايـدەك بولـۇپ قالغـان ئىـدى. مانـا مۇشـۇ بىـر ئايغـا يېقىـن جەريانــدا ئۇنــىڭ بېشــىدىن نورمـال بىــر ئادەمنىــڭ بىــر ئۆمرىــدە ئۆتكۈزىدىغـان كەچۈرمىشـلەردىنمۇ كـۆپ، ئاجايىپ ۋەقە ـ ھادىسـلەر ئۆتكەنىـدى. ھەتتـا ئۆزىمـۇ ئـۇ ئالەمنىـڭ ئىشـىكىنى چىكىـپ قويـۇپ قايتىــپ كەلگەنىــدى. شـۇ تاپىنىـڭ ئۆزىــدە ئـۇ دەريانىــڭ بويىــدا ئولتــۇرۇپ بېشــىدىن ئۆتكــەن ئىشـلارنى ئــۆز كۆڭلىــدە، ئاجايىــپ پاسـاھەتلىك بىـر كىتابنـى ۋاراقلىغانـدەك بىـر ـ بىرلـەپ ۋاراقلاشـقا باشـلىدى. بـۇ ئاجايىــپ تراگېدىيەلــەر، ھىجرانلارنــى ۋە ئــۇرۇش ئوتلـىرى ئىچىـدە ئۆتكۈزگـەن كۈنلەرنـى كۆڭۈل خاتىرىسـگە ئاجايىپ

تەسىرلىك سۆز ۋە جۈملىلەر بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئىدى. ئەنە شۇ ئەلەم بىلەن تىزىلغان تەسىرلىك سەترلەر مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ شاۋقۇنلىرىدا تېخىمۇ تەسىرلىك تۈيۈلۈپ ۋە تېخىمۇ جانلىنىپ ئۇنىڭ قەلبىنى جۇغلىدى ۋە ھىجران ئازابىدىن يۈرىكىدىكى ئىزتىراپلار دەريا سۈيىدەك ئۆرتۈندى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئىلچى پۈتۈنلەي ئازات بولغان ئىدى. بۈگۈن ئازاتلىقنىڭ خوشاللىقىغا خوشاللىق قوشۇلۇپ ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان نورۇز بايرىمىنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتى تەنتەنىلىك ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. يەنە بىر ئەڭ مۆھتەشەم خوشاللىق بولسا ئەردەمنىڭ ياش قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ شەيداسى ئات چاپتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى سۇمۇرغ باشلىق پىچىقنى يەرگە سانجىپ، يانىڭ ئوقىدەك ئۇچلانغان تاياق بىلەن يەرنى سىزىپ تۇرۇپ خىيال كىتابىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلىدى:

— قاراقاش ئازات بولغاندىن كېيىن باش قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال قوشۇننى رەتلەپ، بارلىق ئىشلارنى جايىب-بجايىدا يولغا قويۇپ، تېزلىك بىلەن مىڭغا يېقىن قوشۇننى چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ بىلەن تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئىسمائىلنى باش قىلىپ زاۋا دېگەن يەرگە يوللىغانىدى. بۇ ئارقىلىق گۇمىدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزگەنىدى. گەرچە ئەردەممۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ دۈشمەن ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالغانىدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەردەمنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئايرىماي خاس مۇھاپىزەتچىسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن بىرگە

ئىلچىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانىدى. ئەرەننىمۇ ئەردەم بىلەن بىرگە زاۋا يۈنىلىشتىكى قوشۇنغا ئەمەس، بەلكى ئىلچى يۈنىلىشىدىكى قوشۇنغا قىتىلغانىدى.

زاۋا يېزىسى قاراقاشنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان يېزا بولۇپ، بۇ يېزا توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەر كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ. قەدىمكى ئىران شاھزادىسى سىياۋۇش كېرىيە دۆلىتىگە كېلىپ پادىشاھ ئابدۇللاھ شاپۇرغا كۈيئوغۇل بولغان ھەم كېرىيە دۆلىتىنىڭ بىر قىسمىنى باشقۇرغانىكەن. قەدىمكى ئىراندىن كەلگەن زاۋار ئىسىملىك بىر كىشى سىياۋۇشنىڭ يۇرت باشقۇرۇشىغا ۋە بۇ يەردە ئۆستەڭ قېزىشىغا ھەمكارلاشقانىكەن. بۇ كىشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆستەڭنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «زاۋار» دەپ ئاتاشقانىكەن. بۈگۈنكى زاۋا دېگەن يەر نامى ئەنە شۇ «زاۋار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانمىش. بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «زاۋا» دېگەن سۆز قەدىمكى خوتەن تىلىدا چەت، ياقا، بۇرجەك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى تەجەللىنىڭ بۇ يۇرتلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قاراقاشنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زاۋىغا چىقىپتۇ. شۇ يەردە بولغان بىر قېتىملىق مۇتالىئەدە باشقىلار ئۇنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا تەجەللى بۇنداق نەزمە ئوقۇغان ئىكەن:

«ئۇندا دەردلەرگە داۋا بار، بۇندا ھاجەتلەر راۋا،

ياخشىراقتۇر بەلخ، بۇخارادىن زاۋا.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شائىر تەجەللى بۇ نەزمە ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ۋەتىنىگە، يۇرتىغا بولغان چەكسىز سۆيگۈسىنى مەدھىيەلىگەن. مانا بۈگۈن ئابدۇللاھ باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلىرىمىز ئۆز ئانا يۇرتىنى دۈشمەنىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتەن، يۇرت، ئەل سۆيگۈسىنىڭ ھەممىدىن يۈكسەك بىر سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بۇ سۆيگۈنى ئۆزىنىڭ ياش جانلىرىنى قەلەم قىلىپ، قىزىل قانلىرىنى سىيا قىلىپ، ئانا تۇپراقنى قەغەز قىلىپ يازغان مەڭگۈلۈك داستانلىرى ئارقىلىق، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن يولغان ئاتلانغان ئىدى.

ئابدۇللاھ بىلەن ئىسمائىل ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ گۇمدىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ ئويلاپ زاۋىدىن ئۆتۈپ، پىيالمىغا قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ لېكىن ھىلىگەر دۈشمەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرى «تاش سانىغىچە قۇم سانىغان» ئىدى. دۈشمەن كۈچلىرى كېچىلەپ توختىماي يول يۈرۈپ ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان چۆللۈككە ئالدىنئالا كېلىپ مۆكۈنۈپ، يىلاندەك يۆگىلىپ يېتىپ توزاق قۇرغانىدى. بۇ چاغدا 23 كىلومېتىرلىق چۆلدە چارچىغان قەدەملىرىنى مىڭ تەسلىكتە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بولسا ھارغىنلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ناھايىتى خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى. ئەمدىلا يېگىرمە بەش ياشقا كىرگەن بۇ ياش قوماندان ئابدۇللاھ، تەجرىبىلىك دۈشمەنىنىڭ قۇم بارخانلىرى ئىچىگە پۇسۇ قۇرۇپ ياتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن دەيسىز. ئۇ يۈگۈرۈك، قىزغۇل ۋە بۇلۇتتەك قاشقىسى بار ئاتىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزەڭگىنى چىڭ دەسسەپ، قاتار ـ قاتار ئوقلار تىزىلغان ئوقدانىنى ئېسىۋالغان ئورۇق گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ھاياتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق جەڭگە ئاتلانغانىدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئانىسى سەيدىنىسەخان بەرگەن قىپ ـ قىزىل قىزىرىپ پىشقان ئىككى مايلىق توقاچنى قويىنغا سېلىپ كېتىۋاتقان ئەبەيدۇللاھ بولسا، دۇنيادىن بىغەم خۇددى ئوغلاق تارتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يىگىتلەردەك ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. ئۇ مىنىۋالغان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سول قولىدا ھەۋەس بىلەن تۇتۇپ، پۇتى بىلەن ئاتنىڭ ئىككى ئاق بىقىنىغا يەڭگىل دېۋىتىپ، نازۇك گەۋدىسىنى بېسىپ تۇرغان ئوۋ مىلتىقىغا نۇرلۇق قوي كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆككەن قۇملۇق يولدا كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن تاڭ سەھەردە چاقنىغان قۇياشنىڭ سان ـ ساناقسىز نۇرلىرى ئاستىدا، جالالىدىنخان ئۆزى مىنىپ يۈرگەن ئەتىۋارلىق ئالتۇن رەڭلىك يۈگرۈك ئېتىنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن قىسقا ساپلىق، يۇمشاق تاسمىدىن توقۇلغان قامچىسىنى ئوغلىنىڭ يوغان، ئەمما يۇمران ئالقانلىرىغا تۇتقۇزغانىدى. ئارقىدىن يەنە يىللاردىن بېرى ئوۋغا چىققاندىلا ئىشلىتىدىغان ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقدىنىغا ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقلىرىنى بىللە قوشۇپ، ئەمدىلا ئون يەتتىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەبەيدۇللاھقا بېرىپ، جەڭگە ئۆز قولى بىلەن يولغا سالغانىدى. دادىسىنىڭ ئەنسىرەش ئەمما ئارزۇ ـ ئۈمىدكە تولغان ئۆگۈتلىرى ئەبەدۇللاھنىڭ بىغۇبار كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغانىدى. «ئۈمىد يوق يەردە ئات چاپمايدۇ» دەپ، بۆگرۈل شاش ئاتمۇ يولغا ئالدىراپ، ئېرغىپ تۇرۇپ نۇقتىلىرىدىكى مىستىن ياسالغان كىچىك قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئەتراپقا يايغانىدى.

مانا ھازىر قۇم ئۈستىگە يېيىلغان ئارقاندەك، ئۇزۇن سوزۇلۇپ بەخىرامان كېتىۋاتقان كۈرەشچى قوشۇننىڭ ئۈستىدە

نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياش بىر خەتەرنىڭ ئالامىتىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى تىنىماي جىمىرلىتىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئازۇق ئوقلارنىڭ ئاۋازى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىش بىلەن تەڭ، غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئۈستىگە شامالدا كۆچكەن قۇم دانچىلىرىدەك يېغىشقا باشلىدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن زەربىگە ئۇچرىغان قوشۇن باش - ئايىغىنى بىلەلمەي سەپلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئابدۇللاھ دەرھال ئۆز قوشۇنىدىكىلەرگە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچىنىڭ زەربىسىدە، ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئونلىغان ئۆلۈكلەرنى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يانلىرىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ، ئارقىغا چېكىندى. بەزى قىنى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەر چېكىنىشنىڭ ئورنىغا ئارسلاندەك ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرۇپ قوراللىرىدىن توختىماي ئوق ئۈزدى. ئەمما، ئوپ - ئوچۇقچىلىقتا قالغان قوشۇن نۇرغۇن شېھىت بەردى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قوشۇن ئارقىغا چېكىنىپ تۇرۇپ كۈچىنى قايتا توپلىۋالدى - دە، بىر - بىرلىرىنى قوللاپ، قوغداپ ئۆلۈمدىن قورقماي دۈشمەننىڭ پىلىمۇتلىرىدىن چىقىۋاتقان ئوق ئۇچقۇنلىرىغا قارشى كونا قوراللىرىنى بىر پايدىن - بىر پايدىن بەتلەپ ئوق ئۈزۈپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. كۈرەشچى جەڭچىلەر دۈشمەن تەرەپكە غەزەپ بىلەن قاراپ، ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن تىرىشتى. جەڭ تازا قىزىپ كەتتى. ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ كۆكسىدە غەزەپ ئوتلىرى يانغاچقا، شۇنچە بەدەل تۆلەپ تۇرۇپمۇ يەنىلا چېكىنىشنىڭ ئورنىغا قەتئىيلىك بىلەن قارشى تۇرۇشنى تاللىدى. ئەمما شېھىتلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەتراپتىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ سانىغا سان قوشۇشقا باشلىدى. ھەش - پەش دېگۈچە يۈزدىن

ئوشـۇق باھادىـر شـېھىت بولـدى. بـۇ چاغـدا ئابدۇلـلاھ كەسـكىن قىلىـپ چېكىنىـش ئۇچـۇن ئەمـر قىلـدى. ئەركىنلىـك جەڭچىلىـرى ئارقىغـا چېكىنىـپ تـۇرۇپ سوقۇشـتى. ئەمما ئىبىـل قورالـلار بىلـەن قوراللانغـان، مۇنتىزىـم تەربىيـە كۆرگـەن دۈشـمەن ئەسـكەرلىرى جانلىرىنـى ئالقىنىغـا ئېلىـپ تـۇرۇپ ئارقىدىـن توختىمـاي قوغـلاپ ئـوق ئـۈزدى. ئابدۇللاھنىـڭ قوشـۇنى چېكىنىـپ قـۇم راباتقا كەلدى. قـۇم رابـات دېگـەن بـۇ يـەر بولسـا دۆۋە ـ دۆۋە قـۇم بارخانلىرىدىـن تەشـكىل قىلىنغـان چۆللـۈك بىـر يـەر ئىـدى. مانـا بـۇ چۆللۈكتـە 10 ـ ئەسـىرنىڭ ئاخىرلىرىـدا قاراخانىيـلار خانلىقىنىـڭ قوشـۇنى خوتـەن بۇددىسـت خانلىقىغـا ئىسـلام يـۈرۈش قىلغانـدا، ئىسـلام قوشـۇنىنىڭ ئالدىـن يـۈرەر قوشـۇنىنىڭ سەركەردىسـى ئىمام مۇھەممەد شـاكىر ئۆز قوشـۇنى بىلـەن مۇشـۇ قۇملـۇق يولىدىـن ئۆتۈۋاتقانـدا، قـۇم ئارىسـىدا مۆكـۈپ ياتقـان خوتـەن بۇددىسـت قوشـۇنىنىڭ تۇيۇقسـىز زەربىسـگە ئۇچـراپ شـېھىت بولغـان. ئارقىدىـن كېلىۋاتقـان ئىسـلام لەشـكەرلىرى يېتىـپ كېلىـپ، ئىمـام مۇھەممـەد شـاكىر قاتارلىـق شـېھىتلەرنى مۇشـۇ قۇملۇققـا دەپنـە قىلغـان ۋە تـۇغ ـ ئەلـەم تىكلـەپ ئۇلۇغلىغـان. خوتەنگـە بارىدىغـان يـول شـۇ قـۇم ئېغىزىدىـن ئۆتىدىغـان بولغاچقا بـۇ يەرنـى كىشـىلەر «قـۇم رابـات» دەپ ئاتىغـان، بـۇ يەردىكـى شـېھىتلىك مازىرىنـى «قۇمـاق پاششـىيىم» مازارلىقـى دەپ ئاتـاپ، ئۇلۇغـلاپ، تـاۋاپ قىلىـپ كەلگـەن. مانـا شـۇ تاپنىـڭ ئۆزىـدە بۇددىســت خىتـاي ئەسـكەرلىرى بىلـەن ئۇيغـۇرلار مۇشـۇ ئۇلـۇغ مـازاردا دەھشـەتلىك جـەڭ قىلىۋاتاتتـى. ئەممـا، يەنـىلا دۈشـمەن كۈچلـۈك، ئاكتىـپ ھالەتتـە ئىـدى. ئابدۇللاھنىـڭ قوشـۇنى بولسـا ئاجىـز، مۇداپىئـە ھالىتىـدە ئىـدى. قۇمـاق پاششـىيىم مازارلىقىغـا قوشـۇلىۋاتقان شـېھىتلارنىڭ سـانى خېلىـلا كـۆپ ئىـدى. ئابدۇلـلاھ ئـۆز قوشـۇنىغا يەنـە بىـر قېتىـم چېكىنىـش ئەمرىنـى بـەردى. ئەممـا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قېنىـي قىززىـپ كەتكـەن ئەبەيدۇلـلاھ قاتارلىـق بىرقانچـە يىگىـت چېكىنىشـكە ئۇنىمىـدى. بـۇ چاغـدا ئابدۇلـلاھ كەسـكىن قىلىـپ:

ــ ئەمرىم، ئەمردۇر! تېزدىن چېكىنىڭلار! ــ دېدى.

ئابدۇللاھنىڭ ئەمرىنى ھىمايە قىلغان ئىسمائىل:

ــ چېكىنەيلـى! ئاتىلىرىمىز «ئەمر تۆمۈرنى كېسـەر» دەپتىكەن. ئەمرگـە ئىتائـەت قىلىشـىڭلار كېـرەك. دەرھـال ئارقىغا چېكىنىـڭلار، ـ دەپ، ۋاقىـردى.

غەزەپكـە كەلگـەن ئەبەيدۇلـلاھ، ملتىقىغا يەنـە بىـر پـاي ئوقنى بەتلـەپ، بىـر ئەسـكەرنى چەللـەپ ئاتتـى ـ دە، نائىـلاج ئارقىغـا چېكىنـدى. ئـۇلار شـۇ چېكىنگـەن پېتـى تېزلىـك بىلـەن تـار بۇغـۇز دېگـەن جايغـا كېلىـپ، ئىسـتىھكام قـۇرۇپ مۇداپىئـەدە تـۇردى. ئەسـىر نامىزىنىـڭ ئالدىـدا دۈشـمەن قوشـۇنى ئارقىدىـن قوغـلاپ زاۋىنىـڭ تـار بۇغـۇز دېگـەن جايىغا يېتىـپ كەلگەچكـە، ئىككـى تـەرەپ ئارىسـىدا قاتتىـق بىـر مەيـدان جـەڭ باشـلىنىپ كەتتـى. بـۇ جەڭـدە دۈشـمەن كۈچلىـرى يەنـىلا ئۈسـتۈنلۈكنى ئىگىلىـدى. ئەركىنلىـك جەڭچىلىرىنىـڭ سـانى گەرچـە كـۆپ بولسـىمۇ ئەمما قوراللار يېتەرسـىز، جەڭچىلـەر تەجرىبىسىز ئىـدى. ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسـىنىڭ قوللىرىـدا يەرلىـك تۆمۈرچىلـەر سوققان قىلىچ، نەيـزە، كەكـە ـ پالتـا قاتارلىـق قورالـلار بولغاچقـا، مۇنـداق ئىككـى تـەرەپ ئـوق يېتىـم مۇسـاپە قويـۇپ ئېتىشـىۋاتقان جەڭـدە، ئۇنـداق قورالـلار كارغـا كەلمـەي قالغانـدى. ئابدۇلـلاھ، ئىسـمائىل ۋە ئەبەيدۇلـلاھ قاتارلىـق قومانـدان ۋە يىگىتلەرنىـڭ ئوقلىـرى تۈگـەپ، ئوقدانلىـرى قۇرۇقدىلىـپ شـالاقلاپ قالغانـدى. بارلىـق ئەركىنلىـك جەڭچىلـىرى كـۈن بويـى تىنىمـاي جـەڭ قىلغاچقا ھالسـىزلىنىپ كەتكـەن ئىـدى. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ھـەم ئـاچ ھـەم ئۇسسـۇزلىنىپ كەتكەچكـە ھېـچ

ماجالــى قالمىغانــدى. شــۇڭا قوشــۇنىنىڭ بــەزى ئىســتىھكاملىرى دۈشــمەننىڭ قولىغا ئۆتــۈپ كەتتــى ۋە شــېھىت بولغانلارنىــڭ ســانى بەكمــۇ كــۆپ ئىــدى. كــەچ كىرىۋاتاتتــى، قۇيــاش ئــەڭ ئاخىرقــى هارارىتىنــى چېچىــپ، قــان بىلــەن بويالغــان بــۇ خىلــۋەت چۆللۈكنــى تېخىمــۇ قىزارتىۋەتكــەن ئىــدى.

«دالــدا بــۆرە هۇۋلىســا، ئۆيــدە ئىتنىــڭ باغــرى تارتىشــار» دېگەنــدەك، ئەركىنلىــك جەڭچىلىــرى ئــەڭ قىيىــن ئەهۋالــدا قالغاندا، ئەتراپتىكــى دېھقانلاردىــن تەشــكىللەنگەن پىدائىيــلار تــۆت تەرەپتىــن قــارا چــاڭ ـ توزانلارنــى ئۆرلىتىــپ، ئارســلاندەك هۆركىرىگــەن ئاۋازلارنــى چىقىرىــپ، ســەپ تارتىــپ يېتىــپ كەلگــەن ئىــدى. ئــۇلار كەتمــەن ـ گۈرجــەك، كالتــەك ـ چوماق، پالتــا ـ كەكلــەر بىلــەن قوراللانغــان بولــۇپ، هازىــر ئۇلارنىــڭ كۆزىگــە ئۆلــۈم دەيدىغــان نەرســە كۆرۈنمەيتتــى. شــۇڭا ئــۇلار ئالدىغــا نېمــە كەلســە شــۇنى ئېلىــپ دۈشــمەن تەرەپكــە قارىتىــپ ئېتىــپ، ئــوق ۋە بومبىلارنــى يامغــۇردەك ئۈزۈلدۈرمــەي ياغدۇرۇۋاتقــان دۈشــمەن ئىســتىھكاملىرى ئالدىغا «ئاللاهــۇ ئەكبــەر! ئاللاهــۇ ئەكبــەر!» دەپ، تەكبىــر ئېيتىــپ تــۇرۇپ ئېتىلىــپ بېرىــپ، هۇجــۇم قىلىۋاتاتتــى. بــۇ پىدائىيلارنىــڭ جاســارىتىنى كۆرگــەن ئابدۇللاھ:ـ نېمەتلىــرى ئارقىلىــق ياخشــىلارنى پەزىلەتلىــك قىلغــان، رەھمىتــى ئارقىلىــق ئۈزۈلگــەن رىشــتىلەرنى مەزلۇملارغــا باغلىغــان، غەزىپــى ئارقىلىــق زالىمــلار ئۈســتىگە تــاش ياغدۇرغــان ئاللاهقا هەمــدۇ ـ ســانالار بولســۇن!،ـ دەپ، ئــۆز هالىغا شــۈكرە قىلدى ۋە ئەســكەرلىرىنىڭ جاســارىتىگە جاســارەت قوشــۇلدى.

زاۋۇتنىــڭ دېھقــان پىدائىيلىــرى كەئبىنــى چېقىــش ئۈچــۈن كەلگــەن يەمــەن پادىشــاھى ئەبرەھەنىــڭ ئەســكەر ۋە پىللىرىنىــڭ ئۈســتىگە تــاش ياغدۇرغــان ئەبابىل قۇشــلىرىدەك، دۈشــمەن ئۈســتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تورى
www.uyghurkitap.com

قاراتقان ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇ ھەيۋەتلىك پىدائىي خەلق ـ ئامىسىدىن شۇنچىلىك قورقۇپ، ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جېنىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي قېچىشقا باشلىدى. خۇددى «ئارسلان ھۈركۈرسە ئاتنىڭ ئايىغى كالۋالىشىدۇ» دېگەندەك، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ يىقىلغانلىرىنى ئارقىسىدىكىلىرى دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئالدىدىكى قاراڭغۇ چۆللۈككە قاراپ بەدەر قاچقاتتى. بۇ چاغ بەك كەچ بولۇپ كەتكەن مەزگىل بولغاچقا ئەتراپ قاپ ـ قاراڭغۇلۇققا پۈركىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆللۈكنىڭ يوللىرى بەكمۇ يامان بولغاچقا، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قاچقان دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن پىدائىيلار قوشۇنى ئىز بېسىپ قوغلىمىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى شۇ قاچقان پېتى ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي ئۇدۇل گۇمىغا بېرىپ توختىغانىدى. «قايناپ ـ تېشىپ تۇرغان دەريا كېچىكسىز بولماس» دېگەندەك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە خەلقنىڭ قەھرىمانلىق روھىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنى ئېغىر بەدەل تۆلىدى. نەچچە يۈزلىگەن شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئادەمسىز چۆللەردىكى قۇم دانچىلىرىنى قىزىل رەڭگە بوياپ، بەئەينى قىزىل مارجاندەك قىلىۋەتكەن ئىدى. چۆل يوللىرىدىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ غوللىرىدا ئۇيۇپ قالغان قانلار چۆلدە ئەسكەن شاماللاردا قورۇپ قارىداپ، خۇددى بۇ يۇرتنىڭ خەلقىنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك قالغان قان داغلىرىغا ئوخشاش ئەبەدىي يوقالماي ساقلىنىپ قالدى. ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بۇ يۇرتلارنىڭ ئەللىرى غەم ـ غۇسسىگە چۆكمەكتە، نالە قىلماقتا، غەزەپلەنمەكتە، ئاخىر ئۇلاردىن مۇشت كۆتۈرۈپ

چىققانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئۈلغايماقتا ئىدى.

ۋاھ! مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم! دۈشمەنىنىڭ زەربىسىگە قارشى، زالىمغا قارشى، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى مۇش كۆتۈرگەن خەلقىم! مەن ئەنە شۇنداق جەڭدە يېرىلغان، قان داغلىرى بار مۇشلارنى سۆيىمەن. ئەركىنلىك ئۈچۈن، ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئۈيغۇر دۆلىتى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان مېنىڭ خەلقىم! مەن ئەنە شۇنداق قولىغا قورال ئالغان قوللارنى سۆيىمەن. ئەنە شۇنداق ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرغان قەلبلەر بولسا چىن ئىنسان قەلبىدۇر. مەن ئەنە شۇنداق ۋەتەن ئۈچۈن يانغان چىن قەلبنى سۆيىمەن. مەن ئەنە شۇنداق قانلارنى تۆكۈپ قايتىدىن تىرىلىۋاتقان ۋە ئازابلىق تراگېدىيەلەر ئىچىدە كۆككە بېقىپ قايتىدىن ئويلىنىۋاتقان روھلارنى سۆيىمەن. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ خەلقىم بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىمنى، بىر يولدا ئىكەنلىكىمنى ۋە ئۇزۇن بىر يولغا ئاتلانغانلىقىمنى، ئەڭ مۇھىمى ھەقىقىي بىر ئۈيغۇر ئەۋلادى ئىكەنلىكىمنى ئەسلىتىدۇ.

ئەردەم ئەنە شۇ خىياللار ئارىسىدا ئاق بۇجغۇنلارنى چىقىرىپ ئېقىۋاتقان قاراقاش دەرياسىغا قارىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتى شۇ توختاۋسىز ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى توختىماي ئويلايتتى ۋە تەپەككۇر قىلاتتى، ئۇ ئىچىدە يەنە ئويلىدى.

بۇ دەريا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر دەريا. ئۇلۇغلۇق دېمەك بارلىققا كەلتۈرگۈچى ۋە يول كۆرسەتكۈچى دېمەكتۇر. خوتەندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ماكان ئىككى يېنىدىن پاراللېل مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەريالىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىندۇرمىلىرىدىن بارلىققا كەلگەن گۈزەل بىر زېمىندۇر. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دەريا بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا دەريا ھەقىقەتەن يول كۆرسەتكۈچىدۇر. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ ئۆزلىرىگە يول ئاچقان ۋە دەريا ۋادىلىرىگە ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ھەر قانداق دەريا ئېقىنى پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن تارماق ئېقىنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ئالغا قاراپ ئېقىشقا تايىنىپ ئاندىن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك دەريا بولغان. مۇستەقىللىق كۈرىشىمۇ ھەم شۇنداق. قوشۇنىمىز كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئەتراپتىكى بارلىق كۈچلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ يۈكسىلىپ مېڭىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەش يولىدا مۇھىم بولغىنى بىر يول كۆرسەتكۈچىنىڭ بولۇشى. بىزنىڭ يول كۆرسەتكۈچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم. ھەزرىتىم شۇ خوتەن دەرياسىدەك ئۇلۇغ بىر دەريا، ئۇلۇغ بىر ئېقىن، ئۇلۇغ بىر روھ، ئۇلۇغ بىر يول باشچى. دەريانىڭ كۈچلۈك ئېقىنى نۇرغۇن تاش - شېغىللارنى ۋە شاخ - شۇمبىلارنى ئېقىتىپ ماڭىدۇ؛ ئۇلۇغ روھلارمۇ نۇرغۇن ھاماقەت ۋە خۇنۈك روھلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇپ پاكلايدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ. دەريا ئالدىغا قاراپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىلا مەنزىل گاھى، دەريا ئېتىقاد، مەدەنىيەت، يەنە مەسئۇلىيەت ۋە ئارزۇ - ئارمانلارنى بىللە ئېلىپ ئاقىدۇ. بىزنىڭ يولباشچىمىزمۇ ھەم شۇنداق. ئۇ دائىم بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ، غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ. ئەركىنلىككە يۈزلەندۈرىدۇ، داۋاملىق مەنزىلنى كۆزلەپ يول ئالىدۇ. تاغلاردىن، قىيا تاشلاردىن سىرىلىپ چۈشۈپ ئاققان دەريالارنىڭ ئېقىنى ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس بولىدۇ. شۇڭا شىددەتلىك ئېقىن ھاسىل قىلالايدۇ. بىزنىڭ كۈرەشلىرىمىزمۇ ھەم شۇنداق.

ماڭغان يوللىرىمىز تۈز ئەمەس. جاپا ـ مۇشەقەتلىك يوللاردا يۈرمەكتىمىز. دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتىمىز. دەريا بولسا رىۋايەتلەردىكى يۈتسىز قۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالدىغا قاراپ ئۈچقىنىغا ئوخشاش، ھېچ توختىماي ئاقىدۇ. ئەنە شۇنداق ئاققانىدىلا مەنزىلگە تېز يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بىزمۇ ھازىر ھەم شۇنداق. توختىماي جەڭ قىلىپ نىشانغا تېز يەتمەكتىمىز.

ئەردەم ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئۆز روھىنى تاۋلاۋاتاتتى ۋە بۇ ئەركىنلىك كۈرىشىنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى چۈشىنىپ يەتمەكچى بولىۋاتاتتى. بىر نەرسىنى شۇ نەرسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلۇقىغىچە چۈشەنگەن ئادەم، ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقىي ياخشى تەرىپىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ساداقەت كۆرسىتەلەيدۇ.

ئەردەم يەنە ئۆزىنىڭ قاراقاشتىن يولغا چىققان چاغلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسكە ئالدى، ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى باھارنىڭ ئەسكەن شامالLIرىدەك يەڭگىل كېلىپ، خىيال ئىكرانىنى سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇ بىردىنلا ئالىكنى ئەسكە ئالدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئالىكمۇ چەكسىز كەتكەن قوشۇننىڭ ئالدىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئەردەم بىلەن ئەرەنگە ئەگىشىپ ماڭغانىدى. ئەسلىدە قاراقاشتا نۇرغۇن مەھەللە ئىتلىرىمۇ يول بويىغا چىققانىدى. ئەمما ئۇلار خۇددى ماشكىدەك ئالىكنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمىدى. بەلكى ئۇ ئىتلار ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن قاتتىق ھۈركۈگەن بولسا كېرەك، ئۇلار جاھاندا نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاپاق بىسىپ يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى چوڭراق ئاچالماي، توپ - توپ قوراللىق كىتىۋاتقان قوشۇننىڭ ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان چاڭ - توزانلار ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئىدى. ئاخىرى ئۇلار چاڭ - توزان ۋە سۈرەن - شاۋقۇنلار ئاستا تىنچىغاندا، بىر قانجۇق ئىتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ قايتىشقان ئىدى. ئەمما ئالىك ئۇنىداق قىلمىدى. ئەردەم ئۇنى ئىلىپ ماڭغۇسى كەلمەي ئۇنى قوغلىغاندا، ئۇ خۇددى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىتىدەك: «يولۇڭ يولۇمدۇر، جىنىڭ جىنىمدۇر، رەببىڭ رەببىمدۇر» دېگەندەك قىلىپ، ھېچ ئارقىسىغا يانماي تا جەڭ مەيدانىغىچە، قۇيرۇقى چىگىلگەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ يېنىدا سەپ تۈتۈپ ماڭغان ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇنچىلىك كۆپ ئادەملەر توپىغا ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەردەم بىلەن ئەرەننىڭ ئاتلىرىنىڭ تۈگۈپ چىگىلگەن قۇيرۇقىغا ھەيران - ھەۋەس بىلەن قاراپ ماڭاتتى. تارىختا تۈرك قەۋملىرى جەڭگە ماڭغاندا ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ چىگىشنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، بۇنىداق قىلىش يېگىتلىكنىڭ، ئالپلىقنىڭ، باھادىرلىقنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ چىگىش ئەسلىدە جەڭ جەريانىدا ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تۇياقلىرىغا تېگىپ سۆرۈلۈپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئىلىش مەقسىتىدە شەكىللەنگەن. ئەڭ دەسلەپتە تۈرك قەۋملىرىدىكى ئالپلار جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى كىسىپ تۈگۈپ ياساش ئادىتى بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ پىداكارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئادەتلەردىن ئىدى. ئەگەر ئالپ جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتسە، مازىرىغا ئات قۇيرۇقىدىن ياسالغان تۇغ تىكىلىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. كېيىنچە بۇنىداق ئادەتلەر جەڭگە ئاتلانغاندا ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ چىگىپ قويۇش

ئارقىلىق ۋەتەن ۋە مىللەت غۇرۇرىنىڭ ئوبرازىنى بىلدۈرىدىغان ئېسىل بىر ئادەتكە ئۆزگەرگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا ئات قۇيرۇقىنى چېگىش ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار بار:

قۇيرۇقنى قاتتىق تۈگدۇق،

تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ سانا ئېيتتۇق.

ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق،

ئالداپ يەنە قاچتۇق.

دېمەككى، «ئەل قالار، ئادەت قالماس» دەپ، ئەينى زاماندىكى ئادەتلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئالىكىنىڭ ھازىر قىزىقتۇۋاتقىنى دەل شۇ ئىنسانىنى جەڭگىۋارلىقىقا، باتۇرلۇققا، ئەركىنلىككە ئۈندەيدىغان كونا يولدىكى كونا ئادەتلەرنىڭ ئىزنالىرى ئىدى.

يول يۈرگەنسېرى ئەردەمنىڭمۇ ئالىكقا بولغان سۆيگۈسى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك مېڭىشلىرى خۇددى ئوغۇزخان داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزخان قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. ئالىكىنىڭ ساداقەتمەن خىسلىتى ئەردەمنىلا ئەمەس تاغلاردا ھايۋانلار ئارىسىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن ئەرەننىمۇ ئاجايىپ ھەيران قالدۇرغانىدى. ئىنسان روھىنىڭ بىر قىسمى، ھايۋانغان بولغان سۆيگۈنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن ئاندىن ئويغىنىدۇ. ئەگەر بۇ ھاياتلىقتا باشقا جانلىقلار بولماي پەقەتلا ئىنسانلار يالغۇز بولىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانىنىڭ روھى ئەلۋەتتە تەنھا بىر يالغۇزلۇق ئىچىدە كىرلىشىپ، زەئىپلىشىپ، ئەرۋاھقا ئايلانغان

بولاتتى. شۇڭا ئەسكى خەۋەرنىڭ بىشارىتى بولغان بايقۇشمۇ زۇلمەتلىك كېچىنىڭ زىننىتى بولالايدۇ.

يول يۈرۈۋاتقان قوشۇن داۋاملىق مەنزىلگە قاراپ توختىماي يىلان باغرىدەك ئەگرى يولدا ھەيۋەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئەگرى يوللار يۈتسە يولنىڭ ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان ئۇزۇن تۈز يوللار باشلىناتتى. بۇ يوللار قەدىم يوللار، ئەسىرلەردىن بېرى تۆگە كارۋانلىرى، ئاتلىق ئالپلار ئۈزۈلمەي داۋاملىق مېڭىپ تۇرغان يوللار. ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ دىياردىكى يوللارنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كارۋانلار بىسىقماي ئۆتۈپ تۇرغان، ئالپلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرغان. بولۇپمۇ يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭغان كارۋانلار بۇ يوللاردىن ئەسىرلەر بويى توختاۋسىز قاتىرىغان ئىدى. ۋاھالەنكى دېڭىز يوللىرى ئېچىلىپ يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى بىلەن بۇ يوللار تىنچلانغان ئىدى. ئەمما، كارۋانلارنى بۇلايدىغان قاراقچىلارنىڭ ئورنىغا يەرلىك مىللەتلەرنى بۇلايدىغان تاجاۋۇزچىلار پەيدا بولغانىدى. مانا بۈگۈن شۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى چوقان كۆتۈرۈلدى، ئەركىنلىك سوقۇشى بولدى، يوللاردا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، ئاۋاتلاشتى، مۈرىلىرىگە قوراللارنى ئاسقان ئەزىمەتلەرنىڭ ئاياق ئاۋازلىرى بۆرىلەرنىڭ ھوۋلاشلىرىدەك ئەتراپنى زىلزىلىگە سالدى، غەمكىنلىك، مىسكىنلىك ۋە ئۆمچەرەشلەر، يالۋۇرۇشلار، كۆز ياشلار غايىپ بولۇپ، ئورنىنى جەسۇرلۇق، باھادىرلىق، جاسارەت ئېلىپ، ھاياتقا ھايات، جانغا جان قاتتى. ئىنساندا ئىشەنچە بولسا جەسۇر بولىدۇ. قىلغان ئىشىدا تەلەپچان ۋە ئىمان بولسا ئاخىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. ئۆلگەن روھلار ئويغانسا ئىچىدىكى نەپرەتنى دۈشمەنگە ئوق قىلىپ بەتلەپ ئاتىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يول

باشلىشى بىلەن ئىلچىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ شەھەرگە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى ئاقتاشقا يېقىنلاشقاندا، شەھەردىن بىر بۆلۈك ئامبالنىڭ ئەسكەرلىرى چىقىپ شۇ يەرگە ئىستىھكام قۇرۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بۇ كەڭ كەتكەن بىر دالا بولۇپ، بۇنداق جۇغراپىيەلىك شارائىتتى ئەپسىز بىر يەردە، قوشۇننىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمما نە چارە، يول ئالدىغا مېڭىش بىلەن ئاۋۇيدۇ، دە. ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى، ئىستىھكاملىرىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توردى. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق بىر مەيدان جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جەڭ قىلىش كۈرەشچى قوشۇن ئۈچۈن پايدىسىز بولۇپ چىقتى. ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كۆتەك ھارۋىلارنىڭ چاقلىرىنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى، ۋەلېكىن دۈشمەن تەرەپتىن ھېچ چىقىم بولماي، ئىنقىلابچى قوشۇندىن كۆپ كىشى شېھىت بولدى. ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقاندا دۈشمەن ئوت كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يوشۇرۇنغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن دۈشمەنگە قارىتىپ يان قورالى ئارقىلىق ئوق ئۈزدى. دەل شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ بىر مەرگىنى مىلتىقنىڭ ئۇچىنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا توغرىلىغانلىقىنى كۆرگەن ئەردەم ئۇچقاندەك بېرىپ مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا ئۆزىنى قالقان قىلدى. ئوق كېلىپ ئەردەمنىڭ ئوڭ قولىنىڭ تاغاق سۆڭگىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تەگدى. ئۇ تەگكەن ئوقنىڭ زەربىسىدە ئارقىسىغا يىقىلدى. مۇھەممەد ئەمىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قېتىپلا قالدى، ئاندىن خۇدىنى يىغىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ياتقۇزۇپ تۇرۇپ:

ــ ئەردەم! ئەردەم! كۆزۈڭنى ئاچ! بىز تېخى يولنىڭ بېشىدا، بۇنداق تېز بىزدىن ئايرىلما! دەپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزلىرىنى ئەتىسىز ئالقانلىرى بىلەن سىلىدى. ئەردەمنىڭ مۈرىسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق قان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قۇچىقىنى قىپ ـ قىزىل قانغا بوياۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئەرەننىڭ يۈرىكىدە ئىنتىقام ئوتى لاۋۇلداپ ياندى ـ دە، ئالدىغا مېڭىپ دۈشمەنگە ئوق ئۈزدى، ئالىكمۇ خۇددى «قېرى بۆركۈتنىڭ تۇخۇمىدىن چىققان باراق ئىتتەك» شۇنچىلىك تېز دۈشمەن تەرەپكە قاراپ دەھشەتلىك قاۋاپ تۇرۇپ يۈگرىدى. ئالدىدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىدىن چىقىۋاتقان ئوقلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا مۆلدۈردەك چۈشۈپ يەردىن چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرىۋەتتى. ئالىك ئىستىھكامغا تەخمىنەن 50 مېترلىق ئارىلىق قالغاندا ئىككى پۇكلىنىپ يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن ئەرەن ئالدىغا مېڭىپ ئالىكنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ۋىڭ ـ ۋىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان ئوقلار ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن چېرىكلىرى ئۆزۈلدۈرمەي قول بومبىلىرىنى ئېتىپ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتاتتى. ئەمدى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇنداق ئوچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىشنىڭ قوشۇنغا پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ئەكىلىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىپ، قوشۇنغا دەرھال ئارقىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئەردەمنى بىر ئات ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ باشقا يارىدارلار بىلەن ئەتراپتىكى بىر تېۋىپنىڭ قىشىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ۋە شېھىتلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كۆتەك ھارۋىلارغا بېسىپ ئارقىغا قاراپ ياندى. ئەرەن ئارقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئالىكنىڭ تاشلار

ئارىسىدا ياتقان تېنىگە ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ تېنى يەردىكى تاشلار بىلەن بىرگە ئوق ـ دورىلارنىڭ پۇراقلىرى قاپلىغان كەڭ دالادا بارغانسېرى غۇۋالىشىپ ئاستا ـ ئاستا كىچىك بىر قارا چېكىتتەك كۆرۈنۈپ، كېيىن يوقاپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماي، بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىگە قايتىپ كەتتى. ئەردەم بولسا قان ئىچىدە ھالسىز ھالدا ئۆزىنىڭ يارىسىدىن بەتەررەك ئالىكنى ئويلىدى، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشنى ئەرەنگە ھاۋالە قىلدى. ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرىدىن، تاتارغان ئەپتىدىن يالۋۇرۇشنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن قان بەك جىق چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاخىرى ھوشسىز ھارۋىدا يېتىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەرەن بولسا ئەردەمنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئارقىغا يېنىپ، دۈشمەن ئىستىھكام قۇرغان يەرگە يوشۇرۇنچە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، ئالىكنىڭ ياتقان يېرىنى يېقىندىن كۆزەتكەن بولسىمۇ، «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس» دېگەندەك، يەردە قان داغلىرىدىن باشقا بىر نەرسىنى كۆرمىدى ۋە مەيۈسلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا يېنىشقا مەجبۇر قالدى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بولسا قوشۇنىنى دەريا بويىدىكى بوستانلىققا چېكىندۈردى ۋە قول ئاستىدىكى پالۋانلارغا بۇ يەرگە چېدىر تىكىپ قارارگاھ قۇرۇشنى، يارىدارلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى خىلۋەت بىر يەردە ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۆيى ھەم كىچىككىنە شىپاخانىسى بارلىقىنى ئەسكە ئالدى. ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا كونا تونۇشلاردىن ئىدى. شۇڭا ئەردەمنىڭ ئەھۋالىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئەنسىرىگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەردەمنى ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ قېشىغا ئۆزى ئاپىرىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا تۆت مۇھاپىزەتچى بىلەن بىرگە ئەردەمنى ھارۋىدىن چۈشۈرمەيلا ئۇدۇل يولغا چىقتى. يول قىسقىلا بولغاچقا ئۇلار ھايال ئۆتمەي يېتىپ كېلىشكەن ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەردەمنى ھارۋىدىن ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئۇدۇل ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى. يېقىندىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقتىكى تۆت ئېغىزلىق ئۆيلەر بولسا، مانا مۇشۇ ئەتراپتا چىقىدىغان تەبىئىي ماتېرىياللاردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ سېلىنغان ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۆيى ئىدى. بۇ يەردە ئەلمىساقتىن توغراق كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا ھەم ئۇنىڭ غولى ناھايىتىمۇ چىداملىق ئۆي ماتېرىيالى بولالىغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭ تۈز غوللىرىنى لىم، تۈۋرۈك قىلىپ ئۆي سېلىشقا ئىشلىتەتتى. شاخ - شۇمبۇلىرى بىلەن ئۆگزىنى ياپاتتى ۋە ئۆينىڭ يان تاملىرىنى تورىغان بادىرلارغا توغراق شاخلارنى ئەپچىللىك بىلەن باغلايتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىنى دەريا ياقىسىدىكى قارا پاتقاققا كالا - قويلارنىڭ ماياقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن لاي بىلەن سۇۋاپ چىقاتتى. بۇنداق ئاددى ئۆي سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەتراپتىكى تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا بېغىشلىغان نېمەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىناتتى. بۇنداق ئۆيلەر ئىسسىق تومۇزدا ناھايىتى سالقىن بولاتتى، قىشنىڭ قەھرىتان جۇدۇنلىرىدا ناھايىتىمۇ ئىسسىق تۇراتتى. سىرتىن سەت، قوپال كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىنسانلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان، ئۇلارغا يېڭى بىر ھايات ئاتا قىلىۋاتقان ئاتاقلىق تېۋىپ ئىلاخۇن بىلەن ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىككى دۇنيالىق پەرزەنتى ئاي يۈزلۈك قىزى پەرۋىن ياشايتتى.

ئىلاخۇن تېۋىپ بولسا ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن، يۈزلىرى قىزىرىپ پارقىراپ تۇرىدىغان، رەتلىك پاكىز كىيىنىپ، ئۈستى - بېشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مۇلايىم مىجەزلىك، سۆزنى ئاستا دانە - دانە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيدىغان مۇشۇ ئەتراپتىكى ھېكىملەرنىڭ داڭلىقلىرىدىن ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ يېنىغا تاشكەنتتىن، ئەنجاندىن، كابۇلدىنمۇ بىمارلار كېلىپ داۋالىناتتى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن تۇجىلەپ ياسىغان «جەۋھەرلەر»، «ھەبلەر»، «خېمىرلار»، «شەربەتلەر»، «زىمادلار»، «مەلھەملەر» قاتارلىق مۇرەككەپ دورىلىرىنى چەت ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ بۇ خوتەن دىيارىدا 2500 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ناھايىتىمۇ تەرەققى قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تاكى ھازىرغىچە داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، دورىگەرچىلىك ئىشلىرىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. بۇ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، شۇنداقلا ساغلام ھالدا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆز ئورنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئەسىرلەردىن بېرى يوقاتماي ساقلاپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئاسراش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تونۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نەزەرىيە سىستېمىسى، ئەملەش ئۇسۇلى ۋە دورىگەرلىك تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھېكىملەرنىڭ ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىمۇ ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ دورا رېتسېپلەرنى

www.uyghurkitap.com

تولۇق بىلىش بىلەن بىرگە مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىلاخۇن تېۋىپمۇ ئەنە شۇ مۇرەككەپ دورا رېتسېپلىرىنى تولۇق بىلىدىغان، مول تەجرىبىلىك ھېكىملەردىن ئىدى. ئۇنىڭ قىزى پەرۋىن بولسا ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭ يېقىن ياردەمچى ھەمشىرىسى بولۇپ قالغانىدى. مانا ھازىر ئىشىكنى دەل شۇ ساھىپجامال قىز پەرۋىن ئاچقان ئىدى.

قىز ئىشىكنى ئېچىپلا كۆزىنى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قولىدا ھوشسىز ياتقان يىگىتنىڭ، پاخپايغان قاپقارا چاچلىرىغا، قويۇق قاشلار ئاستىدىكى يۇمۇلغان كۆزلەرگە، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزگە تىكتى ـ دە، ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇلارنى دەرھال ئۆيگە باشلىدى. ئۆيىنىڭ ئىچى ھەرخىل دورا ـ دەرمانلارنىڭ پۇراقلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تامنىڭ تۆۋىلىرىگە قاتار ـ قاتار تىزىلغان ياغاچتىن يونۇلۇپ، ئويۇپ ياسالغان جاملاردا ھەرخىل دورىلىق يىلتىز، قوغزاق، يوپۇرماق قاتارلىق تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خام ماتېرىياللار تۇراتتى. تاملارغا رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەشتاختىلاردا كىچىك شىشە قۇتۇلىرىغا قويۇلغان مەجۇنلار، مۇراببالار، مەلھەم قاتارلىق ياسالغان دورىلار ۋە خوتەن قەغىزىدىن تۇپلەنگەن قىلىن ـ قىلىن كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوچاقنىڭ ئېغىزىدىن كۆيگەن ئوتنىڭ چوغلىرى كۈللەرنىڭ ئارىسىدا يېنىك سوقۇۋاتقان يۈرەكتەك پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا ھاۋانچىدا دورا خۇرۇچلىرىنى سوقۇپ ئولتۇرغان ئىلاخۇن تېۋىپ قولىدا يارىدارنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى كۆرۈپ، قولىدىكى ھاۋانچىنىڭ تىشىنى دەرھال قويۇپ، ئورنىدىن شۇنچىلىك تېز تۇردى ـ دە، ئەردەمنى

قويۇش ئۈچۈن يېنىغا قويۇلغان كۆرپىنىڭ ئۈستىنى كۆرسىتىپ ئۇلار بىلەن قىسقىلا سالاملىشىپ، ئىشنىڭ ماھىيىتىنىڭ جىددى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، قىزنىغا:

ـ قىزىم دەرھال ئىسسىق سۇ تەييارلاڭ، ئاندىن پاكىز لۆڭگە ۋە داكىلارنىمۇ دەييار قىلىڭ، دەپلا ئەردەمنىڭ نېمە بولۇپ يارىلانغانلىقىنى سورىدى ۋە ئوق تەگكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەردەمنىڭ ئوق تەگكەن يېرىگە سىنچىلاپ بىر قاراپ، ئوبدان تەكشۈردى. ئۇ ئەردەمنىڭ يېنىدا يۆكىنىپ ئولتۇرۇپ، سول قولىنىڭ بىلىكىنىڭ تومۇرىنىڭ سوققۇشىنى تىڭشىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن ئىككى كۆزىنىڭ كىرپىك ئىچىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىمارلارنى كۆرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئەسۋاپلىرى بار ياغاچ ساندۇقىدىنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن قايچىنى قولىغا ئالدى. قولىدىكى قايچىسى بىلەن يارا ئېغىزىنى يېپىپ تۇرغان جايدىكى چاپان ۋە كۆينەكلىرىنى كىسىپلا يارا بار يەرنى ئاچتى ۋە ئەردەمنى ئاستا سول تەرەپكە سىگايان قىلىپ ئاستىغا يەردىكى بىر ياستۇقنى ئاۋايلاپ قىستۇرۇپ، دۈمپىسىنىڭ يارا ئېغىزىنى تەكشۈردى. ئاندىن بېشىنىڭ ئۈستىدە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ تۇرغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە مۇھاپىزەتچى يىگىتلەرگە قاراپ تۇرۇپ:

ـ ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت قان كۆپ چىقىپ كېتىپ ھالسىزلىنىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. يارىسىمۇ ئۈنچىلىك ئېغىر ئەمەس، ئوقمۇ بەدەننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالماقتۇ، تەلەيلىك يىگىت ئىكەن. «ئىنسانىنى ئۆلۈمدىن ئەجەل قوغدايدۇ» دەپ، يىگىتنى راسلا ئەجەل قوغداپتۇ. ئوق ئادەمنىڭ ئەڭ بىخەتەر يېرى بولغان جايغا تېگىپ، تېشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇقنىڭ چىققان جايىدىكى يارا ئىغىزى بىر ئاز چوڭ، تىكمىسەك قان بەك تەستە توختايدۇ ھەم يارىسى تېز ساقايمايدۇ. شۇڭا دەرھال تىكىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمدى سىلەر بىشىمىزدا قاراپ تۇرماي، يان تەرەپتىكى ھوجرىغا چىقىپ، دەم ئالغاچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، ھايال ئۆتمەيلا سىلەرنى چاقىرىمەن، ـ دەپ ئۇلارنى سىرتقا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ئۇنىلىرىنى چىقارماي سىرتقا چىكىتىشكە، پەرۋىن بىر قولىدا ئاپتۇۋا، يەنە بىر قولىدا چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ، بىلىكىگە ئاپپاق ئىككى تال لۆڭگىنى ئارتقان ھالدا دادىسىنىڭ قولىغا سۇ تۇتماقچى بولغان ساھىپخانىدەك كەلدى. ئاندىن دادىسىنىڭ يېنىدا يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ، بىلىكىدىكى لۆڭگىلەرنى ئەپلىك ئوتتۇرىدىن قاتلاپ، يۇمىلاق چەمبەرسىمان چىلاپچىنىڭ ئىچىگە قويدى، ئاندىن بويى ئېگىز، ئۇزۇنچاق كەلگەن قورساق قىسمىغا نەقىشلەر ئويۇلغان ۋە جوغىسى خەت شەكلىدە چىرايلىق ياسالغان ئاپتۇۋادىكى ئىسسىق سۇنى لۆڭگىلەرنىڭ ئۈستىگە تەكشى قۇيدى. پاكىز لۆڭگىلەردىن كۆتۈرۈلگەن ھور بىلەن بىر خىل مىزىلىك پۇراق ئەتراپقا ئاستا يېيىلدى. قىز لۆڭگىنىڭ بىرىنى سۇدىن ئېلىپ يەڭگىل بىر سىققاندىن كېيىن دادىسىغا سۇندى. ئىلاخۇن تېۋىپ لۆڭگە بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى ناھايىتىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن پاكىز سۈرتتى. ئاندىن يەنە بىر لۆڭگىنى ئېلىپ ئەردەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يارا ئىغىزلىرىنى پاكىز قىلىپ قايتا ـ قايتا سۈرتكەندىن كېيىن ئالدىن تەييارلىۋالغان بىر سۇيۇقلۇقنى پىلتىكۈچكە تەگكۈزۈپ يارىنىڭ ئەتراپىنى يەنە بىر قېتىم ئاستا سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلىدى ۋە قىزىغا:

ـ مەن يارىنى تىكىكچىلىك دەرھال، مەلھىمى جەدۋارنى ھازىرلاڭ قىزىم. لازىملىق دورا ماتېرىياللار رېتسىپىگە قاراپ ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ تەييار قىلىڭ.

ـ دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ مەلھەملەرنىڭ ياسىلىشىنى يادقا بىلىمەن. مەسىلەن: جەدۋاردىن 5 گىرام، زەرجۇۋا، تال پوتلىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى....

ـ بولدى قىزىم مەن ئىشەندىم، ئاغزىڭىز سۆزلىگۈچە قولىڭىز ئىش قىلسۇن.

ـ سىز خاتىرجەم بىمارنىڭ يارىسىنى تىكئۈپىرىڭ دادا، مەن بۇ دورىنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ۋە كېتىدىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچىمى بويىچە ياخشى ئۆگەنگەن. ئۇلارنى مەن «مۇرەككەپ دورىلار خەزىنىسى» ناملىق كىتابتىكى مۇرەككەپ رېتسىپلار قاتارىدا يادقا ئېلىۋالغان دېدى ـ دە.، گېپىنى تۈگىتىپلا تامنىڭ تۆۋىدىكى ياغاچ جاملارغا قويۇلغان، پوستا، يوپۇرماق، يىلتىز قاتارلىق دورا ماتېرىياللارنى ئۆلچىمى بويىچە ئايرىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئىلاخۇن تېۋىپ بولسا يېنىدىكى ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك قۇتىدىن يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى ئېلىپ يارا ئېغىزلىرىنى تىكتىشكە كىرىشتى. ئۇ قىزىدىن سەل خاتىرجەم بولالمىدىمۇ قانداق؟ ياكى ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەستايىدىللىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يەنە قىزىغا قاراپ تۇرۇپ:

ـ پەرۋىن قىزىم، پوستا، يوپۇرماق، يىلتىز قاتارلىقلارنى ھاۋانچىدا ئوبدان ئىزىپ تالقان بولغىچە سوقۇڭ. ھەرگىز يېرىك بولۇپ قالمىسۇن. شۈنچىلىك يۇمشاق بولسۇن. سۇدا قايناتقاندىمۇ ئوتنى بەك ئۇلغايتىۋەتمەي، ئاستا ـ ئاستا قايىنىتىڭ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇڭ تىگى تۇتۇلۇپ قالمىسۇن...

ـ دادا، مەن بىلىمەن، سىز خاتىرجەم، بىمارنىڭ يارىسىغا

تىكىش ئىدى. ئىچىدە يەنە بىر نەچچە سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ كەچتە ئۆيگە قايتىپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى.

يېڭىچە ياتاقخانىدا، قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەنسىزلىك ئىچىدە ياداڭغۇ ئىڭىكىنى ئوڭ قولى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. ئۇ دۈشمەننى سەل چاغلاپ قالغان ئىدى. ئەمما، بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن دۈشمەن كۈچىنى سىناپ باققان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەييارلىقسىز قىلىنغان ھەرقانداق بىر جەڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىچىدە بۇندىن كېيىن دەرھال قوشۇنلارنى قايتا رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە يارىدارلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان مۇقىم شىپاخانىلار ۋە ئۇلارنى داۋالايدىغان دوختۇر، تېۋىپلارنى، ھەمشىرىلەرنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇنتىزىم تەربىيەلىگەن قوشۇن ھالىتىگە ئەكىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە ھەرقايسى يېزىلاردىن كەلگەن پىدائىيلارغا مەخسۇس ھەربىي فورم كىيگۈزۈشنى ۋە چەت ئەلدىن ئوفىتسېرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزدى.

ئىلاخۇن تېۋىپ يارا ئېغىزىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن قىزى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان مەلھەمنى ئېلىپ يارا ئورنىغا ئىلمان ھالەتتە سۈرتۈپ، ئۈستىگە پاختا شارچىسى قويۇپ، ئاق داكا بىلەن قولتۇقتىن ئېلىپ تېڭىپ قويدى. ئاندىن:

- قىزىم سىز چىقىپ ئاكىلىرىڭىزنى چاقىرىپ كىرىڭ، مەن بىمارنىڭ قىشىدىن ئايرىلماي، يېگىت دەرھال ھوشىغا كېلىپ قېلىپ قورقۇپ كەتمىسۇن.

قىز يان ئۆيگە چىقىپ، ئۇلارغا خەۋەر قىلدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىتتىكلا ئۆيگە كىرىپ مۇرىسى تېڭىقلىق ياتقان ئەردەمگە سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئىلاخۇن تېۋىپتىن ئەردەمنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھوشىغا قاچان كېلىدىغانلىقىنى، يارىسىنىڭ قاچان ساقىيىدىغانلىقىنى، ھەتتا قانداق دورا ئىشلەتكەنلىكىدىن تارتىپ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئارقا - ئارقىدىن سوراپ كەتتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئىلاخۇن تېۋىپ ئالدىرىماي بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى ۋە چىرايلىق ياستىپ قويۇلغان ئاپپاق ئاقارغان كەكە ساقىلىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ:

- قولىمىزدىن كېلىدىغاننى قىلدۇق. ئەنسىرەشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئازراق ئاغرىقنى سېزىشى مۇمكىن، كېيىن مەلھەمنىڭ تەسىرىدە ئاغرىقمۇ ئاستا - ئاستا پەسىيىدۇ. ياش يىگىتلەر ئۈچۈن بۇنچىلىك يارا ھېچ گەپ ئەمەس، پات يېقىندىلا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. سەۋەبىنى بىز قىلدۇق، دەردىنىڭ دەرمانى، كېسەلنىڭ شىپاسى بولغان ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ياردەمچىمىز بولغاي!

بۇ جاۋابلاردىن مەمنۇن بولغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. ئاندىن ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ تاماق يەپ كېتىشىلە دەپ تۇتۇۋېلىشىغا قارىماي، ئەردەمنى ئىلاخۇن تېۋىپقا تاپشۇرۇپ قويۇپ، قوشۇن بار جايغا قاراپ ئالدىراپلا يولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى بىلەن بىرگە ئىلچىنى پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن جىددىي يىغىن ئاچتى. كېيىن زاۋادىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇللاھنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئىلچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئابدۇللاھ بۇيرۇقتا ئاساسەن شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىغا چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇپ، تۇغلارنى قاداپ قارارگاھ قۇردى. سېپىل دەرۋازىسىدىن ئوق يېتىم يىراقلىقتا قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتار ـ قاتار سەپ تارتىپ دۈشمەنگە ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەردىن قېچىپ كېلىۋالغان ھاكىملار، خىتاي پۇقرالىرى ساراسىم ئىچىدە قالغان ئىدى. ھەتتا ئاداۋەت، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق، شەھۋەت، ئاچ كۆزلۈك، ئىچى تارلىق، يالغانچىلىق، باغرى تاشلىق، ئۆزۈمچىلىك، ۋاپاغا جاپا قىلىش قاتارلىق يامان خۇيلار بىلەن خۇيلانغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان روزى سوپى، قارامەت ۋە تارىبەگ دېگەنلەرگە ئوخشاش خائىنلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تاتلىق جېنىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەجەل ھودۇقشىدا تاجاۋۇزچىلارغا يان تاياق بولىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلار سېپىلنى قورشىۋالغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىدىن قورقۇپ پۈتى كۆيگەن توخىدەك تىكاكلاپ چىداشلىق بېرەلمەي بىئارامچىلىق ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزىنىڭ رەزىل قارا نىيەتلىرىدىن يانماي ئۆشنىسىگە مىنىۋالغان زەھەرخەندە شەيتانىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگەن ھالدا ئامبالنىڭ ئالدىغا چىقىمچىلىق قىلغىلى بارغانىدى. بۇنداقلار ئۆزلىرى بىلەن ئاداۋىتى ياكى ئۆچى بولغان مەردلىك، ئەپۇچانلىق، راستچىللىق، سەۋرلىك، مېھرىبانلىق، ئىلىملىك، دانالىق ۋە ئادالەتلىك قاتارلىق ياخشى خۇيلۇق كىشىلەرنى «تېگى قاراقاشلىق قارا نىيەتلىك ئىسيانچىلار، بۇلار سېپىلنىڭ تېشىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن» دەپ، خوتەن ئامبىلىغا چاققان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆچىنى كىمدىن

ئىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئامبال، ئەمدى ئۈچ ئىلىشنىڭ پەيتى كەلدى دەپ بىلىپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ «توخۇنى ئولتۇرۇپ، مايمۇننى قورقىتىش» خىلىسىنى ئىشقا سالماقچى بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئامبالنىڭ چېرىكلىرى شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالارنى قارا - قويۇق تۇتۇپ، گاھ زىندانلارغا ئاتسا، گاھ بۇلاڭ - تالان قىلىۋاتاتتى، گاھ مەيداندا سۆر - ھەيۋىلىرىنى كۆرسىتىپ بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ كاللىسىنى چاپماقتا ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى قورقۇتۇپ، كۆرەشنى تىنچىتىشقا ۋە خوتەندىكى پۈتكۈل ئاۋام - رەئىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ بىقىندىلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. مانا ھازىر شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قاتار ئون جادۇ قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر جادۇنىڭ يېنىدا قوللىرى ئارقىغا باغلانغا بىردىن كىشى تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاراقاشلىق بولمىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلار ھەممىسى ئۇۋۇاللىققا ئۇچرىغان ئادەملەر بولۇپ، ئىچىدە پەقەت شۇ قارامەت ۋە تاربەگنىڭ ئۈچ ئىلىشىغا ئۇچرىغان ئالدالەتنىڭ يولىنى تۇتقان ئۆلما كىشىلەردىن ئۈچ كىشىمۇ بار ئىدى. تايىربەگنىڭ نىيىتى دەھشەت يامان ئىدى. ئۇ، مانا بۇ ئۈچ كىشىنى ئامبالنىڭ جاللاتلىرىنىڭ قولى بىلەن كاللىلىرىنى چاپتۇرۇش ئارقىلىق، زالىملارغا ياخشى چاق بولۇپ، مەنسەپ - دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىدى. ھەممىدە بۇندىن كېيىن دېھقانلارنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلاردىن نەپ ئۈندۈرۈش، خالىغانچە ھاشارغا سېلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ باي قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى.

مەيدانغا ئادەملەر لىقمۇ - لىق تولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادالەتلىك ئۇرۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەمەلىيەتتە بىز ئانچە تىنچلىق سۆيەر مىللەتلەردىن دەپ ماختىنىپ كېتىشىمىزنىڭ ئورنى يوق ئىدى. چۈنكى بىزمۇ سوقۇشقاقراق كېلىمىز. ئۆيدە ئەرلىرىمىز ئاياللار بىلەن تولا سوقۇشسا، سىرتتا ئاسانلا تەرسالىق قىلىپ بىر ـ بىرلىرىمىز بىلەن سوقۇشىمىز. باشقا بىر نىمىلەرنىڭ سوقۇشىنىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ سوقۇشلىرىنىمۇ كۆرۈشكە ھېرىسمەن بىز. بازاردا ئىككى كىشى مۇشتلىشىپ كەتسە ئاجرىتىپ قويىدىغان ئادەم چىقماي، ئىككىسىنىڭ كاللا ـ موللاق بولۇپ كېتىشلىرىنى تاماشا قىلىشىپ شاتلىنىپ كېتىمىز. ئەڭ ئاددىسى خورازسو قۇشتۇرىمىز، قوچقارلارنى سوقۇشتۇرىمىز، ئىت تالاشتۇرىمىز، بۆدۈنىلەرنى سوقۇشتۇرىمىز تېخى. بۇنداق چاغدا كىشىلەر بىكاردىن ئۆلىشىۋېلىپ تاماشا كۆرىدۇ. ھەتتا پۇل تىكىپ دوغا چىقىشىدۇ. تېخى بىز خەقنىڭ ئەركىنلىك چۈشەنچىسىمۇ باشقىچە بولۇپ، ئەنە شۇنداق ناكەس ئىشلارنى ئەركىنلىكنىڭ بىر پارچىسى دەپ بىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەركىنلىك چۈشەنچىسى بار بولىدۇ. بۇ ئەركىنلىكنى چۈشىنىش دەرىجىسى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭمۇ ئەركىنلىك چۈشەنچىمىز ئەلۋەتتە ئۆز سەۋىيەمىزگە تۇشلۇق ئىدى. مانا ھازىر ئون قېرىندىشىنىڭ كاللىسىنى جادۇدا توغراش ئۈچۈن ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقان جاللاتلارغا قاراپ تۇرغان رەئىيەت ئارىسىدا شۇنداق تاماشىچىلارنى يوق دېگىلىمۇ بولمايتتى. بەزىلىر بولسا خۇددى ئۇيۇن كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك ئىنتىلىكرەك جادۇغا توغرىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن تىت ـ تىت بولۇپ ئىچى سىقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاماشىبىنلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغان بىر نەچچەيلەن بولسا ئۆز پىلانلىرىنىڭ

بىر پارچىسى بولغان بۇ تىياتىرنىڭ دەرھال باشلىنىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق تاماشىبىنلاردىن بىرى دەل تارىبەگ ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى قاپلىغان بولۇپ، ئۇ بىر چەتتىن ئۆزىنىڭ باي بولۇش يولىغا تاش قويغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش پۈرسىتىگە ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق بىر تاماشىنى كۆرۈپ ئۆمرىنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خوشاللىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يەتتە ئېقلىمنىڭ شۇملۇقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى پال تېشىدەك پارقىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تويماس ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن كاللىسىدا يېڭى سۇيىقەستلەر ۋە يېڭى بىر ئارزۇلار بىخلىنىپ چىقىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، خىتايلارغا تۇتۇپ بەرگەن ئۆلىمالارنىڭ مال - مۈلكى بىلەن بىرگە بۇلاڭ - تالانغا ئۇچرىغان كىتابلىرى ئارىسىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق كىتابنىڭ «ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەرگە قۇربانلىق قىلىۋەتمە» دېگەن جۈملىلەر يېزىلغان يىرتىق بەتلىرى تارىبەگنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئەلمىساقتىن بېرى ياتلارغا يان بېسىپ ئۆز قەۋمىنىڭ ئايدىڭلىرىنى قۇربانلىق قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرسەتكەن شۇ «خىزمەتلىرى» ئۈچۈن ياخشى ئاقىۋەتكە قالغان ئەمەس. ئۇلارمۇ شۇ قۇربانلىقلىرى بىلەن تەڭ ھالاكەتكە بەخشەندە بولغان. بۇ ھاياتتا ئەنە شۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدىغان تارىبەگدەكلەر مال - دۇنياغا، مەنسەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن، ئاچ كۆزلىكىدىن، ھەرقانداق گۇناھنى، قىزىل كۆزلۈكنى، ھەتتا خائىنلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ. يەنە بەزى ئىنسانلار شۇنچىلىك ئويۇنپەرەس، تاماشا كۆرۈشكە ھەۋەسكار بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى مۇھىم ئىشلاردىن ۋاز كېچىدۇ ۋە ئۆز ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا ئىسلام تارىخىدا مۇنداق مۇھىم بىر ۋەقە سۆزلىنىدۇ.

«مۇھەممەد سەللەللاۋۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىدا خۇتبە سۆزلەش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا سودىگەر كارۋانلىرىنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىدىن بىشارەت بەرگۈچى دومباق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بۇ چاغدا نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىرى يۈكلەنگەن كارۋان شامدىن كەلگەن ئىدى. قەھەتچىلىكتىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان جامائەت بۇنى ئاڭلاپ، ‹نامازنى قىلىپ بولدۇق. خۇتبەنى ئاڭلىمىساقمۇ بولىدۇ› دېگەن ئوي بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىمايلا، مەسچىتتىن تالاغا قاراپ گۈلدۈرلەپ ماڭىدۇ ۋە ئۇدۇل كارۋان بار تەرەپكە يۈگرەيدۇ. بۇ چاغدا جۈمۇئە سۈرەسىنىڭ 11 ـ ئايىتى نازىل بولىدۇ. ‹(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرغان (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگرەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر. ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر› .»

ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ سىرلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل تۈيغۇلىرىدىن يىراق ئەمەس. لېكىن ھەر كۆزدە ئۇنى كۆرىدىغان نۇر، ھەر ئادەمدە ئۇنى تۇيىدىغان قۇلاق يوق. دېمەك، بۇلارمۇ ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىدىن بىرسى بولسا كېرەك. بەزى ئادەملەر روھلىرىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئويلاپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىزىلگەن، بەربات بولغان ئىنسانلار بولۇپ، قورساقتىن باشقا بىرغېمى يوق. بۇنداقلارنىڭ ئىرادىسى زەئىپ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەتتىكى روھى زەيىپ ئىنسانلاردۇر.

ئەمما، بۇ قېتىم زور كۆپچىلىك رەئىيەتنىڭ غەزىپى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. بىگۇناھ مەھكۇملار بىلەن جاللاتلارغا قاراپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ ئارىسىدا چارىسىز، ئۈمىدسىز، تولا يىغلاپ قۇرۇپ قىزارغان كۆزلەردىن باشقا يەنە نەپرەتكە، غەزەپكە، ئىنتىقامغا تولغان كۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئامبال تاقاق سالغان، بەزىلىرىنىڭ يۈزلىرىگە بەگلەر كاچات سالغان، بەزىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى دورغىلار، يايىلار بۇلاپ - تالىغان، بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى جازانىخورلارنىڭ زۇلمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا چارىسىز هالدا ئاشۇ تاماشىبىنلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈنكى رەڭگى - روھىدىكى قورقۇنچ ئالامەتلىرى بۈگۈن يوق ئىدى. ئۇلار بىر يول باشچىغا موهتاج ئىدى. خۇددى بىرسى سەرەڭگىنى شۇنداقلا ياقسا پارتلايدىغان ئوق دورىلىرىدەك چىرايلىرى غەزەپ - نەپرەتتىن قارىداپ كەتكەن ئىدى.

جاللاتلار بىگۇناھ ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان ئون كىشىنىڭ تىللىرىنى قىل بىلەن، قوللىرىنى ياغلىق قارا ئارقان بىلەن باغلىغان ۋە پۇتلىرىغا ئېغىر كىشەن سالغان بولۇپ، ئۇلارنى شۇ تۇرقى بىلەنلا جادۇغا ياتقۇزدى. ئۇلار خۇددى قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلانغان قويلاردەك قورقۇنچ ئىچىدە ئالاقزادە بولۇپ تىپىرلايتتى. جاللاتلار هېچ ئىككىلىنىپ تۇرماي، مىڭلىغان كۆرەرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا بويىنىنى قارا جادۇ بىلەن توغراپ بېشىنى تېنىدىن ئايرىدى. خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئۇپمۇ ئوچۇق قىلىنغان بۇ قاتىللىق، زالىملىق بولسا قۇرىغان يۈرەكلەرنى، ئىچى قۇپ - قۇرۇق كاللىلارنى، داۋاملىق غەم، مۇدهىش

بىزارلىق، يوقسۇللۇق ۋە زەئىپ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، نالىلىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ يۈرگەن ئاۋام - رەئىيەتنى قاتتىق بىر سىلكىگەن ئىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق بىچارە، ھەقىر ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ روشەن تونىغاندەك بولدى. خىتايلار بولسا بۇ قانلىق تراگېدىيەنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق زالىملىق ھۆكۈم سۈرگەن قۇمساڭغۇ تۇپراققا ئۆز قولى بىلەن ئىنتىقام سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان توغراق كۆچىتىنى تىككەن ئىدى.

جاللاتلار ئۇلارنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان كاللىسىنى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئاستى. شىمالى دەرۋازىسىغا ئاسقان ئۈچ باش نەق قاراقاشلىق دېھقانلارنىڭ باشلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى باش ھامۇت دېھقاننىڭ مەھەللىسىدىكى دوستلىرىدىن ساۋۇت بىلەن ئەمەتنىڭ باشلىرى ئىدى. ئۇلار قىشتا ئىلچىغا مەدىكارلىق قىلىشقا كەلگەن دېھقانلاردىن ئىدى. شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان قوشۇنغا پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان ھامۇت شۇ باشلارنى كۆرۈپلا تونىدى ۋە ئىچ - ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئاچچىق بىر ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوقتەك كېلىپ سانجىلدى. دوستلىرىغا بولغان مۇھەببەتكە چىلانغان يۈرىكى يارا زەربىسىدىن بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك پىلاڭلايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن سۆڭەكلىرى ئۆگە - ئۆگىسىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك سىقراپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇ كېسىلگەن باشلار ھامۇتنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئەزىز باشلىرى ئىدى. ئۇلار پەقەت ئەتىيازدا تېرىيدىغان ئۇرۇققا چۈشلۈق پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىلچىغا مەدىكار بولۇپ كەلگەن نامرات دېھقانلار ئىدى. بۇ دېھقانلار خۇددى مۇشۇ چۆللۈكلەرنىڭ قۇم دانچىلىرىغا ئوخشايتتى.

قـۇم دانچىلىـرى بىـر ـ بىرىگـە قارشـى قانـداق يۇمىـلاق، توغـرا ۋە ياخشـى بولسـا، ئۇلارمـۇ بىـر ـ بىرلىرىگـە شـۇنداق يۇمىـلاق، توغـرا، ياخشـى، ئاقكۆڭۈللـۈك بىلـەن مۇئامىلـە قىلىدىغـان كىشـىلەر ئىـدى. ئەنـە شـۇ ئاقكۆڭـۈل دېھقانلارنىـڭ پـاك جانلىـرى شـۇ نەپسـانىيەتچى خائىنلارنىـڭ مەنپەئىتـى ئۈچـۈن قۇربانلىـق بولـۇپ كەتتـى. سـېپىل دەرۋازىسـىغا ئېسـىلغان باشـلارنى كۆرگـەن ئـاۋام غـەزەپ ئوتـىدا ئۆرتەلـدى، ئـۇلار بـۇ ئىنسانىيەتسىزلىك دۇنياسـىنىڭ زۇلمـەت قايغۇسـىنى چوڭقـۇر سـەزگەن ئىـدى. سـېپىل سـىرتىدىكى ئـاۋام قورقـۇش ئەمـەس ئەكسـىچە دۈشـمەندىن ئىنتىقـام ئېلىشـنىڭ پۇرسـىتىنى كۈتتـى. هامـۇت دېھقـان بولسـا ئىچىـدە «سـېپىلنى ئۆرۈشـكە كۈچىمىـز يەتمىسـە، ئۆزىمىزنـى ئۆزىمىـز ئەيىپلەشلەشـنىڭ هېـچ هاجىتـى يـوق ئەلۋەتتـە، ئەممـا ئالدىمىـزدا سـېپىل بـار دەپ هەرگىـز بويـۇن ئەگمەسـلىكىمىز لازىـم، پەيـت كەلگەنـدە سـېپىلنى ئـۆرۈپ ئىچىگـە باسـتۇرۇپ كىرىـپ، ئۆچىمىزنـى ئېلىشـىمىز كېـرەك» دەپ ئىـچ ـ ئىچىدىـن جاسارەتكە تولـۇپ، ئادالـەت ئۈچـۈن جېنىنـى تىكىشـكە تـەق بولـۇپ تـۇردى ۋە كۆزلىرىدىــن قىسـاس ئۇچقۇنـى چاچرىتىـپ تـۇرۇپ، بىـردەم قوشـۇن قارارگاهـى تەرەپكـە قارىسـا، يەنـە بىـر دەم سـېپىلنىڭ تەخمىنـەن يەتتـە غـۇلاچ ئېگىزلىكتىكـى هەيۋەتلىـك تاملىرىغـا قارىـدى.

ئەسـلىدە بـۇ ئېگىـز سېپىل 1890 ـ يىلـى مەنچىـڭ تاجاۋۇزچى هۆكۈمىتىنىــڭ شــەرقىي تۈركىســتاندىكى بــاش ئەمەلــدارى لىـۇ جىنتاڭنىـڭ بۇيرۇقـى بىلـەن ياسـالغان. سـېپىلنى سېلىش ئۈچـۈن 15 يىــل كەتكــەن بولـۇپ، بـۇ جەريانــدا خوتــەن خەلقــى ئېغىــر هاشـارنىڭ زۇلمىنـى يەتكۈچـە تارتقـان. بـۇ سـېپىلنىڭ تـۆت تەرىپىگە تـۆت چـوڭ دەرۋازا ياسـتىلغان بولـۇپ، غەربىـي تامدىكىسـى يەكـەن دەرۋازىسـى، شـەرقىي تامدىكىسـى كېرىيـە دەرۋازىسـى، جەنۇبىـي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

تامدىكىسى توساللا دەرۋازىسى، شىمالىي تامدىكىسى قاراقاش دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەرۋازىلار قىلىن تۆمۈر بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، بۇ سۇرلۇك دەرۋازىلارنى ئاۋام خەلق «تۆمۈر دەرۋازا» دەپ ئاتىغان. مانا هازىر هامۇت دىھقان دەل قاراقاش دەرۋازىسىغا ئىسىلغان قاراقاشلىق دىھقانلارنىڭ باشلىرى ئالدىدا سېپىلغا قانداق كىرىشنىڭ غېمىنى يەپ تۇراتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆزى شەخسەن قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن كۈچلىرىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىم تەشكىللەپ زاۋا تەرەپكە بېرىپ كۆزەتتى. ئۇ بۇ جەرياندا يەنە خەلق ئاممىسىدىن تەشكىل قىلىنغان ناھايىتىمۇ زور بىر قوشۇن تەشكىللىگەن ئىدى.

1933 ـ يىلى 3 ـ مارت چۈشتىن كېيىن خوتەن ئامبىلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنىنىڭ كۈچىنى سەل چاغلاپ سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىپ، سېپىلنىڭ شىمالىدىكى ئىنقىلابچى قوشۇنغا توپ ـ زەمبىرەكلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ دەھشەتلىك باشلىنىپ كەتتى.

ئەيىۋھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

ئۇرۇش داۋام قىلماقتا ئىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى يەنىلا سەرخىل بولغاچقا، دەسلەپ ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنلىرى بىر ئاز پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئەمما ئارقىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەن، ئەبەيدۇللاھ قاتارلىق مەرگەن يىگىتلەر دۈشمەننىڭ سول قانىتى تەرىپىگە يوشۇرۇنچە يېقىنلىشىپ، دۈشمەننىڭ توپچى كۈچلىرى بىلەن پىلىموتچىلىرىنى چەللەپ ئازۇق ئوقلىرىنى ئېتىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ

ۋەزىيەتتە بىردىنلا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرى پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ ھالەتكە ئۆتتى. تەخمىنەن بىر ئاشپىشىم ۋاقىتتىن ئوشۇق ۋاقىت جەڭ شۇ ۋەزىيەتنى ساقلىغان ھالدا داۋام قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ۋەھشى ئېتىشىشىدىن كېيىن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچلىرى ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى، ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ياتقان يەرلىرىدىن تەڭلا دەس تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ۋە پىدائىيلار قوشۇنى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا بورانىدەك ئاسمان پەلەك چاڭ ـ توزانلارنى چىقىرىپ ئىلگىرىلىدى. دۈشمەن ئۆز ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، باشلىرىنى يۈرگىگەن پېتى سېپىل ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئارقىدىن ئاتلىق پالۋانلار زەپەر قوشۇپ قوغلىدى. پالۋانلارنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ نالىلىرىدىن چاقنىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى جەڭ مەيدانىنى كۆيدۈرۈپ قارىدىتىۋەتتى. ئۇلار شۇنچىلىك تېز كېلىپ، ئادالەتنىڭ شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ دۈشمەننىڭ بوينىغا ئۇردى. كېسىلگەن باشلار ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا ھاشارەتلەردەك چەيلىنىپ كەتتى. باش ۋە باشسىز تەنلەردىن چاچراپ چىققان قانلار يەر يۈزىنى بويىدى. تاجاۋۇزچىلار، زورلۇق قىلغۇچىلار قان دېڭىزىدا تىپىرلاپ ھالاك بولدى. سېپىلنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچقان خىتاي ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز چىققان قارا بورانىدەك سېپىلنىڭ قارا تۆمۈر دەرۋازىسىغا، قېلىن تاملىرىغا كېلىپ ئۇرۇلدى. ئەمما ئارقىدىن شىددەتلىك قوغلاپ كەلگەن باھادىرلار ئۇلارغا ھېچ ئارام بەرمەي ئالدىغا ئۈچرىغاننى چېپىپ، ئېتىپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. «تاتنىڭ كۆزگە ئۇر، تىكەننىڭ تۈۋىگە» دېگەندەك ھامۇت دېھقان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنچىلىك قارامىلىشىپ كەتتىكى قولىدىكى ئاي پالتىسى بىلەن گاھىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى دەللەپ چاپسا، گاھىدا موككىدا ئېگىشىپلا ئۇدۇلىغا كەلگەن ئەسكەرنىڭ پۇتىغا پالتا ئۇراتتى. شۇنداق قىلىپ تەخمىنەن بىر سائەتكە يېقىن قانلىق جەڭدىن كېيىن دۈشمەن قوماندانىدىن تارتىپ ئەسكەرلىرىگىچە نۇرغۇن دۈشمەن قىرىلىپ ھالاك بولدى. ئاز بىر قىسمى يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئامان - ئېسەن كىرىۋالغان ئىدى. خىتايلار، سېپىلنىڭ غەربىي تېمىدىكى يەكەن دەرۋازىسىدىن باشلاپ ئىچى قوشۇلۇپ گۈلباغقىچە بولغان ئارىلىقنى ئېگىز تاملار بىلەن قورشاپ ئىچىگە مەخسۇس خىتاي شەھىرى بىنا قىلىۋالغان بولۇپ، بۇ يېڭى بىنا قىلغان شەھەرنىڭ ئىچىگە يامۇل، ئەمەلدارلار ئۆيلىرى، گازارما، ئاشلىق ساقلىرىنى جايلاشتۇرغان. مانا بۇ دائىرىنى خىتايلار «خەنچېڭ» دەپ ئاتىغان بولسا، ئۇيغۇرلار «يېڭى شەھەر» دەپ ئاتىغان. ھازىر ئەنە شۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى خىتايلارنىڭ جانسىز تىزلىرى قارا تۇپراقنىڭ ئۈستىدە غال - غال تىترىمەكتە ئىدى. ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ بەدەللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدىلا خېلى ئېغىر دەرىجىدە تۆلىگەندەك بولدى. قىلغان زۇلۇملىرىنىڭ بەدەللىرىنى جېنى ۋە قىنى بىلەن تۆلەشتىن باشقا بىر يولنىڭ يوقلۇقىنى ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندى. يەنە بۇ مالىمانچىلىق جەڭدە شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ساپدىل، گۇناھسىز پاك دېھقان يىگىتلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇرۇش بولىدىكەن ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈش بولىدۇ. قانسىز ئۇرۇش ھېچ بىر زامان بولۇپ باقمىغان. ئۇرۇشنىڭ ئۆزىلا مۇنداقچە ئېيتقاندا شەكىل ئۆزگەرگەن قاتىللىق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قاتىل، بىر - بىرىگە جاللات. بىرسى بىرسىنى چوقۇم

ئۆلتۈرۈشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ ئۇرۇش ئۇرۇش بولماي قالىدۇ. ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. بەزىلەر ئۇرۇش ئارقىلىق باشقىلار تاجاۋۇز قىلىپ، مۇنقەرز قىلىپ ئۆزىنىڭ رەزىل نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، يەنە بەزىلەر ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى، دۆلىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغدىماقچى بولىدۇ. خوتەن خەلقىنىڭ بۇ ئۇرۇشى ئەنە شۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئۇرۇش ئىدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىر يولمۇ قالمىغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنىغا مەنسۇپ بولدى. ئۇلار دۈشمەن قولىدىن زەمبىرەك ۋە باشقا قوراللارنى ئولجا ئالدى. كونا شەھەر پۈتۈنلەي ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. بۈگۈنكى جەڭگە باشتىن - ئاياق شاھىت بولغان قېنىق ۋە تۇرغۇن كۆك ئاسمان باشقىچە كۆپ - كۆك دېڭىزدەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. كۆكتىكى قۇياشمۇ باشقىچە پارقىراپ تۇراتتى. يۇقىرىغا قارىغان ھەرقانداق بىر كىشى تەڭرىسال ئىستەكلىرى بىلەن ھاياجانلانماي قالمايتتى. سۆز سۆزلىيەلمىگەنلەرنىڭ يۈزلىرىنى تەبەسسۇم قاپلىغانىدى. خۇددى يۇقىرىدىن پۈتۈن گۈزەللىكلەر كېلىپ ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغقاندەك، بىر - بىرلىرى بىلەن سۆزلەشمەي تۇرۇپمۇ بىر - بىرلىرىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈشەتتى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بولسا قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بىكىتكەندىن كېيىن، ئىلچى كونا شەھەرنىڭ ئازات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىلچىغا قاراپ يولغا چىقتى. كونا شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزى ئىلچىنى تامامەن ئازات قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى تولۇق ئىجرا قىلدى. ئىككىنچى ئىنىسى نۇرئەھمەدنى زاۋا ئالدىنقى سەپكە قوماندان قىلىپ بىر قىسىم جەڭچىلەر بىلەن يولغا سالدى.

«يىلان يالپۇزدىن قاچىدۇ. ئۇ نەگە بارسا، يەنە يالپۇزغا دۇچ كېلىدۇ» دېگەندەك دۈشمەن بۇ قېتىم يالپۇزغا دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا ئەمدى قۇتۇلۇش پۇرسىتى ھەرگىز قالمىغانىدى. يېڭى شەھەر تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىنغان بولۇپ، مۇھاسىر ناھايىتىمۇ مۇستەھكەم ئىدى. خىتايلار سېپىل ئىچىدە ئېغىلغا سولانغان توڭگۇزدەك قامىلىپ قالغان ئىدى.

ئەردەم بولسا ئىلاخۇن تېۋىپ يارىسىنى تېڭىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە ھوشىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا ئوڭ مۈرىسىنىڭ ئاغرىقىنى سەزدى. ئاندىن تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرلىرى ئىچىدە جىلۋىنىپ تۇرغان زىلۋا بىر بوينىڭ ئوچاق بېشىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەردەم ئاستا بېشىنى ياستۇقتىن ئېلىپ، كۆكىش سېرىس ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ، سېرىق ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن تېقىمىغىچە سېرىلىپ چۈشكەن يېلىملەنگەن ئىككى ئۆرمە چاچنىڭ يالتىراق ھالىتىگە، ئاندىن ئۆينىڭ ھەممە ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئازراق جەزىملەشتۈرگەندەك بولدى. ئۇ سول قولىنى كۆرپىگە تىرەپ تۇرۇپ، تىڭىقلىق ئوڭ قولىنى ئاستا ئاۋايلاپ، غولىنىڭ ئاغرىغىنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراش ئىش قىلىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىر مۇددەت شۇنچىلىك زەڭ سېلىپ قاراپ، ئىختىيارسىز قىزنىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇردى. ئەردەم بىر جۈپ كۆزىنى، قىزنىڭ نازۇك

گۈزەل بەدەنلىرىدە بىر - بىرلەپ كەزدۈردى. دەل شۇ چاغدا قىز ئارقىسىغا شارتلا قىلىپ بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئەردەمنى كۆردى ۋە باش باھار چوكانتېلىنىڭ ياپراقلىرىدەك قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرى يەلپۈپ تۇرغان كۆكۈش گۆھەردەك كۆزلىرىنى ئەردەمنىڭ ئۈستىگە مەغرۇر تاشلاپ ئۇنى پۈتۈنلەي ھودۇقتۇرىۋەتتى. قىز دەرھال:

- ئاللاھقا يۈز مىڭ شۈكۈرلەر بولسۇن، ھوشۇڭىزغا كەپسىز. يارىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ قارىنىڭىز ئاچتى ھەقاچان. ھە، مەن مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى يەنى سىزنى داۋالىغان ئىلاخۇن تېۋىپ دېگەن دادامنىڭ قىزى پەرۋىن بولىمەن. بىزنىڭ دۇنيارىمىزغا خوش كەلدىڭىز.

سىزچۇ قاراڭ، بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆلدىمىكىن دەپ بەكلا قورقۇپ كەتكەنتۇق. كېيىن قارىسام نەدىكىنى، ئوق سىزنىڭ ئەڭ بىخەتەر يېرىڭىزنى يوقلاپ قويۇپ، چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ھوشىڭىزنى بىلمەيتتىڭىز. مانا ھازىر ساقمۇ-ساق تۇرىسىز. ھە راس، دادام سەھەردىلا سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلارغا كىرەكلىك دورىلارنى ئاپارغاچ:

يەنە يارىدارلار بولسا كۆرۈپ كېلەي. ئۇ يەردىكى تېۋىپ ۋە ھەمشىرىلەرگە ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس،- دەپ، چىقىپ كەتكەن.

ئەردەم، قىزنىڭ نەۋباھار ئۈرۈك چېچەكلىرىدەك تەبەسسۇمغا تولغان ئىككى مەڭزىنى ئايرىپ تۇرغان ئېگىز ئىنچىكە بۇرۇنلىرىغا، مىسلى ئويماقتەك چىرايلىق ئاغزىلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلىۋاتقان تاۋاتتەك سۆزلەرگە، كېپىنەكلەردەك ئەگىپ ئۇچۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان غۇنچە بويلىرىغا قاراپ، كىچىك

بىر ياپراقنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر دۇنيانى كۆرگەندەك ھالەت قېتىپ قالدى ۋە كۆزى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم راۋرۇس بىر ئىشقا يارىغاندەك تۇيۇلدى. ھېسلىرىمۇ بىردىنلا كۈچلىنىپ، ئۇ قىزنىڭ ئىچىدە بىر تۈرلۈك تىگى ـ تەكتىنى بىلمەيدىغان بىر كائىناتنىڭ بارلىقىنى تۇيغاندەك بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ غولى ئەمەس، بەلكى قەلبى قىزلاردا بولىدىغان بۇ تەنھا گۈزەللىكنىڭ ئاتقان ئوقىدا شىكەستىلەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ غولىنىڭ ئاغرىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتتى. قانداق قىلغاندا قىزغا ياخشى تەسىرات بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئۆزگە قىزنىڭ قانداق قىلىپ تېخىمۇ بەكرەك ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى قوزغاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە قىزنىڭ سورىغان تاتلىق سوئاللىرىغا قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خىياللارنى قىلىش ئىستىكى ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچىدى. ئۇ بىردىنلا قىزنىڭ گۈزەل يۈزىگە تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنچىلىك ھودۇقتىكى ئىككى سۆزنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ بىرە جۈملە تۈزەلمەي قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

ــ ھە، ئاغرىقىنى دەمسىز، ياخشى، ئوبدانلا ياخشى. مەن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. ئاللاھقا شۈكرى ھايات ئىكەنمەن. دادىڭىز ۋە سىزگە كۆپ رەھمەت. مېنى قۇتۇلدۇرۇۋاپسىلەر. ھە، مېنىڭ ئىسمىم ئەردەم.

ــ ھە، بىلىمەن. ئەسلى سىز تەشەككۈرنىڭ چوڭىنى، سىزنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن مۇھەممەت ئىمىن ئاكىغا ئېيتىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ كىشى سىزنى ئەكەلگەن چاغدا بەك قورقۇپ كېتىپتىكەن. سىزنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدەكلا كۆرىدىكەن. دادامغا

سىزنىڭ ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى ۋە ئۆزىنى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ كېتىپ قالدى. ھەمدە سىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭىزدىن دادامنىمۇ ئازراق خەۋەردار قىلدى. ئەمدى سىز كۆپ ئويلىماي ئوبدان دەم ئېلىڭ، مەن سىزگە ئازراق ئۇسسۇلۇق ئەكىلەي، ھەقەچان ئۇسساپمۇ كەتكەنسىز، لەۋلىرىڭىز قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن تاماقنى بىردەمدىلا تەييار قىلىمەن، ـ دەپ، پەرۋىن شۇنچىلىك ئەركىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئوچاق يېنىدىكى ئىدىشتىن، ئاپقۇرغا مۇزدەك سۇزۇك بولاق سۈيىنى قۇيۇپ، ئەكىلىپ ئەردەمگە سۇندى.

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! دەپلا ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيگە ئىلاخۇن تېۋىپ، مۇرىسىگە خۇرجۇننى ئارتقان پېتى كىرىپ كەلگەن ئىدى. قىز دەرھال دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇرىسىدىن خۇرجۇننى قولىغا ئېلىپ يەرگە قويدى. ئىلاخۇن تېۋىپ ئەردەمنىڭ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئورنىدىن مىدىرلىماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ بولدى، ئورنىڭدىن مىدىرلىما ئوغلۇم، سېنى ساق كۆرگەنلىكىم ماڭا ئالەمچە خوشاللىق ئەكەلدى. قېنى ئۆزۈڭ قانداقراق، غولۇڭ قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ قانداق؟ ئەمما، ئەنسىرەشكە ھاجەت يوق. بىرىنچىدىن ھەممىگە شافى بولغان ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئىشەن، ئىككىنچىدىن سەۋەب قىلغان مېنىڭ ھۈنىرىمگىمۇ ئىشەن. ھازىر مەن قارارگاھتىن كېلىۋاتىمەن. ھەزرىتىم سەھەردىلا زاۋۇ تەرەپكە يولۇش قىپتۇ. ئاغىنەڭ ئەرەن ۋە ئابدۇللاھلار ئىلچىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ھازىر سېنىڭ جىددى ۋەزىپەڭ ئوبدان دەم ئېلىپ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ، سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن

سەپداشلىرىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئانا تۇپراقتىن زالىملارنى تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش. بىز سىبىنىڭدەك جەسۇر يىگىتلەرگە موھتاج. ئۈزۈڭدىن بۇيان ھۇزۇرىمىز پايخان بولۇپ، دەرد ـ ھەسرەت ئىلكىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. «يەر باستۇرۇقى تاغ، خەلق باستۇرۇقى بەگ» دەپ، ھازىر ھەزرىتىمنىڭ يول باشلىشىدا ئاۋام ـ رەئىيەت بۇ قارا كۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا تەشنا بولماقتا. ئازاتلىق كۈرىشىمىز ئەمدى باشلاندى. تېخى ئالدىڭدا نى ـ نى جەڭلەر بار. شۇڭا تېزدىن ساقىيىشىڭ ئۈچۈن ئوبدان دەم ئېلىشىڭ لازىم ئوغلۇم.

ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۆز دادىسىدەك سەممىي كۆيۈنۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەردەم، ئىلاخۇن تېۋىپقا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تېزرەك ساقىيىپ، ھەزرىتىمنىڭ قىشىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پەرۋىن ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئەكىلىپ، دادىسى بىلەن ئەردەمنىڭ قولىغا سۇ تۇتقاندىن كېيىن، گۈللۈك دەستىرخان سېلىنغان كىچىك شىرەنى ئەكىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئۇستىگە ئۆزى پىشۇرغان كۆمەچنى ئەكىلىپ قويدى ۋە ئۇلارغا بىر پىيالىدىن سىنچاي تارتىپ بولۇپ:

ـ سىلەر چاي ئىچىپ، پاراڭلاشقان ئولتۇرۇڭلار، مەن ھازىرلار سىلەرگە ئۇگرە تەييارلايمەن. ـ دەپ، خىمىرغا تۇتۇش قىلدى.

ئىلاخۇن تېۋىپ، ئەردەمنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى، تەققى ـ تۇرقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىنسانىنىڭ جەسۇر بىر بارلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسان شۇ جەسۇرلۇقى بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلار ئۇستىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئىنسانىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى،

چۈشەنچە ۋە ۋىجدان ئەركىنلىكىنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىتتى. ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپادار كىشىلەرنى سۆيەتتى. ۋەدە بېرىپ بىر يولغا ئاتلانغان، بۇ يولدا ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان باھادىر ئەزىمەتلەرنى ھۆرمەتلەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا يانغان چاقماققا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ يانغان ۋاقىتلىرى شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما شۇ قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ، ئۇلاردىن يامغۇر دانچىلىرى ياغدۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن زېمىنغا يېڭى ھايات بەخش ئاتا قىلىدۇ، - دەپ، ئويلايتتى ئۇ.

ئىلاخۇن تېۋىپ بولسا، ئەردەمنىڭ ئۆز يول باشچىسى ھەزرىتىمنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويماي، دۈشمەن ئوقىغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ باھادىرلىقىنى ھەر ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن قارايتتى ھەتتا ئۇنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ئوغۇل قىلىۋېلىشىنىمۇ ئويلىمىدى دېگىلى بولمايتتى. ئەردەممۇ ئىلاخۇن تېۋىپقا ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى نېرىدا تۇرۇپ تاماق تەييارلاۋاتقان پەرۋىن قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىر - بىرلەپ ئاڭلاپ تۇردى. ئىلاخۇن تېۋىپ ئۆزىمۇ گەپدان ئادەم بولغاچقا، يىگىتنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھازىرقى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلقىنىڭ ھازىر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ۋە دۈشمەننى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنگەنلىكىنى ئېزاھلىدى. مانا بۇ ھادىسە كەڭ ئاۋامنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئويغىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ ئويغىنىش ئاۋازى پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

خوتەن دىيارىدىن ھالقىپ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەي قالمايدىغانلىقىنى، بۇنداق بىر ئويغىنىش ئاۋازى ئادەتتىكى بىر ئاۋازغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بۇ ئويغىنىش ئاۋازى پات يېقىندا پۈتۈن ئانا ۋەتەننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، روھىي دۇنياسىدا غەرق ئۇيقۇدا ياتقان بىر مىللەتنى تىترىتىۋېتىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەركىنلىك ھاۋاسىنىڭ پۈتۈن خەلقنىڭ كۆرەشچان روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار سىياسىي مەسىلىلەرنى ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇ سۆزىنىڭ تېمىسىنى ئۆز كەسپى تەرەپكە يۆتكەپ، تېبابەتچىلىكتە ئىشەت تېمىلاردىن سۆز ئاچتى. ئۇ ئالدىدىكى پىيالىدىكى چاينى ئىلىپ بىر ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ناھايىتمۇ زىچ باغلىنىشى بارلىقىنى، شۇڭا ئۇيغۇر تېبابىتى تەبىئەتنىڭ ھاياتلىققا دائىم زىچ تەسىر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بولۇپمۇ كەڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۆت چوڭ تادۇ، يەنى ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. تەبىئەت دۇنياسى بولسا بۇ تۆت تادۇ زىددىيىتى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق تەسىرىدە بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارسىزمادىدىلارنىڭ يېتىلمەيدىغانلىقىنى، ھاياتلىقنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بولسا، تۆت چوڭ تادۇ ئوخشاشمىغان تۆت خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە يەنى ئوت قۇرۇق ئىسسىق؛ ھاۋا ھۆل ئىسسىق؛ سۇ ھۆل سوغۇق؛ تۇپراق قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ، دەپ، قارايدۇ. ئۇلار

بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ، شۇنىڭدەك بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. بەدەندە ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بەدەندىكى قارىمۇقارشى پائالىيەتلىرى، يەنى بىرىكىشى ياكى تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە مىزاج ھاسىل بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىزاجى بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ مىزاج ئالاھىدىلىكلىرى تۆت چوڭ ماددىنى دەۋر قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى مىزاجغا مەنسۇپ بولۇشى تۆت چوڭ ماددىدىن قايسى بىرىنىڭ غالىپ ئورۇندا تۇرغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەسلىدە تەبىئەت ھېچقانداق بىر نەرسە جانسىز بولمايدۇ. ھەرقانداق نەرسە دائىم ھەرىكەت ئىچىدە بولىدۇ. تەبىئەتكە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆزدە دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلىدىغانلىقىنى، گۈللەرنىڭ سولىشىپ قۇرۇشىغا شاھىت بولىمىز. ئەمما، يەنە باھارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلىدىغانلىقىنى. ھەممە نەرسە قايتىدىن جانلىنىپ پۈتۈن تەبىئەت ياپ ـ يېشىلچىلىققا پۈركىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ دۇنيانىڭ نىزامىنىڭ دائىم ھەرىكەت ئىچىدە بولىدۇ، كونىسى ئۆلۈپ، يېڭىسى بارلىققا كېلىپ، يېڭىلىش ھالىتىدىكى ھەرىكەت نىزامىغا بويسۇنىدۇ. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىمۇ خۇددى ئەنە ئاشۇ تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرگە ئوخشاش دائىم ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ ۋە كونا زەررىچىلەر ئۆلۈپ يېڭىلىرى تىرىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىبابىتى تەبىئەت بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا دائىم تەبىئەتتىكى تەبىئىي ماددىلارنى خۇرۇچ قىلىپ ياسالغان

دورىلاردىن پايدىلىنىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھمۇد كاشغەري بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا ئۆزىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللەرنىڭ كۆپلىگەن نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يىراق ئۆتمۈشكە ئائىت ئىكەنلىكىنىمۇ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەردى ئۇزا ئەرەنلەر،
ئەردەم بايى بىلىك تاغ،
ئايدى ئۈكۈش ئۈگۈتلەر،
كۆڭلۈم بولۇر ئانار ساغ.

دەپ، يېزىلغان تۆتلۈك بېيىتلار ئارقىلىق مۇنداق مەنىنى ئىپادىلىگەن:

«ئۆتكەن قەدىمكى زامانلاردا تاغدەك بىلىملىكلەر، ھېكىملەر ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۆتكەنىدى. ئۇلار نۇرغۇن ئۈگۈت - نەسىھەتلەرنى ئېيتقان. ئۇلارنى ئەسلەش كۆڭۈلگە ساقلىق - ئاراملىق بىغىشلايدۇ.»

بۇنىدىن باشقا يەنە «ئېگىر بولسا ئەر ئۆلمەس» يەنى ھەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىلانلاش لازىم دېگەن مەنىدىكى بۇ ماقالىدا، «ئېگىر» قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى بولۇپ، قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم

ئۇنى يېسە ساقىيىدۇ. شۇڭا ئۇنى يېنىدا ساقلىغان ئادەم قورساق ئاغرىقىدىن ئۆلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېبابەتچىلىككە ئائىت مۇنداق ماقالمۇ بار، «ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس» يەنى يولۇچىنى سەپەرگە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلغان بۇ ماقالدا، «ئەندىز» يەردىن قېزىۋېلىپ ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دورا قىلىدىغان يىلتىز بولۇپ، بۇ يىلتىزنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ.

دېمەك، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاق ۋە ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

قولنى ئاۋايلاپ ئولتۇرغا ئەردەم ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تەبىئەتتىكى تۆت تادۇغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ تېگىگە ئانچە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مىسال ئالغان قوشاق ۋە ماقاللارنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. بولۇپمۇ «ئەردەم» دېگەن ئىسمىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەيت قىلىنغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى ۋە بۇ ئىسمىنىڭ «پەزىلەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق» قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇندىن بىلسىمۇ بۇ نۆۋەت يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئېلىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلەندى. كېيىن ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ تاماق يېگەچ قىلغان سۆزلىرىگە ئانچە قۇلاق سالمىدى، كاللىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئاستا ـ ئاستا چوڭكىيىۋاتقان، مېڭىسىنى غىدىغلاۋاتقان بىر ئويىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ ئولتۇردى. ھە يەنە پاراڭ ئارىسىدا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي پەرۋىنگە كۆز سېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۆزىگە ئوخشاش يىگىتلىككە تولغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ يۈرىكىدە تەبىئىي بولىدىغان ئەڭ مۆھتەشەم ھاياجان بىلەن مۇقەددەس ئىشق ئوتىدا تاۋلىنىۋاتقان ئىسسىق يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتاتتى.

ئىنسانىنىڭ ئۆمرى ھەر خىل يوللاردا مېڭىپ ئۆتسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر خىلدەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا كۈنلەر ئەنە شۇنداق تېز - تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا ھازىر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈچ ھەپتىدەك ۋاقىت بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. «ھەممە نەرسىنىڭ دورىسى ۋاقىت» دېگەنىدەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەردەمنىڭ يارىسىمۇ ئوبدانلا ساقىيىپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ قولىنى ھەرىكەت قىلالايدىغان، يەڭگىلرەك نەرسىلەرنى ئاۋايلاپ كۆتۈرەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ خۇشاللىقلارنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خۇشاللىق قوشۇلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھازىرلا ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ يەتكۈزگەن خوش خەۋىرى ئىدى. بۈگۈن يەنى 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۈشەنبە يېڭى شەھەر ئىچىگە بېكىنىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرى ئاخىرى تەسلىم بولغان ئىدى. باش قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئالدىغا، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئېگىلىپ تۇرۇپ قورال تاپشۇرغان ۋە يېڭى شەھەردىكى پۈتۈن ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى يەنى پۈتۈن قورال - ياراق، ئات - ئۇلاغ ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى قاراقاش ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلچى تەلتۆكۈس ئازات بولغانىدى. مانا بۇ خۇش خەۋەرنىڭ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن بارلىق غەم - قايغۇلار تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەنىدەك بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەردەم ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرەپ چىقىپ، باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئىچىگە قانغىدەك سۈمۈردى.

ئۇ ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ كۆككە قاراپ «ئازاتلىق، ئەركىنلىك» دەپ قانغۇدەك ۋاقىرىماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ قولىنى ئايغاچقا غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ ئاچالمىدى. شۇڭا ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ بۇلۇتسىز كۆككە قارىدى. قۇياش ئەتراپىنى لاللەردەك قىزارتىپ ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتاتتى. يىراقلاردىن دەريا دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ چىققان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەتراپتا ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتتىن كېيىنكى ئەڭ ئاخىرقى گىژىلداشلىرى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، تاغدىن ئەسكەن شامالنىڭ يەڭگىل ئاۋازلىرى، ياپراقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى، ئىشقىلىپ تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىگە جۆر بولۇپ قوشۇلۇپ، مۇشۇ تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئاجايىپ بىر تەبىئىي سىمفونىيەنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئەنە شۇ تەبىئەتنىڭ رىتىملىق مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ ئاستا پىرقىراۋاتقان ئەردەم ئۆزىنىڭ بارلىق خوشاللىقلىرىنى كۆككە يەتكۈزمەكچى بولغاندەك، يۈزىنى يۇقىرىغا قارىتىپ رومانتىك، لېرىك ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئىشىك تۆۋىدە زوق بىلەن قاراپ تۇرغان پەرۋىن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىختىيارسىز ئەردەم بىلەن ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش ھەرىكەتتە پىرقىرىدى. قىزنىڭ ئۇزۇن ئۆرمە چاچلىرى باھارنىڭ ئەسكەن شامىللىرىدا لەرزان تاشلىنىپ شۇ گۈزەل بەدەن بىلەن تەڭ پىرقىرايتتى. قىزنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك ئەركىن ئىدىكى خۇددى مۇشۇ ساددا تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ ۋىسال خىيالىدا شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ بىر خىل رىتىملىق بەدىئىي ھەرىكەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەركىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەۋاتاتتى. ئىككى ياشنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ئۆزئارا ماسلىشىپ مۆھتەشەم بىر كۆرۈنۈش گۈزەللىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. مانا بۇ ئادەمگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان رېتىملىق بىر ئۇسسۇل ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ پىرقىراشلىرى، ھەرىكەتلىرىدىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆرۈنىشىدىكى گۈزەللىك ئۇلارنىڭ قەلب تۇيغۇلىرى بىلەن شېرىن بىرلىشىپ ئۇسسۇللۇق بەدىئىي تىلنى ھاسىل قىلغان ئىدى. مانا بۇ تىل ئاشىقلارنىڭ تىلى، ئەركىنلىكنىڭ تىلى، ھۆرلۈكنىڭ ۋە ئازاتلىقنىڭ تىلى ئىدى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا پىرقىراشلىرىنى تېزلەتتى، قىزنىڭ شوخ كۈلۈشلىرىگە، ئەردەمنىڭ قەلب سادالىرى قوشۇلۇپ يۇقىرىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ بىپايان كائىناتقا يېيىلدى. ئۇلارمۇ ئانا تۇپراقنى دەسسەپ تۇرۇپ كۆكتىن كېلىۋاتقان نەغمە ـ ناۋالارنىڭ ئاۋازلىرىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىر ھېس ـ تۇيغۇغا چۆمۈلگەندەك قىلاتتى. ئۇلار باھاردا قايتا تىرىلگەن بارلىق گۈل ـ گىياھلارنىڭ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ، ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ ھەتتاكى كائىناتنىڭ جۇشقۇنسىنى تۇيۇپ بۇ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك، روھلىرى قايتا تىرىلگەندەك بولدى. ئەردەمنىڭ بېشىدىكى قەبرە تېشىدەك چوقچىيىپ تۇرغان تۇمقى گەرچە ئادەمگە ئۆلۈمنى ئەسلەتسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۆلۈمنى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنى، قايتا تىرىلىشنى ئەسلىتىۋاتاتتى. ئىككى ياشنىڭ مۇلايىم ھەرىكەتلىرى سۈرەت ئالەمدىن ھەقىقەت ئالەمگە ئۆتۈش يولىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئايلىنىشقا قاراپ تەپەككۇر قىلغان ئادەم شۇنى ھېس قىلىدۇكى، ئايلىنىۋاتقان ھەرقانداق نەرسە ھەرقانداق بىر نۇقتىدىن تۈز سىزىق بويىچە ئايرىلسىمۇ يەنە بەرىبىر باشلانغان نۇقتىغا كېلىپ قالىدۇ ۋە مۇشۇ بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ ئايلىنىش

شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى ھەرقانداق شەيئىدە باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش يوقتۇر. نەرسىلەردىكى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ئۇ بىر شەكىلدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق شەيئى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان يالغۇز بارلىقنىڭ بارلىقى بىلەن ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر. شۇڭا كائىناتتىكى ھېچقانداق بىر شەيئى تەلتۆكۈس يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ ھاللىرىنى كۆرگەن تەبىئەت قايتا جانلانغان ئىدى. نامازشام گۈللىرى پۆرەكلەپ ئېچىلىپ، خۇددى سەندەل بىلەن ئىپار يۇغۇرۇلغاندەك ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچتى. گۈللەرنىڭ بەرگىلىرى، كۆچەتلەرنىڭ ياپراقلىرى تىترىدى، دەريا سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئاقتى. باھار ھاۋاسىدا ياڭرىغان بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ لەرزان ئاۋازلىرى قەلبكە ھوزۇر، ئىنسانغا زەۋق، جانغا مىڭ جان قاتىدىغان مۇھەببەتنىڭ غىزاسى، ئىنسان روھىنىڭ شىپاسى ئىدى. بۇ رېتىملىق ھەرىكەتلەر ئىككى ياشنىڭ كۈچلۈك ئىشقىي ئارزۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، جانلاندۇرۇپ، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ يېتىشكەن ھاللار ئىشق ئۇتى بىلەن يۈرەكلەرنى تاۋلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلىدى. زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالغان ئانا تۇپراق پارقىراپ يورۇدى، ئاينىڭ يالتىراق يۈزى تولۇشقا باشلىدى. كۆكتىكى چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار تولۇن ئاينىڭ ئەتراپىدا بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ساماغا تۇردى. كۆڭۈل شادلىقىغا ئېرىشكەن مالائىكىلەر ھەسەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان شەيتانلارغا قاراپ مەسخىرە قىلىپ قاھ چىقىرىپ كۈلۈشتى. پۈتۈن جاھان توي تەغمىسىدە تەڭ پىرقىرىدى. پۈتۈن روھ ئالىمى يىراقتىن ئۇلارنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. بۇ ئىككى ياشنىڭ ساددا ۋە تەبىئىي قىلىقلىرىنى بىر چەتتە تۇرۇپ كۆرگەن ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئىچى ھوزۇرغا تولغان ئىدى. ئۇ بىر ئائىلىنىڭ خوشاللىقىنىڭ پۈتكۈل مىللەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوشاللىقى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئامانلىقى ئائىلىنىڭ ئامانلىقى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە تىكىلدى، كۆز يەتكۈسىز چەكسىز ئاسمان ئۇنىڭغا تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ جەلپكار كۆرۈندى، ئۇنىڭغا يەتتە يۇلتۇز ۋال ـ ۋال يالتىراپ جىمىرلىماقتا. تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ چەكسىز نۇرى بىلەن قۇياشسىز قالغان قاراڭغۇ تۈننىڭ پەردىسىنى يىرتىپ يورۇتماقتا. ئۇ ئىچىدە مۇنداق ئويلىدى: «ھەقنىڭ مۇھەببەتنى ۋە گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سىرى، بۇ پەردىلەرنىڭ، بۇ ھېكمەتلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. مانا بۇ ئالەمدە، كېچىدە يۇلتۇزلار بىلەن ئاي، كۈندۈزدە قۇياش ئەڭ چاقنايدىغان جاي خوتەن بولسا كېرەك» دەل مۇشۇ چاغدا ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئويلىرىنى پەرۋىنىنىڭ ئاۋازى بۇزىۋەتتى:

— بۈگۈن ئاخشام ھاۋا بەكمۇ ياخشى، سوغۇق شامالمۇ يوق. شۇڭا سىلەر تالادا ئولتۇرۇپ بىردەم مۇڭدىشىڭلار. مەن ئۆيگە كىرىپ، ئۆزۈم تەييارلىغان مىزىلىك چاي دورىسى بىلەن چاي دەملەپ كىرەي، ئىچىدە تېخى ناۋاتمۇ بار دەڭلا، ـ دەپ، شوخلۇق بىلەن ئايىنىڭ يورۇقىدا سۈزۈك قاش تېشىدەك پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى، بېشىنى بىر سىلكىپلا ئارقىغا چۈشۈرىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئەردەم بىلەن ئىلاخۇن تېۋىپ ئىشىك ئالدىغا ياسالغان سۇپىغا سېلىنغان كىگىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يۈزلىرىنى دەل ئايىنىڭ يۈزىگە توغرىلاپ ئولتۇرۇشتى. ئەردەم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن بىر سوئالنى ئىلاخۇن تېۋىپتىن ئەمدى سوراشنىڭ پۇرسىتى كەلدى دېگەندەك قىلىپ، ئىتتىكلا سۆز ئالدى:

ـ ئىلاخـۇن تاغـا سـىلە ئۆزلـىرى ئۆتكەنـدە مېنىـڭ ئىسـمىم زىكـرى قىلىنغـان «تۈركـىي تىلـلار دىۋانـى» دىكـى بىـر بېيىتنـى مىسـال ئالغـان ئىدىلـە. ئـۆز ۋاقتىـدا رەھمەتلىـك دادامدىـن بـۇ ئىسـمىنىڭ قانـداق بىـر مەنىسـى بارلىقىنـى سورىسـام. بـۇ ئىسـمىنىڭ «ئېسـىل پەزىلەتلىـك، ئـەدەپ ـ ئەخلاقلىـق، تەرتىـپ ـ قائىدىلىـك» مەنىلىرىنىـڭ بارلىقىنـى ئېيتىـپ بەرگـەن ئىـدى. ئەگـەر ئەيىپكـە بۇيرۇمىسـىلا «پەرۋىـن» دېگـەن ئىسـمىنىڭ نېمـە مەنىـدە كېلىدىغانلىقىنـى ئېيتىـپ بەرگـەن بولسـىلا بوپتىكـەن. مـەن بـۇ ئىسـمنى بـۇرۇن ھېـچ ئـاڭلاپ باقمىغاچقـا قۇلىقىمغـا بەكمـۇ يېقىملىـق ئاڭلانـدى، شـۇڭا مەنىسـىنى بىلگـۈم بـار.

ئـەردەم سـۆزىنى ئېيتىـپ بولـۇپ، بەكمـۇ جىددىيلىشـىپ كەتتـى، پۈتـۈن بەدىنـى تەرلـەپ كەتكـەن بولـۇپ، ئىچـى ـ تېشـى تـەڭلا قىززىـپ كېتىۋاتقانـدەك بولـدى. ئـۇ ئـوڭ قولىنـى ئاۋايـلاپ كۆتـۈرۈپ، ئانـدىـن ئىشـارەت بارمىقـى بىلـەن بۇرنىنىـڭ ئۇچىنـى ئاسـتا ـ ئاسـتا ئىككـى ـ ئـۈچ قېتىـم سـىلىۋەتتى ۋە ئۆزىنىـڭ شـۇنچىلىك قەيسـەرلىك قىلىـپ سـورىغان بـۇ سـوئالى بىلـەن تـەڭ بېشـىمغا كەلگەنىـى كـۆرەي دېگەنـدەك قىلىـپ، چاپىنىنىـڭ ئالـدى تۈگمىلىرىنـى بىراقـلا ئېچىۋېتىـپ، ئورنىدىـن ئىككـى ياققـا تـەڭ مېدىـراپ قويـدى. ئىلاخـۇن تېۋىـپ خـۇددى بـۇ سـوئالنى ئـەردەم سورايدىغانـدەك، ئۆزىنىڭمـۇ بـۇ سـوئالغا جـاۋاب بېرىشـكە ئالدىنئـالا تەييارلىـق قىلىـپ قويغانـدەك بىـر قىياپەتتـە، چىرايىـدا ھېچقانـداق بىـر ئۆزگىرىـش ھاسـىل بولمىـدى. ئـۇ ئۇدۇلىدىكـى چاقنـاپ تۇرغـان يۇلتۇزلارغـا قـاراپ تـۇرۇپ:

ـ ئـەردەم ئوغلـۇم، سـاڭا بـۇ توغرىسـىدا بىـر رىۋايەتنـى ھېكايـە قىلىـپ بېـرەي. قەدىمكـى زامانـلاردا، مانـا مۇشـۇ يىراقلاردىـن

كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇملۇقلارنىڭ ئورۇنلىرى گۈل ـ گىياھلارغا تولغان گۈزەل بوستانلىق ئىكەن. تەكلىمان چۆللۈكىنىڭ ئورنى بولسا چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئىكەن. ھاۋاسى ھازىرقىدەك قۇرغاق بولماستىن، بەلكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى يۇقىرى بولغان دېڭىز ھاۋاسى ئىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئەنە شۇنداق گۈزەل بىر جەننەت ماكاندا شۇنچىلىك باياشاتلىق ئىچىدە، ئەركىن، ھۆر، ئازات بىر مۇھىتنىڭ ئىچىدە خوشال ـ خورام بەختىيارلىق ئىچىدە ياشايدىكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى، يىللارنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى قوغلاپ كېلىشى بىلەن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ، بىر ۋاقىتلارغا كەلگەندە، بۇ دېڭىزدا يەتتە باشلىق، غايەت چوڭ قاناتلىق، ئاغزىدىن توختىماي ئوت پۈركەيدىغان بىر غەلىتە مەخلۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ ئىسمى ئەجدىھا ئىكەن. ئۇ پۈتۈن دېڭىزنى ئاستا ـ ئاستا سۈمۈرۈپ قۇرۇتىشقا باشلاپتۇ ھەمدە ئاغزىدىن توختىماي ئوت پۈركۈپ ئەتراپتىكى پۈتۈن ئورمانلارنى، گۈل ـ گىياھلارنى، ئۆسۈملۈك ـ زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ پۇچۇلاپ، كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. قاناتلىرىنى قېقىپ شۇنچىلىك قاتتىق بوران چىقىرىپ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇچۇرۇپ توپىسىنى تۈرپانغىچە سورۇپتۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقىنىڭ بېشىغا ئەلمىساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەنە شۇنداق زور بىر پاجىئە كەپتۇ. يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ دەستىدىن خەلقنىڭ بەختىيارلىق ھاياتى بەئەينى مۇدھىش دوزاخنىڭ ئۆزگە ئايلىنىپتۇ. خەلق شۇنچە قىلىپمۇ بۇ ئەجدىھانىڭ زۇلمىدىن ھېچ قۇتۇلالماپتۇ. خەلق قۇرغاقچىلىقنىڭ دەستىدىن ئاچ ـ يالىڭاچ قاپتۇ. نۇرغۇنى ئۆلۈپتۇ، قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى زار ـ زار يىغلاپ ـ قاقشاپ ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ

كېتىپتۇ. پەقەت ئاز بىر قىسمىلا گەملەرنى ماكان قىلىپ، هايات قېلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ. ئەنە شۇ هايات قالغانلارنىڭ ئىچىدە بىر بىلىقچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇكەر ئىكەن. بۇرۇن ئەنە شۇ قۇملۇقلارنىڭ ئورنىدىكى كۆپكۆك دېڭىزدا بېلىق تۇتۇپ ياشايدىكەنتۇق. ئۇ بېلىقچىنىڭ يەتتە قىزى بار بولۇپ، قىزلىرىنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇلار ناهايىتىمۇ كېلىشكەن، شۇنچىلىك گۈزەل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ناهايىتىمۇ باتۇر، مەرگەن ئوقچى ۋە ئۇستا قىلىچۋازلاردىن ئىكەن. ئاسماندىكى ئۇچار قۇشلار، ئورماندىكى يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە دېڭىزدىكى هەر چوڭ بېلىقلار ئۇلارنىڭ كۆپكۆك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئەمدى بۇ يەتتە قىز شۇ باشلىرىغا بالا ياغدۇرۋاتقان يەتتە باشلىق ئەجدىهانى ئۆلتۈرۈۋشكە قەسەم ئىچىپتۇ. ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامانلىقى، خەلقنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن ئەجدىهانى يوق قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار هاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قىلنى شارت قىلىپ كېسۋېتىدىغان مىسران قىلىچلىرىنى قولغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە دادىسىغا ئۆز مەجسەتلىرىنى بايان ئەيلەپتۇ. دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغان باهادىر قىزلار ئەڭ كىچىكىنى دادىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئالتىسى يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار قۇرۇپ چۆلدەرەپ كۆلچىلىك بولۇپ قالغان دېڭىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئوبدان بىر يەرنى تېپىپ چوڭقۇر كولاپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئەجدىهانىڭ سۇدىن چىقىشىنى كۈتۈپتۇ. بىر چاغدا ئەجدىها بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ ئاغزىدىن دەهشەتلىك ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئەتراپقا پۈركەپتۇ. ئالتە قىز سەۋر بىلەن ئەجدىهانىڭ قىرغاققا چىقىشىنى كۈتۈپتۇ. ئەجدىها بولسا ئاستا ـ ئاستا ئالتە قىز بار يەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئالتە قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىدىكى قىلىچىنى توغرىسىغا قىلىپ، بىر قولىدا سىپىنى، يەنە بىر قولىدا ئۇچىنى تۇتۇپ ئەجدىھانىڭ ئالتە بېشىغا تەڭ ئۇقتەك ئېتىلىپ كەپتۇ. بۇ ئالتە قىزنى كۆرگەن ئەجدىھا دەرغەزەپ بىلەن بىر دەم تەرتىپ ئالتە قىزنى بىراقلا ئىچىگە سۈمۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تەڭ قىلىچنى توغرىسىغا تۇتقان ئالتە قىز يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ ئالتە بېشىنىڭ ئاغزىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە ئىككىگە تىلىپ تاشلاپتۇ. ئەمما، ئەجدىھانىڭ كېسىلگەن قوۋۇرغىلىرى ئالتە قىزنىڭ بەدەنلىرىنى تىلىم - تىلىم قىلىپ تىلىۋېتىپتۇ. بۇ باھادىر ئالتە قىز ئەجدىھانىڭ ئالتە بېشىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىش بىلەن بىرگە قۇربان بوپتۇ. ئەجدىھانىڭ كېسىلمەي قالغان بىر بېشى ئۆزىنىڭ ئاران قالغان جېنىنى ئېلىپ ئۆزى كەلگەن شەرق تەرەپتىكى دېڭىز بويلىرىغا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇندىن مۇقەددەم ئۇ ئەجدىھا يېقىنقى زامانلارغىچە بۇياقلارغا ھېچ تىكىلىپ قارىيالماپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئۇ ۋەھشى يالماۋۇز ئەجدىھانىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپتۇ. قۇربان بولغان ئالتە قىزنىڭ پاك بەدەنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالتە روھ كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈپ كائىناتتىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. قىزلارنىڭ دادىسى ئۆكەر بولسا بۇ ئالتە قىزنىڭ ئەلمىگە چىداپ بولالماي ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولسا شۇ ئالتە ساھىبجامال قىزنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەڭ چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك نۇرلۇق، شۇنچىلىك كۆك ئىكەن. دادىسى ۋە ئالتە ھەدىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان قىزنىڭ دېڭىزدەك كۆك كۆزلىرىدىن توختىماي ھىجران ياشلىرى ئاقىدىكەن. بۇ توختىماي ئاققان ئازابلىق ياشلار دەريا بولۇپ ئاقىدىكەن. بۇ دەريا سۇلىرى قۇرۇپ چۆل بولۇپ كەتكەن

يەرلەرگــە جــان سـۈيىنى ئىقتىــپ بوســتانلىقلا ئايلاندۇرۇپتــۇ. ياقــا ـ يۇرتلارغــا كەتكــەن خەلــق قايتــا بــۇ بوســتانلىقلارغا كېلىــپ يەرلىشىشــكە باشــلاپتۇ. ئەممــا، قىزنىــڭ ھىجــران ياشــلىرى ھېــچ توختىمايدىكــەن. قىــز كۆككــە قــاراپ تەڭرىگــە دۇئــا قىلىدىكــەن. ئۆزىنىڭمـۇ ئاشـۇ دادىسـى ۋە ھەدىلىرىـدەك كۆكلەرگــە كۆتۈرۈلىشـنى ئــارزۇ قىلىدىكــەن. ئاخىــر قىزنىــڭ نالــە قىلغــان ئىدالىرىنــى ئىجابــەت قىلغــان تەڭــرى قىزنــى كۆككــە ئەچىقىــپ كېتىپتــۇ. قىــز ئۈلكــەر يۇلتــۇزلار قۇتۇبــى دەپ ئاتالغــان ئالتــە قىزنىــڭ ئــەڭ تۆۋىنىدىــن ئــورۇن ئاپتــۇ. بۇنىــڭ بىلــەن ئــۇلار يەتتــە يۇلتــۇز بوپتــۇ.

يەتتــە قىــز شــۇندىن مۇقــەددەم ئەســىرلەر بويــى ھەرۋاقىــت ئانــا تۇپــراق خوتــەن دىيارىغــا قــاراپ بەزىــدە ھەســرەتلىك نادامــەت ياشــلىرىنى تۆكســە، بەزىــدە كۆزلىرىنــى جىمىرلىتىــپ تەبەسســۇم قىلىــدۇ. ھەســرەت بىلــەن تۆكۈلگــەن ياشــلىرى شــۇ قاراقــاش، يورۇڭقــاش دەريالىرىغــا تۆكۈلــۈپ، ھــەر تامچىســى قــاش تېشــى بولــۇپ دەريــا تېگىگــە چۆكســە، تەبەسســۇمىدىن جىلۋىلەنگــەن بــۇ ئالتــۇن دىيــار، شــۇنچە زۇلۇمــلار ئاســتىدا قالســىمۇ دائىــم ئىنســانىغا ئۈمىــد بەخــش ئاتــا قىلىــپ كەلمەكتــە، ـ دەپ، يەتتــە قىــز توغرىســىدىكى ھېكايىســىنى ئاخىرلاشــتۇردى. ئاندىــن ئىلاخــۇن تېۋىــپ، قولــى بىلــەن ئۇدۇلىــدا چاقنــاپ تۇرغــان يۇلتــۇزلار ئارىســىدىكى ئــەڭ چىرايلىــق، ئــەڭ ئېنىــق كۆرۈنــۈپ تۇرغانلىرىنــى ئىشــارەت قىلىــپ تــۇرۇپ:

قــارا ئوغلــۇم! شــۇ گۆھــەردەك چاقنــاپ تۇرغــان يۇلتــۇزلار توپىنــى كۆردۈڭمــۇ؟ ئەنــە شــۇ يەتتــە يۇلتۇزدىــن تەركىــپ تاپقــان يۇلتــۇزلار توپــى ئۇيغۇرچىــدا «ئۈلكــەر» يۇلتــۇزى دەپ ئاتىلىــدۇ. تــۈرك شــېۋىلىرىدە «ئۈلكــەر» دەپمــۇ ئاتىلىــدۇ. ئەرەبچىــدە بولســا

www.uyghurkitap.com

«سۇرەييا» دەپ ئاتىلىدۇ، پارىسچىدە بولسا «پەرۋىن» دەپ ئاتىلىدۇ. «پەرۋىن» دېگەن بۇ گۈزەل نام بىزگە قىز ئىسمى بولۇپ ئۆزلەشكەن. شۇڭا مەن رىۋايەتتىكى يەتتە باھادىر قىزدىن ھاسىل بولغان يۇلتۇزلار توپىنىڭ ئىسمىنى بۇ ھاياتلىقتا بىردىنبىر پەرزەنتىم بولغان قىزىمنىڭ ئىسمى قىلىپ تاللىغان. پەرۋىن بولسا ئۈركەر يۇلتۇزى، ئۇ كۆكلەرگە ئائىت ھېكايىنىڭ بىر پارچىسى. كائىناتتىن ئورۇن ئالغان ئون ئىككى تاقىم يۇلتۇزنىڭ ئەڭ پارلاق يۇلتۇزى! ئەمدى چۈشەندىڭمۇ ئوغلۇم. بىز ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن باشلاپ بالىلىرىمىزغا ئىسىم تاللىغاندا ناھايىتىمۇ دىققەت قىلىپ، ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى ئىسىملارنى، مەنىسى چوڭقۇر ئىسىملارنى، ئادەم ئاڭلىسا كىشىگە زوق بېرىدىغان ئىسىملارنى تاللاپ قويىمىز. شۇ ۋەجىدىن سېنىڭ رەھمەتلىك داداڭمۇ ساڭا «ئەردەم» دەپ شۇنچىلىك چىرايلىق مەنىلىك ئىسىمنى قويغانىدە، ـ دەپ، تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان دۆگىلەك يۈزىنى يۇلتۇزلارغا قارىتىپ تۇرۇپ، ئۇھ تارتتى ۋە ئالدىدىكى پىيالىدا مۇزلاپ قالغان چايغا بىر قاراپ قويۇپ، ئەقلىدىن مۇنداق ئويلارنى كەچۈردى:

ـ مانا ھازىر بولسا مۇشۇ يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ قېچىپ كەتكەن بىر بېشىنىڭ زۇلمىنى تارتىۋاتقان بولساق كېرەك. بىزگە ھېچ بىر زامان بۇ ئەجدىھانى يوقىتىلەي ھالاك قىلىۋېتىدىغان بىر پۇرسەت كەلمەيتىكەن. كەلگەن چاغلاردا بىز بولساق ئۆزىنىڭ ھېلىگەرلىك بىلەن قىلغان يالۋۇرۇشلىرىغا، سۆلھىلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپتۇقكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۈشمەننى سەل چاغلاپ قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ بەدەللىرىنى مانا ھازىر بىز تۆلەۋاتىمىز. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىز ئەمدى شۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئۇنداق خاتالىقلارنى زىنھار سادىر قىلماسلىقىمىز لازىم.

بولمىسا تۆلەيدىغان بەدەللىرىمىز بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ھەتتا بىز بۇ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويساق ئەبەدىي ئۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشەلمەي، مەڭگۈ بۇ دۇنيادىن سىلىنىپ يوق بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئەي ھەممىگە قۇدرىتىڭ يېتىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ! مۇشۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىزنى بۇ ئەركىنلىك كۈرىشىدە مۇزەپپەر ئەيلە! كەلگۈسى ئەۋلادلارنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىلا قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇشقا يول كۆرسەت. بىزگە ئەڭ توغرا يولنى پەقەت سەنلا كۆرسىتەلەيسەن! ئەي بارلىق ئوچۇق ياكى مەخپىي ئىشلارنى بىلگۈچى رەببىم! بارلىق ياخشى - يامان ھۆكۈم سېنىڭ ئىلكىڭدە. ئەمما، كۆڭلىمىز سېنىڭ ھېكمەتلىرىڭدىن خەۋەرسىز. بىز كۆرمەيمىز. ئەمما، سەن بىزنى كېچە - كۈندۈز كۆرۈپ تۇرىسەن. سەۋەبلەرگە باغلىنىپ قېلىپ، كۆزلىرىمىز كۆرمەس بولدى. سەن بىزنىڭ ئىلاھى نۇرىمىزنى ئاشۇرغىن. مىللىي روھنى بىزدىن يىراق قىلما. مىللىي روھتىن يىراقلىشىش زۇلۇمغا باش ئېگىپ ياشايدىغان ئۆلۈمدىن ئىبارەتتۇر. بىزنى ھەرۋاقىت تىرىك قىل! روھىمىزنى تىرىلدۈر!

ئەردەم جىمىپ كەتكەن ئىلاخۇن تېۋىپقا مەمنۇنىيەتلىك نەزەر بىلەن قاراپ:

- ئىلاخۇن تاغا، سىلە تىللىرى بىلەن بەرگەن ئۈگۈتلەر دىلىمنى يورۇتتى، قوللىرى بىلەن ياساپ بەرگەن دورىلار يارامغا شىپا بولدى. «ھەر ئىشتا بىر ھېكمەت بار» دەپ، مەن گەرچە دۈشمەننىڭ ئوقىدا يارىلانغان بولساممۇ، ئەمما سىلىنىڭ يانلىرىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. مەن سىلىنىڭ بۇ ئاتىدارچىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ

سىلىنىڭ بۇ خالىس ئەجرىلىرىنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ قايتۇرغاي،- دەپ، ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەندەك ئۆز ھېسسىياتلىرىنى سەممىيەتلىك بىلەن ئىزھار قىلدى.

ئەردەمنىڭ كۆزىگە بۇ كېچە ھېچ ئۇيقۇ كىرمىدى. ئۇ ناھايىتىمۇ ھاياجان ئىچىدە ئىدى. ئۆزى يالغۇز ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ھېچ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمانىنىڭ بىر پارچىسىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ پەرۋىنىنى خىيال قىلىپ ياتاتتى. مۇھەببەتنىڭ شەيدالىقى بىلەن يۇلتۇزلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئارزۇ، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتكە خاس ئېسىل پەزىلەت ۋە كۈچلۈك قۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى يېگىتلىك قەلبىدە ھېس قىلدى. بۇ گۈزەل ھېسلىرىنى ۋە پەرۋىنىنى چۈشىدىمۇ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئاتتى. ئەردەم بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئالدىراپلا ناشتا قىلىپ، ئۇدۇل ئەسكىرى قارارگاھقا قاراپ يول ئالدى. ئۇ بىردىنلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىكار يېتىۋېرىپ خىيالپەرەس بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟،- دېگەن ئويغا كېلىپ، بۇ قارارنى ئالغان ئىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ئىشقىنىڭ خىيالىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە ئۆزىگە چۈشكەن ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ھازىر ئىكەنلىكىنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا مەلۇم قىلىش ئويىدا، بۇ يولغا چىققان ئىدى. بۈگۈن ھاۋامۇ باشقىچە گۈزەل بولۇپ، نورۇز ئايلىرىنىڭ ئىللىق قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ خوتەن دىيارىنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۆرلەۋاتاتتى.

قىشنىڭ سوغۇق شاماللىرى بولسا ئاللا قاياقلارغا قاچقان ئىدى. دەريا سۇلىرى ئۇلغىيىپ، ۋادىلەر ئۈمىد بىلەن جۇلالانغانىدى. نەۋ باھارنىڭ پۇرىقى خوتەن خەلقىدە ئويغاتقۇچى بىر تەسىر پەيدا قىلغانلىقى چوقۇم. ئەنە قاراڭ، شۇ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ ئويناۋاتقان قۇشلارنىڭ تىنىم تاپماي ۋىچىرلاشلىرى ئەردەمنىڭ كۆڭلىنى باشقىچە خوش قىلىۋېتىپ باراتتى. بۇ يىل باھار خوتەنگە ئەركىنلىك ئەلچىسى سۈپىتىدە كەلگەن بولۇپ، تەبىئەتتىكى ھەممە جانلىق ئەركىن، تەبىئىي ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى. پۈتۈن تەبىئەتنىڭ ياسىنىشىمۇ باشقىچە چىرايلىق ئىدى. پۆرەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈللەر باشقا بىر تالدىن ئېچىلغاندەك بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئالاھىدە گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئانا تۇپراقنى ياساندۇرغان ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى باشقىچە رەڭدار ئىدى. سۆگەتلەرنىڭ چوكانتاللىرى ئۆزىنى ئەركىن تاشلاپ تۇراتتى. ياسىمىن، لالە، مامكاپ قاتارلىق تۈرلۈك گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت قۇلاق، بىدە ۋە ئاللىقانداق ئۆسۈملۈكلەر كۆكەرگە ئىدى. چالما قومارغان يېشىل مايسىلار نۇرۇزلۇق پاياندار بولماقچى بولغاندەك، بۇ زېمىننى باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىۋەتكەن بولۇپ، يەر يۈزى گويا خوتەننىڭ قولى گۈل چىۋەر قىزلىرى توقۇغان گىلەملىرىدەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا قىزىل گۈلنىڭ تىكەنلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇچلۇق نەشتىرىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى گۈزەل كۆرسىتىشكە تىرىشاۋاتقاندەك قىلاتتى. بارلىق ئېكىنزارلىقلار تاڭ سەھەردە ئەسكەن باھار شامىلىدا ئۆزىنىڭ نازۇك بويلىرىنى نازلىنىپ لىڭشىتىپ، ئۆز خۇلقىنى چىقىرىشقا تىرىشاتتى. خۇددى قىيامەتتە پۈتۈن مەۋجۇداتلار قايتا تىرىلگەندەك، ئالدىنقى يىللىرى چىرىپ ئۆلگەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەر قايتىدىن بىخلىنىپ، تۇپراقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە باشلىرىنى چىقارغان ۋە ئۆلۈك تۇخۇملار تىرىلگەن ئىدى. ئۆچەكتىكى قۇرۇت - قوڭغۇز، ھاشارەتلەر ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، تۇپراق ئاستىغا يوشۇرۇنغان بارلىق سىرلىرى ئاشكارىلانغان ئىدى. ئىشقىلىپ خوتەننىڭ تىنىقى ئېلىلىپ، بىتاپ بولغان روھلار قايتا جانلانغان ئىدى. ئەردەم تەبىئەتكە ھاكىم بولغان ئاللاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن كۆك قۇتبىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، بارلىق تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنى تاماشا قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە قەدەم باسقانلىقىنى تۇيمايلا قالغان ئىدى. ئۇ بىر - بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان قاتار - قاتار ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ھەممە ئائىلىلەر ئۆي بىلەن ھويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ، گىلەم - كىگىزلىرىنى قېقىپ جىددى بىر تەييارلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلانغان شەھەر كوچىلىرى، ئەردەمنىڭ كۆزىگە تازە ۋە ئازادە كۆرۈندى. ئەردەمنىڭ يېنىدا ھەمرا بولۇپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۈپ سۈزۈك بۇلاقنىڭ سۇلىرى شوخ ئاۋازلىرىنى چىقىرىپ ئېقىپ، بۇ قامەتلىك يىگىتنى يول بويى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، يولدىن ئازدۇرغىلى تاسلا قالغان ئىدى. ئەردەم ئەنە شۇ سائادەتلىك يوللارنى بويلاپ ئىلچىنىڭ ئىچىدىكى يېڭى ئەسكىرى تۇرالغۇغا يېتىپ كەلدى. ئەسكىرى تۇرالغۇ بۇرۇنقى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭى شەھەردىكى ھەربى گازارمىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تېخى قاراقاشتىن يۆتكىلىپ كەلمىگەن ئىدى. مانا ھازىر ئەردەمنى بىرىنچى بولۇپ قارشى ئالغان كىشى يەنىلا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بولدى. ئەردەمنى ئۆزىنىڭ ئاددى سەرەملاشتۇرۇلغان ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى كۆز ئۇۋىسىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن

بولـۇپ، چىرايىدىــن ھارغىنلىقىنىــڭ ئالامەتلىــرى بىلىنىــپ تۇراتتــى. ئەممـا، ئـۇ ئۆزىنىــڭ چارچاشــلىرىنى ئەردەمدىــن يوشــۇرۇپ، ھــەر ۋاقىتتىكىــدەك روھلـۇق، تېتىــك كۆرسىتىشــكە تىرىشــۋاتاتتى. ئـۇ، ئەردەمگـە بىـر قومانـدان سۈپىتىدە ئەمـەس، بەلكـى بىـر مېھرىبـان ئـاكا سۈپىتىدە مۇئامىلـە قىلىـپ، ناھايىتـى قىزغىـن قارشـى ئالـدى. مۇھەممـەد ئەمىــن بۇغرانىــڭ يېنىــدا ئەرەنمـۇ بـار ئىـدى. ئەلۋەتتـە ئەرەنمـۇ ئەردەمنـى كـۆرۈپ ناھايىتـى خـوش بولـدى. ئـۇلار گەرچـە بـۇ بىـر ئايغـا يېقىـن ۋاقىـت ئىچىـدە ئـۈچ قېتىم ئىلاخـۇن تېۋىپنىــڭ ئۆيىــدە كۆرۈشــكەن بولســىمۇ، خـۇددى نەچچـە يىـل كۆرۈشـمىگەن دوسـتلاردەك بىـر ـ بىرلىرىنـى شـۇنچىلىك سـېغىنغانلىقى ئۇلارنىــڭ مېھرىلىــك قاراشــلىرىدىن چىقىــپ تۇراتتــى. مۇھەممـەد ئەمىــن بۇغــرا ئەردەمنىــڭ ئوبدانــلا ياخشــى بولـۇپ قالغانلىقىنــى كـۆرۈپ:

ـ ئــەردەم، قارىغانــدا ســەللىمازا ســاقايغەندەك قىلىســەن. لېكىــن شـۇنداقتىمۇ قولۇڭغـا دىققـەت قىلىشـىڭ كېـرەك. سـالامەتلىك بولمىســا ھېــچ ئىشــنى باشــقا ئــەپ چىققىلــى بولمايــدۇ. بىزنىــڭ قىلىدىغـان ئىشـىمىز بەكمـۇ كـۆپ. ماڭىدىغـان يولىمىـز تولىمـۇ ئـۇزاق ھــەم مۇشــكۇل. قىلىــچ قىنىغــا، ئــوق ســاداققا ئائىــت بولغانــدەك ســەنمۇ مۇشــۇ يەرگــە ئائىــت. شــۇڭا ئەتىدىــن باشــلاپ ســېنىڭ جايىــڭ ئەســكىرى قــارارگاھ بولىــدۇ. ســەن بۇرۇنقىــدەكلا مېنىــڭ خــاس مۇھاپىزەتچىــم بولىســەن. ئەممــا، بىــر شــەرت بىلــەن:

ئــەردەم «شــەرت» دېگــەن ســۆزنى ئاڭلاپــلا، ئىتتىــك ئــوڭ قولىنىــڭ ئىشـارەت بارمىقىنـى بۇرنىنىــڭ ئۈچىغـا تەگكـۈزۈپ، ئۇچىنـى بىــر ئىككــى قېتىــم ســىلىۋەتكەندىن كېيىــن، ـ نېمــە شــەرتكەن ئــۇ؟ قولۇمغـا قـورال ئالىدىغـان ئىـش بولسـىلا، قانـداق شـەرت بولسـا ھازىرلاشـقان تەييـار مـەن.

www.uyghurkitap.com

ـ ئۇ، شەرت شۇكى، بۇندىن كېيىن قاراملىق قىلىپ ئۇقىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈڭنى ئاتمايسەن. سەن ماڭا مەسۇم ئاكىنىڭ ئامانىتى. سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم. شۇڭا ھەرۋاقىت ئالدىراقسانلىق قىلىشقا، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بولدى بۈگۈن بۇ توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلىشمايلى. ئەتە سېنىڭ بىلەن ئايرىم يەنە سۆزلىشىمەن. بۈگۈن نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان كۈن. نورۇز ـ باھار بايرىمىدۇر، بۇ بايرام بولسا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، تا بۈگۈنگىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بايرامدۇر. نورۇز ئومۇمىي خەلقنىڭ بايرىمى بولۇپ، زىمىستان قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ، قىشچە ئارزۇلىغان ئىللىق ئاپتاپنى قارشى ئېلىپ، خوشاللىقنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنىنىڭ كۆكلەم پەيزىسىگە بولغان مۇھەببىتىنى، ئۆزئارا ھىممەت ـ ساخاۋىتىنى، ئىناقلىقىنى، بەختلىك ئەتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بايرىمىدۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمىز ۋە ئىلچى مۆتىۋەرلىرى كېڭەش قىلغاندىن كېيىن، بۈگۈن ئىلچىدا كەڭ كۆلەملىك نورۇز بايرىمىنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈيۈقسىزلا بولۇپ قالدى. لېكىن خەلقىمىز ھەر يىلى قىلىپ كەلگەن بايرام بولغاچقا، ئىختىيارلىق بىلەن ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا تەييارلىق قىلدى بولغاي. بىز ئەتراپقا چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن بىللە بىرگە شەھەر ئىچىدە نورۇز پائالىيىتى ئېلىپ بارىمىز. بۈگۈن سەن ئۆزۈڭ ئەركىن ـ ئازادە ئىلچىنىڭ نورۇز ھاۋاسىدىن قانغىچە نەپەس ئال. ئەتىدىن باشلاپ كۈندە بىرگە بولىمىز. ھازىر مەن بىر ئاز ئالدىراش، ئورۇنلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار.

بۇ گەپلەر ئەردەمنىڭ قۇلىقىغا ياغدەك ياقتى. ئۇ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئەرەن بىلەن بىرگە ئەسكىرى قارارگاھنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى، ئاندىن ئۆزى يالغۇز ئۇ يەردىن ئايرىلدى. ئەرەننىڭمۇ ئەردەم بىلەن بىرگە نورۇز سەيلىسى قىلغاچ، بازارلارنى ئايلانغۇسى بار ئىدى. بولۇپمۇ مۇنداق گۈزەل ھاۋادا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېغىنغان شۇ تاغ يوللىرىدا ئات چاپتۇرۇپ سەيلە قىلغۇسى، تاغلارغا ياماشقۇسى، ئۆز ۋاقتىدا ماكان قىلغان ئۆڭكۈرلەرنى، غارلارنى كۆرگۈسى كەلگەن ئىدى. ھەتتا كۆپكۆك ساмادا لاچىندەك سوزۇلۇپ ئۇچۇپ، پۈتۈن ئانا يۇرتنى كۆزەتكۈسى كەلگەن ئىدى. شۇنچە ئۇزۇن تولغىنىپ ئاققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان خوتەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرىغا بارغۇسى كەلگەن ئىدى. ئەمما، نە چارە، ئەسكەر دېگەن ھەربىي تۈزۈمگە بويسۇنۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلمىسا بولمايدۇ، دە. چۈنكى، ئەرەن ئامانلىقنى ساقلاش ئەترىتىدىكى سەپداشلىرى بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى نورۇز پائالىيىتىدە شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەردەم ئۆزى يالغۇز شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. كۈنمۇ نەيزە بويى ئۆرلەپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق ھارارىتىنىڭ كۈچىنى خېلى ئوبدانلا كۆرسىتىۋاتتى. ئىلچىنىڭ بازىرى ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن ئىدى. ھەممە يەردە كۆكلەم تەنتەنىسىنىڭ سادالىرى ياڭرايتتى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىلچىنىڭ تەبىئىي ھاۋاسىدىن باشقا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاۋاسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. بارلىق خەلق نورۇز بىلەن تەڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئۆزلۈكنىڭ ھاۋاسىدا شاد - خوراملىققا چۆمۈلگەن، ئۇرۇشنىڭ غەلبىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۈلدۈرگەن ئىدى. گەرچە خەلق بىر ئايدىن بېرى ئورۇش ئوتلىرىنىڭ ئىچىدە ھاياتىنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما، نورۇز تەييارلىقلىرىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويمىغان ئىدى. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ، ئادەت ئۆزگەرمەيدۇ، دە. مانا ھازىر پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ قەھرىدە بايرام كۈلكىسى جىلۋە قىلغان ئىدى. مەرد، ئاق كۆڭۈل، سەنئەتخۇمار خوتەن خەلقى يىلنىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى ھېسابلىنىدىغان نورۇز بايرىمىنى ئەسىرلەردىن بېرى ئاجايىپ كاتتا ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىز ئۈزۈلدۈرمەي ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان نورۇز بايرىمىنى قۇتلىماقتا ئىدى.

رەڭگارەڭ ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيگەن، چاچلىرىنى قارىق ئۆرۈۋگەن، قاشلىرىغا ئەگىتىپ ئوسما قويغان ھۆرنىمۇ ھەم تەبىئەتنىمۇ خىجىل قىلىدىغان چىرايلىق ئۆسمۈر قىزلار ۋە ئۆز گۈزەللىكىنى تەمەننا قىلىپ سۈرمىلىك كىرپىك ئوقلىرىنى كىبىرلىك بىلەن ئېتىپ، ئاناردەك قىزارغان مەڭزىلىرىنى جۇلالىتىپ، باھارنىڭ قۇياشىدا ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ تۇرغان يىلىملەنگەن ئۆرمە چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىۋاتقان بويىغا يەتكەن قىزلار، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن سەيناغا راسلانغان نورۇز بەزمىسىگە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆكرەك، يەڭ، ئېتەكلىرىگە چەش رەڭلىك ئۈنچىلىك جىيەكلەر تۇتۇلغان، قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن پەرىجەلەرنى كىيىپ، بېشىغا ئۈزۈن ئاق لېچەك سالغان، ئۈستىگە قارا تەلپەك كىيىپ چىرايلىق جابدۇنغان، مەنىۋى گۈزەللىكلىرىنى ھاجەتسىز كەمتەرلىك بىلەن يوشۇرۇپ ماڭغان جەزبىدار جۇۋانلار سىپايىلىق بىلەن يول ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى بۇژغۇنلاپ

تۇرغان تاغ سۇلىرىدەك ئۇچۇق - يورۇق ئىدى. يولنىڭ يەنە بىر چېتىدە بىر توپ يىگىتلەر ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ساقال - بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياسىتىپ، باشلىرىغا چىمەن دوپپا، بادام دوپپا ۋە ئۈستىگە ھەرخىل رەڭلىك رەختلەردىن تىكىلگەن تونلارنى كىيىپ، بەللىرىنى رەڭلىك بەلۋاغلار بىلەن قاملاشتۇرۇپ باغلاپ، كىيىۋالغان ئۆتۈكلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىۋېتىشكەن ئىدى. مانا بۇ ۋۇجۇدىدا شاتلىق ھاياجىنى دولقۇنلىغان نورۇز ئەھلىنىڭ بۇ ھاللىرى تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر بىلەن پۈتۈن بىر گەۋدە ئىدى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتلەر خۇددى، مۇشۇ ياسانغان تەبىئەتتىكى گۈلىستانلىقلار، ئېچىلىشقا ئالدىراۋاتقان خىلمۇ - خىل گۈللەر ۋە ئۇلارغا قونغان رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلەر، قۇشلار، ياپ - يېشىل يايلاق، ئوتلاۋاتقان مارال - كىيىكلەر، كۆكتىكى پارقىراق قۇياش، كېچىدە دېرىزىدىن ماراپ قاراۋاتقان تولۇن ئاي، يۇلتۇز بىلەن بىزەلگەن كۆك يۈزى ۋە ھاۋا تۇتۇلغاندا چىقىلغان دەھشەتلىك چاقماق، تاغنىڭ ئېتەكلىرىدىن ئەسكەن سالقىن شامال، دەريا قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلغان دولقۇن ۋە قارا قىشتىكى جۇدۇن قاتارلىق بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ھاللىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ تەبىئەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ھەر زامان نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

ھازىر ئەردەممۇ خالايىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، نورۇز بەزمىسى بار تەرەپكە قاراپ ماڭغان ئىدى. ئۇ توساتتىن يول ياقىسىدا كىشىلەر توپ بولۇپ يىغىلىۋالغان يەرگە كېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا داپ بىلەن راۋاپنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلغان يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئادەملەر

توپى ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ، بۇ بەزمىدىن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن راسلاندى. ئۈستىگە ياماق بىلەن توشۇپ كەتكەن جەندە كىيگەن، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلا كىيگەن بىر دەرۋىش زەخمەكنى راۋابنىڭ تارىسىغا شۇنچىلىك تېز ئۇرۇپ، سەھەر قۇشلىرىنىڭ شوخ ناۋاسىدەك سايرىتىۋەتكەن ئىدى. يېنىدىكى داپچىمۇ تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىگە كىر توشۇپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن داپنىڭ قارىداپ كەتكەن يۈزىگە ئۇرۇپ، رېتىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭكەش قىلاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا باستۇرۇپ كىيىۋالغان مايلىشىپ كەتكەن كۇلاسىنىڭ ئىككى چېتىگە پاقپېيىپ چىقىپ قالغان قارا چاچلىرى داپنىڭ يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن سادادا يەڭگىل يەلپۈنۈپ تۇراتتى. راۋاپچىنىڭ قىلىن لەۋلىرىدىن خوتەننىڭ قەدىمى داستانلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان «سەنەۋەر» ناملىق داستاندىن نەزمىلەر ئۇزۇلمەي تۆكۈلەتتى. ئاۋازى بىلەن تەڭ شالاڭ ساقىلى ۋە بۇرۇتى توختىماي تىترەيتتى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى ئۆزى ئېيتىۋاتقان شوخ نەزمىلەرنىڭ خوشنۇتلىقىدا، ھاياجانغا تولغان ئىدى. ئۇ ئېيتقانسېرى پۈتۈن بەدىنى جۇشقۇنلىشىپ، ئاۋازىمۇ بارغانسېرى سۈزۈلۈپ ئەتراپىدىكى تاماشىبىنلارغا ئالاھىدە روھ ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ ئەمدى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

شەمسۇ قەمەر يۈزلۈكۈم زۇلفى ئەنبەرىم،
كۆزلەرى مەستانىم قايدىن بولۇرسەن؟
لاچىندەك ئۇچۇشلۇق پەرىم،
تازا نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

ـ مىنى سورىساڭ پەرىزادىنىڭ شاھىمەن،
ئەسلى شەھىرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
فەھىم ئەيلەسەڭ ھۆسن ئەھلىن ماھىمەن،
خەزانى يوق گۈلستاندىن بولۇرمەن.

ـ ئاشىقلارىنىڭ مەسكەنى مەلامەت تاشى،
سەلدەيىن ئاققۇزمە كۆزۈڭدىن ياشى،
مەسكەنىم خەلقدۇر، چەشمەلەر باشى،
مىنى سورىساڭ پەرى ماكانىدىن بولۇرمەن.

ـ خىنايى قوللارىڭ بوياپسەن قانە،
زەرەفشان زۇلفىڭگە ئۆرۈپسەن شانە.
يۈسۈفدەيىن سالدىڭ مىنى زىندانە،
زىلەيخا نىشانىم قايدىن بولۇرسەن؟
...................

ـ كۆزلەرىڭ نەرگەسدۇر، قامىتىڭ تۇبى،
نازلى دىلبەر سەن جەھان مەھبۇبى.
نەچچە يىللىق يولدۇر مەنزىلىڭ خۇبى،
سۆزلە نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ــ ئەسلىمىز پەرىدۇر، يوقتۇر نىشانىم،
ئەگەر ئاشكار ئەتسەم سىررى نىھانىم،
ئۈچ يۈز يىللىق يولدۇر مېنىڭ مەكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.

نــورۇز بەزمىســى ســېھىرگەرلەرنىڭ ئويۇنلــىرى، ۋائىــز ـ مەدداھلارنــىڭ جەڭنامــە ھېكايىلــىرى، باللارنــىڭ تۇۋلىغــان نــورۇز قوشــاقلىرى بىلــەن قىزىــپ كەتكــەن ئىــدى.

پەسلى جاھان ئوت كەتتى،
جۇتلۇق ئۆتۈپ قۇت كەلدى.
نورۇز كەلدى نۇر بولدى،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى.

ئــەردەم ئۇيــاق ـ بۇياقنــى تاماشــا قىلىــپ ئاخىــر شــەھەر ئاھالىســى لىــق تولغــان كــەڭ كەتكــەن ســەيناغا كېلىــپ قالــدى. مەيدانىنــىڭ كىرىــش ئېغىزىــدا ئــۇرۇق، ئېگىــز بويلــۇق بىــر مــەدداھ ئۇيــاق ـ بۇياققــا ئاســتا قــەدەم ئېلىــپ، نــورۇز توغرىســىدا بىــر جەڭنامىنــى ســۆزلەۋاتاتتى:

«ئــى، خالايــق! ئاڭلىمىدىــم دېمــە، مېنىــڭ ســۆزلەيدىغىنىم تــۈن بىلــەن كــۈن تــەڭ بولغــان، ئاينىــڭ يۈزى تولۇشــقا باشــلىغاندا، قۇياشــنىڭ نــۇرى ئالتۇنــدەك چاقنىغــان، يــەر ـ جاھاننىــڭ سىرلىرى

ئىچىلغان، جىمىكى جانلىقلار قايتىدىن تىرىلگەن مانا بۇگۈنكى نورۇز كۈنىدە، يەر يۈز بەرگەن ئىككى ئىلاھنىڭ جەڭنامىسىدۇر. دۇنيادا بۇنىڭدەك قىززىق قىسسە بولمىسا كېرەك» دەپ، بولىشىغا ۋارقىراپ، قولىدا مۇسانىڭ ھاسىسىدەك تۇتىۋالغان تايىقنى پۇلاڭلىتىپ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى مەدداھ:

«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئىككى ئىلاھ بار ئىكەن، بىرى، ياز ئىلاھى، يەنە بىرى، قىش ئىلاھى ئىكەن. ياز ئىلاھى باھارغا، يازغا، يامغۇرغا چوقۇنىدىكەن. قىش ئىلاھى بولسا قىشقا، زىمىستان سوغۇققا، قارغا چوقۇنىدىكەن. قىش ئىلاھىنىڭ يەتمىش پۇشتى ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇپ، جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بارغانلا يېرىگە زىمىستان قىشنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ، جىمىكى يەرنى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىۋېتىدىكەن. قىش ئىلاھىنىڭ خۇي ـ پەيلى ناھايىتىمۇ يامان بولۇپ، پۈتۈن جاھاننى ئۆزىنىڭ قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن. ياز ئىلاھى بولسا نایاتىمۇ مۇلايىم، مېھمان دوست، مەرت ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلماي، باشقىلارنىڭ يەرلىرىگە كۆز تىكمەي تىنچ، ئىللىق بىر مۇھىتتا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ياز ئىلاھى ھەر يىلى مانا مۇشۇنداق باھار كۈنلىرىدە نەغمە ـ ناۋا بىلەن، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن تېرىقچىلىق پەسلىنى كۈتىۋالىدىكەن. ياز ئىلاھىنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى نورۇز قىز ئىكەن. نورۇز قىزنىڭ چىرايى باھاردەك ئىللىق، ئايدەك پارقىراق، قاشتېشىدەك سۈزۈك ئىكەن. پۈتۈن بەدىنى ئېپاردەك پۇرايدىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇ مېزىلىك پۇراق كۈڭلىدىن كەلگەن پۇراق ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ پۇراق بولسا ئىلاھىي ئادالەتنىڭ تەجەللىسى ئىكەن. شۇڭا نورۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىز نەگە ئاياق باسسا شۇ يەردىن مىۋە كۆچەتلىرى چىچەكلەپ، گۈللەر غۇنچىلاپ، ئەتراپ باغۇ - بوستانلىققا ئايلىنىدىكەن. بۇ گۈلىستانلىقلارنىڭ ئىپار پۇراقلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى ھەرۋاقىت نەۋ باھار ئىچىدە ھاياتلىرىنى بەختىيار ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نورۇز قىزنىڭ بۇ كارامىتىدىن، ھۆسنى - جامالىنىڭ گۈزەللىكىدىن قىش ئىلاھى خەۋەردار بوپتۇ. ئىچى يامان قارا نىيەت قىش ئىلاھي نورۇز قىزنى بۇلاپ ئەپقېچىپ، بۇ زېمىندىن باھارنى قوغلاپ، قىشنى ئەكىلىپ، ئۆزگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ. قىش ئىلاھي ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۇرۇش تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن شۇنچىلىك كۆپ لەشكەر تارتىپ، ياز ئىلاھىنىڭ زېمىنغا باستۇرۇپ كەپتۇ. لەشكەر ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى توغ - ئەلەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن كۆك بىلەن يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيلا قاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن قورققان جىمى جانلىقلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئاپتۇ. ئۇلار نەگىلا ئاياق باسسا شۇ يەردىكى گۈل - گىياھلار توڭلاپ، پۈتۈن تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار ئۇلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا خانى - ۋەيران بوپتۇ. لېكىن باھار ئىلاھى بوش كەلمەي، ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىپتۇ. ئەمما، سان جەھەتتىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان قىش ئىلاھىغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ ياز ئىلاھى ھېچ تەسلىم بولماپتۇ. ئۇ ئۆز قىزى نورۇز قىزنى قىرىق چەۋەنداز يىگىتنىڭ قوغداپ ئېلىپ قېچىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى نۆۋكەرلىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىپتۇ. جەڭ شۇنچىلىك بوپتىكى ئۆلۈكلەردىن ئاققان قانلار قىپقىزىل مۇز تاغلارنى ھاسىل قىپتۇ. ياز ئىلاھى ئاخىرى بارلىق نۆۋكەرلىرى بىلەن شېھىت بوپتۇ. ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگەن

قىش ئىلاھى نورۇز قىزنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ ۋە قىزنىڭ قىرىق باھادىر چەۋەنداز بىلەن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئارقىدىن قوغلاپتۇ. نورۇز قىز ئۆزىنىڭ 40 باھادىرى بىلەن قېچىپ كەڭ كەتكەن بىر دالاغا يېتىپ كەپتۇ. ئەمما شۇنچە قېچىپمۇ قىش ئىلاھىدىن قۇتۇلالماپتۇ. نورۇز قىز ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان كۆرمىگىلىغان دۈشمەن لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى پەملەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نورۇز قىز ئۆزىنىڭ 40 باھادىرى بىلەن راۋۇس راسلىنىپ، ئوقلىرىنى ساداقلىرىغا بەتلەپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ.

ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

جەڭ دەھشەتلىك باشلىنىپتۇ، نورۇز قىز بىلەن 40 باھادىر سەپ تارتىپ كېلىپ دۈشمەن بىلەن شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك جەڭ قىپتىكى، ھەر چاپقان قىلىچى بىر كاللىنى بىر تەندىن جۇدا قىپتۇ. جەڭ باشلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىش ئىلاھى لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئەمما، دۈشمەن لەشكەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىپتۇ. جەڭ شۇنچىلىك دەھشەتلىك داۋام قىپتۇ. نورۇز قىزنىڭ 40 باھادىر چەۋەندازىدىن يىگىرمە توققۇزى قۇربان بولۇپ، ئون بىرى قاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ يۈتۈن جاھاننى قار ـ شىۋىرغان قاپلاپتۇ. ھەممە جاھان مۇزلاپ توڭلاپتۇ. ھاۋادىكى ئۆزگىرىشتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان نورۇز قىز ئون بىر چەۋەنداز بىلەن دۈشمەننىڭ سېپىنى يېرىپ چىقىپ قېچىپتۇ ۋە بىر تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ. ئۇلار تاغنىڭ يېنىدىن بىر تار قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى

بايقاپتۇ. ئاتلىرىنىڭ كاسىسىغا قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆزلىرى مەشئەل يېقىپ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن قىش ئىلاھىنىڭ لەشكەرلىرى قاچقان ئاتلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. نورۇز قىز ئون بىر چەۋەنداز بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن مېڭىپ، بىر ئوچۇقچىلىق جايغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئالدىدا كەتكەن بىر ئەزىم دەريا ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئەتراپتا دەريادىن باشقا ھېچ بىر نەرسە يوق ئىكەن. بۇ چاغدا بۇلارنىڭ يا يىگىدەك نەرسىسى يا ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىغان ئىكەن. ئەمما ئۇلار چوقۇم ئالدىدىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتمىسە بولمايدىكەن. چۈنكى ئالدىدا بۇنىڭدىن باشقا بىر يول يوق ئىكەن. نە چارە، باشقا بىر چىقىش يولى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈزۈشكە ماجالى قالمىغان نورۇز قىز ۋە ئۇنىڭ ئون بىر باھادىرى تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزلىرىنى تەڭلا تاشلاپتۇ. دەريا ناھايىتى ئۇلۇغ ھەم شىددەتلىك تېز ئاققاچقا ئۇلار سۇ ئىچىدە ئۆزلىرىنى باشقۇرالماي قاپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇبارەك بەدەنلىرى بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ تاش قىيالارغا سوقۇلۇپ ئەزىز تەنلىرىدىن جانلىرى چىقىپ، روھلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دەريانىڭ سۈيى بىردىنلا ئۇلغىيىپ، تاشقىن پەيدا بوپتۇ ــ دە، پۈتۈن ئەلنى سەل بېسىپتۇ. سەل سۈيى بارلىق مۇزلارنى ئېرىتىپ تېخمۇ ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىپتۇ ۋە بۇ ئەلگە بېسىپ كەلگەن قىش ئىلاھى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېقىتىپ غەرق قىلىۋېتىپتۇ. سەلدىن كېيىن پۈتۈن ئەلگە چېچىلىپ كەتكەن دۈشمەن جەسەتلىرى يەردىن ئۈنۈپ چىقىدىغان جىغانغا ئوخشۇت بوپتۇ. نورۇز قىز ۋە ئۇنىڭ ئون بىر

باھادىرنىڭ جانسىز تەنلىرى بولسا سۇدا ئېقىپتۇ، ئېقىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ روھلىرى بولسا تارىم ۋادىسىدىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئىپاردەك پۇراقلىرى بىلەن توغراق ـ يۇلغۇنلارنىڭ تازە پۇراقلىرىغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇ نورۇز قىز بىلەن ئون بىر باھادىرنىڭ قەھرىمانلىق روھى ھەر يىلى باھاردا قايتىدىن تىرىلىدىكەن. پۈتۈن تەبىئەت بىلەن بىرگە قايتىدىن باش كۆتۈرىدىكەن. نورۇز قىزنىڭ ئىپاردەك پۇراقلىرى باھارنىڭ سەلكىن شامىلىدا تارىم ۋادىسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا يېيىلىدىكەن. ئەسلىدە بۇ پۇراق كۆكلىنىڭ پۇرىقى ئىكەن. پۇراقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى كۆكلىنىڭ پۇرىقىدۇر. چۈنكى ئۇ پۇراق رەببىمنىڭ پۇرىقىدۇر. سۇنغان كۆكلىلەرگە، مۇڭلۇق روھلارغا مەدەت بولىدىغان ۋەتەن سۆيگۈسىگە تولغان ئىماننىڭ پۇرىقىدۇر. شۇڭا بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى تا بۈگۈنگىچە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆز قەھرىمانلىرىنى ياد ئېتىپ، ئۇلارنىڭ روھلىرىغا ئاتاپ نورۇز ئاشلىرى، نورۇز سۇلىرىنى تەييارلاپ ئەل ـ يۇرتقا تارقاتسا، يەنە بىر جەھەتتىن تاجاۋۇزچىلارغا بويۇن ئەگمىگەن جاسارەتنى مەدھىيەلەپ، خاتىرىلەپ نەغمە ـ ناۋا بىلەن شاد ـ خوراملىقتا چۆمۈلۈپ نورۇزنى تەبرىكلەيدىكەن. ئەمما، نورۇز قىزنى ئۇيلىغان ئەل ـ يۇرت يەنىلا باھار ھەسرىتى چېكىدىكەن. بۇ ھەسرەت تاكى تاجاۋۇزچىلارنى بۇ زېمىندىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقارغىچە داۋام قىلىدىكەن.»

مەدداھ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇزۇن ھەم ئورۇق قوللىرىنى تايىقى بىلەن تەڭ ھاۋادا ئويىنىتىپ، ياداڭغۇ يۈزىنى كۆككە قارىتىپ: «يا دوست! يا ئاللاھ» دەپ تازا ئۈنلۈك بىر ۋارقىراپ سۆزىنى كەستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەدداھ سۆزلىگەن بۇ جەڭنامە ئەتراپتىكى قىز ـ چوكانلارنى يىغلىتىۋېتىپلا قالماي، ئەردەمنىمۇ يىغلىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، ئەتراپتىكىلەردىن خىجىل بولۇپ، چاناقلىرىدىن ساقىغان تەسىرلىك ياشلارنى، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن چاندۇرماي سۈرتىۋەتكەن ئىدى.

بۈگۈنكى نورۇز بارىمى باشقا يىللاردىكىدىن باشقىچە قىزىپ كەتكەن ئىدى. مەيداننىڭ جەنۇب تەرىپىگە قازغان ئۆرەكلەرگە يوغان ـ يوغان داش قازانلار ئېسىلغان بولۇپ، ئىچىدە قوينىڭ قوۋۇرغا گۆشى، بۇغداي، نوقۇت، گۈرۈچ، تېرىق، ئارپا، قىزىل پۇرچاق، قىزىل مۇچ، سەۋزە قاتارلىق گۆش ۋە توققۇز خىل دانلىق زىرائەتلەردىن ئېتىلگەن نورۇز ئېشى تەييارلانغان بولۇپ، نورۇز ئەھلىگە تارقىتىشقا تەييار بولۇپ قالغان ئىدى. مەيداننىڭ شىمال تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن سەينادا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان بارلىق ئويۇنلار ئوينىلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلىدىغان ئويۇنلار بولسا، يەنىلا «سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنلىرى ئىدى. يەنى قوچقا سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش قاتارلىقلار. كىچىك باللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى لەپپەك ئويۇنى بولۇپ، چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن قىزلار، باشلىرىغا چىمەن دوپپىلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن باللار، قىن ـ قىنىغا پاتپاي قاھ ئېتىپ كۈلۈشۈپ، لەپپەك ئۇچۇپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئەردەمنى بولسا «تېپە، پوكانغا تەپ!» دېگەن ئاۋازلار جەلپ قىلغان بولۇپ، ئۇ ئاۋاز چىققان يەردە، توخۇ سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى. سوقۇشىۋاتقان ئىككى غورازنىڭ بىرى پاكارراق كەلگەن سېمىز دوغلاق، پۇتلىرى شۇنچىلىك تومۇ، ئۇچلانغان دۈكرەكلىرى جۇۋالدۇرۇزدەك ئۆتكۈر ئىدى، پەيلىرىنىڭ رەڭگى قارامتۇل كەلگەن بولۇپ، قۇيرۇقى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس

ئىدى. كۆرۈنىشى شۇنچىلىك سۈرلۈك، كۆزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. يەنە بىرى، ئېگىز غوللۇق كەلگەن غوراز بولۇپ، پەيلىرى قىزغۇچ ئالا چىپار ئىدى، بۇ رەڭلىك پەيلەر قۇياشنىڭ نۇرىدا ۋال - ۋۇل يالتىرايتتى. قۇيرۇقلىرىنىڭ ئۇزۇن پەيلىرى ياي ئەگمىسىدەك ئېگىلىپ يۇقىرىغا قاراپ تۇراتتى. پۇتلىرى ئۇزۇن ھەم مەزمۇت ئىدى. بۇ خورازنىڭمۇ دۈكرەكلىرى ئۇزۇن، ئۇچلۇق، تىرناقلىرى مەزمۇت ئىدى. بۇ ئىككى خوراز شۇنداق دەھشەت ئۇرۇشىۋاتاتتىكى، ئاي ھاي، نى- نى توخۇۋازلارمۇ بۇنداق سوقۇشقان خورازلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانلىقى، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن توخۇۋاز ۋە كەپتەرۋازلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ھاياجاندىن، بەدەنلىرىدىكى ھەرىكەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تۇرغان، ئۆزى پاكار كەلگەن، يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان بىر يىگىت: «ھەي! خالايىق كۆلنىڭ خورىزىنىمۇ كۆردۇق جۇما، چاغلىقكەن. تۇردى بەگ خېنەندىن ئەكەلگەن تۇخۇملىرىنى، كۈرۈك مىكىينىغا باسۇرۇپ چىقارتقۇزغان ئۈچ چۈجەنىڭ بىرسى شۇ. مەمەت توخۇ ئۇ چۈجە ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققاندا، بىر ساغلىق قويغا تىگىشىپ، ئۆزى يېمىگەننى يېگۈزىپ، ئىچمىگەننى ئىچكۈزۈپ، بىقىپ خوراز قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە دوغا تىككەن ئىدى. ئەمدى ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، ئاۋۇ، ئۇزۇن پاچاق تۇرپاننىڭ چا خورىزىغا تەڭ كېلەلمەيۋاتقىنىنى.»

ئۆزى ۋىجىك، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، بادام دوپپىسىنى باستۇرۇپ كىيىۋالغان بىر تازچاق كىشى سۆزگە ئارىلىشىپ: «شۇنى دېمەمسىلە، ھىلىتىنلا ئىككى قانىتى مەڭگەندەك چۈۋۈلۈپ، تىلى ساڭگىلاپ يەرگە تىگەي دەپ قالدى، ئۇ يېتىمنىڭ. تېخى ئۇششۇقلۇق قىلىپ، ئۆيدىن قىڭراق كۆتۈرۈپ

چىقمىسا بولاتتىغۇ بۇ گاداي» دەپ، چاقچاق قىلدى.

ئەتراپتىكى تاماشىبىنلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ: «بولدى قىلىلىي خالايىق، تېخى ئويۇن ئەمدى باشلاندىغۇ، كىمنىڭ يامانلىقىنى ئاخىرىدا كۆرىمىز.»

ئىككى خوراز يىراقتىن قاناتلىرىنى سۆرەپ ئېتىلىپ كېلىپ، بىر - بىرىگە پۈت ئاتقاندا، پوكانلىرىغا تەگكەن پەشۋادىن ئارقىغا ئۇچۇپ، يەرگە پالاقلاپ چۈشەتتى. پوكانلىرىدىن توزۇپ چىققان پەيلەر ھاۋادا ئۇچۇپ لەيلەيتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن توخۇۋازلار:

«پاھ-پاھ! ماۋۇ تېپىشنى كۆرمەمدىغان. قېنى دوغا تىكىدىغانلار بارمۇ، مەن تۇرپاننىڭكى» دېسە، ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغانلاردىن بىرلىرى قوپۇپ: «مەن خېنەننىڭكى. ئەمما، بىرگە ئىككىنى بېرىسەن» دەيتتى.

ئىككى خوراز بىر - بىرىدىن يانماي ئەنە شۇنداق بىر ھازا سوقۇشقاندىن كېيىن. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقلىرى سۇنۇپ، باشلىرىدىكى تۈكلىرى يۇلۇنۇپ تاز بولۇپ قالدى ۋە ئىككى كۆزى يۇمۇلۇپ، باش - كۆزى قىپ - قىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتتى. ئەمما ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن يانمايتتى. ئاخىرىدا يىراقتىن ئاستا قانات سۆرەپ، يانداپ كەلگەن تۇرپاننىڭ خورىزى، جۈغى ئۆزىدىن كىچىكرەك كەلگەن خېنەننىڭ خورىزىنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ ئىككى پۇتلاپ بىر تەپكەنىدى، ئۇ خورازنىڭ مېڭىسىگە دۈكرەكلىرى پېتىپ كەتتىمۇ ياكى قاتتىق پەشۋانىڭ زەربىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، بېشىنىڭ چوققىسى تېشىلىپ، تاجلىرى ئۈزۈلۈپ، ئىككى كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەندەك، بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەيلا قالدى ۋە «غىق، غىق!» قىلىپ غەلىتە ئاۋازلارنى

چىقارغاندىن كېيىن، ئىككى پۇكلىنىپ موككىدە يېتىپ قالدى.

بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇتقانلار ئۇتتۇرغانلاردىن پۇللىرىنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئۇتتۇرغانلاردىن بىرى ئاچچىقلىنىپ: «ئاناڭنى، كۇلىنىڭ، كۇلىنىڭ دەپ كېتىشىدۇ تېخى. چاغلىقكەنغۇ، بىر پەشۋاغا يارىمىدى. قاراپ تۇرۇپ ئەتىگەن ساتقان ئىككى ئۆتۈكنىڭ پۇلىنى ئۇتتۇرىۋەتتۇق» دەپ، كاسىلىرىدىكى توپىنى قېقىپ بىكارلىق نورۇز ئېشى بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

رەڭمۇ - رەڭ ئىجتىمائىي هايات ۋە خىلمۇ - خىل تىرىكچىلىك ئۇسۇلمۇ خۇددى مۇشۇ تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش هەركىمدە هەر خىل ئوخشىمىغان زوق، هەر خىل ئوخشىمايدىغان تەسىرات ۋە هەر خىل ئوخشىمايدىغان هېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۈگۈن ئەردەمنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭدا هاياجان پەيدا قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنى ئويلاندۇرغان ۋە ئەپسۇسلاندۇرغان ئىدى. ئىشقىلىپ نېمە دېگەن بىلەن بەربىر ئۇ، بۈگۈنكى سەيلىدىن يەنىلا مەمنۇن ئىدى. ئەنە شۇنداق تاماشا قىلىپ سەل چارچاپ قالغان ئەردەم، نورۇز ئېشىنى تويغۇدەك يەپ، نورۇز سۇلىرىدىن قانغىدەك ئېچىپ، ۋۇجۇدىغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. ئاندىن ئۇ، بۈگۈن سەهەردە ئالدىراشچىلىقتا ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن خوشلاشمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇڭدىشىپ هەم خوشلىشىپ، رازىلىقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئەسلىدە ئۇ ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن ئەمەس، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىدە

www.uyghurkitap.com

ساقلاپ كەلگەن يۈرەك سۆزلىرىنى پەرۋىنگە ئېيتىش ئۈچۈن ماڭدى دېسەك، مەنتىقىغە ئۇيغۇن كېلەتتى.

ئەردەم باغ ئارىلاپ دەريا بويىغا قاراپ يول ئالدى، ئۇنىڭ مەنزىلى ئۇنچە قىسقا ئەمەس ئىدى. بولغۇن ئۇ تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە مېڭىپ يۈرگەچكە، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۆزىنى ھېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ، دەريا بويىغا تېزرەك بېرىپ، پەرۋىننى ساقلىغاچ بىراقلا دەم ئېلىشنى ئويلىغىنىدا، پۇت - قولىغا بىردىنلا كۈچ - قۇۋۋەت كىردى - دە، دەممۇ ئالماي باغ ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. پاكار - پاكار سوقما تاملاردىن كوچىغا ئارتىلىپ چۈشكەن ئۈرۈك دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىكى ئاق قىزغۇچ چېچەكلەر خۇددى ئاپتاپ يېسۇن دەپ تامغا ئارتىپ قويغان خوتەننىڭ يىپەك گىلەملىرىدەك كۆرۈنەتتى. خوتەن دىيارىنىڭ باغلىرى ۋە كەڭ دالاسىدىن كېلىۋاتقان باھارنىڭ خۇش پۇراق ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ كېتىۋاتقان ئەردەم بولسا، بىردىنلا ئۆزىنى بۇ ئالەم بىلەن، بۇ ھاياتنىڭ ۋاڭ - چۇڭغا تولغان شەھەر بىلەن، ئاياق ئاستىدىكى قىزغۇچ تۇپراقلار بىلەن، بىخ ئۈرۈپ كۆكىرىۋاتقان دەرەخلەر بىلەن، گۈزەل باغلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. مېڭىۋاتقان مۇشۇ يول، مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تەبىئەت بىلەن ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىنىڭ تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈزىگە مېھربانلىق بىلەن ئۇرۇلىۋاتقان شامال، ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان جۇشقۇن ھېسسىياتلىرىنى سىيپاپ ئېلىپ، پۈتۈن تەبىئەتكە يېيىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەردەم ئەنە شۇنداق بىھۇش تۇيغۇلار بىلەن، باھارنىڭ نەمخۇش، ئىزغىرىن شامىلىدا لەرزان يەلپۈنۈۋاتقان قىچىنىڭ سېرىق چېچەكتەك ئېچىشىغا ئاز قالغان غۇنچىلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، دەريا بويىغا قاراپ داۋاملىق يول ئالدى. ئۇ كۆكسىنى

ئېچىپ، شامال ئۇرغان تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ، تەبىئەت ئۆز قولى بىلەن توقىغان نەپىس چىمەنزارلىقنىڭ مىسلىسىز خۇش پۇرىقى بىلەن مەستخۇش بولدى. ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرگە، ئىختىيارسىز قوللىرىنى سۇنۇپ، قەلبىدىكى ئىشق كۆيلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ قەلبىدە ئوتقاش بولۇپ يېنىۋاتقان مۇھەببەت ئىشقىدا تاۋلىنىپ، مەجنۇندەك ئىتىز - ئېرىقلار ئارىسىدا تەمتىرەپ ئاخىرى دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى.

گەرچە ئۇ شۇنچىلىك چارچىغان بولسىمۇ دەريا ياقىسىدا بىردەم يۇقىرى ئېقىنغا، بىردەم تۆۋەن ئېقىنغا قاراپ ئىختىيارسىز ماڭدى. ئاخىرى ئۇ يەردىكى بىر تاياقنى ئېلىپ، غېلىپىدىن سۇمۇرغ باشلىق پىچىقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، تاياقنى ئۇشلاشقا باشلىدى. ئاندىن ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ ئولتۇردى ۋە بىردىنلا بۇرۇنقى كۆنلەرنى ئەسكە ئالدى. بولۇپمۇ ئالىكنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئالىكنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلەپ كېلىپ، ئىككى پۇتىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، تۇمشىقىنى ئۇنىڭغا سۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئالىكتىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشلىرىنى، ئەنە شۇنداق چاغلاردا، ئۇ باشقىچە جانلىنىپ، تومۇرلىرىدا ئىسسىق بىر ئېقىمنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىدىغانلىقىنى، بىشىدىكى بارلىق غەم - قايغۇلارنىڭ بۇلۇتتەك تاراپ كېتىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆزئالدى كەلدى. ئۇ ئالىكنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن كۆمەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەت چەكتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا سەپداشلىرىنىڭ ۋە ئالىكنىڭ ئىنتىقام ئوتى تۇتاشتى. ئۇ ئەمدى يەرگە سانجىلغان پىچاققا ۋە قولىدىكى تاياق بىلەن تىلغىۋەتكەن يەرگە قاراپ بىردىنلا خىيالدىن ئويغاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ قانچىلىك خىيالغا پاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا تا قاراقاشتىن يولغا چىقىپ مۇشۇ دەريا بويىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆز كۆڭلىدىن تىنىمسىز ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدەك ئېقتىپ ئۆتكۈزگەن ئىدى. سائەتلەر، كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار شۇنچىلىك تېز ئۆتمەكتە، بۇنداق چاغلاردا زامانمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ قارايدىغان بولساق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى شۇنچىلىك تېز. ئازابلىق ۋاقىتلار شۇنچىلىك ئاستا ئۆتكەندەك تۇيۇلسا، بۇگۈنكىدەك خوشاللىق كۈنلەر خۇددى بىر تال پەيدەك شامالدا تېزلا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ئۇ داۋاملىق كاللىسىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ تۇرغان، ئەمما بىر تۈرلۈك تەرتىپكە سالالمىغان، ھەتتا نېمىلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان ئويلىرىنىڭ سىرلىرىنى يەشكەندەك قىلىپ، بىر ئىرغىپلا ئورنىدىن دەس تۇردى. ئاندىن پىچىقىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، بېلىدىكى غىلاپقا سالدى ۋە قولىدا ئۇچلاقلىق تۇرغان تاياقنى دەرياغا بىرقىرتىپ ئاتتى ـ دە، دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يولدا شامالدا چۈۋۈلۈپ كەتكەن بادام دوپپىسىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، شىمىنىڭ پۇشقاقلىرىنى كاسىسى بىلەن قوشۇپ قېقىپ، ئۆزىگە بىرەر قۇر قارىۋېتىپ، بىرەرسىنى ئۆزىگە جەلب قىلماقچى بولغاندەك دەريا ياقىلاپ ماڭدى. ئۇ بىردىنلا، سول قولى بىلەن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر تال ئۆرۈمە چېچىنى ئويناپ، ئوڭ قولىدا كۈندۈكنى كۆتۈرگەن پېتى يەرگە قاراپ مېڭىپ كېلىۋاتقان پەرۋىنىنى كۆرۈپ قالدى.

ئەسلىدە بۇلاقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن پەرۋىن،

ئەردەمنى يىراقتىن كۆرگەن بولۇپ، ئەمما كۆرمىگەندەك بولۇۋىلىپ، بىشىنى يەردىن ئۈزمەي ئەردەم تەرەپكە كىلىۋاتقان ئىدى. مانا بىر - بىرىنى تۈيۈقسىز كۆرگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى بىردىنلا تېزلىشىپ، كۆكرەك قەپەزلىرىگە گۆپىلدەپ ئۇرۇلۇپ، پۈتۈن تومۇرلىرىدا كۈۋەجەپ ئاققان ئىسسىق قانلار بەدەنلىرىنى قىززىتىۋېتىپ باراتتى. ئىچىدىكى بۇ ئىسسىق ھارارەت ئەمدى تېشىغا تەپتى بولغاي ھەر ئىككىلىسىنىڭ ياڭاقلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ يەردىكى تاشلارغا سوقۇلىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ ھال مەۋج ئۇرۇپ ئاققان ئىككى دەرياغا ئوخشايتتى. تېخمۇ ئېنىق قىلىپ ئوخشىتىدىغان بولساق، ئىككى ياشنىڭ ھازىرقى ھېس - تۇيغۇلىرى، ئوي - پىكىرلىرى خۇددى يىراقتىن جىمجىت، تىپ - تىنچ ئېقىپ كىلىۋاتقان قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى دەل بىر - بىرىگە قوشۇلۇش ئالدىدا، بىردىنلا جۇشقۇنلىشىپ، دولقۇنلاپ ئاندىن قايناملار ھاسىل قىلىپ، بۇژغۇنلاپ كۆپۈكلەر چىقىرىپ، بىر - بىرىگە قوشۇلغىنىغا ئوخشايتتى. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ھادىسلىرى ئىككى ياشنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت سىرلىرى كۆڭۈلنىڭ ئىشق پەريادلىرىدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈل كۆزىدە بىر - بىرىدىكى بۇ ھالنى كۆرگىدەك نۇر، ئۇنى ئاڭلىغۇدەك قۇدرەت بار ئىدى. ئۇلار يېقىنلاشتى. پەرۋىن يەنىلا ئەردەمگە قارىغاندا جاسارەتلىك ئىدى. شۇڭا بۇرۇنقىدەك باش سۆزنى يەنە پەرۋىن باشلىدى:

- ھە، قاچان كەلگەنىدىڭىز؟ ئۆيگە كىرمەي دەريا ياقىسىدا نېمە خىيالغا پېتىپ كەتتىڭىز؟ دادام، بۈگۈن ھەزرىتىم بىلەن

كۆرۈشۈپ، سىز توغرۇلۇق سۆزلەشكەن ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام ئەتە ھەزرىتىمنىڭ يېنىغا كېتىدىكەنسىز. شۇڭا بۇگۈن بۇ يەرلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قانغىدەك كۆرۈۋالاي دېدىڭىزمۇ يا؟ ـ دەپ، ئەردەمگە نازلىنىپ قارىدى.

ئەردەم، قىزنىڭ سوئاللىرىنىڭ قايسىسىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى، كاللىسىدا بىر ئويلىۋالدى ۋە «ئالدىڭىزدا ھېچ سۆزلىمەي، ئىچىمدىكى مۇھەببەت ئوتلىرىمنى كۆزلىرىمدە ياندۇرۇپ، سىزگە ئۆز قەلبىمدىكىنى ئىپادىيەلىگەن بولسام، نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە!» دېگەن ئويلار كاللىسىدا چاقماقتەك چىقىلدى ـ دە:

ـ ھە، ئەتە سەھەردىلا ماڭىمەن. شۇڭا دەريانىڭ مەۋج ئۇرۇشىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالاي، دەپ كېلىشىم. سىزچۇ؟ سۇغا چىققانمۇ؟ ـ دەپ، سۆزلىرىنى ئاپاق چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ چىقاردى.

قىز چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، مۇھىم بىر نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغاندەك، ئەتراپقا بىر كۆز ئاتتى. ئاندىن، سۇزۇك يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قىقىپ تۇرۇپ:

ـ ھە، مەن سۇغا چىققان ۋە ئەتىگەندىن كەچكىچە دورا ـ دەرمانلار بىلەن ھەپىلىشىپ، ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. بىردەم كەچنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالاي دېدىم. ئەسلىدە سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام، بۇرۇنراق چىقاركەنمەن، ـ دەپ، يۈزىنى دەريا تەرەپكە قاراتتى.

ئەسلىدە ئەردەم پەرۋىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن شۈنچىلىك ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئەنسىرىگەن نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ

مۇمكىنچىلىكىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا جاسارىتى تولۇپ تاشقان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن كۆتكەن نەرسىلەردىنمۇ بۈيۈك ئىشلارنى قىلالىشى ئۈچۈن بۇ يولغا ئاتلانغان. شۇڭا بۇ يولدا ماڭغان ئادەمدە، ئىنسانلاردا ناھايىتىمۇ ئاز ئۇچرايدىغا قەھرىمانلىق بولۇشى كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە ئۆز بەختىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبى، مۇھەببىتىدىن ئىبنىق بىر جاۋاب ئالماي تۇرۇپ ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن دەردلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەردلىرىنى يۈتۈن تەبىئەتكە ئاڭلاتقۇسى كەلدى. شۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريادىكى سۇغا، شۇ ئىزغىرىن شامالغا سۆزلىگۈسى كەلدى. چۈنكى ئۇلار بۇ دەردلەرنى يىراق تەكلىماكان چۆللىرىگىچە كۆتۈرۈپ ئەكىتىپ، ئانا تۇپراقنىڭ باغرىغا سىڭدۈرىۋېتەتتى. ئۇ شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە، ئىچىدىن بالقىپ چىققان ھېسلىرىنى قىزغا قانداق ئىپادىلەشتە ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ساپ تۇيغۇلارنى سۆزلەش ئۈچۈن قانچىلىك قىينىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ھەر تۈرلۈك يالغان گەپلەردىن ئۇزاق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تېشىغا چىقىرالماي، يۈرىكىدە كۆمۈلۈپ قىلىۋاتقان بۇ پاك تۇيغۇ بولسا، ئۇنىڭ روھىدا يېڭى بىر تاتلىق ھاياجان پەيدا قىلماقتا ئىدى. نېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئوغۇل بالىدە! ئىچىدىكىنى بىرەر سۆز بىلەن ئىپادىلەپ قىزغا ئېيتىشى لازىم. بىراق كاللىسىغا ھېچ بىر سۆز كەلمىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭغا سۆزلەر كېرەك ئەمەس ئىدى. ئەردەم قىزنى ياخشى كۆرەتتى. قىز بولسا ئەردەمنى. چۈنكى ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەر بۇنىڭغا شاھىت ئىدى. دەريا دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازىدا، توغراقلارنىڭ سايىسىدا، ياسىمىن، چىغىرتماق، مامكاپ قاتارلىق گۈللەرنىڭ رەڭگىدە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇرۇك چېچەكلىرىنىڭ پۇراقلىرىدا ئۇلارنىڭ ئاشىقنىڭ ھاللىرى بار ئىدى. كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، ئاشىق ئىدى. يەنى پەرۋىنىڭ ياڭاقلىرىنىڭ قىزىرىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىشلىرى ۋە ئەردەمدىكى ئىشق تولغان كەيپىيات، ھاياجانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئاشىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بارلىق نەرسىلەر ئاشىق ئۈچۈن ئىدى. تېشى بىلەن ئىچىدە ھەمدە تومۇرلىرىدا ئاققان قان ۋە قەلبىنىڭ سوقۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، دەيدىغان سۆزى يوق ئىدى. بارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئىدى. ھەتتا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ئاشىقنىڭ شاھىدى ئىدى.

ئۇلار دەريا ياقىسىدىكى ئەپلەك بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار يان - يانغا كەلگەن ئىدى. گەپ قىلغاندا تىنىقلىرى بىر - بىرلىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھەر ئىككىلىسى ئۆز ھاياتىدا مۇنداق شېرىن بىر تىنىقنى پۇراپ باقمىغاندەك تۇيغۇغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە تويدۇرماي بىر - بىرلىرىگە ئۇزۇن - ئۇزۇن باقاتتى.

ئۇلار ئېغىزلىرىدا بىر - بىرسىگە «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيەلمىگىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈسىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. پەرۋىن ئەردەمگە بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. قىز ئالدىدىكى دەرياغا ھەرىكەتسىز قاراپ تۇراتتى، يۈزى دەريا سۈيىدەك يالتىراق ئىدى. قىزنىڭ بىر - بىرلىرىنى ئىختىيارسىز ئويناپ ئولتۇرغان قوللىرىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى بولسا شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك نەپىس ھەم ئۇزۇن ئىدى. خۇددى يومران ئەتىر گۈلنىڭ كىچىك ياپراقلىرىدەك يا ئۇزۇن، يا كەڭ ئەمەس تىرناقلىرى بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا ناھايىتىمۇ يارىشىملىق شەكىلدە يېپىشىپ تۇراتتى. ئەردەمنىڭ

ئۇزۇن قولى ئىختىيارسىز قىزنىڭ بارماقلىرىغا تەگدى. قىزنىڭ سەزگۈر مېڭىسىمۇ دەرھال بۇ ئېلىكتىر ئېقىمىنى سەزدى. قىزنىڭ تىترىگەن بارماقلىرى ئاستا ـ ئاستا بالىنىڭ بارماقلىرىدىن يىراقلاشتى. ئاندىن تۇپراقنى تاتىلىدى. بارماقلار ئاستىدىكى تۇپراق ئىسسىپ يۇمشاپ كېتىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا قىزغۇچ ئاسماندا بىرمۇنچە مامۇق بۇلۇت ئەۋرىشىمدەك لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرمەكتە . ئاسماننىڭ بىر چېتىدىكى لالىگە ئوخشاش قىپقىزىل بۇلۇت ئىچىدە قۇياش خۇددى نۇر تۇپىدەك ئالتۇن نۇرلىرىنى چېچىپ، ئولتۇرۇشقا تەرەددۇت ئەتمەكتە ئىدى. يەر ـ زېمىن زۇمرەتتەك كۆپكۆك، ھەتتا دەريانىڭ ياقىسىدىكى ساي تاشلىرىمۇ كۆكىرىپ قالغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى . ئەتراپتىكى ساغۇچ ۋە ئاققۇچ ئېچىلغان ياسىمەن گۈللەرئۇلارغا گۈزەل يۈزىنى قارىتىپ تۇرماقتا ئىدى . ئەمدى كۈن كۆز باغلاشقا تەرەددۇت قىلدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىر ـ بىرلەپ يېنىشقا باشلىدى. ئايمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ تولغان يۈزىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئاينىڭ يورۇقلۇقى پەرۋىنىڭ گۈزەل جامالىنى تېخىمۇ سۈزۈكلەشتۈرىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارئالدىدىكى چايقىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ پەسلىشىنى كۈتىۋاتقاندەك سۇكۇنات ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇچۇن زامان ۋە ماكان تۇرۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇلار بۇ مىنۇتلارنىڭ ھەرگىز تېز ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئۇلار بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئۇنتۇغاندەك پەقەت ئۆز ئارزۇلىرىنىڭلا خىيالىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى مۇشۇ گۈزەل تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنى بۈگۈن ئەڭ بەختىيار قىلىۋەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئەردەم بۇ ئۇچرىشىشتىن بەكمۇ مەمنۇن بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئەسلى مەسىلە بۇ ھاياتلىق يولىدا بىرىنى تاپماق ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرى بىلەن ھاياتلىق يولىدا ئۇچراشماقتۇر. مانا بۇ ئۇچرىشىش ھەقىقەتەن بىر توغرا ئۇچرىشىش بولسا، ئۇ ھالدا جور ئىزدىگۈچىلەر بۇ ھاياتتا ئىزدىگەن جورىنى تاپتى دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ ئۇچرىشىش ئىككى يۈرەكنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراپ ھاياجان بىلەن سوقۇشىدىن ھاسىل بولغان چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ھاسىلاتىدۇر. ھاياتتا بۇنداق ئۇچرىشىش ھەممە ئادەمگە نەسىپ بولمايدۇ. ئەمما، بىرسىنى تېپىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش. ئىزدىگەن ئەلۋەتتە بىرىنى تاپىدۇ. ئەمما، يۇقىرىدا زىكرى قىلغانىدەك بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىش ھەممە ئادەمگە نەسىپ بولىدىغان نېمەتلەردىن ئەمەس. مانا بۇ نېمەت بۆگۈن بۇ ئىككى ياشقا نەسىپ بولغان ئىدى. شۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىدا بۇ ئىككى يۈرەكنىڭ قانلىرى تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرماقتا. بۇ ئىككى ياش ئۈچۈن بۇ ئاخشام ئۇنداق ئادەتتىكىدەك بىر ئاخشام ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئەردەم ئۈچۈن بۇ ئاخشام شۇنچىلىك رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلگەن ئاخشام بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ نېمەت ئۈچۈن ئەردەم ئاللاھقا يۈز مىڭ شۈكرە قىلدى ۋە ئەقلىدىن مۇنداق نىدا كەچتى:

ـ ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ تىلىگەن ھەر نەرسىنى ماڭا بەردىڭ، ماڭا بۇ كەمچىلىكسىز تەبىئەتنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سۇندۇڭ، ئۇنىڭدىن تىنماي زوق ئېلىش كۈچىنى ماڭا ئاتا قىلدىڭ. بۇ دۇنيادا گۈزەللەر گۈزىلى بولغان پەرۋىن بىلەن يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇشقا نەسىپ قىللىپ، ھاياتىمغا يېڭى بىر ھايات قوشتۇڭ. ماڭا شۇ دەريانىڭ ھەرقىسما تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئېقىشىغا سوغۇق قاراپ تۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى پەرۋىننىڭ گۈزەل

يۈزىگە قارىغانىدەك، مېھرى ئىسسىق بىر يۈرەك بىلەن قاراشنى مۆيەسسەر ئەيلىدىڭ. ئۆزۈڭ ياراتقان بۇ گۈزەللىكلەرنى كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدۈڭ ۋە ماڭا بۇلارغا زوق بىلەن قارايدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز ئاتا قىلدىڭ. يىراقتىكى ئاپپاق تاغ چوققىلىرىدىن تارتىپ يان تەرەپتىكى چۆللەرگىچە، دەريا ياقىسىدىكى ساي تاشلىرىدىن تارتىپ، ئەتراپتىكى كۆكىرىۋاتقان ئوت - چۆپلەرگىچە، كۈندۈزدىكى كۆك ئاسماندا ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان قۇياشتىن تارتىپ ھازىر ئاسماننى بىزىگەن سان - ساناقسىز جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇز ۋە تولۇن ئايغىچە كائىناتنىڭ بارلىق مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتتىڭ. ئاھ! بۇ نېمە دېگەن گۈزەل بىر ئىلاھى زوق ھە! مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ باغرىدا كۆككە نەزەر تاشلىماق، ياندىكى ساھىپجامال بىلەن مۇڭداشماق، ئاللاھنىڭ ياراتقان بارلىق مۆجىزىلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ باغرىدا ھېس قىلماق، كۈچۈڭنىڭ يېتىشى ۋە ئەقلىڭنىڭ ئىشلىشىگىچە ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن زوق ئالماق، ئۇلارنى كۆزىتىپ ئىدراك قىلماق ۋە ئىشق ئوتىدا ھەممە قىيىنچىلىقنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۆلۈملۈك بۇ دۇنيادىن پۈتۈنلۈككە قاراپ يولغا چىقماق نېمە دېگەن گۈزەل!

بىردىنلا دەريا سۈيى چايقىلىپ، قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇشىدىن ئۈنچە - مارجاندەك چاچراپ چىققان سۈزۈك، مۇزدەك تامچىلار ئىككى ياشنىڭ گەۋدىسىگە چاچراپ، ئۇلارنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئۇلار ئەمدى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ يولىنى تۇتۇپ، يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئەردەم سول قولىدا لىق سۇ تولدۇرۇلغان كۈندۈكنى كۆتۈرگەن پېتى پەرۋىن بىلەن بىللە يانمۇ - يان يۈرۈدى. پەرۋىن بىردىنلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەردەم چاققانلىق قىلىپ ئوڭ قولى بىلەن قىزنىڭ بىلىكىدىن

چاقچانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى. ئەمما، پەرۋىن خۇددى ئاغرىۋاتقان بىر يېرىنى تۇتۇۋالغاندەك ئۆركۈپ كەتتى. ئاندىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ نورۇزدىكى تولغان ئايدەك تاتلىق كۈلدى ـ دە، يولىنى داۋام قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئەردەم ئادىتى بويىچە ئوڭ قولىنىڭ ئىشارەت بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى يەڭگىل سىلاپ تۇرۇپ، ئۇستازى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ياش چاغلىرىدا يازغان مۇنۇ شېئىرنى گۈپۈلدەپ گۈبۈلت ئەقلىدىن كەچۈردى:

گۈزەل يۈزۈڭنى كۆرۈپ ھەر زامان خىجىلدۇر گۈل،
قارا قاشىڭغە قاراقاش نازىنىنلەر قۇل،
ئۆزۈڭنى كۆرسە قارا كۆز كىيىك كۆزى قۇيۇلۇر،
ساچىڭنىڭ ئالدىدا بىر خەسكە ئەرزىمەس سۇمبۇل.

لىبىڭگە قىزغانىبان بولدى قىپ قىزىل ياقۇت،
سۆزۈڭنى ئاڭلىسا قالغاي گاچالىنىپ بۇلبۇل،
ئۇيات بىلەن توزىغاي غۇنچە كۆرسە ئاغزىڭنى،
تىشىڭنىڭ ئالدىدا ئىنجى باھاسىدۇر بىر پۇل.

چىرايدا نەرسە ساڭا ئوخشىيالمىدى چۈنكى،
كۆرۈندى ئالما، يۈزۈڭ ئالدىدا مۇنەك شاپتۇل،

خاتا بولۇرمۇ ئەگەر پەرىگە ئوخشاتسام،
بولۇرمۇ كۆنى چىراققا ئوخشاتىش مەئقۇل.

گۈزەل چىرايىڭغا لايىق سىنىڭ خۇيۇڭمۇ گۈزەل،
گۈزەلدە بولسا گۈزەل خۇي بولۇر گۈزەللىكى مول،
چىرايىڭ ئەيلىدى ئاشىق ساڭا بۇ بۇغرانى،
دىيانىتىڭ بىلەن نامۇسۇڭ ئەيلىدى ئۇنى قۇل.

ئىككى ياشنىڭ ئارقىسىدا تىنىمسىز ئېقىۋاتقان دەريا گويا تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراپ كېتىدىغاندەك چايقالغان، كۆۋەجىگەن ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ ئاستا ـ ئاستا تىنجىشقا باشلىدى. ئاندىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كۆمۈلۈپ غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقان پەرۋىن بىلەن ئەردەمنىڭ غۇۋا قەددى ـ قامىتىگە ئارقىسىدىن مەنىلىك قاراپ، مۇھەببەتنىڭ تىنىمسىز قۇدرىتى ۋە يۈكسەك جەلپكارلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك شۇنداق بەھۇزۇر ۋە مەردانە ھالدا، ئىككى ياش قەلبىنىڭ مۇھەببەت ساداسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ، قىرغاقلارنى سۆيۈپ، تەكلىماكانغا قاراپ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# كۆك بايراق جۇشقىسى

مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

— «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن.

يول باشلىغۇچى بولسىلا، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر چوقۇم چىقىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر بولغان يەردە ھەرقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەردە مۇھىم بولغىنى يول باشلىغۇچىنىڭ ئىدىيەسىدۇر. چۈنكى ئەگەشكۈچىلەر شۇ ئىدىيە بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە قوللىرىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ ۋە بۇ يولدا ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ.

يول باشلىغۇچى ئۆز قەۋمىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، كۈلتۈرىنى، دىنىنى، قىممەت قارىشىنى، پەلسەپىسىنى ۋە شۇ دەۋردىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قاتارلىق ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار بولغان كىشىلەردۇر. يول باشلىغۇچى بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە. يول باشلىغۇچىلار ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋمنىڭ ئىچىدىكى ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەڭ يېتىشكەن كىشىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاپادار خوتەن خەلقى ئۆز ئۈمىدلىرىنى شۇ

دانىشمەنلەرگە باغلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغان قەۋمىنىڭ قولىغا ئۈمىد مەشئىلىنى تۇتقۇزغانىدى. ئەنە شۇ يول باشچىلار بۇگۈن قاراقاشتىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى رەسمى يۇسۇندا ئىلچىغا يۆتكەپ ئەكىلىپ، «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن» نامىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنى رەسمى قۇرۇپ چىقتى. مانا ھازىر ھۆكۈمەت قوروسىدىكى ئازادە ئىشخانىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى جاكارلاش توغرىسىدا جىددى كېڭەش ئېچىلىۋاتاتتى. بۈگۈنكى بۇ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كېڭەشتە مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمغا «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن»نىڭ ھۆكۈمدارى ۋە يەنە «خان» مەنىسىدىكى «مىلىك ھەزرەت» ئۇنۋانى بېرىلدى. باش قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بولسا «ئەمىر ھەزرەت» ئۇنۋانى بېرىلدى. چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ بىلەن نۇر ئەھمەدكە «ئەمىر» يەنى قوماندانلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. ئەمىر ھەزرەتنىڭ چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ كېيىن خەلق ئىچىدە «شاھمەنسۇر» دېگەن نام بىلەن، كىچىك ئىنىسى نۇرئەھمەد بولسا «ئەمىر ساھىب» دېگەن ناملار بىلەن تونۇلدى. بۇ ۋاقىت دەل 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن بولغان نۇر ئەھمەد قاتنىشالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان قوشۇن بىلەن زاۋا ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغان ھۇجۇمىنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن، قوماندان سۈبغۇتۇللاھ بىلەن بىرگە ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ گۇما ۋە قاغىلىقتىكى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە ياردەمگە ئاتلانغان ئىدى. گۇما ۋە قاغىلىقلار پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرئەھمەد ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن قاغىلىقتا قېلىپ، قوماندان

سىبغەتۇللاھنى 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرىغانىدى. يەركەننى ئېلىش جېڭىدە سىبغەتۇللاھ باشچىلىقىدىكى ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئازاتلىق ئۈچۈن قان كېچىپ تىللاردا داستان بولغىدەك جەڭلەرنى قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە قوماندان سۇبغۇتۇللاھ بەختسىزلىككە ئۇچراپ شېھىت بولدى. قوماندانىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى كۆرگەن جەڭچىلەر غەزەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەركەن كونا شەھەرنى ئازات قىلدى. ئەمما، بىر قىسىم دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىپ ئېگىز تاملار بىلەن قوپۇرۇلغان يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەركىنلىك جەڭچىلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. قوماندان سۇبغۇتۇللاھنىڭ شېھىت بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغان نۇرئەھمەد (ئەمىر ساھىب) دەرھال ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ يەركەنگە يېتىپ كېلىپ يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغان دۈشمەننى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. گەرچە بۇ مەزگىلدە يەركەن تەلتۆكۈس ئازات بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن ئەتراپىدىكى چىرىيە ۋە كېرىيە قاتارلىق ناھىيەلەردىكى خەلق ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ، ئۇ جايلارنى پەتھ قىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن»نىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمى جاكارلىنىپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىقبالى ئۈچۈن قانداق كۈرەشلەرنى قىلىش ۋە قايسى خىلدىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش توغرىسىدا كېڭەشمەكتە. خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان سابىت داموللام بولسا مىللىك ھەزرەت بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

شۇڭا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىچىدە يەنىلا سابىت داموللامنىڭ يۈكى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاش ۋە قول ئاستىدىكى بەگ، ھاكىملارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش بولسا كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتىكى قەدەم باسقۇچلارنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنداق بىر پەيتتە ھەركىم ھاياجانلانماي تۇرالمايتتى. ئەنە شۇ تاتلىق ھاياجانلار ئىچىدە، سابىت داماللام قاتارلىق يولباشچىلار ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇرۇشنىڭ پاراكەندىچىلىكى ھەممە يەرنى قاپلىغان ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى باشلىنىدىغان مەزگىل بولغاچقا، دېھقانلار جىددى ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزىۋاتاتتى. بۇنداق چاغدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا يانتاياق بولمىسا بولمايتتى. ئەنە كۆكتىكى مېھرى ئىللىق قۇياشمۇ خوتەن دىيارىنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان يۈزى خوتەن خەلقىگە مەدەت بەرمەكتە. ھاياجانغا تولغان مىڭلىغان قۇياش نۇرلىرى شۇنچىلىك ئەركىن ھالدا ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تۈڭلۈكىدىن گاھ يەرگە قاراپ ئۇزۇن سوزۇلۇپ، گاھ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە يېيىلىپ، ئۈستەل چۆرىدەپ ئولتۇرغان رەھبەرلىرىنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇمنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرماقتا. بولۇپمۇ تۈڭلۈكتىن سۇنماي ئۇدۇللا چۈشكەن سېرىق نۇر سىزىقچىلىرى ھاۋادىكى ئۈچۈپ يۈرگەن توز زەررىچىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، تاملارنىڭ بۇلۇڭلىرىغا يوشۇرۇنغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۈستىنى سىزىپ، ئۆيىنى شۇنچىلىك يورۇتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆينىڭ ئىچىدىكى بارلىق كىشىنىڭ كۆڭۈللىرىنىمۇ يورۇتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىققان سابىت دامولام ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزنى باشلىدى:

ـ ھەرقاچان، ھەرزامان رەببىمىز بىر قەۋمدىن يولباشچىلارنى تاللاپ ئۇلارغا شۇ قەۋمنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قىلىدىغان شەرەپلىك خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش شاپائىتىنى تەسەددۇق قىلغان. بۈگۈن بىزگە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نېمىتى بولغان بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلدى. پەرۋەردىگارىمىز بىزگە مۇشۇ ئەركىنلىك ئۇرۇشىدا دۈشمەن ئۈستىدىن نۇسرەت قازىنىشقا مۇيەسسەر ئەيلىگەي! مۇشۇنداق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەزگىللەردە، بارلىق قىيىنچىلىقلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئادالەتنىڭ پارلاق قۇياشى ئاستىدا، كەڭ رەئىيەتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىشنى كۆڭلىمىزگە سالغاي! كۆكتە جەۋلان قىلغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق مەڭگۈ قەلبىمىزگە جۇشقۇ قاتقاي! زالىملارغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە پەتھ قىلىنغان زېمىنلاردىكى رەئىيەتنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان قانۇن ـ يوسۇنلارنى توغرا ئىجرا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىرگە يەنە تىرىقچىلىق ئېلىپ بارىدىغان پەسىلدە تۇرۇۋاتىمىز. خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بارلىق بەگ، ھاكىملارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئادالەتنىڭ بايرىقى ئاستىدا ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزسە قاتتىق جازالىنىشى كېرەك. بۇنداق نازۇك بىر شارائىتتا ھەرقانداق بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىدىغان خاتالىقلىرىنى قەتئىي كەچۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىز ھازىر جىددىي ھەم قىيىن بىر تارىخىي سىناقلارنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىز، ئالدىمىزدىكى مەنزىل تېخى ئۇزۇن. ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇڭا دېھقانلار خاتىرجەم تىرىقچىلىقنى قىلىشى، ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىق

بىلەن ئالدىنقى سەپتە سەپ يېرىپ جەڭ قىلىشى ئۈچۈن، بىز يولباشچىلار ئۆستىمىزگە يۈكلەنگەن بۇ ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا قالماسلىقىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن خوتەننىڭ پەتھ قىلىنغان جايلىرىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ قىزىش، بۇزۇلغان جايلارنى ۋە يوللارنى ياساش، غول يوللار بويىدا ساراي ـ دەڭلەرنى قۇرۇش ھەمدە مەدرىسلەردە تالىپلارنى ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىپاخانىلارنى ۋە ۋەخپىلەرنى قۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتەك ئارقا سەپ خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپالىق خىزمەت قىلغان چېغىمىزدىلا، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىگە، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە، سالامەتلىكىگە ۋە ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگە كېرەكلىك لاۋازىمەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئەسكىرى يۈرۈشلىرىمىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئارقا سەپ مۇستەككەم بولسا ئالدىنقى سەپتە جەڭچىلىرىمىز خاتىرجەم باھادىرلىق بىلەن جەڭ قىلالايدۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە بەگ ـ تۆرىلەر ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ شىكايەتلىرىگە قولاق سېلىپ، ئاۋامنىڭ ئىشىنى ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تارىبەگ، باۋۇدۇن بەگ، قارامەت ۋە روزىسوپى قاتارلىق خائىنلارغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرمەي كەڭ رەئىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلىپ، خەلقى ـ ئالەمگە ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئەلمىساقتىن بۇيان خائىنلىقنى ھېچ بىر قەۋم ھېچ بىر زامان كەچۈرگەن ئەمەس، ـ دەپ، ئازراق تىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆستەلنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇپ،

دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئازالىرىنىڭ ئۈستىگە قارچىغۇنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى تاشلىدى ۋە ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنىڭ ئارقىسىغا سەل يۆلىنىپ ئۆزىنى جەبدەسلىۋالغاندىن كېيىن، سەدەپتەك چىشلىرى ئارىسىدىن شۇنچىلىك ئېنىق سۆز دۇردانىلەرنى تۆكتى:

ـ سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر باش ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى توغرىسىدا يازغان مەشھۇر دۇنياۋى ئەسەر «مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق يولى» ناملىق سىياسەتنامەسىدە بۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال ئېلىپ سۆزلەيدۇ. يەنى قەدىمكى زاماندا ئىران ساسانىيلەر سۇلالىسىنىڭ 8 ـ شاھى بەھرام گۆر (مىلادىيە 420 ـ 440 يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ بىر ۋەزىرى ئازەمى بولۇپ، بۇ ۋەزىرنى كىشىلەر «ئۆز راست رەۋشەن» («ئىشتا پەزىلەتلىك» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدىكەن. شۇڭا بەھرام گۆرمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ پۈتكۈل ئەلنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىكەن. بۇ چاغدا ھېچ بىر زاتتىن بۇ ۋەزىردىن يامانلايدىغان بىرەر سۆز ئىشىتمەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بەھرام گۆر خاتىرجەم ھالدا كېچە ـ كېچىلەپ بەزمە ـ باراۋەتتە كەيپ سۈرۈپ، شىكارغا چىقىپ خاتىرجەم كۆڭۈل ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەنە ئاشۇنداق چاغلاردا ۋەزىر راش رەۋشەن ئوردا مەمۇرىيىتىنىڭ ئىدارىچىسىغا مۇنداق دەپتۇ: «ئادالىتىمىزنىڭ زىيادىلىكى تۈپەيلىدىن دېھقانلار قاشقاقلىشىپ ئىتائەتتىن چىققىلى تۇردى، ئەگەر ئۇلارنى جازالىمىساق بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى كەيپ ـ ساپا ۋە شىكارغا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋەزىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قوياي دېمەيدۇ. بېشىمىزغا بالا بولماستا دېھقانلارنى ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك. قاتتىق قوللۇق بىلەن جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يامانلارنى كۆزدىن يوقىتىپ،

ياخشىلارنى ئېلىپ قېلىشىمىز كېرەك. مەن سىزگە كىمنى تۇتۇشنى تاپشۇرسام شۇنى زىندانغا تاشلاڭ». بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىدارىچى مەملىكەت بويىچە ئادەم تۇتۇشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ تۇتۇپ ئەكەلگەن ھەربىر كىشىدىن ۋەزىر بىر ئۆلۈش نەپ ئالغاندىن كېيىن ئىدارىچىگە ئۇلارنى قويۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەنە ئاشۇنداق ھىيلىگەرلىك بىلەن ئوينالغان بىر مەيدان سىياسىي ئويۇندىن كېيىن نۇرغۇن مال - مۈلۈك، ئەيتاۋۇر ئۆيۋاق بولامدۇ، مەھرەملەر بولامدۇ، ئېكىنزارلىقلار بولامدۇ ھەممىسى ۋەزىرنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ كېتىپتۇ. دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، تۆرىلەر تامامەن ياقا - يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپ، خەزىنىگە بىر يارماقمۇ كىرىم كىرمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈپتۇ. بەھرام گۆر ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇنغا كېرەكلىك بولغان ئىقتىساتنى ئېلىشقا دۆلەت خەزىنىسىگە كىرىپ قارىسا قۇپ - قۇرۇق تۇرغۇدەك، ئاندىن ئۇ ئوردا ئەركانلىرىدىن قول ئىلكىدە بار بەگ - تۆرىلەرنى سورىسا ئۇلارنىڭ باشقا ئەللەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. «ئۇلار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇلار: «بىلمەيمىز» دەپتۇ. ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ راست سۆزنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ كۈن - تۈنلەپ خىيال سۈرۈپ ئەقىل تۇلپارلىرىنى كۆككۈل ئاسمىنىدا چاپتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئايىغىغا چىقالماپتۇ. ئەتىسى تاڭ شەپەقى پەردىسىنى يىرتقاندا خاپا ھالدا تەنھا ئات چاپتۇرۇپ چۆلنىڭ ئىچىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يول يۈرگەچ بۇ ئىشنىڭ ۋەجىنى ئويلاپ قاق چۈش بولغىچە مېڭىۋېرىپتۇ ۋە بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ. كۈن بەك ئىسسىق بولغاچقا چاڭقاپ كەتكەن بەھرام گۆر كەڭ دالاغا كۆز تىكىپ يىراق بىر جايدا تۈرۈلۈپ ئىس

كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بوپتۇ ۋە شۇ ياققا قاراپ مېڭىپ يېقىن كەلگەندە قارىغۇدەك بولسا، بىر توپ قوي يەردە ياتقاچ كۆشەۋاتقانىكەن. چېدىر ئۆينىڭ يېنىدىكى دارغا بىر ئىتنىڭ ئۆلۈكى ئېسىپ قويۇلغانىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن تەئەججۈپكە چۆمۈپ چېدىرغا قاراپ مېڭىشىغا چېدىردىن بىر بالا چىقىپ ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپتۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا غورىگىل بولسىمۇ دەستىخان هازىرلاپتۇ. بالا بۇ زاتنىڭ بەهرام گۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بەهرام گۇر: «غىزاغا ئېغىز تېگىشتىن بۇرۇن بۇ ئىتنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېسىپ قويغانلىقىڭنى سۆزلىگىن، مۇشۇنىڭ ۋەجىنى بىلگۈم بار» دەپتۇ. بالا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «بۇ ئەسلىدە پادا باقىدىغان ئىتىم ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك باتۇر ئىدىكى ئۇن بۆرە بىلەن بىر ئۆزى تەڭ تۇرالايتتى. ئىتتىن قورقۇپ بىرەرمۇ بۆرە قوي پادىسىغا يېقىن يولىمايتتى. شۇڭا پات - پاتلا ئىش بىلەن شەهەرگە كىرىپ كەتسەم ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى يېنىپ كېلەتتىم. ئەمما ئىتىم هەمىشە قويلارنى ئوتلىتىپ يەنە ساق - سالامەت ياندۇرۇپ كېلەتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قويلارنى ساناپ باقسام بىر نەچچىسى كەم چىقتى. كېيىنچە سەپسالسام ئارىلاپ - ئارىلاپلا قويلاردىن بىر - ئىككىسى يوقاپ كېتىدىغان بولدى. ئەمما بۇ چۆلگە بىرەر ئىنساننىڭ كەلگىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۆزىمۇ بۇنىڭغا هەيران بولۇپ يۈرىۋەردىم. قويلار بارغانسېرى ئازىيىپ ئاخىرى شۇ دەرىجىگە كېلىپ ئەسلى قوي سانى بويىچە سېلىق سالغاندا بار - يوقى قويلىرىم سېلىققا ئارانلا يەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن سېلىقچىغا ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىدىم. ئەسلىدە بۇ ئىت بىر قانجۇق بۆرە بىلەن دوستلىشىپ قالغانىكەن. ئۇلار يەنە جۈپلىشىدىكەن، ئەمما مەن بۇلاردىن زادىلا خەۋەرسىزكەنمەن.

زەن سىلىپ كۆرۈشمۇ يادىمغا كەچمەپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى چاتاق چىقتى. شۇ كۈنى ئۇتتۇن تەرگىلى كەتكەنىدىم، قايتىشىمدا بىر دۆڭلۈكتىن يامشىپ قارىسام قويلىرىم ئوتلاۋېتىپتۇ، بىر بۆرە قوي پادىسىنى چۆرگىلەپ قويلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىكەنلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىمچە قاراپ تۇردۇم. ئىت قانجۇق بۆرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قۇيرۇق شىپاڭشىتقىلى تۇردى. بۆرە بولسا بەخىرامان تۇرىۋەردى. بىر چاغدا ئىتىم ئۇنىڭغا ئارتىلىپ جۈپلەشتى، كېيىن بىر بۇلۇڭغا بېرىپ پۇشۇلداپ ئۇيغۇغا كەتتى. ھېلىقى بۆرە بولسا قوي پادىسىغا ئېتىلىپ قويدىن بىرنى تۇتتى ۋە ئىچ ـ قارنىنى يېرىپلا يېيىشكە باشلىدى. ئىت بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى. بۆرە بىلەن ئىتنىڭ بۇ خىلدىكى سودىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشىمدىكى نەسچىلىككە مۇشۇ ئىتنىڭ زامىن بولغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا ئاسىيلىق قىلغان بۇ ئىتنى تۇتۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردۈم».

بەھرام گۆر پادىچى بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قايتىشىدا ئاشۇ دارغا ئېسىلغان ئىتنى ئويلىغان بەھرام گۆر شۇنداق خۇلاسىگە كەپتۇ: «پۇقرالىرىم بەجايىكى مەن ئۈچۈن قوي پادىسى، ۋەزىرلىرىم بولسا پادىچىدۇر. شۇنىسى ئايان بولدىكى، دۆلەت ۋە پۇقرا مالىمانغا پېتىپ قاپتۇ، ھەممىلا ئادەم قورقۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ئەھۋاللارنى سورىغىنىمدا ئۇلار چىن سۆزلىرىنى ئېيتىشمىدى، ھەقنى يوشۇرۇشتى. قىلىدىغان ئىشىم پۇقرالارنىڭ ۋەزىرگە بولغان باغلىنىشى ئىكەن». ئۇ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشى زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ رويخېتىنى كۆرۈش بوپتۇ. ئۇ پۈتكۈل رويخەتلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئىپلاس قولىنى كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىتىپتۇ. «بۇ راست رەۋشەن ئەمەس، قاراڭغۇدىكى كاززاپكەن» دەپتۇ ۋە ئارقىدىن دانالارنىڭ مۇنۇ ھېكمىتىنى يادقا ئوقۇپتۇ: «ئىزگۇ نام ـ شەرەپكە ئۆزىنى ئۇرغانلار ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى، ئىزگۇ نام ـ شەرەپ بىلەن باشقىلارنى ئالدىغانلار جانلىرىنى يوقاتتى». ئۇ يەنە: «مەن بۇ ۋەزىرنى ئەتىۋارلىغانىدىم، ھوقۇقىنىڭ چوڭىنى بەرگەنىدىم. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ كۆچىدىن ئەيمىنىپ راست گەپنى ئېيتالمىغانىكەن. ئەتە ئۇ سارايغا سالامغا كەلگەندە ھەرقايسى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى راسا بىر مەسخىرە قىلىپ ئالغۇزىمەن ۋە پۇتىغا كىشەن سالدۇرىمەن. ئاندىن مەھبۇسلارنى ئالدىمغا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرىمەن. شۇنداق بىر مەزمۇندىكى بىر پەرماننى جاكارلايمەن: «راست رەۋشەننىڭ ۋەزىرلىكى ئىناۋەتسىز قىلىپ قاماققا ئېلىنسۇن، مەڭگۈلۈك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن. كىمدە كىم ئۇنىڭ قولىدا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولسا ئەرز قىلسۇن». شۇندىلا ھەقىقەتنىڭ شان ـ شەۋكىتى جەۋلان بولغۇسى. ئەل ـ يۇرت بۇ پەرماننى كۆرگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر راس رەۋشەننىڭ ياخشىلىقىنى، ھېچكىمنىمۇ قاقتى ـ سوقتى قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا بىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايمىز، ۋەزىرلىكىنىمۇ بېرىمىز، ئەكسىچە بولسا ئۇنى قاتتىق جازاغا تارتىمىز» دەپتۇ.

ئەتىسى بەھرام گۆر تەختتە ئولتۇرغاندا بەگلەر چەپراس بولۇپ، ۋەزىرمۇ ئۆز ئورنىدا بەخۇدلۇك ئولتۇرۇپتۇ. بەھرام گۆر بۇرۇلۇپ ۋەزىرگە سوئال قويۇپتۇ:

— جاي ـ جايلاردىن كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق قانداق گەپ؟ قوشۇنىڭ لاۋازىمىتىنى ئۆكسۈتۈپ دېھقانلارنى ۋەيران قىلدىڭ؛

بىز ساڭا ئەل تىرىكچىلىك قىلسۇن، دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقىنى ئالغا سۈرسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدۇق؛ بىز ساڭا دېھقانلاردىن باج ۋە سېلىق يىغقاندا نورمىدىن ئاشمىسۇن، دېگەنىدۇق؛ بىز سېنى دۆلەت خەزىنىسىنى لىق تولدۇرۇشنى بۇيرىغانىدۇق. ئەمما بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بوشاپ قالغان خەزىنە، لاۋزىمەتسىز قوشۇن، نامراتلاشقان دېھقانلار بولدى. سەن ئۆزۈڭچە مېنى ئويۇن - تاماشا بىلەن شىكارغا دوم چۈشتى، ئەلنى ۋە خەلقنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىغاندۇرسەن.

بەھرام گۆر دەرھال ئۇنىڭ ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بىكار قىلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. جاكارچى قوۋۇققا چىقىپ، شاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلاپتۇ:

ـ ئەييۇھەنناس! شاھ ئالىيلىرى راست رەۋشەننى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇپ، زىندانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۇۋالچىلىقىغا ئۇچرىغانلار قورقماي ئوردىغا كېلىپ ئەرز ـ دادىنى بايان قىلسۇن. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەقىقەت نۇرىنى ئادىل ـ ئادالەت سۆيى بىلەن سۇغۇرماقچى.

پادىشاھ زىندان ئىشىكىنى ئاچتۇرۇپ مەھبۇسلارنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بىر ـ بىرلەپ سوراپتۇ. بىر مەھبۇس ئۆز ئەرزىنى ئېيتىپ:

ـ ناھايىتى دۆلەتمەن بىر قېرىندىشىم بار ئىدى. راست رەۋشەن ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى سىيرىپ ـ يۇلۇۋالدى ۋە قېرىندىشىمنى قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈردى. كىشىلەر راست رەۋشەندىن قېرىندىشىمنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكىمنى سورىغاندا ئۇ ئېيتىپ، قېرىندىشىمنى ئەلنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئالاقىدە بولغان، دەپ قارىلىدى. پادىشاھقا شىكايەت قىلماسلىقىم

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن مېنى زىندانغا تاشلىدى، ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بارلىق زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ئۆزىنىڭ ناھەق زىندانغا تاشلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئەرزلىرىنى بايان ئەيلىشىپتۇ. پادىشاھ بىگۇناھ تۇرۇپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

ـ بۇ كىشىنىڭ ئىپلاس ئىشلىرىنى يېزىشقا قومۇش قەلەممۇ ئاجىزلىق قىلغۇدەك. ئۇ ئالاھقا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىگە يامان كۆز بىلەن قارىدى، ماڭا چىشىنى بىلىدى، ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، بۇنى ئويلاشقا كىشىنىڭ ئەقلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىنتىقلاش كېرەك.

ئاندىن پادىشا ئۆز ئادەملىرىنى ۋەزىرنىڭ سارىيىغا ئەۋەتكۈزۈپ، ئۆيلىرىنى ئاختۇرغۇزۇپ، بارلىق ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى ئەكەلگۈزۈپتۇ ۋە سارايىنى پېچەتلەپتۇ. ھۆججەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئارىسىدىن باشقا بىر يات ئەل پادىشاھىنىڭ ۋەزىرىگە يوللىغان مەكتۇپىنى تېپىۋاپتۇ. بۇ پادىشاھ ئىلگىرى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ بەھرەم گۆرنىڭ مەملىكىتىنى يۇتۇۋېلىشنى قەسلىگەنىكەن. بۇ مەكتۇپتا ئۇ پادىشاھنى كۆشكۈرتۈپ بۇ يۇرتلارنى بېسىۋېلىشقا تەكلىپ سۇنغان ۋە بۇ ئەلنىڭ بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي ئەھۋاللىرىدىن ناھايىتمۇ ئىنىق ئۇچۇرلار يېزىلغان ھەمدە بەھرام گۆرگە قەست قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى دېيىلگەن ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن بەھرام گۆر دەرھال ۋەزىرنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ مۇسادىرە قىپتۇ. پارا ۋە زورلۇق

ـ مۇتەھەملىك بىلەن بۇلاپ كەلگەن قۇل ۋە چارۋىلارنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا بىر دار ياساتقۇزۇپتۇ. بۇ دار قالغان 30 دارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىكەن. بىرىنچى بولۇپ ۋەزىرنى ھىيلىقى پادىچى بالىنىڭ خائىن ئىنىدەك دارغا ئېسىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە ھەقەمسايىلىرىنى دارغا ئېسىپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ جاكارچىلىرى يەتتە كۈن مۇنداق مەزمۇندىكى يارلىقنى جاكارلاپ تۇرۇپتۇ:

ـ پادىشاھقا قەست قىلغان، پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست تارتىشقان، ۋاپاغا جاپا قىلغان، پۇقرالىرىنى بوزەك قىلغان، يات ئەلنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى ئۆز ئېلىنى بېسىۋېلىشقا كۈشكۈرتكەن خائىنلارنىڭ جازاسى مۇشۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يامانغا يانتاياق بولغۇچى خائىنلار بەھرام گۆردىن چۆچۈپتۇ. بارلىق مەمۇرى ئورۇنلارغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار ھەرگىز خىيانەت قىلمايدىغان، خەلققە زۇلۇم قىلمايدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ. يات ئەل دۈشمەنلىرىمۇ بۇ ئەلنىڭ تۇپراقلىرىغا كۆز تىكەلمەيدىغان بوپتۇ.

سابىت داموللامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى بىر ـ بىرلىرى بىلەن خۇددى خامانغا قونغان قۇچقاچلاردەك ۋىچىرلاپ ئاغىزى ـ ئاغزىغا تەگمەي مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇچاغدا يېشى 70 كە تاقىغان مىلىك ھەزرىتىم مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان ئۈچتەك ئاقارغان ساقىلىنى ئوڭ قولى بىلەن بىر سىلىۋېتىپ، ناھايىتىمۇ ئاستا ۋە مۇلايىم بىر ئاۋاز بىلەن سۆزلىرىنى قوناقىنىڭ دانلىرىدەك ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ، ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى خۇلاسىلىمەكچى بولۇپ مۇنداق دېدى:

ـ پادىشاھ بولغۇچى ئۆز قول ئاستىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. نۆۋەتتە بۇلار مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشكەن مۇقەددەس بىر ۋەزىپىدۇر. ئەلۋەتتە مەن ۋە سابىت داموللا ھەزرەتلىرى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغان ئىكەنمىز، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەمنىڭ شەپقەتلىك ئىلتىپاتى بىلەن جاي - جايدا ئورۇنلاشقا قادىرمىز. شۇڭا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت ئەربابىنىڭ ۋەياكى بەگ، ھاكىملارنىڭ ناتوغرا ياكى ئاسىيلىق قىلمىشلىرىنى سەزگەن ھامان ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانى بېرىشىمىز كېرەك. قاتتىق قول بولغاندىلا مەيلى يات مىللەتلەر بولسۇن مەيلى ئۆز ئىچىمىزدىكى خائىنلار بولسۇن جازاغا ئۇچراشتىن قورقۇپ شۇملۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا ھەرقاچان - ھەرزامان ھۆكۈمدار بولغۇچى بىزلەر مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان كىشىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشىمىز شەرتتۇر. بۈگۈندىن ئېتىبارەن كىمدە - كىم رەئىيەتنى ئانى تېپىپ، ئۇلارنىڭ بىر تال مويىغا تەگسە شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ھەمدە ھۆكۈمەت ئەركانلىرى خوتەندىكى ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى قازىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىدىن تەپسىلى ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر. ئىلىمگە ئاشىق، ئۆزى تەقۋادار ۋە ئالا كۆڭۈللۈك، ئاچ كۆزلۈكتىن يىراق قازىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغان قىزىل كۆز قازىلارنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىپ، ئورنىغا مۇناسىپ كىشىلەرنى قويۇش لازىم. ھەر بىر قازىغا ئورنىغا قاراپ مائاش بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار خىيانەتچىلىكتىن خالىي ھالدا ئۆز ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولىدۇ. چۈنكى قازىلارنىڭ ئىشى ناھايىتىمۇ مۇھىم

بىر خىزمەت. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا، مال ـ مۈلكىگە، ھەققىگە ھۆكۈم چىقارغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ قولىدا شەرىئەتنىڭ تارازىسى بار. ئەگەر ئۇ تارازا توغرا تارتمىسا، ئادىل بولمىسا، رەئىيەتنىڭ يۈزى كۈلمەيدۇ، كۆز يېشى قۇرۇمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىگىتلىرىمىزنىڭ قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىرى بىكارغا كېتىدۇ. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزدىن ھېچ بىر پەرقىمىزمۇ بولمايدۇ. يەنە مۇقىم ئەسكەرلىرىمىزگە مۇنتىزىم مائاش بەلگىلىشىمىز كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغىنىمىزدا ئەسكەرلىرىمىز تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولىدۇ، ئۆز ئائىلىسىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلالايدۇ ۋە باشقا يەرلەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ خوتەن قىسمىغا ئېقىشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جەڭگاھلاردا باھادىرلىق قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەسكەرلەرنى تارتۇقلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇلارغا ئىلھام بولۇپ، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ مۇجادىلىدە نۇسرەت بىز تەرەپكە بەرقارار تېپىۋاتىدۇ. ئاللاھ تەئالاغا يۈزمىڭ قەترە شۈكرانىلار بولسۇن! ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن باشقا ھېچبىر بارلىق تەشەككۈرىمىزغا مۇناسىپ ئەمەستۇر. ھەممىزنى جۈملىدىن ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلىرىمىزنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن!

مىلىك ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان كۆپچىلىك ھەممىسى بىردەك «ئامىن!» دەپ، خۇددى دىلىدا بار، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپلەرنى قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، باشلىرىنى بىردەك مىدىرلىتىشتى. ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ كېلىپ خائىنلار بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ۋاقتىدا تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغان خىتايلارنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قورال ـ ياراق ساقلىشى قەتئىي رەۋىشتە مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە قورال ساقلىغانلىقى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئوغرىلىقچە يوشۇرغانلىقىنىڭ مەلۇم بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ مۆھتەرەم مەجلىس ئەھلى، ھەممىمىز ئىمانىمىز بىلەن ئىشىنىمىزكى ئاللاھ زالىملارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن خەۋەرداردۇر. بىزدەك ئۆز ئىستىقبالىغا ئىگە چىقىپ، بۇ يولدا كۈرەش قىلغانلارنى ھېچ بىر زامان ئىگىسىز قويمايدۇ. بىز زالىملارنىڭ ئويۇنلىرىغا قارشى ھوشيار بولساق، قولىمىزدىن كەلگەن بارلىق تىرىشچانلىقنى قىلساق بۇنى كۆرگەن ئىگەم بىزگە ھەر زامان ياردەمدە بولىدۇ. بىزنىڭ كەم يەرلىرىمىزنى تولۇقلايدۇ ۋە زالىملارنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا بالا قىلىپ سالىدۇ. مەن ئۆزۈم شۇنداق مۇھىم دەپ بىلگەن بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزگە ئاياق باسقان بۇ يەجۈج ـ مەجۈجلەرنىڭ مەيلى ئەمەلدارلىرى بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرالىرى بولسۇن، ھەممىسىلا بىزنىڭ قانلىرىمىزنى شورىغۇچى يىلانلاردۇر. ئۇلار بولسا رىۋايەتلەردە يېتىپ مەلۇم بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكى تۆشۈكنى ئەتكەنكۈچى يىلاننىڭ دەل ئۆزى. ئۆز زامانىسىدا جاھاننى سۇ بېسىپ توپان بالاسى بولغان چاغدا سۇدا لەيلەپ كېتىۋاتقان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى بىر قىيا تاشقا سۈركىلىپ كېتىپ كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ئادىمى بۇ تۆشۈكنى ئېتىش ئۈچۈن، كېمىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىپتۇ. پەقەت كېمىدىكىلەردىن يىلانلا بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئەمما، بىر شەرتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن

ئادىمى: «بولىدۇ، قىنى شەرتىڭنى ئېيت» دەپتۇ. يىلان بولسا ئۆزىنىڭ كېمىگە سۇ كىرىۋاتقان تۆشۈكنى ئەتكەندىن كېيىن، مەڭگۈ ئادەملەرنىڭ قېنىنى شوراپ ياشايدىغانلىقنى ئېيتىپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ئادىمى بۇ شەرتنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلان كېمىنىڭ تۆشۈكنى ئېتىپ، ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپتۇ. ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ئادىمى يىلاننى تۇتۇپ، بىر خالتىغا سولاپ كۆيدۈرىۋېتىپتۇ. يىلاننىڭ كۆيۈشىدىن چىققان ئىس - تۈتەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن بۇ ئىسلار ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ كىچىك - كىچىك قارا زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ، بۇلاردىن بۈرگىلەر ھاسىل بوپتۇ. گەرچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ئادىمى، يىلاننىڭ ئىنسانلارنىڭ قېنىنى مەڭگۈ شوراپ ياشىشىغا يول قويمايمەن، دەپ يىلاننى كۆيدۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يىلان ئۆز مەقسىتىگە يېتىپتۇ. كۆيگەن يىلاننىڭ ئىس - تۈتەكلىرى بۈرگىگە ئايلىنىپ تا ھازىرغىچە ئىنسانلارنى چىقىپ، قانلىرىنى شوراپ ياشىماقتا ئىكەن. ئەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ قانلىرىنى شوراپ پارازىتلىق بىلەن ياشايدىغان بۈرگىلەر دەل ئۆيدە قورال - ياراق ساقلىغان ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يوشۇرغان خىتايلارنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇلارنىڭ تىرىكلىرىمۇ، ئۆلۈكلىرىمۇ، ئەمەلدارلىرىمۇ، چېرىكلىرىمۇ، پۇقرالىرىمۇ ھەممىسى ئوخشاش قان شورىغۇچىلاردۇر. قارىمامدىغان مۇشۇ ئىلچىدا ياشايدىغان ئادەتتىكى بىر دۇكاندار خىتاينىڭ ئۆيىدىن چىققان ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كۆپلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. تەسلىم بولغاندا خوتەن خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تولۇق تاپشۇرماي خىتايلار ئۆزئارا بۆلىشىۋالغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئۆي ئاختۇرۇشتا يىغىۋېلىنغان ئالتۇننىڭ مىقدارى ئون مىڭ سەرگە يېتىدۇ. دېمەك، بۇلار

بىزنىڭ قانلىرىمىز، ئىلىكلىرىمىزنى ھېچقايسىمىزغا تۇيدۇرماستىن تۇرۇپ شوراشنى بىلگەن. مانا بۇ نېمە دېگەن خەتەرلىك، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئىش ھە! تېخى بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار ئىكەن: «ئىسىلزادىلەر قىساسلىرىنى ئون يىلدىمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ. چاكىنا ئادەملەر قىساسىنى ئەتىگەندىن كەچكىچىلا ئىسىدە ساقلايدۇ». بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كەلگەن خىتايلار ئۆزلىرىنى «ئىسىل زادە» دەپ بىلىدىكەن. بىزنى بولسا «ياۋايى، چاكىنا» ئادەملەر دەپ بىلىدىكەن. شۇڭا بۇلار ھازىر تەسلىم بولۇپ، سەل يۇۋاشلاپ قالغان بىلەن بىزگە بولغان ئۆچمەنلىكى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بۇ خەق قىساس ئېلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشنى بىلىدىغان، ئاجىز چاغلىرىدا نەپرىتىنى قەلبىگە كۆمۈپ، يالغاندىن بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بىلەن، ئۆزى كۈچىيىپ، پەيت يېتىپ كەلگەندە قەلبىدىكى ئىنتىقام ئۇرۇقى بىردىنلا بىخلىنىپ بىزدىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشقا يۈزلىنىدۇ. قوينىغا تىقىپ ساقلىغان زەھەرلىك خەنجىرىنى چىقىرىپ بىزگە سانجىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا يىلاننىڭ بېشىنى دەل ۋاقتىدا ئېزىپ، يۇرتىمىزدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا بۇ قان شورىغۇچى بۆرىلەر بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگە ھەتتا يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىزنىڭ ئىچىگىچە كىرىپ، بىزنىڭ قانلىرىمىزنى روھىمىزغا تۇيدۇرماستىن تۇرۇپ مەڭگۈ شورايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بىز سەللا بىخۇتلۇق قىلساق 50 يىل ئىچىدىلا بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىزنى ئىگىلەپ، بىزنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىشى مۇمكىن.

مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت ئازراق تىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـ يەركـەن يېڭـى شـەھەرنى پەتـھ قىلـىش ئۈچـۈن ئەمـىر ئابدۇللاھنى بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. ھازىـر ئەسـكەرلىرىمىزنىڭ قورالـلىرى يېتەرسـىز ۋە لاۋازىمەتلـىرى تولـۇق ئەمەس. شـۇڭا ھۆكـۈمەت خەزىنىسـىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىـپ بـۇ مەسـىلىلەرنى دەرھـال ھـەل قىلىشـىمىز بەكـمۇ مۇھـىم. يەنـە بىـر مۇھىـم مەسىلە شـۇكى، ئىلچى كېلىشـىمگە خىلاپلىق قىلغان خىتايلارنىـڭ بـاش جىنايەتچىلـىرى بىلـەن بىرگـە ئـۆز ۋاقتىـدا قاراقاشـلىق دېھقانلارنـى، ۋەتەنپـەرۋەر ئۆلىمالارنـى ئامبالغا چىقىـپ، ئۇلارنىـڭ بىگۇنـاھ ئۆلۈشـىگە سـەۋەبچى بولغـان خائىنلارنـى خەلقـى ـ ئالـەم ئالدىـدا دارغـا ئېسىشـىمىز كېـرەك. بـۇ ئارقىلىـق خائىنلىـق قىلىشـنىڭ ئاقىۋىتىنىـڭ قانـداق بولىدىغانلىقىنـى پۈتـۈن رەئىيەتكـە بىلـدۈرۈپ قويغـان بولىمىـز. يەنـە مۇھـىم بىـر ئىـش يۇقىرىـدا مىلىـك ھەزرىتـىم بىلـەن سـابىت داموللام تەكىتلىگىنـىدەك، بـۇ قېتىمقـى ئازاتلىـق ئىنقىلابىـدا كـەڭ ئـاۋام ـ رەئىيەتكـە تايىنىـش ھەقىقەتـەن زۆرۈر. مېنىـڭ بۇنىڭغـا قوشـۇمچە قىلىـپ قويىدىغىنىـم رەئىيەتنىـڭ بىزنـى قوللىشـىنى قولغـان كەلتـۈرۈش بىلـەن بىرگـە قولىدىـن ئىـش كېلىدىغـان دانـالار، باتـۇرلار ۋە قـول ئىلكىـدە بـار بـەگ، ھاكىملارغا ئوخشـاش شەخسـلەرنىڭ ئىـززەت ـ ھۆرمىتىنـى ئۆستۈرۈشـىنىڭمۇ مۇھىملىقىنــى نــەزەر دائىرىمىزدىــن يىــراق تۇتماسـلىقىمىز لازىـم. بۇنىـڭ توغـرا ياكـى ناتوغـرا يـول ئىكەنلىكىنـى، پايـدا ـ زىيىنىنـى كـۆپ سـۆزلەپ ئولتۇرمىسـاقمۇ ھەممىمىزگـە چۈشىنىشـلىك. شـۇلارغا تايانغانـدىـلا مۇسـتەقىل ھالـدا قـۇدرەت تاپقىلـى، توسـالغۇلارنى سـۈپۈرۈپ تاشـلىغىلى، چاكىنـا كـۆز قاراشـلارنىڭ چەكلىمىسـىدىن، تۇزاقلىرىدىــن قۇتۇلغىلـى بولـىدۇ ۋە ئـۇلار ئارقىلىـق يەنـىلا كـەڭ ئاۋامنىـڭ تېخىمۇ زور قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەممىمىـز شـاھىت. ئادىللىـق ھەقنىڭ سۈپىتى، شـاھىتلىقمۇ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئائىت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل ۋە شاھتىلىق بولسا جان كۆزىنىڭ نۇرىدۇر. ھەر ئىككى ئالەمدە، كۆڭۈل ھەقنىڭ نەزەرگاھىدۇر.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇ پىكىرلىرى كېيىنكى ئۇلتۇرغان كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ماقۇللىقىدىن ئۆتتى ۋە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تاقىلىدىغان يەنە نۇرغان ئاقىلانە قارارلار ئېلىندى. دەل مۇشۇ چاغدا سىرتتىن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان ئەردەم قورونىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئېگىز تۇغ - تۇغ خادا تاياقىقا قادالغان، «ياردەم ئاللاھ تەرىپىدىن ۋە غەلىبە يات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغان ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋەرەڭ بايراقىقا قاراپ، بىغۇبار قەلبى جۇشقىغا تولغان ئىدى. ھاۋەرەڭ بايراق ئايەتلەر بىلەن بىرگە باھار شامالىدا لەپىلدەپ، ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم مانا مۇشۇنداق بايراقنىڭ لەپىدىشىنى پۈتۈن زوقى بىلەن كۆزىتىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ بۇ مىنۇتلارنى بەكمۇ بەختىيارلىق مىنۇتلار دەپ ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز ئەقلىدىن يەنە پەرۋىنىڭ يېقىملىق كۈلۈشلىرىنىمۇ چىقارمىغانىدى. بۇ خوشاللىقلىرىنى پەرۋىنگە قىسسىنىۋاتاتتى. بۇنداق بىر چاغدا پەرۋىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى بەكمە ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن نە چارە ھەر ئىككى ياشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەزىپە يۈكلەنگەن ئىدى. مانا مۇشۇ چاغلاردا پەرۋىن ناھايىتىمۇ ئالدىراش ياردارلارغا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل دورىلارنى ياساش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەردەم بولسا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى. ھەر ئىككىلىسى ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز ۋەتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىچىدىن كۆيۈنۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى مىللىتى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغان نادىر بىر سۆيگۈنى يۈرىكىدە توشۇپ، دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئىككى

ياش بولۇپ ئۆتتۈاتاتتى. ئەردەم بايراققا قاراپ شامالنىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. شامالنىڭ كۈچى بىلەن ھەيۋەتلىك لەپىلدەۋاتقان بايراقتىكى ئايەتلەر خۇددى ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە ئىزچىل ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەلۋەتتە شامال بولمىغان بولسا بايراق لەپىلدىمەيتتى ۋە بايراققا يېزىلغان ئايەتلەرمۇ جىم تۇرغان بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇلار ھەرىكەتتە ئىدى. مانا بۇ يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە شامالنىڭ قايسى يۆنىلىشتە چىقىۋاتقانلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى ئىدى. دېمەك، پانى بولغان بۇ بەدەن شۇ بايراققا ئوخشىسا، ئىدىيە ۋە پىكىرلەر شامالغا ئوخشايتتى. ئىدىيە ۋە پىكىرلەر قانداق بولسا ئىنسان شۇنداق ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە پانى بولغان بەدەنگە يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنىڭ جەۋھىرى بولغان روھ شۇ ئاللاھنىڭ كالامى بولغان ئايەتلەر بىلەن نۇرلىنىپ كىشىلىك ھايات يولىنى يورۇتىدۇ. شۇڭا ھەقىقەتنىڭ يولىدا مېڭىش ئۈچۈن توغرا پىكىر ـ ئىدىيەگە ئىگە بولغان يول باشچىلار بولۇش شەرت. توغرا ئىدىيە، توغرا پىكىر يەنىلا ئاللاھنىڭ كالامىنى توغرا چۈشىنىش، توغرا تەپەككۇر قىلىش، ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆڭۈل نۇرى بىلەن يورۇتۇشتىن كېلىدۇ. مانا شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە توغرا ئىدىيە ۋە توغرا پىكىرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆككە تاقاشقان بايراق بولسا، قۇيرىقىغا قادالغان سوزىلاردىن كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يېقىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان كۆك كەپتەرلەرگە جۈر بولۇپ جەۋلان قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ھاۋۇرەڭ بايراق بولسا ئەسلىدە سابىت داموللامنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن قۇربان ھاجى قايماق دېگەن سودىگەرنىڭ تۈركىيەدىن ئالغاچ كەلگەن ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋۇرەڭ بايراقلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ بايراقلارنىڭ ئۈستىگە «ياردەم

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تەرىپىدىن ۋە غەلىبە پات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەتنى يېزىپ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي بايرىقى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى مەمۇرىي ئورۇنلارغا ۋە ئەسكىرى گازارمىلارغا ئېسىلغان ئىدى. شۇندىن بۇيان خوتەن خەلقى ھەر قېتىم بۇ بايراققا قارىغىنىدا ئىچىدە ئىللىق بىر ئېقىم پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ زوقلىناتتى، ئۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋەت ئالاتتى. ھەقىقەتەن «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەندەك، سەۋەب قىلىپ تۇرۇپ، غەلىبىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا چىن دىلى بىلەن ئىشەنچ قىلسىلا، چوقۇم غەلىبە پات يېقىندا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مەنسۇپ بولاتتى. دېمىسىمۇ ھازىر خوتەن خەلقىنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىدى.

ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كېڭىشى ئېچىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خوتەننىڭ يارباغقا قاتار ئون بىر دار ياغىچى قۇرۇلدى. دارنىڭ ئارتىق لىمىغا باغلانغان مايلىق ئارقان يەرگە ساڭگىلاغلىق بولۇپ، ئۇنىڭ كىرمەك ئۆرۈپ باغلىغان سىرتمىقى ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان تاربەگ، قارامەت، باۋۇدۇنبەگ ۋە روزىسوپى قاتارلىق خائىنلارنى ۋە ئۆيىگە قۇرال - ياراق، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تىقىۋالغان خىتايلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 11 جىنايەتچىنى قوراللىق يىگىرمە ئىككى ئەسكەر يالاپ دار ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلىغان بولۇپ، خۇددى سوغۇقتا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك تىترەپ تۇراتتى. ئۇلارنى ئورىۋالغان مىڭلىغان تاماشىبىنلار تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن سۆيۈنگەندەك، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا دارنىڭ ياغلىق سىرتمىقىنىڭ تېزرەك سىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ

تۇرۇشاتتى. ئىلچى خەلقنىڭ چىرايىنى بولسا پەقەت غالىپلاردىلا بولىدىغان مەغرۇر بىر قىياپەت ئەسىر ئالغان ئىدى. بۇ خائىنىنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايى بىر - بىرىدىن قىلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئۇستۇر تەگمىگەن بولۇپ، رەڭگى - رويىنى توپا باسقان، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ تۇراتتى. بولۇپمۇ روزىسوپىنىڭ سەللىسىز قالغان پايىنەك بېشى پاقا يالىۋەتكەن سويمىدەك پارقىراپ، باشقىلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن يېشى ئەللىكلەرگە ئۇلاشقان، رەڭگى قارا كەلگەن، ئوتتۇرا بوي، قاپلان باش، چوڭ ئۆتكۈر كۆزلۈك، ساقال - بۇرۇتلىرى قويۇق ئۆسكەن بىر كىشى تايغاندەك ئۇياقتىن - بۇياققا تاقلاپ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋارقىراپ:

- روزى سوپىدەك خائىنلارنىڭ جاجىسى ئۆلۈم، ئۇلارنى دەرھال ئېسىش كېرەك، بولسا ئەڭ ياخشىسى بۇلارنى چوماقلاپ ئۆلتۈرگەن ياخشىراق. بىگۇناھ قاراقاشلىقلارغا ئاز زۇلۇم قىلمىدى. ئۇلارنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ جانغا - جان ئېلىش كېرەك.

ئۇلارنى دارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ھەربىردارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا دەللەپ قويۇلغان قېرى قارىياغاچنىڭ قوزاقلىق كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە بىر - بىرلەپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا بوينىغا سېلىنىدىغان ياغلىق سىرتماق ساڭگىلاپ تۇراتتى. جانسىز پۇتلىرى بىلەن كۆتەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىسىنى دەسسەپ تۇرغان تاربەگ خۇنسىز كۆزلىرىنى يۇقىرىغا تىكتى. كۆك ئاسماندا بىر توپ ئاپاق ماموقتەك بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان قۇياش بولسا ئۇنىڭغا يۈزىنى بىر نېپىز پەردە تورىۋالغاندەك غۇۋا كۆرۈندى. بۇ ھال

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەنسىزلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە قاتتىق تەۋبە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەگەر ئۇ، مۇشۇ قېتىمقى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالسا ئىككىنچىلەپ خائىنلىقتەك بىر قىلمىشنى قىلمايدىغانلىقىغا ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم قىلدى. ئەمما بۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ ئەسلا كەلمەيدىغانلىقى ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغان سىرتماقتىن بەلگىلىك ئىدى. گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان شامال چاچ ـ ساقاللىرىنى ئۇچۇرتۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر ئاۋازلار بىلەن قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى. قارىداپ رەڭگى كەتكەن يۈزلىرى ھېلىلا ئاچچىق غورا يېۋالغاندەك پۈرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاچچىق پۇشايمىنىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. توغرا كىشى پۇشايمان قىلسا كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە: «تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىڭلار»، دېيىلگەن. ئەمما ۋەتىنىگە، ئۆز مىللىتىگە قىلىنغان خائىنلىقنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پەقەت ئۆلۈم بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا سىرتماق سېلىندى، ئەمدى پەقەت پۇتىدىكى كۆتەكنى يانلىرىدا سەپراس تۇرغان ئەسكەر يىگىتلەر بىرلا تەپسە، خائىنلار بۇ دۇنيادىن شەرەپسىزلەرچە خوشلىشاتتى. روزىسوپىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىنىش بىلەن تەڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى بۇرۇنقىدىن بەتتەر تاتىرىپ، بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك شالاڭ ساقىلى تىترەپ كەتتى. ھازىر بولسا بۇ دۇنيا بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېگرا باردەك ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك كۆرۈنمەۋاتاتتى. ئالدىدىكى پۈتۈن تاماشىبىنلارنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا خىيالى نەرسىلەردەك تۇيۇلدى. «ئاللاھىم مەن ھازىرلا ئۆلىدىغاندىمەنمۇ؟ بۇ رېئاللىقمىدۇ؟ ۋاي خۇدايىم! ئاشۇ

قۇياش، باش باھار، گۇللەر، ئېتىزلار، بۇلۇتلار، دەرەخلەر، ھەر راس بىر ئۆمۈر يىغقان مال ـ دۇنيالىرىمنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ كېتەمدىمەن؟» دېگەن خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچىلايتتى.

ئۇ بىردىنلا يورۇقلۇققا دۇچ كەلگەن شەپەرەڭدەك تېگىرقاپ، پۈتلىرىنىڭ ماغدۇرى كەتتى. ئەگەر بويىندا سىرتماق بولمىغان بولسا، ئوق تەگكەن قۇشتەك ئۆزىنى يەرگە پالاققىدە ئاتقان بولاتتى. ئەمما ئەجەل سىرتمىقى بويىندا بولغاچقا ئۆرە تۇرماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى جان بەكمۇ تاتلىق. ئەجەل تۇمشۇققا كەلگەندە بۇ دۇنيادا بىر سېكۇنت بولسىمۇ كۆپرەك يورۇقنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ كىشى. بولۇپمۇ بۇنداق خائىنلارنىڭ جېنى ئۆزىگە تېخىمۇ تاتلىق، تېخىمۇ قەدىرلىك. شۇڭا ئۇ، ئازراق بولسىمۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. توغرا بۇ دۇنيادا ھەممە كىشى يورۇقلۇقنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياخشىلىق قىلغانلار بىلەن يامانلىق قىلغانلار ئوخشاشلا يورۇقلۇقتا ياشاشنى خالايدۇ. يامانلىق قىلغانلار يامانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن جازالىنىپ ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىشتىن قورقىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، بۇ ھۆكۈمدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ. ھەتتا بويىنغا سىرتماق سېلىنىپ، پۈتىدىكى كۆتەك تەۋرىنىۋاتقاندىمۇ يورۇقلۇققا تەشنا بولىدۇ. ياخشىلىق قىلغانلار بولسا ياخشىلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ياخشىلىق قىلىشتىن تاپقان خوشاللىقىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەي، چەكسىز يورۇقلۇق ئىچىدە ئۆتۈشنى خالايدۇ. يامانلىق قىلىپ جازاغا تارتىلغاندىن كېيىنكى يورۇقلۇققا ئىنتىلىش بىلەن، ياخشىلىق قىلىپ ئېرىشكەن خوشاللىقنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىشى بىر ـ بىرى بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدۇ. غالىپ بولغان بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يورۇقلۇقتىن دەرھال مەھرۇم قالدۇرۇشى شەرت. بۇ

قىتىم خائىنلار مەغلۇپ بولدى. شۇڭا ئۇلار يوروۇقلۇقتىن مەھرۇم بولۇشى مۇتلەق. مانا قاراڭلار! خائىنلارنىڭ پۈتنغا قويۇلغان كۆتەك تەڭلا يىقىلدى. ئۇلارنىڭ تەنلىرى دار ياغىچى ئاستىدا پۇلاڭلاپ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ دۇنيا ئازراق بولسىمۇ مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلدى. مانا بۇ خائىنلارنىڭ ھاياتلىق يولىدا خاتا يولنى تاللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. نەپسىنىڭ يولىغا كىرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. نەپسى ئىنساننى ھەر يولغا باشلايدۇ. ئىنساننى ئازدۇرىدۇ، ھەتتا خائىن قىلىۋېتىدۇ. خائىنلىق بولسا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلەر يېتىپ بارىدىغان ئەڭ يۇقىرى پەللە. نەپسىنىڭ يولى نورمال ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر قورقۇنچلۇق يول. بۇ يول ئادەمنى ئازابقا، ئىزتىراپقا، ئۆزگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ھەتتا پۈتۈن بىر مىللەتكە زىيان سالىدۇ. ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بويىنغا سىرتماق سالدۇرىدۇ. نەپسىنىڭ يولىغا ماڭغانلارنىڭ مەقسەتلىرى، نىشانلىرى خاتا بولىدۇ. ئۇلار بۇ ھاياتتا ھەرقانداق بىر نەرسىنى جاپا تارتمايلا ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. ھاياتلىق يولىدا خاتا نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزگە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلالمايدۇ. ئەسلىدە بۇ دۇنيادا ئىنسانغا ھەقىقىي كېرەكلىك نەرسە ئىنسان ئۆزىدە ئەسلىدىلا بار بولغان ۋىجدان. شۇڭا ئىنسان ئۆزىدىكى ۋىجداننى كەشىپ قىلىپ چىقىشى بەكمۇ مۇھىم. مەيلى ئۇ شاھ بولسۇن ياكى گاداي، ۋىجداننى كەشىپ قىلالىغان كىشى بۇ ھاياتنىڭ چىشلىق چاقلىرى ئارىسىغا ھەرگىز قىسىلىپ قالمايدۇ ۋەياكى ئادالەتنىڭ ياغلىق سىرتمىقى بويىنغا سېلىنمايدۇ. شۇڭا مۇھىم بولغان نەرسە بارىدىغان پەللە ئەمەس، بەلكى توغرا يولغا چىقماقتۇر، توغرا يول يۈرمەكتۇر. مېڭىۋاتقان يولدا ئۆزىنى تونۇپ، ئۆزىنى ھەقىقىي

كەشىپ قىلماقتۇر. ئىنسان ئەۋلادى هاياتلىقىنىڭ بۇ يولدا مېھنەت قىلىپ، بەزىدە بورانلار ئارىسىدا قانات ئاچسا، بەزىدە دولقۇنلار ئارىسىدا يەلكەن ئاچىدۇ. شۇڭا بۇ هاياتتا مۇھىم بولغان نەرسە تۇرمۇش يولىدا ئۆزىمىزنى كەشىپ قىلىش جاپاسىدۇر، ئالىينىڭ تەرىدۇر يەنى سىڭدۈرگەن مېھنەتتۇر. ھەرگىز بۇ يولدا نەپسىگە ئەسىر چۈشۈپ خائىنلىق قىلىش ئەمەستۇر. خائىنلىق ۋىجدانىنىڭ ئوغىسىدۇر.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ بولسا ئەرەن ۋە ئەبەيدۇللاھ قاتارلىق ياردەمچى قوماندانلىرى بىلەن بىرگە 2000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەركەنگە يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئابدۇللاھ بىلەن ئەمىر نۇرئەھمەد يەركەن يېڭى شەھەر ئىچىگە جايلىشىۋالغان خىتاي چېرىكلىرىنى قاتمۇ - قات مۇھاسىرىگە ئالدى. بىراق سېپىلنى بۆسۈپ كىرىپ يېڭى شەھەرنى ئازات قىلىشتا نۇسرەت قازىنالماي، مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئۇزىراپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گۇماشتىسى ماجەنساڭ قول ئاستىدىكى يۈز بېشى مارۇلۇڭنى 100 دەك تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن ئىككى ئاكا - ئۇكا ئەمىرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مارۇلۇڭ بۇ ئىككى ياش قوماندانىنىڭ ئالدىدا: «سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ، مۇغەمبەرلىك قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۈنۈپ قالغان تۇڭگانلار بىر تەرەپتىن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن جاسۇسلۇققا كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەركەن ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئىگە بولىدىغان ئولجا - غەنىمەتلەرگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. تۇيۇقسىزلا يۈز ئەسكىرى بىلەن پەيدا بولغان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننى كۆرگەن ئەمىر

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللاھ بۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى پەملەپ، كۆرۈنۈشتە ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى.

بۇ چاغدا ئەمىر ئابدۇللاھ يەنە قەشقەرگە بىر ھەيئەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تۆمۈر ئېلىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە غەلىبىلىك كىرىپ، ئورۇنلاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ھەر ئىشتا ئۆزئارا ياردەملىشىپ دۈشمەن كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ئارزۇسىنى ئېيتتى. ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ دەسلەپكى ئالغان مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا بۇ كىشى قەشقەرنى ئېلىش ئۈچۈن قەشقەر ۋالىسى ماشاۋۇ بىلەن ئېلىپ بارغان 47 كۈنلۈك جەڭدە تىللاردا داستان بولغىدەك باتۇرلۇق كۆرسىتىپ جەڭ قىلغان ئىكەن. ئاخىرى قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى قىرغىز ئوسماننىڭ ياردەملىشىشى بىلەن دۈشمەن كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەرگە غەلىبىلىك كىرگەن ۋە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشقان. تۆمۈر ئېلىنىڭ يەنى بىر ئاتىلىشى تۆمۈر سىجاڭ بولۇپ، بۇ كىشى ئەسلىدە توقسۇندا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەن. كىچىكىدىنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 1920 - يىللىرى كۇچاغا كېلىپ ھارۋىكەشلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە گاڭگۇڭلىقى بىلەن پۇل ۋە يۈز تېپىپ ھارۋىكەشلەرنىڭ شاڭيۇسى بولغان. ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھارۋىكەشلەر باشقا خەلق ئاممىسىغا ئوخشاشلا ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ قاتمۇ - قات ئالۋاڭ - سېلىقى، ئېغىر - باج سېلىقلىرىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارغان. مانا مۇشۇ چاغلاردا قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلارغا قارشى خوجانىياز ھاجىمنىڭ

باشچىلىقىدا مىللىي ئىنقىلاب يۈز بەرگەن. بۇ ئىنقىلابتىن ئىلھام ئالغان تۆمۈر ئىبلى 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۇچانى ئازات قىلغان. ئاندىن ئۇ داۋاملىق جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بايدىكى ياقئېرىق دېگەن يەردە جىن شۇرېن قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلغان. ئەمما داۋاملىق ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن، چۈنكى قەشقەر تەرەپتىن ياڭ چىمىن 500 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن كېلىپ ئالدىنى تورىغان. ئۇرۇش ناھايىتىمۇ دەھشەتلىك بولغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا تۆمۈر ئىبلى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر شۇنچىلىك باھادىرلىق بىلەن جەڭ قىلغان. مانا مۇشۇنداق ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ھايات ـ ماماتلىق جەڭ بولىۋاتقان پەيتتە جىنشۇرېنىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوماندانى جاڭ پېيەنىنىڭ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان. تۆمۈر ئىبلى ئۇلار بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلغان. خۇددى ئاتىلار «ئەلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان» دەپ ئېيتقاندەك، تۆمۈر ئىبلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆز ئانا تۇپراقلىرىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئارسلاندەك جەڭ قىلغان. گەرچە خىتاي ئەسكەرلىرى ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بولسىمۇ، چاچقاندەك كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قاچقان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۆمۈر ئىبلىنىڭ قوماندانلىقىدا، ئەسكەرلىرى نۇرغۇن قورال ـ ياراقنى غەنىمەت ئالغانلىقى مەلۇم. غەنىمەت ئالغان قورال ـ ياراقلارنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە زەمبىرەك، بىر ھارۋا ئوق ـ دورا ۋە نۇرغۇن بەش ئاتار مىلتىقلار بار. شۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن تۆمۈر ئىبلى ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇپ، رەتلەپ چىققان ۋە كورلىدىن كەلگەن ئىبلى ھاجى بىلەن قارا شەھەردىن كەلگەن ھاپىز لۈيجاڭ

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆز قوشۇنىنى تېخىمۇ زورايتىپ ئاقسۇغا غەلىبىلىك يېتىپ كەلگەن. تۆمۈر ئېلى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ گۇچېڭدا تۇرۇۋاتقان خوجانىياز ھاجىم ئۇنىڭغا سىجاڭ (دېۋىزىيە كوماندىرى)لىق ئۇنۋانىنى بېرىشنى لايىق كۆرگەن. تۆمۈر ئېلى خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن قوزغىلاڭچى رەھبەرلىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۆز قوشۇنىنى تېخىمۇ زورايتقان ۋە دەرھال مارالبېشىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. دېمەك، ئەنە ئاشۇنداق قەدەممۇ قەدەم يول ئېلىش بىلەن بىرگە ئۆزىگە ئوخشاش تەقدىرداشلىرىنى ئۆز سېپىگە قوشۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە، قولىدىن كەلگىنىچە ئۆز قەۋمىنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلغان ۋە ئاخىر قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن. تۆمۈر ئېلىنىڭ كۈچادىن تارتىپ قەشقەرگىچە بولغان كۈرەش يولى خۇددى دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن بىرسىنىڭ سۇنىڭ ئاستىغا ئاياق بېسىپ، ئۇ يەردىن كۈچ ـ قۇۋەت ئېلىپ، ئاندىن تۇرماستىن پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتىپ سۇ يۈزىگە چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۈزگەن ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشايتتى. ئۇ بۇ جەرياندا ھېچ بىر ۋاقىت نەپسىنى ئۇزمەي دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن كۈرەش قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇ قەشقەرگە كېلىپ «بۇ دېڭىزدىن قۇتۇلدۇم» دەپ بېخۇتلاشماي ۋە ئۇ دېڭىزنىڭ جىمجىت تۇرغان ھالىغا ئالدانماي تەمكىن بولۇشى، توغرا قارارلارنى ئېلىشى ناھايىتىمۇ مۇھىم. مانا بۇلار تۆمۈر ئېلىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈرەش يولىدا قەلبىنىڭ قانداق سوقۇشىغا باغلىق. شۇڭا ئىمام غەزالى مۇنداق دېگەن:

«ئەي دوستۇم قەلب جۇلانىپ تۇرغان ئەينەكتۇر. ئەينەكنىڭ ئۈستىدە تۇز پەردىسى پەيدا بولسا، ئۇنى ئېتىپ،

پاكىزلاش كېرەك. چۈنكى ئۇ ئىلاھىي نۇرنى ياندۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر» دېمەك، ئىنسان قەلبىنىڭ كىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش بەكمۇ مۇھىم. بۇ يەردىكى قەلب يەنىلا مەنىۋى قەلبتۇر. ئادەمنىڭ پىزىكىلىق قەلبى بولسا يۈرەك بولۇپ، ئۇ ئىنسان بەدىنىنىڭ مەركىزىدۇر. مەنىۋى قەلب بولسا ئىنسان روھىنىڭ مەركىزىدۇر. يۈرەك ساپ قاننى قانداق قىلىپ پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا، مەنىۋى قەلبمۇ ئىلاھىي نۇردىن ئالغان يورۇقلۇقنى روھىمىزنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگە شۇنداق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ قەلبى ئادەمنىڭ بارلىق چۈشەنچىلىرىگە، ئوي ـ پىكىرلىرىگە ۋە بارلىق پائالىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. بۇ ھال خۇددى پىزىكىلىق يۈرەككە ئوخشايدۇ. شۇڭا قەلبنى مەنىۋى جەھەتتىن نېمە بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇنى كىبىرلىك، نەپسانىيەتلىك، مەنسەپپەرەسلىك، يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىق قاتارلىق ئىللەتلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىغان بولسا ئۇنىڭدا مىللەتكە بولغان مۇھەببەت يوقايدۇ. ئەگەر مىللەتكە بولغان مۇھەببەت يوقسا ئۇ زامان، ئۇ قەلب كۆڭۈل كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، شەئىيلەرنى پەرق ئېتىش تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ئۆز مىللىتىگە، ئۆز دۆلىتىگە قانداق قىلغاندا ھەقىقىي مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ ئۆز ۋەتىنىنى قانداق قىلغاندا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئازات قىلغىلى بولىدۇ؟ ۋە بۇ يولدا كىملەر بىلەن دوست بولۇپ، كىملەر بىلەن دۈشمەن بولىمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ دەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى ئېلىشتا خاتا يولغا ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا زىيان سالىدۇ. شۇنچە بەدەللەرنى تۆلەپ قىلغان جەڭلەر، بەرگەن

www.uyghurkitap.com

قۇربانلارنىڭ قانلىرى بىكارغا ئاققان بولىدۇ. شۇڭا قەلبىمىزنى مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت بىلەن، ئاشىق بىلەن ئوزۇقلاندۇرىشىمىز كېرەك. ئەسلىدىلا ئىنسان قەلبى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىچىمىزگە يەرلەشتۈرگەن مۇھەببىتىدۇر. شۇڭا بۇ قەلب يارىتىلىش مەقسىتىگە خىزمەت قىلمىسا ئۇ ئاجىزلايدۇ، قارىدايدۇ، ئاخىرى بىرىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزى بالاغا تىقىدۇ. لېكىن بۇ ئىش ئۇنداق ئاسان ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى چىقىش بىلەن تۈگىسە مەيلى، ۋاھالەنكى بۇ ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ھالاكەتكە باشلاشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىلىرىمىزنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق يول باشلىغۇچىلارنىڭ قەلبى، ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئۈچۈن تەڭ سوقۇپ، ئىلاھىي نۇر بىلەن تەڭ يورۇغاندىلا ئاندىن كۆك بايراقنىڭ ئاستىغا بىردەك توپلىنىشىپ، ئۇنىڭ جۇشقىسىغا تولغان قەلبىنىڭ ھوزۇر ۋىسالىغا يەتكىلى بولىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ قۇتۇلۇش يولىمىز.

مانا مۇشۇ چاغلاردا يەركەن يېڭى شەھەرنى پەتىھ قىلىش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىپ بارغان چاغلار ئىدى. بۇنداق جىددى بىر ۋەزىيەتتە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قەشقەر تەرەپتىكى تۆمۈر ئېلى بىلەن ئۇقۇشماسلىق بولۇپ بىرەر كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ سەپدىشى سابىت داموللام بىلەن ھەم مەسلىھەتتە بولدى ۋە مىلىك مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ماقۇللىشى بىلەن سابىت داموللام مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئىككى ئىنىسىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن يەركەنگە قاراپ يول ئالدى. بۇ مەزگىلدە يەركەن يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولغان

ئىدى. يەركەن يېڭى شەھەردىكى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر بولسا خوتەن يېڭى شەھەردىكى چېرىكلەرگە قويغان شەرتلەرگە ئوخشاش شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، كېلىشىم تۈزۈشكە كۆندى. بۇ چاغدا سابىت داموللام تېخى يول ئۈستىدە ئىدى. سابىت دامولام ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي تېز يول يۈرۈپ، يەركەنگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇ خوش خەۋەردىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان يەركەندىكى ئەمىر ئابۇللاھ بىلەن ئەمىر نۇر ئەھمەد سابىت دامولامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ئۇلار قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى بىلەن بىرگە ناھايىتى داغدۇغىلىق بىر كەيپىيات ئىچىدە شەھەرنىڭ قوۋۇقى سىرتىدىن خېلىلا يىراق بىر جايغا بېرىپ سابىت دامولامنى تەقەززالىق بىلەن ساقلىدى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كەڭ دالا ھېلىلا ئوت كېتىدىغاندەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. بارلىق ئۇچار قۇشلار ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۆزلىرىگە سايە بولىدىغان بىر يەرلەردە مۆكۈدەپ يېتىشقان ئىدى. كۆكتىكى قۇياش ئۆزىنىڭ بارلىق ھارارىتىنى بار كۈچى بىلەن مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈستىگە چېچىپ، خۇددى بۇ ئادەمسىز دالاغا بىر تال سەرەڭگە يېقىلسا لاپپىدە قىلىپ ئوت كېتىدىغاندەكلا قىزىتىۋەتكەنىدى. بۇ يەرلەر ھەم ئىسسىق ھەم دىمىق بولۇپ، بەئەينى داپخۇنى ئېتىپ قويۇلغان تونۇرغىلا ئوخشاش شۇنچىلىك ھارارەتلىك ئىدى. قارىداپ كەتكەن پۈتۈن بەدىنىنى تەر باسقان ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قوماندان ھارغىن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل دانىشمەنلىكى يولغا تەشنالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەمىر ئابدۇللا پېشانىلىرىدىن مۇنچاقلاپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى قوللىرىنىڭ قارىدىغان دۈمبىسى بىلەن بىردەم بىردەم

www.uyghurkitap.com

سۇرتۇپ قويۇپ، كۆككە نارازىلىق بىر ئەلپازى بىلەن باقاتتى. يېلىنجاۋاتقان قۇياشنىڭ تازا قىيامىغا يەتكەن ئوتقاشتەك يۈزى بولسا، بۇ قەدىمىي ماكاندا نىملەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قىزىقىۋاتقاندەك ھەيرانلىققا تولغان ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ يەردىكى ئىشلار شۇنچىلىك تېز ئۆزگىرەيتتى. كىشىلەر پىكىرلىرىنى بىردەمدىلا تېگىشتۈرەتتى ۋە ۋەدىلىرىدىن تېزلا يېنىۋالاتتى. بىر نەرسىنى كۆرگەن ھامان شۇنچىلىك تېز كۆزى قىزىراتتى. ھەرخىل كۈچلەر، ھەر خىل سىياسىي ئېقىملار، ھەرخىل دۆلەتنىڭ ھەيئەتلىرى ۋە ھەر خىل تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ زېمىندا تېپىلاتتى. بىرسى بىرسى بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا دوست بولسا، يەنە ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن بىر - بىرسىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ، بىر - بىرىگە مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى قارىتاتتى. شۇڭا بۇ زېمىندىكى خەلق ھېچ بىر ۋاقىت تىنىچ بىر ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىنمىكىن بۇ يەرنىڭ يوللىرى ھېچ بىر ۋاقىت ياسالغان ئەمەس. بىرسى ياسىغان يولنى بىرسى كېلىپ بۇزغاچقا يوللار ھەرۋاقىت ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئەگرى - بۈگرى ئىدى. ھەممىدە بۇ ھاياتتا شۇنىسى ئېنىقكى يولنىڭ ناچارلىقى، ئەگرىلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ يولىدا ئۆزى ئاداققىچە مۇستەقىل مېڭىشتۇر. باشقىلار ياسىغان تۈز، داغدام يولدا مېڭىپ قۇل بولغاندىن، ئۆزىنىڭ ئەگرى، سەرراپ بىلەن تولغان يوللىرىدا مېڭىپ ئېزىپ قالغان ياخشىراق. چۈنكى ئىنسان ئېزىپ - تېزىپ يۈرۈپ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يولىنى تاپىدۇ، يولى بۇزۇلسا يەنە ئۆزى ياسايدۇ. ئەمىر ئابدۇللاھ كۆزىنى كۆكتىن ئۈزۈپ، ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان توپىلىق يولغا نەزەر تاشلىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئەسكى يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى مەنزىرە ئۆز تارىخىدا خىلمۇ

ـ خىل قىسمەت، كارامەت ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان روھى ھالەتلەرنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. يول بويىدا تۇرغان بۇ ئىككى ياش بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى سابىت داموللام بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇشۇ ۋەزىپىگە، شۇ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرگە لايىق بىز، دەپ ئويلىغاچقا ئۆزلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئىنىق ئىپادىسى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇيەر ـ بۇ يەرلەردە ئۆسۈپ چىققان جىغانلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشلىرىدىن بىلىنۋالغىلى بولاتتى. دىمىسىمۇ يىگىرمە ياشلاردىكى بۇ ئىككى قوماندانىنىڭ بۇنداق ئويلاردا بولۇشى ھەقلىق ئىدى. ئۇلار ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ غېمىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىشنى ئويلىماي، نەچچە ئايلاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ئالقىنغا ئېلىپ تۇرۇپ، جەڭگاھتا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز غەلىبىلىرىنى يول باشچىلىرىنىڭ ئالدىدا نامايەن قىلىشقا ئەلۋەتتە ھەققى بار. ئۇلار نەچچە ئايدىن بېرى شۇنچە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئادەتتىكى كىشىلىك قىياپەت بىلەن بۇ پائالىيەت ئالىمگە قىزىقىپ، بۇرۇن ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئەقلىگە كەلمىگەن يېڭىلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھېچ ئېلىپ باقمىغان قارارلارنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق بۇ ئالەمدە نۇرغۇن ئادەملەر نېمە ئۈچۈندۇر نېمىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا تەخمىن قىلالايدىغان ئىشلارغا بەكرەك قىزىقىدۇ، قىلغان ئىشىنىڭ دەرھال نەتىجىگە ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا ئىچىدە نېمە بارلىقى نامەلۇم بولغان بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۆز

جاسارىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغان ئاددى ئىنسان بولۇشتىن بەتتەررەك، ئۆتكۈرنىڭ ئىچىدە بىر يولۋاسنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى ئىنىق بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قەھرىمان بولۇشنى ئەۋزەل كۆردۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەم ئاسان ھەم نەتىجىگە تېزلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما ئاخىرى ئېنىق بولمىغان بىر يولغا چىقىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇ يولنىڭ ئاخىرىدا كىشىنى قانداق بىر قىسمەتلەرنىڭ كۈتىۋالىدىغانلىقىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى بۇ يولغا چىققان ھەركىم بىر ئۈمىدكە باغلانغان بولىدۇ. ئۇ ئۈمىد بولسا ئەركىن، ستەمسىز ئازات ۋەتەن!

ئەنە ئىككى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق مەپە ئارقىسىغا چاڭ ـ توزانلارنى قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ «دىققەت!» دەپ ۋارقىرىغان بىر كوماندىسى بىلەن تەڭ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرغان ئەسكەرلەر سەپراس بولۇپ تىك تۇرۇشتى. ھارۋا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىنلا ئۆزلىرىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن شۇنچە يولنى بېسىپ ئالدىغا چىققان بۇ ئىككى ياش قوماندانىنىڭ داغدۇغىلىق كۈتىۋېلىش مۇراسىمىدىن رازى بولغان سابىت داموللامنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇمنىڭ جىلۋىسى پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ئاستا ـ ئاستا ساقاللىق يۈزىدىن سىلىنىپ كەتتى. چۈنكى شۇنچە ئەسكەر بىلەن ئالدىغا چىققان ئىككى قوماندانىنى كۆرگەن سابىت داموللام باشسىز قالغان شەھەرنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئىدى. مەپە توختىشى بىلەن تەڭ ئۇ ئىتتىكلا يەرگە چۈشۈپ، بارلىق ئاددى ئادەملەرگە ئوخشاش قىسقىلا سالاملاشقاندىن كېيىن، ئەمىر ئابدۇللاھقا شەھەرنىڭ ئىچىگە

قاراپ دەرھال يول ئىلىشقا بۇيرۇق بەردى. سابىت داموللامنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ سەل تەئەججۈپلەنگەن ئەمىر ئابدۇللاھ:

— داموللام سىلە يولدا بەك چارچاپ قالغاندەك قىلىلا، بىرپىلا ئوبدانراق ئارام ئالسىلا، بىز ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. يىڭى شەھەرگە بىكىنىۋالغان چېرىكلەرمۇ ئەل بولىدىغان بولدى. ئاللاھ خالىسا ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلە كەلدىلە ئەمدى ھەر ئىش بولسا سىلىنىڭ دانا تەدبىرلىرى بىلەن بولىدۇ، شۇڭا ئاتىلىرىمىز «قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس» دەپ، بىكارغا ئېيتمىغاندە. بۇنىدىن كېيىنكى ئىغىر يۈك نىھايەت سىلىنىڭ مۇبارەك يەلكىلىرىگە يۈكلىنىدىغان بولدى.

بۇ قىسقا مەلۇمات ۋە تەكەللۇپلارنى ئاڭلىغان سابىت داموللام، ئۆزىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا:

— قالغان گەپلەرنى شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگەندىن كېيىن دېيىشىۋالساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھازىر قانچە تېز شەھەرگە كىرسەك مېنىڭچە شۇنچە ياخشى بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى دۈشمەننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىز ئۇرۇش زامانىدا تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا ھەر ۋاقىت قەتئىي ھوشيار تۇرىشىمىز، چارە - تەدبىرلەرنى قولدىن بىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. قېنى يولغا ئاتلىنايلى.

كاتاڭ يوللاردا مەپە چاقلىرىنىڭ جالداقلاشلىرىدىن بىشى تەڭ بولۇپ كەتكەن سابىت داموللامنىڭ چىكىسى تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەس - خىيالى شەھەرنىڭ ئامانلىقىدا قالغانىدى. دىمىسىمۇ سابىت داموللامنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن ئىدى. ئىككى ياش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قوماندانىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان دىشۋارچىلىقلىرى، چەككەن رىيازەتلىرى، تۆكۈلگەن قانلار، تۆلىگەن بەدەللەرنىڭ ھەممىسى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بوراندا توزىغان ماكاپ گۈلىدەك توزۇشقا باشلىغان ئىدى.

سابىت دامولالمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قوماندانلارنىڭ كەتكەنلىكىنى، ئەسكەرلەرنىڭ باشسىز قالغانلىقىنى پۇرسەت بىلگەن مارۇلۇك ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، يېڭى شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا قاراۋۇلدا تۇرغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر، تۇڭگانلارنىڭ يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمما نىيىتى قارا تۇڭگانلار پوستىكى ئەسكەرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرىنى ئولجا ئېلىپ يېڭى شەھەردىكى خىتايلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قوماندانىنى دەھشەت غەزەپلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە «تۇڭگانلاردىن دوستۇڭ بولسا ئاي پالتاڭ يېنىڭدا بولسۇن» دېگەن، بۇ ئاتىلار سۆزى ئۇلارنىڭ بويىنىغا مەڭگۈلۈك مونچاق بولۇپ ئېسىلدى. تۇڭگان قوشۇنلىرى يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، سېپىل ئىچىدىكى تەسلىم بولۇشقا تەييار تۇرغان خىتاي چېرىكلىرىنى ئازدۇرۇپ ئۇلارغا:

ـ قەشقەردە ماجەنسا نۇرغۇن ئەسكىرى بىلەن تۇرىۋاتىدۇ. يېقىندا يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەرلەرنى چەنتولارنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى، ـ دەپ، پىتنە تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان تۇراقسىز خىتاي ئەسكەرلىرى دەرھال ئۆز ۋەدىسىگە خىيانەت قىلىپ، «سۈلھى قىلمىز» دېگەن سۆزىدىن يېنىۋالدى. مارۇلۇڭنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن خىتاي چېرىكلىرى

بىكىنىۋالغان جايىدىن قايتا چىقىپ خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قىسىملىرىغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش ئىككى لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىنى ساقلاپ ياتقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ كونا شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ئىدى. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى شېھىت بولدى.

يەنە شۇنداقتىمۇ ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن جانلىرىنى قۇربان قىلىشقا ھەر زامان تەييار تۇرىدىغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ باھادىرلىق بىلەن جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، دۈشمەن ھۇجۇمى تارمار قىلىنىپ، ئۇرۇش غەلىبە بىلەن نەتىجىلەندى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى ۋەزىيەت داۋاملىشىپ، تۇڭگانلارنىڭ خائىن ئەسكەرلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى يېڭى شەھەرگە قاپسىلىپ قالدى. ئۇلار تا 15 كۈنگىچە ئۇۋۇچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشكەن تۈلكىدەك ھېچبىر يەرگە قاچالماي مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە سولىنىپ قالغان خىتاي ئەسكەرلىرى مارۇلۇڭنىڭ گەپلىرىنىڭ يالغان، ئۆسەك گەپلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئامالسىزلىقتىن سېپىلغا ئاق بايراق ئېسىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇلار قورال - ياراقلىرىنى تاپشۇرمايدىغانلىقىنى، يەكەن خەزىنىسىنى بولسا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يەركەندىن چىقىپ قەشقەرگە كېتىدىغانلىقىنى، قورال - ياراقلارنى بولسا قەشقەرگە بارغاندا مادوتەيگە تاپشۇرۇپ

ﺑﯧﺮﯨﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﺷﻪﺭﺕ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﻗﻮﻳﺪﻯ. ﺑﯘ ﺷﻪﺭﺗﻠﻪﺭﮔﻪ ﺋﻪﻣﯩﺮ ﺋﺎﺑﺪﯗﻟﻼﮪ ﺳﺎﺑﯩﺖ ﺩﺍﻣﻮﻟﻼﻡ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻣﻪﺳﻠﯩﻬﻪﺗﻠﻪﺷﻜﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﻣﺎﻗﯘﻝ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﺳﯧﭙﯩﻠﺪﯨﻦ ﭼﯩﻘﯩﺸﯩﻐﺎ ﻳﻮﻝ ﻗﻮﻳﯘﻟﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻛﯧﻠﯩﺸﺘﻰ. ﺑﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﻠﻪﻥ 1933 ـ ﻳﯩﻠﻰ 6 ـ ﺋﺎﻳﻨﯩﯔ 17 ـ ﻛﯜﻧﻰ ﻳﻪﺭﻛﻪﻥ ﺷﻪﮬﺮﻯ ﺧﻮﺗﻪﻥ ﺋﯩﺴﻼﻡ ﮬﯚﻛﯜﻣﯩﺘﯩﻨﯩﯔ ﻗﻮﻟﯩﻐﺎ ﺋﯚﺗﺘﻰ. ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺋﯩﭽﯩﺪﻩ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﺋﯚﺯ ﺋﺎﺯﺍﺗﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﺗﻪﺑﺮﯨﻜﻠﻪﭖ ﺗﻪﻧﺘﻪﻧﻪ ﻗﯩﻠﯩﺸﺘﻰ. ﺋﯘﺯﯗﻧﺪﯨﻦ ﺑﯧﺮﻯ ﺋﯘﺭﯗﺷﻨﯩﯔ ﺳﻮﺭﯗﻗﭽﯩﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﭼﻪﻛﻜﻪﻥ ﺋﺎﻣﻤﯩﻨﯩﯔ ﻳﯜﺯﯨﺪﻩ ﺋﯩﻠﻠﯩﻖ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺑﻪﺳﺴﯘﻡ ﺟﯩﻠﯟﯨﻠﻪﻧﺪﻯ. ﻳﻪﺭﻛﻪﻥ ﺳﯧﭙﯩﻠﯩﻨﯩﯔ ﺋﯜﺳﺘﯩﺪﻩ «ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﺋﺎﻟﻼﮪ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻦ ﯞﻩ ﻏﻪﻟﯩﺒﻪ ﭘﺎﺕ ﻳﯧﻘﯩﻨﺪﺍ ﺑﻮﻟﯩﺪﯗ» ﺩﯦﮕﻪﻥ ﺋﺎﻳﻪﺕ ﻳﯧﺰﯨﻠﻐﺎﻥ ﺋﺎﻱ ﻳﯘﻟﺘﯘﺯﻟﯘﻕ ﻛﯚﻙ ﺑﺎﻳﺮﺍﻕ ﺟﻪﯞﻻﻥ ﻗﯩﻠﯩﭗ، ﺷﻪﮬﻪﺭﻧﯩﯔ ﮬﯚﺳﻨﯩﮕﻪ ﮬﯚﺳﯘﻥ ﻗﻮﺷﺘﻰ. ﭘﯜﺗﯜﻥ ﻳﻪﺭﻛﻪﻥ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﻛﯚﻛﻠﻪﺭﺩﯨﻦ ﺑﯩﺮ ﺋﯩﺸﺎﺭﻩﺕ ﻛﯧﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻧﺪﻩﻙ ﻳﯘﻗﯩﺮﯨﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﻳﺘﺘﻰ. ﭼﯜﻧﻜﻰ ﻳﯘﻗﯩﺮﯨﺪﺍ ﻛﯚﻙ ﺑﺎﻳﺮﺍﻕ ﺑﺎﺭ ﺋﯩﺪﻯ. ﺋﯘﻻﺭ ﺑﻪﺭﯨﻜﻪﺗﻠﯩﻚ ﺑﯩﺮ ﺋﯜﻣﯩﺪﻛﻪ، ﻣﯘﺳﺘﻪﮬﻜﻪﻡ ﺑﯩﺮ ﺋﯩﺸﻪﻧﭽﯩﮕﻪ ﺗﻮﻟﻐﺎﻥ ﻛﯚﺯﻟﯩﺮﻯ ﯞﻩ ﮬﺎﻳﺎﺟﺎﻥ ﻛﯚﺯ ﻳﺎﺷﻠﯩﺮﯨﺪﺍ ﻳﯘﻳﯘﻟﻐﺎﻥ ﭘﺎﻙ ﻳﯜﺯﻟﯩﺮﻯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﯚﻛﺘﯩﻜﻰ ﻛﯚﻙ ﺑﺎﻳﺮﺍﻗﻨﯩﯔ ﻟﻪﺭﺯﺍﻥ ﻟﻪﭘﯩﻠﺪﻩﺷﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺗﺎﻣﺎﺷﺎ ﻗﯩﻠﯩﺸﺎﺗﺘﻰ. ﻛﯚﻙ ﺑﺎﻳﺮﺍﻗﻨﯩﯔ ﺟﯘﺷﻘﯘﻧﯩﺪﯨﻦ ﺋﯩﻠﮭﺎﻡ ﺋﺎﻟﻐﺎﻥ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﻪﻟﻘﯩﻨﯩﯔ ﭼﯧﮭﺮﯨﮕﻪ ﺷﺎﺩﻟﯩﻖ ﻛﯜﻟﻜﯩﺴﻰ ﻳﯜﮔﻪﺭﮔﻪﻥ ﺋﯩﺪﻯ. ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﭼﯩﺮﺍﻳﻠﯩﺮﻯ ﻛﯚﻙ ﺑﺎﻳﺮﺍﻗﻨﯩﯔ ﺟﯘﻻﺳﻰ ﺋﺎﺳﺘﯩﺪﺍ، ﻗﺎﺭﺍﻗﺎﺵ ﺩﻩﺭﻳﺎﺳﯩﻨﯩﯔ ﺑﻮﻳﯩﺪﺍ ﭼﯧﭽﻪﻛﻠﯩﮕﻪﻥ ﺟﯩﮕﺪﯨﻠﻪﺭﺩﻩﻙ ﮔﯜﺯﻩﻟﻠﯩﺸﯩﭗ ﻛﻪﺗﻜﻪﻧﯩﺪﻯ. ﺋﻪﻣﺪﻯ ﺧﻪﻟﻖ ﮬﺎﺳﯩﺮﯨﻐﺎﻥ ﻗﻪﻟﺒﯩﻨﯩﯔ ﺋﻪﺭﻛﯩﻨﻠﯩﻚ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﮬﻪﻗﯩﻘﻰ ﺭﻩﯞﯨﺸﺘﻪ ﺳﻮﻗﯘﯞﺍﺗﻘﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻐﺎ ﺋﯩﺸﻪﻧﮕﻪﻧﯩﺪﻯ.

ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﻪﻟﻘﯩﻨﯩﯔ ﻳﯧﻘﯩﻨﻘﻰ ﺯﺍﻣﺎﻥ ﺗﺎﺭﯨﺨﯩﻐﺎ ﻧﻪﺯﻩﺭ ﺗﺎﺷﻼﻳﺪﯨﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﺴﺎﻕ ﮬﯚﻛﯜﻣﺪﺍﺭﻻﺭ ﺩﺍﺋﯩﻢ ﺧﻪﻟﻘﻘﻪ ﺋﺎﺩﺍﻟﻪﺕ ﺋﻪﻛﻪﻟﻤﯩﺰ، ﺩﻩﭖ ﻗﻮﻳﯘﭖ، ﺋﺎﺩﺍﻟﻪﺗﻨﻰ ﻛﯚﻛﻠﻪﺭﮔﻪ ﭼﯩﻘﯩﺮﯨﯟﯦﺘﯩﭗ، ﻳﻪﺭ ﻳﯜﺯﯨﺪﻩ ﺋﺎﺩﺍﻟﻪﺗﻨﯩﯔ ﺯﻩﺭﺭﯨﭽﯩﺴﯩﻤﯘ ﻗﺎﻟﺪﯗﺭﻣﺎﺳﻠﯩﻘﻰ ﺳﻪﯞﻩﺑﯩﺪﯨﻦ، ﮬﻪﻣﻤﻪ

يەرنى ستەمكارلىقىنىڭ قەھرى - زەھرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشىغۇدەك ھېچ بىر ماجالى قالماي، قارا كۆزلىرى قۇرۇپ، چېھرىنى بويلاپ تۆكۈلىدىغان ياشلىرى ئەمدى تۈگىگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلەر ئارقىلىق ئازاتلىققا تۇتاشقان يولدا ھەققەتەن چۆل - داۋانلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەنىدى. گاھ دەشتى - چۆللەردە سەرراپقا ئالدانسا، گاھ تاشلىق يوللاردا كۆپ قېتىم پۇتلىشىپ يىقىلىۋاتاتتى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەركىنلىك، ئازاتلىقنىڭ ۋىسال ئىشقىدا يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ داغلانغان ئۇيغۇر خەلقى مەجنۇندەك ئۆز يولىدىن، ئۆز ئاشىقىدىن ھېچ بىر زامان ۋاز كەچمىدى. پۈتۈن جاھاندىكى زۇلۇم ئۇلارنىڭ بېشىغا يېغىپ، پەريادلىرى ئالەمنى باسقان بولسىمۇ، ئەمما ۋاپادار بۇلبۇلغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يولباشچىلىرىدىن باشقا بىرلىرى بۇ ئاھۇ - پەريادلارغا قۇلاق سالمىغان ئىدى. خۇددى بۇ زۇلۇمغا ئۇيغۇر خەلقى لايىقتەك، ھەر كىم كېلىپ تالان - تاراج قىلىپ، زۇلۇمنى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا سەپ قويۇپ يولىغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك راۋان بولاتتى. مانا ھازىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۇنداق ئەپسۇنلار بىلەن ئوقۇپ ئۇخلىتىپ قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن مىللەت قوزغالدى ۋە ئانا يۇرت بىلەن بارلىق تەبىئەت ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەممە يەرنى ئىنقىلابنىڭ يالقۇنلۇق ئوتلىرى قاپلىغانىدى. بۇ ئوتتا يا ئۇيغۇر مىللىتى كۆيۈپ تۈگەيتتى، يا دۈشمەن كۆيۈپ ھالاك بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر تاللاش يول يوق ئىدى. بۇ يولدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوقۇم مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بار ئىدى ۋە ئادالەت ئۇيغۇر خەلقى تەرەپتە ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خەلقى قولىغا قورال ئالغان ئىدى. ئەنە شۇ قورال بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئادالەتنىڭ پارلاق بايرىقىنى ئانا يۇرتقا قادىغان ئىدى. يازنىڭ ئىسسىق شامىلىدا تىنىم تاپماي لەپىلدەۋاتقان كۆك بايراق بولسا، ئادالەتنىڭ سىمۋولى، ئازاتلىقنىڭ سىمۋولى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىرىلىشىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى بىلەن قورال ـ ياراقلىرىنىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلماي، يەركەن خەزىنىسىگە كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇنى تولۇق خوتەن ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرماي مەلۇم قىسمىنى تىقىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھىلىگەرلىك بىلەن قىلغان قىلمىشلىرى ئۇلارنى داۋاملىق سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرىۋاتقان ئەرەننىڭ تاغدا ئوۋ پەملەپ ئۆگىنىپ قالغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قايمۇقتۇرالمىغانىدى. بۇ جىددى ئىشنى ئەرەن دەرھال ئەمىر ئابدۇللاھقا دوكلات قىلدى. ئابدۇللاھ تۇڭگانلار بىلەن خىتايلارنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، خەزىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوشۇرۇۋالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئۇ ئىچىدە، ـ بۇ دۇنيادا توغرىنى سۆزلەشتىن بەتتەر تەس ئىش، يالغاننى سۆزلەشتىن بەتتەر ئاسان ئىش بولمىسا كېرەك. ئەمما، ئەزەلدىن خائىنلىق زۇلمىتىدە ساقلانغانلار ئادالەت قۇياشى ئاستىدا ئۇتتۇرغا چىقىشقا مەھكۇمدۇر، ـ دېدى ـ دە، بېرىپ بۇ ئەھۋالنى سابىت داموللامغا مەلۇم قىلدى. سابىت داموللام شۇ چاغلاردا خىتايلار ۋە ئۇرۇشتا ساق قالغان ئاز بىر قىسىم خائىن تۇڭگانلارنىڭ قولىدىكى قورallارنى قانداق قىلىپ قولغا چۈرۈش ئۈچۈن چارە ئىزدەپ ئولتۇرغان ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «ئىتلارنىڭ ھۆكمى بولسا، بۆرىلەرنىڭمۇ بىر تۆرەسى بار» دېگەندەك، دۈشمەننى ئەلتۆكۈس يېلتىزىدىن قۇرۇتۇپ يوقىتىش ئۈچۈن ئوبدان چارىدىن بىرنى تاپتى ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ، ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن بۇ ئەپچىل چارە

ـ تەدبىرلەرنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە كېڭىشىپ، ياخشى بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى.

«بىلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا» دېگەندەك، ئەمىر ئابدۇللاھ خىتايلارنىڭ قىلمىشىنى بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، پۈتۈن تەييارلىق پۈتكەندە يەنى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇلارنىڭ سېپىلدىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. سېپىلدىن چىققانلار ئارىسىدا قوراللىق ئەسكەرلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىتاي پۇقرالىرى ۋە خىتاي سودىگەر بايلىرى، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بارلىق مال ـ دۇنياسىنى مەپە، هارۋا، ئاتلارغا ئارتىپ ئېلىپ چىققان ئىدى. دېمەك، بۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغانلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن نۇرغۇن بايلىقلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنى يوشۇرۇپ ئىقىپ ماڭغانىدى. ئەمىر ئابدۇللاھ يەنە هەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭ ئۇلارنى يولدا تامامەن يوق قىلماقچى بولغان ھەملىسىنى تۈمۈر سىجاڭغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار قىلىپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە ئىككى مىڭغا يېقىن خىتاي ۋە تۇڭگان «ئادەم بالىسىنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋان بالىسىنىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەت بىلەن ئىقىۋالغان خەزىنىلەرنى ئىقىشتۇرۇپ يەركەن سېپىلىدىن بەهوزۇر چىققانلىقىدىن خوش بولۇپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمما تولۇق تەييارلانغان ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ 1000 كىشىلىك قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئابدۇلقادىر هاجىنىڭ قوماندانلىقىدا تۆت يۈزدەك ئەسكەر يولغا چىققان ئىدى. قەشقەردىن تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن يولغا چىققان

قوشۇن شۇنچىلىك جىددى، شۇنچىلىك ئالدىراش بىر كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ يېڭىسارغا يېتىپ كېلىپ بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى يەنە يول يۈرۈپ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قىزىل دېگەن يېزىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. قەشقەردىن كەلگەن بۇ قوشۇن ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان چەكسىز كەتكەن ھىمتىنىڭ سېپىغا ئۇدۇل قاراپ بۆكتۈرمىلەرنى قېزىپ يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەنگە پۇسۇ قۇرۇپ ياتتى. بۇ چاغدا كۈن ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، سايىنىڭ تاشلىرى قىززىپ، دەسسىگەن ئادەمنىڭ تاپىنىنى كۆيدۈرىۋەتكىدەك ئاتەشلىك ئىدى. ئالدىدىكى سايلىقتا پىل ـ پىل قىلىپ كۆرۈنىۋاتقان سەيراپتىن باشقا ھېچ بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭنى باشلاش ئالدىدا تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن ئەسكەرنىڭ قەلبىدىكى دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك تۈيغۇسى سايىنىڭ تىشىدەك قىززىپ كېتىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا سايىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغنى بويلاپ ئەرەن بىلەن ئەبەيدۇللاھ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن كەلدى. ئەرەن بىلەن ئەبەيدۇللاھ بولسا ئۆز قىسمى بىلەن دۈشمەننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەھۋالنى قەشقەردىن كەلگەن قوشۇنغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئەرەن ئۇدۇل بېرىپ قەشقەر قوشۇنىنىڭ يۈز بېشى بولغان ئۆزى ئورۇق، ئوتتۇرا بوي كەلگەن، چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن، ئېگىز بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇستىدە تەر شارچىلىرى پارقىراپ تۇرغان يىگىتكە دۈشمەننىڭ كۆك رابات دېگەن يەردىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ يۈز بېشى يىگىت بولسا ئاتۇشلۇق سەيپىدىن ئەزىز دېگەن بالا ئىدى. بۇ بالا دەرھال ئەرەن بىلەن ئەبەيدۇللاھنى ئۆز قوماندانى بىلەن كۆرۈشتۈردى. «ئىچى پۇشمىسا بوز قوش

تۇتـار، ئالدىرىمىسا ئـاق قـۇش تۇتـار» دېگەنـدەك، بـۇلار تـا كـۈن قايرىلغانغا قـەدەر دۈشـمەننى كۈتتـى. ئاخـىرى ئالدىدىكـى سـايلىقتا دۈشـمەننىڭ قارىسـى كۆرۈنۈشـكە باشـلىدى. ئـۇلار ئاسـتا ـ ئاسـتا يېقىنلىشـىپ كېلىۋاتاتتـى. مانـا ئەمـدى تـۆت ـ بـەش يـۈز مېتىرلـىق يىراقلىقتىكـى مۇسـاپىدە كېلىۋاتقـان ئادەملـەر ئېنىـق كۆرۈنۈشـكە باشـلىدى. كـۈن پېتىـش ئالدىدىكـى شـەپەقتە چوغـدەك قىزارغـان تاشـلار ئۈسـتىدە كېلىۋاتقـان ئاتلىـق ئەسـكەرلەر بىلـەن ئۇلارغـا يانـداپ كېلىۋاتقـان ئۇششـاق بالـىلار، ئـەر ـ ئايالـلار ھارغىنلىقتىـن چارچىغـان قەدەملىرىنـى ئـاران ئېلىـپ، بەزىـدە سـەنتۈرۈلۈپ، بەزىـدە لاقـا ـ لۇقـلار ئارتىلغـان ھارۋىلارغـا ئېسـىلىپ يېقىنـلاپ كېلىۋاتاتتـى. ئۇلارنىـڭ بـۇ مەنزىرىسـى پـاكار توسـالغۇلارنى بۆسـۈپ ئۆتۈۋاتقـان، ئېگىـز توسـالغۇلارنىڭ يېنىدىـن ئاسـتا ئەگىـپ ئۆتـۈپ كېلىۋاتقـان سايغا باشـلىغان ئېقىـن سـۇغا ئوخشـايتتى. ئـۇلار ئەمـدى تېخىمـۇ ئېنىـق كۆرۈنىدىغـان يەرگـە كېلىـپ توختىـدى. ئۇلارنىـڭ ئارقىسـىدىن ئەمىـر نـۇر ئەھمەدمـۇ ئـۆز قوشـۇنلىرى بىلـەن يېتىـپ كەلگـەن ئىـدى. ئـۇلار ئىككـى قوشـۇن ئارىسـىدا قالـدى. ئەمىـر نـۇر ئەھمـەد ئۇلارغـا ئـەڭ ئاخىرقـى بىـر قېتىملىـق پۇرسـەتنى بېرىـش ئۈچـۈن، ئـادەم ئەۋەتىـپ قورالـلىرىنـى تاپشـۇرۇپ بېرىشـنى ئېيتتـى. ئەممـا ئـۇلار يەنـىلا جاھىللىـق قىلىـپ، ـ قوراللىرىمىزنـى مادۇتەيگـە تاپشـۇرىمىز، ـ دەپ، يەنـە تەسـلىم بولمىـدى. ئـۇلار شـۇ تەرىقـىدە تىنجىـق سـايلىقتا كـۈن پېتىشـقا ئـاز قالغىچـە بويـۇن تاۋلىـق قىلىـپ تۇرۇۋېلىـپ، ئاخـىرى ئۇلارنىـڭ ئىچىدىكـى ئاتلىـق قىسـىم تۇيۇقسـىزلا ئالدىغـا قـاراپ ئـات سـېلىپ ھۇجۇمغـا ئاتلانـدى. مانـا ئەمـدى بـۇ ئادەمسـىز سـايلىقتا قاتتىـق جـەڭ باشـلىنىپ كەتتـى. ئىككـى تەرەپتىـن ئارقـا ـ ئارقىدىـن چىقىۋاتقـان ئوقـلار ئادەملەرنىـڭ باشـلىرىدىن غۇيۇلـداپ ئۆچاتتـى. دۈشـمەننىڭ پىيـادە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىسىملىرى بولسا سايلىقتىكى تاشلار ئۈستىدە بىردەم ئېگىز سەكرەپ، بىردەم ئالدىدىكى تاشنىڭ ئارقىسىدا سوزۇلۇپ يېتىپ، بىردەم تىزلىنىپ ئېتىپ ئالدىغا ئىلگىرىلەيتتى. ئەمما ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتقان ئوقلار ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتاتتى. ئالدىدىكى قەشقەر قوشۇنى بولسا مۆكۈنۈپ ياتقان بۆكتۈرمىلەردە ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئاتاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ قوراللىرى كونا توققۇز ئاتار مىلتىقلار بولغاچقا، ئارقا - ئارقىدىن بەش - ئالتە پاي ئوق ئاتا - ئاتمايلا يا مىستولى قىزىپ كېتەتتى، ياكى قوغۇشۇن ئوقنىڭ قويۇق ئىسىدىن ئىچى ئىتىلىپ قىلىپ ئوق ئېتىلماس بولۇپ قالاتتى. مۇنداق چاغدا مىلتىقنىڭ ئىچىنى تازىلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا تېز كەلگەن دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە ئىمكان بولمىغانلىقتىن بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر «شا!» دەپ ئوق ياغدۇرۇپ سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ يېڭىسار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئەمما ئارقىدىن كەلگەن نۇر ئەھمەدنىڭ قوشۇنى پىيادە خىتاي چېرىكلىرى بىلەن ۋە تۇڭگان قوشۇنىنىڭ بىرنىمۇ ساق قويماي ھەممىسىنى قىرىۋەتتى. مانا مۇشۇ ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىقىدا بىر توپ كالتەك - توقماق كۆتۈرگەن قىزىل يېزىلىقلار ئۇدۇل بېرىپ خىتايلارنىڭ ھارۋىلىرىدىكى ماللارنى بۇلاپ - تالاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ خۇرجۇنلىرىنى تارتىپ، يىرتىپ ئىچىدىكىلەرنى قويۇنلىرىغا سىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھىمىتىنىڭ سېپىدا چوقان - سۈرەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئەمىر نۇر ئەھمەد كېلىپ ئاسمانغا ئوق ئېتىپ، يېزىلىق دېھقانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى ۋە ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ماللارنى تارتىپ ئېلىپ بىر يەرگە

يىغدى. ئاندىن مال ـ دۇنيا قاچىلانغان هارۋىلارنى بىر چەتكە ئايرىدى. بۇ چاغدا بىر چەتتە، بىر توپ باللار بىلەن ئاياللار باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ «لا ـ لا» دەپ ۋارقىراپ غال ـ غال تىترەپ قىززىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ «لا ـ لا» دېگەنلىكى ئەسلىدە «لا ئىلاهە ئىللەللاھ» دەپ ئىمان ئېيتقانلىقى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن قورقۇپ «لا ـ لا» دەپ بولۇشىغا ۋارقىراۋاتاتتى. بۇلارنى كۆرگەن ئەمرنۇرئەھمەد ئۇلارغا قەتئىي چېقىلماسلىقنى ئېيتتى. تەسلىم بولۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن مارۇلۇڭ قاتارلىق ئون نەچچە ئەسكەرگىمۇ چېقىلماي قورالسىزلاندۇرۇلدى. بۇ چاغدا قەشقەر قوشۇنىدىن سەيپىدىن ئەزىز ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. ئاندىن بۇ قاراقۇمچاق يىگىت بولسا چىرايلىرى قورقۇنچتىن سايىنىڭ تېشىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئون نەچچە خىتاي باللىرى بىلەن يىگىرمىگە يېقىن ئاياللنى ئېلىپ يېڭىسار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ هارغىن چىرايىدىن ئۇ ساق قالغان كىچىك باللارغا بولغان ھېسداشلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قانلىق جەڭگاھتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانى پەزىلىتىدىن ۋازكەچمىگەن ئىدى. مانا بۇ ئوت يۈرەك ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك مىجەزىنىڭ ئىچكى كۆرۈنىشى ئىدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە ناھايىتى ئېنىق ئاشكارا بولدىكى، ھەربىر قانلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئارقىسىدا، مۇشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئالاھىدە بىر سەۋەب بار بولىدۇ. بۇنداق سەۋەبلەر ھەرۋاقىت ئىنسانلارنىڭ ئەركىن تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىنسانلار ئۆز مەنپەئەتلىرى، ئۆزلىرىنىڭ خىرىسلىرى، ئاچكۆزلىكى ۋە ئەردەمسىزلىكىگە قاراپ پائالىيەت

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقى ۋە مۇھىم قارارلارنى ئالغانلىقى سەۋەبىدىن مانا مۇشۇنداق ئادەمسىز سايلاردا ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ. خۇددى «بويۇن تاۋلىق قىلسا، بوينى زەنجىرلىنىدۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. نامەرتلەرنىڭ دەستىدىن تۈزۈلگەن تىنچلىق كېلىشىملەر بۇزۇلۇپ قانلار تۆكۈلىدۇ، گۇناھسىز سەبىلەر خارلىنىدۇ.

مانا ئەمدى بۇ سايلىقتا ئىنسان قانلىرىدىن باشقا جىن - ئىنسان قالمىغان ئىدى. كۆك يۈزىدىكى تولۇن ئاي ئالتۇن توپتەك پارقىراپ تۇراتتى. تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ گۈزەل يۈزىنى پۈتۈن ھىممىتىنىڭ سايلىقدا قىزىل قانلار بىلەن بويالغان تاشلارغا تىككەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق كۆكۈش نۇرى بىلەن ساي تاشلىرىدىكى ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرىنى بەزىدە يورۇتۇپ، بەزىدە قاراڭغۇلۇققا چۆمدۈرۈپ بۇ پىنھان زېمىننى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋېتىپ باراتتى. تاغدىن ئەسكەن سەلكىن شامال بولسا ساينىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قىزىغان تەپتىگە ئارام بەخش بەرگەندىن كېيىن، خۇددى كۆڭۈلدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىمجىت ئۇيقۇغا چۆمگەن يېزىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان ئىدى.

ئىككى تەرىپى ئېگىز ئۆسكەن ئاقتېرەكلەر بىلەن بېزەلگەن كوچىدا، 2000 كىشىلىك خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرى بولغاچقا جىمىكى جاھان قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. دەرەخ شاخلىرىدا شىلدىرلاشلاردىن توختىغان يوپۇرماقلار تومۇزغىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازىدىن جاق تويغاندەك تىۋىشسىز سالپىيىپ تۇراتتى. ئەمما يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېرىق بولسا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك توختىماي يەڭگىل شىرىلداپ ئېقىپ، ئۆز

يولىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئېرىقنىڭ ئۇياقىدىكى كەڭ كەتكەن چىلگىلىكتىن كېلىۋاتقان چىلگىننىڭ مېزىلىك پۇرىقى كىشىنىڭ دىمىقىغا كېلىپ ئۇرۇلۇپ، ھاياتنىڭ تەمىگە تەم قىتىۋاتاتتى. دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىلگىلىكتىكى يېگانە كەپە بۇ يەرلەردە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ گۇۋاچىسى ئىدى. زۇلمەت يورۇقلۇقىغا قويغان قەدەملەر، يەركەندىن يېڭىسارغا تۇتاشقان بۇ قەدىمى توپىلىق يولدا چاڭ چىقىرىپ ئېلىنىۋاتاتتى. مەزلۇملارنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېسىلغان يوللاردا، ھەرقانچە بالايىئاپەت ۋە پۇسۇلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۇلۇغ ئايەتلەر يېزىلغان كۆك بايراقنىڭ جۇشقىسى بولسا ئۇلارنىڭ روھىنى قورقۇنچتىن يىراقلاشتۇرغان ئىدى. ئىككى ئاتلىق مەپىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان سابىت داموللام بولسا ئۆڭ يېنىدىكى باش پاتقۇدەك چوڭلۇقتىكى ھاۋادىنغا تارتىلغان كۆك رەڭلىك تاۋار پەردىنى ئاستا قايرىپ، بېشىنى ئازراق يانتۇ قىلىپ سىرتقا نەزەر سالدى. ئالدىدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا جىددى بىر قىياپەت بىلەن قاراپ كېتىۋاتقان ئەمىر ئابدۇللاھقا قاراپ، كاللىسىدىكى چىگىش خىياللارنى يېشىش ئۈچۈن يەنە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. سابىت داموللام ئۈچۈن بۇ يولچىلىق ناھايىتىمۇ جىددى بىر يولچىلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولچىلىققا ئۆزىنى بەكمۇ بېرىۋەتكەندەك قىلاتتى. چۈنكى باشلىغان بۇ يولچىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى قەشقەر ئىدى. دېمىسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۆڭۈلەر دەل بۇگۈنكى كۆڭۈلەر ئىدى. شۇڭا ھەممە ئىشنى ئارقىسىغا تاشلاپ قويۇپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا شۇنچىلىك ئالدىرىغان ئىدى. ئۇ بىردىنلا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن بۇ توغرىسىدا جىددى تالاش ـ تارتىش قىلىشقان چاغدىكى سۆزلەرنى

بىر ـ بىرلەپ يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىدە، يولدا تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان مەپىنىڭ شادىلىق يوغان چاقلىرىنىڭ گويا بۇ يولدىن زارلانغاندەك ناللىك غىچىرلىغان ئاۋازلىرىنى بىسىپ چۈشىدىغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ سۆزلىرى جاراڭلىدى:

ـ «ئات قاشقىسى ئاي بولماس» دەپتىكەن ئاتىلىرىمىز. شۇڭا بىز هازىر ئالدىرىماي باشتا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى ئوبدان دەڭسەپ، يېڭىلا قۇرغان هۆكۈمىتىمىزنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ، مۇستەهكەملەپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئوبدان مەشىق قىلدۇرۇپ، مۇنتىزىم بىر ئارمىيە هالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە يۈرۈش قىلساقمۇ كېچىككەن بولمايتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر قەشقەرنىڭ سىياسىي هاۋاسى بەكمۇ ناچار. پۈتۈن سىياسىي كۈچلەر توپلىشىپ ئىزەنگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان بىر چاغ. ئەڭ بولمىدى دېگەندە قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ رەهبىرى خوجانىياز هاجىم قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەر يېڭىشەهەرنى ئازات قىلىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەهۋالىنى تېخىمۇ ياخشىلىۋالساق دەيمەن. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەهمۇد كاشغەرىي: «زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغ بېشىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ» دەپ، ناهايىتى ئوبرازلىق گەپ قىلغان ئىكەن. شۇڭا بەزى ئىشلارنى زاماننىڭ ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ تۇرساقمىكىن دەيمەن. ئاندىن پەيت كەلگەندە قەشقەردىكى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئۆزىمىز قۇرماقچى بولغان دۆلىتىمىزنى قۇرساقمۇ كېچىكمەيمىز. هازىر قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى بەكمۇ ناچار. مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان ئۈچ كۈچ مەۋجۇت، ياق، تېخى تۆت دېسەكمۇ

بولدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى مادوتەي (ماشاۋۋۇ) بىلەن بىرلىشىپ يېڭى شەھەرنى ئىگىلىۋالغان تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى مازىخۇي (ماجەنساڭ)، ئىككىنچى كۈچ بولسا، تۆمۈر سىجاڭ، ئۈچىنچى كۈچ بولسا قىرغىز ئوسمان سىجاڭ بۇلارنى ئاز دەپ تېخى سوۋېت تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن ئۆزبېك كۈچلەرنىڭ قوماندانى يۈسۈپجانمۇ بار تېخى. بىز ئۆزىمىزگە دوست دەپ بىلگەن كۈچلەر تېخىچە يېڭىشەھەرنى دۈشمەن قولىدىن ئازات قىلىشنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، كونىشەھەردە بىر ـ بىرلىرىدىن قىزغىنىپ، ھوقۇق ۋە كۈچ ئۈستۈنلىكىنى تالىشىپ ئۆزئارا ھەر خىل ئىچكى توقۇنۇش ۋە ماجىرالارنى قىلىۋاتىدۇ. مازىخۇي بولسا ناھايىتى ياخشى قوراللانغان مىڭدەك تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن يېڭىشەھەردە مادوتەي بىلەن بىرلىشىپ بارلىق كونا ئەمەلدارلارنى قوغداپ قالغان. ئاڭلىسام ئۇلار تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا ئۆزئارا كېلىشكەنمىش: بىرىنچى، مادوتەيىنىڭ ئاتالمىش چېگرا مۇداپىئە سىلىڭى ۋە دوتەيلىك ئەمىلىنى ساقلاپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش. ئىككىنچىسى بولسا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى ئىگىلەپ تۇرغان بارلىق زېمىنلەرنى ئامال قىلىپ قايتۇرۇۋېلىش. ئۈچىنچى، خىتاي ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنىڭ ئامانلىقىغا ۋە ئەمەل ـ مەنسەپلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئىكەن. ئۇلار ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ چىلبۆرىلىرى. شۇنچە يىراق يەرلەردىن يۇرتىمىزغا كېلىپ ئۆزئارا ئىتتىپاق تۇرۇپ، بىزنىڭ جېنىمىز ۋە مېلىمىز ئۈستىدىن ھۆكۈم كېسىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ باندىتلىرى پات ـ پات سېپىلنىڭ تىشىغا چىقىپ بىرچەتتىن ئىنقىلابىي قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمىسە، يەنە بىر چەتتىن كەڭ ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاراقچىلاردەك بولاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر خەلقىغە ھېچ بىر ياشاش ئىمكانىيىتى بەرمەۋېتىپتۇ. بىزدىكى ئەسلى مەسىلە يەنىلا ئىتتىپاقسىزلىقتا ۋە ئىچكى توقۇنۇشتا، ھەرگىز كۈچتىكى ئاجىزلىقتا ئەمەس. ئۇنداق بولمىسا قانداقمۇ ئالتە مىڭغا يېقىن قوشۇنى بار ئىنقىلابچىلار بىر يېرىم مىڭغا يەتمەيدىغان دۈشمەننى يوقىتالمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قەشقەر خەلقى بارغۇ؟ مۇنداق چاغدا بۇ ماجىرا ـ ئىچكى توقۇنۇشلارنىڭ ئارىسىغا بىز بېرىپ قوشۇلساق قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىپ «ساقلى بىلەن ئويناشقان، ئېڭىكىنى كېسىۋاپتۇ» دېگەندەك ئىش بولمىسا بولاتتى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

سابىت داموللام ئىككى تەرەپكە ئېغاڭلاپ كېتىۋاتقان مەيىننىڭ ئىچىدە شۇنچىلىك تەرلەپ ـ پىشىپ، چارچاپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدە ئۇنى تېخىمۇ چارچىتىۋەتكەن نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىدىكى مۇرەككەپ خىياللىرى ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئېيتقان ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى:

ـ ھەزرىتىم! سىلىنىڭ دېگەن بەزى سۆزلىرىگە قېتىلسامۇ، ئەمما قەشقەرگە بېرىش نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن. ئەگەر بىر ئىش توغرىسىدا قارارلىرىنى بەرگەن بولسىلا، ئۇنداقتا ئۇ ئىشنىڭ يېرىمىدىن جىقىراقىنى پۈتتۈردىلە، دېگەنگەپ. شۇنى ئەسلىرىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىمىز شۇ ئىشنى غەلىبە بىلەن ئورۇنلىشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. بىزدىكى بۇ ئىچكى زىددىيەت، ئۇ تالاش ـ تارتىشلا ئەزەلدىنلا بار بولسىمۇ، ئەمما سەئىدىيە خانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن. ھەتتا كۈچىيىپ بىر ـ بىرىمىزنى دۈشمەندىن بەتتەر دۈشمەن كۆرگەن بىز. شۇڭا مەن

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قەشقەرگە تېزرەك بېرىپ شۇ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۆزئارا تىركىشىۋاتقان تۆمۈر سىجاك بىلەن ئوسمان سىجاك قاتارلىق ئىنقىلابىي كۈچلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۆزىمىز ئويلىغان مەقسەت ۋە نىشانغا يەتمەكچى. پۈرسەتنى كۈتىمىز دەپ، پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا يول قويالمايمەن.

«گال پىچاق بىلەن ئۇزۇن مەزگىل غىداۋەرسە، كاللىنىڭ كېسىلگەنلىگىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ» دەپتىكەن مەدداھلار. ئەنە شۇ مەدداھلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىر خەلقىمىز قولىدا گال پىچاق تۇتىۋالغان قاسساپلارنىڭ قولىغا قالدى. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنى بىلمەيدىغان، يا توغرا يولنى تاپالمىغان، يا غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماۋاتقان نادانلارنىڭ قولىغا ئەزىزانە قەشقەر خەلقىنى يېگانە تاشلاپ قويغۇم يوق. خەلق ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بىر ـ بىرىنى قىرىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بېرىپ شۇ گال پىچاقنى قوللىرىدىن تارتىۋېلىپ، خەلقىمنى قۇتۇلدۇرىمەن، گېزى كەلسە ئۇلارنىڭ قولىدىكى گال پىچاق بىلەن ئۆلۈشكە رازى مەن. مەقسىتىمگە يەتمىگىچە ماڭغان يولۇمنى توختاتماي داۋام قىلىمەن. بۇ يولدا ئىرادەمدىن يانمايمەن. شۇڭا سىلىنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىپ، يېقىندىن قوللاشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئارزۇ قىلىمەن. ھەرگىز سەۋر قىلىۋېرىپ «گۈل ئېچىلسا شامال توزىتار، كۈن چىقسا بۇلۇتلار توسار» دېگەن پەلسەپە بويىچە ئىش قىلىپ، يېرىم ئەسىردىن بېرى ئاران كەلگەن پۈرسەتنى قولدىن بەرگۈم يوق.

سابىت داموللام ئەنە شۇ خىياللار بىلەن مەپىنىڭ ھاۋادىنىدىن بېشىنى سىرتقا چىقاردى. يۈزىگە ئازراق سالقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شامال ئۇرۇلۇپ، سەل سەگىدەپ قالغاندەك بولدى. سابىت داموللامنىڭ كۆزىگە يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكار ـ پاكار سوقما تام ئۆيلەرنىڭ ئىچىلىپ قالغان ئۆگزىلىرى چىلىقتى. تاملارنىڭ يانلىرىدا ئالۋاستىدەك مىدىرلاپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەرنى پەرق ئېتىش ئۇچۇن، ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىدى. بىردىنلا يول بويىدىكى قومۇشلۇقلارنىڭ سايىسىغا مۆكۈنۈپ ياتقان تورغايلار ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان ئاۋازلارغا قوشۇلغان مەپە چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرىدىن ھۈركۈپ، پۈررىدە ئۇچۇپ، يىراقلاردىكى يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ سابىت داموللامنىڭ خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى. گاھ يولنىڭ كۆز يېتىم دائىرىسىدە كۆرۈنگەن سەراپ دېڭىز سۈيىدەك زاھىر بولۇپ، ئەينەك تاختىسىدەك يالتىرايتتى. گاھ مەپە چاقلىرى يولدىكى تاشلارغا تېگىپ، كاتاڭلارغا كىرىپ ـ چىقىپ ئاجايىپ قاتتىق غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىراتتى. دېمەك، بۇ يوللار گۈل بىلەن پۈركەنگەن بولماستىن، بەلكى تىكەن بىلەن، تاش بىلەن، كاتاڭلار بىلەن تولغان يوللار ئىدى. يول ياقىلىرى بولسا كۆيۈك ئاپتاپنىڭ دەستىدىن سارغىيىپ قۇرىغان قومۇش، ئازغان، يانتاق، قامغان، چىغىتماق، چىغانلار بىلەن تولغان ئىدى. لېكىن تىنىماي يول ئېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ پۇتلىرىغا تىكەنلەر ۋە تاشلار پاتسىمۇ يەنىلا ۋايسىماي، نىشانغا قاراپ ئۇدۇل ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

ئىنسان دېگەن تۇنۇگۈنكى ئىشلار ئۇچۇن ئۆكۈنۈپ، بۈگۈنكى ئىشلار ئۇچۇن ئات چاپتۇرۇپ، ئەتىكى ئىشلار ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالىدىغان يولچىدۇر. دېمەك ئىنسان بۇ دۇنيادا بىر يولچى، شۇڭا پۈتۈن ھاياتىنى يول يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىشى لازىم. ھېچ بىر ۋاقىتتا ئىسراپ قىلماي داۋاملىق ھەركەت ھالىتىدە ھايات يولىنى داۋام قىلىشى كېرەك.

سابىت دامولالامۇ بۇ ھاياتتا ھېچ جىم تۇرماي يول يۈرگەن جاپاكەش يولچى ئىدى. بەزىدە پىيادە، بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە مەپە، بەزىدە پويىز، پەزىدە پاراخوت، بەزىدە پىكىر ۋە تەپەككۇر بىلەن سەپەر قىلىپ، ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. سابىت دامولالام ئىچىدە: «بۇ يولىمىزغا قۇتلۇق بولسۇن! بۇ يولنى ئۇيغۇر مىللىتىگە بېغىشلىغا ئالالاھقا مىڭ شۈكۈرلەر بولسۇن! ئابۇلالاھدەك، ئەرەندەك، ئەبەيدۇلالاھدەك مەرت يۈرەكلىك يىگىتلەرنى ماڭا يولداش قىلغان ئالالاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ، دۇئا قىلدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم يولنىڭ يانلىرىدىكى مەنزىرىگە بىر قۇر كۆز ئاتتى. يولدىكى مەنزىرە ئۆز تارىخىدا قىسما ـ قىسمەت، كارامەت ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەپ تۇرغانلىقنى بايقىدى. خىيالىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن قىلغان سۆزلىرىنى خاتىرىلىدى:

ـ سابىت دامولالام سىلىگە ئىنقىراق قىلىپ ئېيتسام، قەشقەردىكى ئىنقىلابچى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى، ئارزۇ ھەۋەسلىرى شۇ ئاتالمىش يول باشچىلار تەرىپىدىن تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى يوق. قانداق بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا ھەركىمنىڭ كاللىسىدا باشقا ـ باشقا ئويلىرى بولىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەرنىڭ كاللىسىدا بۇنداق بىر ئوينىڭ تۇخمى تېخى يېتىلمىگەنلىكى ئېنىق. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيمەن. قالاق بىر مائارىپتا يېتىشىپ چىققان ئىنسانلار بىلەن پىكىر بىرلىكى بولماي تۇرۇپ بىر ئىش قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىلغار، ئاڭلىق، ئايدىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا گەرچە پىكىر بىرلىكى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەرگىز چوڭ ئىشلار ئالدىدا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلمايدۇ. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئالدىدا چوقۇم ئورتاق بىر نۇقتىدا بىرلىشەلەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى مۇھىم. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بارلىق مەنپەئەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھامان بىر چىقىش يولىنى تاپالايدۇ. ئەمما ھازىر قەشقەرنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئۇلار بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. قەشقەردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئارىسىدا نىيىتى يامان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ كۈچلەر مەيلى ئۆزىنى ئىلغار كۆچلەرگە مەنسۇپ دەپ ئاتىۋالغانلار ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئارىسىدا بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممە ساھەنىڭ پۈتۈن قاتلىمىدا ئېغىر زىددىيەتلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پىكىر بىرلىكى بولمىغان ئەھۋالدا بىر دۆلەت قۇرۇش غايىسى ئاستىدا بىرلىشىشىمىزمۇ رىئاللىقتىن بەكمۇ يىراق كۆرۈنىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىلەن بىرلىشىمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت كۈچىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سىجاڭ بىزگە خەۋەر قىلىپمۇ قويماي، بىزگە ياردەم قىلىش نامىدا ئەۋەتكەن ھايىز تەنجاڭ 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەركەندە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ قوشۇننىڭ قويىنىمىزدا تۇرۇشىدىنمۇ قاتتىق بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتىمەن. «قاغىنىڭ قىرىسىنى كەم بىلەر، كىشىنىڭ ئالسىنى كەم تاپار» دەپ، ئۇلارنىڭ قانداق مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدىم. ئىچىمدە بىر تۇيغۇ سىلىنىڭ قەشقەرگە قوشۇن باشلاپ كىرىشلىرىنىڭ ھازىرچە بالدۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. قەشقەر تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەننى تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ، تېخمۇ كۈچلۈك بولىمىز، دەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىككى مىللىي كۈچ

بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇشۇپ، مەۋجۇت كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

سابىت داموللام مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئەنسىرەشلىرىگە ھاي بېرىپ:

ـ ھەزرىتىم ئېيتقانلىرىغا قىسمەن قوشۇلىمەن. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مەسىلە سەۋەبسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمايدۇ ۋە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىمۇ سەۋەبسىزمۇ يېشىلمەيدۇ. قەشقەدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئارىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى چوقۇم ئەلۋەتتە بار. مەن شۇ مەۋجۇت مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىلگەندىن كېيىن، قايتا ـ قايتا ئىزدىنىپ، تەھلىل قىلىپ، يىغىنچاقلاپ ھەم سىلە بىلەن ئورتاقلىشىپ، بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن چىگىش مەسىلىلەرنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن. بۇ ئىشلاردىن زىيادە ئەنسىرەپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە «قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس، قۇرۇق سۆز قۇلاققا» دەپ، ئۇلارغىمۇ قۇرۇق گەپلىرىمىز يارىماسلىقى تۇرغانگەپ، شۇڭا گىزى كەلسە ئۇلارنىڭ ھەر بىرلىرىنىڭ ئىستىگەن نەرسىلىرىنى ئۆز لايىقىدا بېرىشىمىز، ئۇلارغا لايىق كېلىدىغان سىياسەتنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم دەپ ئويلايمەن. مانا بۇ مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز زامانىسىدا ئېيتقان «ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس» دېگەن ماقال ـ تەمسىلگە ماس كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئۈچۈن ھېچ بىر نەرسە دۆلەت تۇيغۇسىدىن تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەس. شۇڭا دۆلەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىمىزدىن ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن دۆلەت قۇرالايمىز ۋە قۇرغان دۆلىتىمىز بىزگە يەنە پىدا قىلغان نەرسىلىرىمىزنى

www.uyghurkitap.com

ئوشۇقى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بىزگە قايتۇرمىسا كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قايتۇرىدۇ. دۆلەت بولماي تۇرۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نە مىللىتى، نە دىنى، نە مەدەنىيىتى، نە زېمىن پۈتۈنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. بىز دۆلەت قۇرىمىز دەيدىكەنمىز بارلىق يۈكسەك، تېخىمۇ قۇتلۇق دەپ بىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتنىڭ ئۆزىدىن ئايرىم ياكى ئونىڭغا قارشى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ھەتتا بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ يۈكسەك بولغان دىنىمىزنىمۇ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، ھەرگىز قارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. بىزدە ئەنە شۇنداق دۆلەت ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان روھ بولغاندىلا ئاندىن ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرالايمىز ۋە قۇرغان دۆلىتىمىزنى ئەبەدىي ساقلاپ قالالايمىز. چۈنكى رەسمىي بىر دۆلەت دىندىن كېلىدىغان مۇتەئەسسىپ ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىكتىن قورقىدۇ. شۇڭا دۆلەت باشقا، دىن باشقا. بىراق دىن بىلەن دۆلەت مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىم تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى بىردۇر. ھەمدە دۆلەت ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ئەڭ زور كۈچىنى ۋە خەلققە ھۆكۈمدارلىق قىلىش قۇۋۋىتىنى يەنىلا دىندىن ئالىدۇ. شۇڭا ھازىرغىچە بىز دۆلەت قۇرىمىز دەپ چىققان بۇ يولدا كۈچنى مىللىتىمىزنىڭ ئىمانىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئېلىۋاتىمىز. بۇنداق بىر قۇۋۋەت بار ئىكەن، بىز ھېچقاچان يېرىم يولدا ئىككىلىنىپ ئولتۇرماسلىقىمىز لازىم. پۇرسەت مانا بۇ. شۇڭا ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمىز تەكلىماكاندەك چەكسىز بولسۇن، ئىرادىمىز شۇ ئىگىز تاغلاردەك مۇستەھكەم تەۋرەنمەس بولسۇن. غەلىبە دۈشمەننى قانداق يېڭىش ئەمەس، بەلكى دۈشمەننى قانداق كۆمۈشنى ئويلىغانلارنىڭ بولىدۇ. پەقەت بۈيۈك خىياللارنى قىلغانلار بۈيۈك زەپەرلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا خىياللىرىمىز، ئارزۇلىرىمىز

چوڭ بولسۇن. گەرچە بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلار ئەمەلگە ئاشمىغان تەقدىردە، بۇ يۈكسەك ئارزۇ ئارمانلىرىمىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ مىراسنىڭ يولىدىن كەلگۈسى ئەۋلادلار ئىزىمىزنى تاپىدۇ ۋە بۇ ئىزنى مېڭىپ بويلاپ داۋانلار ئاشىدۇ، بىز ماڭغان يوللاردا ئات سېلىپ زەپەر قازىنىدۇ ۋە يەنە يېڭى يوللارنى ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا هامان بىر كۈنى بۇ ئارزۇ ئارمانلىرىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قىيانىڭ لېۋىگە قونغان بۈركۈت غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشىدىن هەگىز قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەنچىسى ئاستىدىكى تاشقا ئەمەس، بەلكى ئىككى قانىتىغا ئىشىنىدۇ. بىزنىڭ قانىتىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئېڭى ۋە دىنىي بىلەن يۇغۇرۇلغان مىللىي روهىي. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بىز بۇ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ئالدىرايلى. ئۇنداقتا مەن يولغا ماڭدىم، قېنى ماڭا ئاق يول تىلىسىلە هەزرىتىم!

ساپ، پاك دالا هاۋاسىنىڭ ۋە قۇياشىنىڭ جۇشقۇنسى ئاستىدا، ئەركىنلىكتىن باشقا بىر نەرسىنى ئويلاشقا كىشى ئىمكانسىز ئىدى. ئۈمىد ئەتراپتىكى قۇياشىنىڭ نۇرىدەك سابىت داموللامنىڭ ئىچىنى قاپلىغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشىنىپ ماڭغان يولنىڭ يولچىسى ئىدى. ئۇ كېتىۋاتقان بۇ يول ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىقبالنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، نۇرلانغان قارا كۆزلىرىنى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېڭىسار سېپىلىنىڭ قوۋۇقىغا تىكتى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېڭىساردىكى بارلىق ئۆلىمالار، يۇرت كاتتىلىرى، بەگ ـ تۆرىلەر سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاهنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ناهايىتى داغ ـ دۇغا بىلەن

كۆتۈۋالـدى. ھەتتـا قەشـقەردىن تۆمـۈر سـىجاڭ ئاتايىتـەن ئـۆزى يىنىغـا ھېـچ ئەسـكەر ئالمـاي، ماشـىنا بىلـەن يېڭىسـارغا يېتىـپ كەلـدى. تۆمـۈر سـىجاڭ 47 لەرگـە كىرىـپ قالغـان، كـۈچ ـ قۇۋۋىتـى ئۇرغـۇپ تۇرىـدىغـان، جەسـۇر، ئـۆزى ئۇسـتىخانلىق كەلگـەن، سـۈزمە قاپـاق كىشـى ئىـدى. ئۇنـىڭ بـۇ گـروپى بەسـتىگە ئىككـى جىرتـاق كـۆزى ھېـچ ياراشـمىغاندەكلا قىلاتتـى. ئۇنـىڭ كۆزىگـە دەسـلەپتىلا تىكەنــدەك قادالغىنــى خوتــەن ئەســكەرلىرىنىڭ جەسـۇر تــۇرق ـ قىياپەتلىـرى بولغـان ئىـدى. ئـۇ بۇنـداق جەڭگـىۋار بىـر قوشـۇننىڭ قەشــقەرگە كىرىــپ، ئۆزىنىــڭ ھەيۋىســىنى چۈشۈرىشــكە ھەرگــز يـول قويمايتتـى. ئۇنـىڭ تـار كۆڭلـىدە بىردىنـلا ھەسـەت رىشكىسـى قوزغالــدى. ئــۇ سـابىت داموللام بىلــەن كۆرۈشـە ـ كۆرۈشـمەيلا، ئۇلارنىــڭ قەشــقەرگە كىرىشــىنى خــالاپ كەتمەيدىغانلىقىنــى بىلـدۈردى. ئۆزىنىــڭ ھازىرقــى كۈچىنــى مۇبالىغىلاشــتۇرۇپ، تۇڭگانلارنــى تەلتۆكــس يوقىتىشــقا يېتىدىغانلىقىنــى، خوجانىيــاز ھاجىم قەشقەرگە كەلگىچە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر تەرەپنىـڭ پاسـىلىنى يېڭىسـارنىڭ شـانىياز ئۆستىگىنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەشـنى تەلـەپ قىلـدى. ھېـچ ئويلاپمـۇ باقمىغـان بـۇ سـۆزلەرنى ئـاڭلاپ، مىـڭ ئەپسۇسـلانغان سـابىت داموللام ناھايىتـى ئۆزىنـى بېسـىۋالغان، ئۇسـتۇن سىياسـىيونلارغا مەنسـۇپ بىـر تەلەپپـۇز بىلـەن ئـۆز قاراشـلىرىنى مۇنـداق ئوتتۇرىغـا قويـدى:

ـ ئۇزۇنـدىـن بۇيـان داڭقىلىرىنـى ئـاڭلاپ كەلدىـم، نـام ـ نىشـانلىرى قۇلىقىمـدا ھېلىمـۇ جـاراڭلاپ تۇرىـدۇ، نەچچـە قېتىـم سـىلىنىڭ ئالدىلىرىغا بېرىـپ، ئۆزلىرىنـىڭ سىلە بىلەن بىـر مۇددىئادا ئىكەنلىكىمنـى، بىـر جەڭگاھتا سـەپ تۈزـۈپ جەڭ قىلىـپ، قەشقەر يېڭىشـەھەرنى ئېلىـش ئۈچـۈن ئۆزلىرىنـىڭ بىـر كىشـىلىك ھەسسـەمنى قوشۇشـنى ئـارزۇ قىلغـان ئىدىـم. مانـا ھازىـر ئۇشـبۇ مۇددىئـا بىلـەن

بۇ يولغا ئاتلانغانمىز. ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىلە بىلەن ھەم دىدار بولۇش بۇگۈنگە نېسىپ بوپتىكەن. سىلىنىڭ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ ھەم شۇنچە خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي ئالدىلىرىمىزغا كەلگەنلىرىگە مىڭ ھەشقاللا. مەن بەك مەمنۇن بولدۇم. سىلىنىڭ تا كۇچادىن تارتىپ قەشقەرگىچە بولغان پۈتكۈل زېمىندا يالغۇز جەڭ قىلىپ، شاھانە غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى پەقەتلا سىلىدەك زور ئاقىل ھەم جاسارەتكە ئىگە بولغان قوماندانىنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. ئەمما يېقىندىن بۇيان قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ تېخىچە دۈشمەن قولىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەل ئۈمىدسىزلىككە قاپلىنىپ قالدىم. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرى بىلەن سىلىگە ئازراق بولسىمۇ ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئويدا بولۇپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەمدىلىكتە سىلىنىڭ ئالدىراپلا بۇنداق سۆز ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ئاز تەئەججۈپلەنگەن بولسامۇ، لېكىنزە سىلىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. مەن سىلىنىڭ ئۇشبۇ قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىمەن. ئەمما كەمىنە بەزى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ قويۇشنى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلدىم. ھازىر قەشقەردە يالغۇز تۇڭگان كۈچلىرىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماي‌ۋاتىدۇ. ئەسلى مەسىلە يېڭىشەھەرنىڭ دۈشمەن قولىدىن تەلتۆكۈس ئازات بولمىغانلىقىدا. سىلە يولغا قاراپ، تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتقان ئۇلۇغ غازاتچىمىز خوجانىياز ھاجىمنىڭ قەشقەرگە تېزرەك كېلىشىنى بىزمۇ پۈتۈن دىلىمىز بىلەن ئارزۇ قىلىپ، ئىنتىزارلىق رىشتىسىگە تولغان تۆت كۆزىمىز بىلەن يولغا قاراپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەمما ۋاقىت توختاپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ خۇددى سىلە ئىككى تەرەپ چېگرا قىلايلى دېگەن شانىياز ئۆستىڭىنىڭ سۈيىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شارقىراپ تېز ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. خەلق بولسا ئازاتلىققا تەشنا بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ خاتىرجەملىك كۈنلەرنىڭ تېز كېلىشىنى ئىستەۋاتىدۇ. شۇڭا بىز خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پات ئارىدا قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، سىلە بىلەن بىر سەپتە دۈشمەنگە قارشى جەڭگاھتا جەڭ قىلىشنى ئويلاپ، بۇ مۇقەددەس يولغا ئاتلاندۇق. بىزنى بۇ يولدىن ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى سىلىدىن باشقا تەرەپلەر بىزنىڭ تېزرەك قەشقەر شەھىرىگە كىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ، ئالدىمىزغا ئادەملىرىنى ئەۋەتمەكتە. شۇڭا سىلىمۇ ئۆزلىرىنى بىلىپ بىزنىڭ يولىمىزنى توسمىسىلىكەن دەيمەن. ئەلۋەتتە بۇ يولدىكى سەپىرىمىز خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئۇلۇغ ئىرادىسىگە ھەرگىز ياد كەلمەيدۇ. ھەممىمىزنىڭ مەقسەت ـ نىشانى بىر. ھەممىمىز بىر يولنىڭ يولچىلىرى بولىمىز.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغا تۆمۈر سىجاڭ سەل ئىككىلىنىپ قالدى ۋە لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىمەكچى بولغانىدەك قىلىپ يەنە بۇرۇنقى گەپنى تەكرارلاپ سۆزنى باشلىدى:

ـ داموللام سىلىنىڭ بۇ ئىسىل قەلبىلىرىنى چۈشەنمىگۈدەك ئۇنچىلىكمۇ نادانلاردىن ئەمەسمەن.

مېنىڭ يەنە تەكىتلەيدىغىنىم چېگرامىزنى بەلگىلىۋېلىپ، تۇڭگان ۋە خىتايلارنى يېڭىشەھەردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزئارا بىرلەشسەكمۇ، ئۇلۇغ ئىشىمىزغا ھېچبىر توسالغۇ بولمايدۇ. مانا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمەن دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كەلگەن ئىدىم. مادامىكى ئۆزلىرىنىڭ ھازىرلا

قەشــقەرگە كىرگۈســى بــار، بــۇ نىيەتلــرى شــۇنچىلىك قەتئىــي ئىكــەن، ئۇنداقتــا بىزلــەردەك ئــاددى كىشــلەرگە ماقــۇل دېمەكتىــن باشــقا بىــر يولمــۇ يــوق. ئاتىلىرىمىــز «چاقمــاق چۈشســە ئــوت تۇتىشــار، ســۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنىۇر» دەپتىكەن. مەقسەت - نىشانلىرىمىز ئايان بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا سىلىنى قەشقەردە كۈتىمىز.

شــۇنداق قىلىــپ ســابىت داموللام بىلــەن تۆمــۈر ســىجاڭ ئۆزئــارا كېلىشــكەندىن كېيىــن، يېڭىســارنىڭ كاتتىلىــرى بــۇ ئىككــى زاتنىــڭ ئۆزئــارا كېلىشــكەنلىكىنىڭ شــەرىپىگە كاتتــا بىــر تەبرىكلــەش زىياپىتــى ئورۇنلاشــتۇردى. بــۇ زىياپەتكــە يېڭىســاردىكى ھەرقايىســى ساھەنىڭ كۆزگــە كۆرۈنگــەن مۆتىۋەرلــرى ۋە قوماندانــلار قاتناشتى. بــۇ كاتتــا زىياپەتكــە داخىــل بولغــان كاتتىلارنىــڭ بەزىلــرى ئىككــى تەرەپنىــڭ بىرلەشكەنلىكىنى تەبرىكلــەپ ئاغــزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۆزلىرىنىــڭ خوشــاللىقىنى ۋە مەمنۇنىيەتلىرىنــى بىــر - بىرلىرىگــە بىلدۈرۈشــۈپ سۆزلەشســە، بەزىلــەر بــۇ ئىشــنىڭ ئاقىۋېتىدىــن ســەل ئەنســىرىگەندەك ســۆز ئىپادىلــەردە بولــۇپ، بىــر - بىرلىرىنىــڭ قۇلاقلىرىغــا كۇسۇرلىششــاتتى. يەنــە ئــاز ســاندىكىلەر بولســا ئىتتىپاقنىــڭ بۇزۇلىشــىنى ئىــچ - ئىچىدىــن ئــارزۇ قىلىــپ، ئــۆز ھەســەتلىرىنى ئىچىگــە زەھــەر يۇتقانــدەك يۇتــۇپ، داســتىخاندىكى نــازۇ - نېمەتلەرنىــڭ تەمىنىــڭ قانداقلىقىنىمــۇ بىلەلمــەي ئولتۇرۇشــاتتى. ئەممــا ئــەڭ ئىچىنارلىقــى يۈزلىگــەن كىشــى قاتناشقان بــۇ كاتتــا زىياپەتتــە زور كۆپچىلىــك كىشــى كەلگۈســىدىكى ۋەتىنىمىــز، دۆلىتىمىــز، مىللىتىمىزنىــڭ تەقدىــرى بىلــەن كارى يــوق ئىــدى. خۇددى ئەتــە ئالىدىغىنىنــى ئېلىــپ پېشــىنى قېقىــپ كېتىدىغانــدەكلا بىــر تۇيغــۇدا، بــۇ ئىشلارغا ئىرەنسىزلىك بىلــەن مۇئامىلــدە بولاتتــى. ئۇنداقلارنىــڭ ھېچبىرىنىــڭ يــۈز ئىپادىســىدە كەســكىنلىكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالامىتىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئوخشىغان تائاملارنى شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن يەپ، ئۆزىنىلا ئويلايتتى. ئۆزى قانچىلىك مەنپەئەتدار بولسا شۇنچىلىك مەنپەئەتلىنىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. باشقىلار ئاچلىقتىن ئۆلەمدۇ، ئۇرۇشتا قىرىلىپ كېتەمدۇ ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. مانا بۇ ئادەمنى ئەڭ ئېچىندۇراتتى. بۇنداق كىشىلەرگە نېمە دېگۈلۈك. خائىن بولسىغۇ ئېتىۋېتىپلا قۇتۇلسەن، ئەمما بۇ روھى زەئىپ ئىنسانلاردىن قانداق قۇتۇلغىلى بولسۇن؟ بۇلار تېخى يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئەمەسمۇ؟ بۇلار بىلەن قانداقمۇ بىر دۆلەت قۇرالايسەن؟ دۆلەتنى قۇرغان تەقدىردىمۇ قانداق تەرەققىي قىلدۇرسەن، مەۋجۇتلۇقىنى قانداق داۋاملاشتۇرىسەن؟ بۇنداق ئۆزىنىلا ئويلاپ «مېنى چاقمىغان يىلان، مىڭ يىل ياشىسۇن» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ھېچ باش قاتۇرمايدۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا كەلگەندە خامالئۇندەك قاسراق تاشلاپ، تېرىسىنى يەڭگۈشلەپ ھەر كۈنى باشقا بىر كىملىكنىڭ ئىچىگە پۈركىنىۋالىدۇ. دېمەك، بۇنداقلارنىڭ ئەقلى بار، ئەمما پىكرى يوق ئىنسانلار ئىدى. بۇنداق تىپقا مەنسۇپ ئىنسانلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىچىدە بەكمۇ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى.

سابىت داموللام بولسا ئەنە ئاشۇنداق بىر جەمئىيەتتە «ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە، ئىزدىسەڭ تېپىلار» دېگەندەك ئۆز ئىستىكى بىلەن بۇ ئاخىرى گۇڭگا يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى. چۈنكى سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ئۈمىدكە تولغان بىر ھايات ئىدى. ئۇنىڭ يولى ئۈمىد يولى ئىدى. ئۇنىڭ يوللىرى ئۈمىدنىڭ چېچەكلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئەمدى بۇ ماكان ئۈمىد قۇچىقىدا تەپچەكلەشكە باشلىغان ئىدى. مانا مۇشۇ ئۈمىد بىلەن تېپچەكلىشىۋاتقان بۇ پىنھان زېمىندا ھەر خىل ۋەقەلەر ھامان

ئۆزلۈكسىز تۈگۈلۈپ تۇراتتى. يۈز بىرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ مەنبەسى ئەلۋەتتە بار ئىدى. خۇددى بۇ ئىقىن سۇلارنىڭ ئېگىز تاغلاردىن سىرىلىپ ئىقىپ كەلگىنىدەك ۋە گىياھلارنىڭ يىلتىزىدىن بىخ ئۈرۈپ ئۈنۈپ چىققىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى.

1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ سابىت داموللام، ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوشۇنى بىلەن ئەزىزانە قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سابىت داموللام ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ، ئانا يۇرتنى سېغىنىش ھەسرىتىدە، مۇشۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان ئىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە قالغان قەشقەرنىڭ جۇشقۇن قىياپىتىدىن روشەن بىر ئالامەت قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋات بازارلىرى، تىنىمسىز سودا بولۇپ تۇرىدىغان رەستىلىرى، ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىدىكى ئاشپەز ئۇستاملارنىڭ يۇمۇرلۇق ۋارقىراشلىرى، چىرايلىق ياسىنىۋالغان قىز ـ جۇۋانلارنىڭ ماگدامىدا بىر ئۇچراشلىرى، تال ـ چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناپ يۈرگەن شوق باللار، ئېتىز ـ ئېرىقلاردىكى دېھقانلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى، تۈرلۈك شېرىن تاتلىق مېۋىلەر بىلەن تولغان گۈپ ـ باراقسان باغلاردىن كېلىدىغان شاپتۇل ـ ئۆرۈكلەرنىڭ مىزىلىك پۇراقلىرى، ئۇ باغلاردىكى خۇشناۋا بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەريانىڭ ئېگىز سۈيىگە تولۇپ شوخ ئېقىشلىرىدەك بارلىق گۈزەللىكلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان ئىدى. ئىككى دەريا قېتىلىدىغان جايدىكى مۇنبەت تۆپىلىككە بىنا قىلىنغان، تۇنجى تۈرك ئىسلام خانلىقى ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار خانلىقى (840 ـ 1212 ـ يىللىرى)نىڭ سىياسىي پايتەختى بولغان، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى، تۈرك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت بۆشىكى بولغان بۇ قەدىمى مەدەنىيەتلىك

شەھەرنىڭ بۇرۇنقى جەزبىدارلىقىدىن ھېچ بىر ئىزنالار قالمىغان ئىدى. سابىت داموللامنىڭ ئەندىشە ئىچىدە قالغان كۆزىگە، بۇ شەھەرنىڭ خانىۇ ـ ۋەيرانچىلىق ئىچىدە، كۈلى كۆككە سورۇلغان ئۆيلىرى، يۈرەكلىرى قان ـ زەرداپ بىلەن تولغان ئىنتايىن نامرات شەھەر ئاھالىسى، يۈزلىرى ياش يۇقى بىلەن تولغان، ئۇست ـ بېشى جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن بويىنىنى قىسىشىپ تۇرغان يېتىم باللار ماڭدامدا بىر چىرلىقىپ تۇراتتى. ھەممە يەر ئۇرۇشىنىڭ ۋەھىمىسىگە، ھەسرەت ـ پىنھانغا تولغان بۇ شەھەر خۇددى نادامەت ئوقىدا شىكەستىلەنگەن قېرى ئارسلاننىڭ ئېڭراپ جان تالىشىپ ياتقىنىغىلا ئوخشايتتى. بىردىنلا داموللامنىڭ يۈرىكى ئوۋچىنىڭ خالتىسى ئىچىدە تىپىرلاۋاتقان قۇشتەك كۆكرەك قەپىزىگە ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى ئاچچىق بىر ئاغرىق چىرمىۋالدى. ئىچىدىن چىققان ئاچچىق زەرداپنى، قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئاستا ئېتىپ، ئەقلىدىن مۇنداق خىياللارنى كەچۈردى:

ـ ھەي! ئىست قەشقەرىم، سەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىباھا ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان، تۈرك تىلى، ئەدەبىياتى ۋە تۈرك پەلسەپىسىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ھېسابلىنىدىغان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسەرنى يازغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا يۇرتى ئەمەسمىدىڭ؟ سەن يەنە دۇنياغا مەشھۇر بولغان، تۈرك تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى دۇنياغا نامايەن قىلغان، تۈرك خەلقىنىڭ كىملىكىنى ئالەمگە تونۇتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ گۈزەل ۋەتىنى ئەمەسمىدىڭ؟ دەپ ئۆز ئۆزىگە ئاچچىق سوئال قويۇپ تۇرالغۇغا يېتىپ كەلدى.

سابىت داموللام قەشقەرگە كېلىش بىلەن تەڭ، تۆمۈر

سىجاڭ ئوبدان بىر مۇراسىم بىلەن قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان بەزى قەشقەر مۆتىۋەرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە بەزى قوراللىق كۈچلەرمۇ سابىت داموللامنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خوش بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. سابىت داموللام مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قەشقەردىكى ھەرقايسى ساھە ۋە قاتلامدىكى كىشىلەر بىلەن ئوبدان سۆھبەتلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا كۈچىنىڭ بىرىچە تىرىشتى ھەمدە مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاخبارات ۋە تەشۋىقاتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ دەرھال نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. نەشرىياتچىلىقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قەشقەردىكى تارقاق چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرغان قوراللىق سىياسىي كۈچلەرنى بىر پىكىر ۋە بىر ئىدىيە بىلەن ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان ماقالىلەرنى بېسىپ تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەلقنىڭ دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئۇرغۇتىدىغان ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسى ئۇلى بولغان ئەدلىيە، قانۇن، ھەربىي ۋە ئىقتىسات، مائارىپ قاتارلىق دۆلەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئۈستقۇرۇلمىلىرىغا ئۇل سېلىپ، ئادالەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى خەلققە تونۇتۇش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى قەشقەردە نەشىردىن چىقىدىغان ھەپتىلىك «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق گېزىتتە نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك ماقالىلەرنى ۋە يېڭى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتىي» ناملىق گېزىتتە «بۆگۈنلەردىكى سىياسىي ئەھۋالىمىز» ناملىق باش ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئالدىرىسى
www.uyghurkitap.com

مۆھتەرەم غازى خوجانىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ قۇمۇلدىن تارتىپ قىلغان ئىنقىلابلىرى مەدھىيەلەنگەن ۋە خىتايلار بىلەن تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلىپ كېلىشىم قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ، خەلقنى ئۈمىدلەندۈرگەنىدى. گېزىتقا مۇنداق ساتىرلار يېزىلغان ئىدى: «... قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرغىچە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان ئەھلى ئىسلام تېخىچە قىلىچىنى قىنىغا سوققىنى يوق. ئەمدى يەنە ئىختىيارەن قۇللۇق ھاقارىتىنى ۋىجدانلىرى ھېچ قوبۇل قىلمايدۇ. ناھەقچىلىك، ۋاپاسىز ۋە خىيانەتتە تەھەممۇل قىلالمايدۇ. ئۆز ھوقۇقىنى ھەرقانداق زۇلۇم ۋە جاپاغا قارشى مۇداپىئە قىلىشقا ھەرزامان تەيياردۇر. مۆھتەرەم غازى خوجانىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى بۇ كېلىشىمدىن كېيىن قاراشەھەرگە تەشرىپ قىلىپ، مىللەتنى ئىسلامنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن جىددى تىرىشماقتا. پۈتۈن ئالتە شەھەردىكى دىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە شەپقەتلىك قاناتلىرىنى ئېچىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنى مۇھاپىزەت ۋە ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرى ئىلىپ بارماقتا. بىز ئالتەشەھەر خەلقى بۇ مۇبارەك ئاتىمىزغا تا قىيامەتكىچە مىننەتدار بولۇپ، ئاياغلىرىنىڭ تۇپىراقلىرىنى كۆزلىرىمىزگە سۈرمە قىلىپ سۈرمەك ئۈچۈن چوڭ - كىچىك، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھوزۇرى ئائىلىسىگە يېتىپ بېرىپ، شۇ مەقەددەس چېھرىنى كۆرمەككە مۇشۇنداق ئارزۇمەندۇرمىز. ھەر ئەمر ۋە پەرمانلىرىمىزغا كامىل ئىتائەت بىلەن دىن ۋە ۋەتەن ئۈچۈن دەردى ئىشق بىلەن پىدائىي بولۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ...»

سابىت داموللام قەشقەردە ناھايىتى ئاكتىپ پائالىيەت

قىلىپ، «خوتەن ئەسكىرى ئىدارىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئورگان مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئوسمان سىجاڭ، ئۆزبېك قوشۇنلىرى ۋە تۆمۈر سىجاڭلار بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. مانا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سابىت داموللامنىڭ ئابرويى، ئىناۋىتى بولسا كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاتتا بىلىمگە ئىگە بولغان بىر دىنىي ئالىملا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە پىشقان بىر سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈمىدى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، يېڭىشەھەرنى ئېلىشقا ئىشەنچىسى ئارتقانىدى. بۇ ھال يېڭىشەھەردىكى خىتايلار بىلەن تۇڭگانلارنى ساراسىمىگە سالدى. ئەمما بۇ سېپىلنى بۆسۈپ كىرىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەر يېڭىشەھىرى 1836 - يىلى قۇرۇلغاندا، ئېگىز سېپىللار بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ مۇستەھكەم ئىچكى قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىققان ھەمدە سېپىلنىڭ ئەتراپىغا كەڭ، چوڭقۇر خەندەكلەر قېزىلغان. ھازىر بۇ خەندەكلەرگە تۇڭگانلار دەريا سۈيىنى باشلاپ لىق تولدۇرۇۋەتكەن ئىدى. سېپىلنىڭ ئۈستىگە بولسا زەمبىرەك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىمۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەمىر ئابدۇللاھ سېپىلنى ئوبدان كۆزىتىپ ئۇنىڭغا قانداق ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا تازا باش قاتۇرىۋاتقان پەيتتە. تۆمۈر سىجاڭدا بىردىنلا ھەسەت ئوتى قوزغىلىپ، سابىت داموللام بىلەن «خوتەن ئەسكىرى ئىدارىسى»نى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى بۆگۈن، ئەتە،- دەپ، ئارقىغا سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن تەرەپنىڭ قوماندانلىرىدىن

بىرى بولغان خوتەندىكى چوڭ تەرىقەت مۇرشىدى ئىشاننىڭ ئوغلى غولام قادىرنى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ۋە مەنسەپ بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سابىت داموللامنى قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلغان، بۇ يولدا كۆپ كۈچ چىقارغان مۇھىم زاتلاردىن بىرى بولغان كىچىك ئاخۇن تەنجاڭنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىدى. ئەنە ئاشۇنداق بىر قاتار ھىلىلەرنى ئىشلەتكەن تۆمۈر سىجاڭ 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەھەردە ئۆز قوشۇنلىرىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، سابىت داموللام تەرەپدارى بولغان قىرغىز ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سابىت داموللا ئەمىر ئابدۇللاھقا بۇيرۇق بەردى ۋە ئۆزىمۇ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. مانا ئەمدى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قاتتىق جەڭ باشلانغان ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە خوتەن قوشۇنلىرىدىن ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەسكەر، خائىن غولام قادىرنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئاستىرتتىن سېتىۋېلىشى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. نەتىجىدە سابىت داموللام بۇ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئەسكىرى قاراگاھىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەسكىرى قارارگاھىنىڭ ئەتراپىنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەتىسى تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللامنى تەسلىم بولۇشقا چاقىردى. ئەمما سابىت داموللام ئازراق ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «مۇزاكىرىلىشىپ بولۇپ جاۋاب بېرەيلى» دەپ، ۋاقىتنى ئىككى كۈن كەينىگە سۈردى. ئەمىر ئابدۇللاھ بولسا ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سابىت داموللامنىڭ سۆزىنى يىرالماي تەسلىم بولۇشقا رازى بولدى. دېمىسىمۇ سىرتتىن كېلىدىغان ھېچقانداق بىر ياردەم بولمىغان شارائىتتا، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ بىلەن ئەرەن ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ قورالللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. چۈنكى سابىت داموللام ئىككى تەرەپتە ئۇرۇش بولسا ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەسلىم بولۇشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە قارار ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ بولسا سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە ئەرەننى نەزەربەند قىلىپ سولاپ قويدى. بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ باشسىز قالغان خوتەن ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھىرىدە ئىنتايىن خارلىققا قالدى، ھەتتا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پىيادە خوتەنگە قاراپ يول ئالغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوللاردا ئاچلىقتىن، سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ھەيۋەت بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كىرگەن بۇ خوتەن قوشۇنى مانا ئەمدى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قولى بىلەن قىرىلىپ، خانى - ۋەيران بولغان ئىدى. بۇ تىراگېدىيەلىك پاجىئەنى كۆرگەن يېڭىشەھەردىكى خىتايلار ئىچ - ئىچىدىن خوش بولۇپ، سېپىلدىن سىرتقا چىقىپ ئۇيغۇرلارنى قىرىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى پەيتىنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ياتتى. بۇ چاغدا ئۆز ئەسكەرلىرىدىن ۋە ئاكىسىدىن ئەنسىرەۋاتقان ئەمىر ئابدۇللاھ تىت - تىت بولۇپ كىچىك تۆگىلۈكتىن ئازراقلا يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان تۈت تامنىڭ ئىچىدە، ئىچى تىتىلداپ ئامالسىزلىقتىن ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەرەن ئەگىشەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن سابىت داموللام بۇ ئىككى ياشنى ئۈمىدلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا سوۇۋاغلىرىنى چۈشىپ كەتكەن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ يىگىتلەر قېنى يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ھەزرىتى مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ بىر قىسقا ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ـ دېدى:

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەمىر ئابدۇللا بىلەن ئەرەن يالت قىلىپ سابىت داموللائاغا قارىدى ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ:

ـ «تىكمىگۈچە ئۆنمەس، تىلىمىگىچە تېپىلماس» دەپ، ھەممە بالانى ئۆزىمىز تاپتۇق. ئاكامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېيتقانلىرى بىرمۇ ـ بىر توغرا چىقىۋاتىدۇ. بىز ھەقىقەتەن ئالدىراقسانلىق بىلەن قەشقەرگە كەپتۇق. خىتايلارنى يوقىتىمىز دەپ، ئۆزىمىزنىڭ قولىدا ئۆز قېرىنداشلىرىمىز قىرىلىپ كەتتى. بىز بۇ يەردە كەلمىلەر بىلەن ئويۇن ئويناپ ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالىدىن ھېچ بىر خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز. بۇ چارىسىزلىكىمىزگە بىر ئامال تېپىشنى ئويلىشىمىز كېرەك. ھەي! نېمە دېگەن تەقدىرىمىز كاج بىز ھەقنىڭ.

ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەيلا ئەرەن تىرىككىدىن ئالدىراپ سۆز ئالدى:

ـ توغرا ئېيتتىلا قوماندانىم، ھەقىقەتەن تەقدىرىمىز كاج بىز خوتەنلىكلەرنىڭ. بولۇپمۇ مېنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابلىغىنى غولام دېگەن گادايىنىڭ خائىنلىقى بولدى. ئۇنى بۇنداق قىلا دەپ، ھېچ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئۇنى مەن خىلى ئوقۇغان، ئاڭلىق بىرسى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئۆتۈپكەتكەن ئەقلىسىز نېمە ئىكەن ئۇ. توغرا، ئەقىللىق بىرسى بولغان بولسا، ئۇرۇشتا ئۆلۈمدىن قېچىشنىڭ ئورنىغا خائىنلىقتىن قاچقان بولاتتى. ئۇ گاداي، خائىنلىقنىڭ ئۆلۈمدىن بەتتەر مەرەز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەندە. ئۇ ئەمدى ئۆلمەي تۇرۇپلا ئۆلدى.

ـ ئـەي، يىگىتلـەر «تەقدىرىمىـز كاج» دەپ، ئۆزۈڭلارنـى خـاراپ قىلمـاڭلار. ئىرادەڭلارنـى تـاۋلاپ، ئۈنىڭدىـن تەسسـەللى تېپىڭلار. بولغۇلـۇق بولـدى. ئۈمىدىمىزنـى ئۈتـۈپ كەتكـەن ئىشـقا باغلىمـاي، ئەمـدى نەزىرىمىزنـى كەلگۈسـگە ئاغدۇرايلـى. ئۈمىدنىـڭ يېڭـى بـۇلاق كۆزلىرىنـى ئىزدەيلـى. يېڭـى بۇلاقنىڭ تېـرەن جايىدىن بۇلدۇقـلاپ چىقىدىغـان كۈنلەرگـە ئـۇزۇن قالمىـدى. بىـز ھەردائىـم ماڭغـان يولىمىزنىـڭ توغرىلىقىغـا ئىشىنىشـىمىز لازىـم. ئۆزىمىـز توغـرا دەپ قارىغـان يولدىـن قايتماسـلىقىمىز كېـرەك. بـۇ يولـدا ئاللاھنىـڭ بىـز بىلـەن بىرگـە ئىكەنلىكىنـى ئۇنۇتماسـلىقىمىز كېـرەك. مۇشـۇنداق قىلغـان چېغىمىزدىـلا بەختىنىـڭ بۇلاقلىـرى بىزنىـڭ ئالدىمىزدىـن ئېتىلىـپ چىقىـدۇ. بىـز گەرچـە ھـەم كىچىـك ھـەم دېرىزىلىرىمـۇ يـوق بىـر ئۆيگـە سولانغان بولسـاقمۇ، كېچىلـرى ئوخشاشـلا يۇلتۇزلار چاقنـاپ تۇرغـان ئاسـماننىڭ بىـر پارچىسـىنى كۆرگىـدەك ئۈسـتىمىزدە كىچىـك بولسـىمۇ بىـر تۈڭلـۈك بـار. بىـزدە شـۇ كىچىككىنـە تۈڭلۈك ئارقىلـىق پۈتـۈن بىـر ئاسـماندا يۇلتۇزلارنىـڭ چاقنـاپ تۇرغانلىقىنـى تەسـۋۋۇر قىلالايدىغـان، ئۇنـى ھېـس قىلىـپ، ھوزۇرلىنالايدىغـان ئوتلـۇق يـۈرەك بـار. دېمەككـى بىزنىـڭ ھازىـر بەدىنىمىـز ئەركىـن بولمىغىنـى بىلـەن، يۈرىكىمىـز ئەركىـن، روھىمىـز ئەركىـن، شـۇ ئەركىـن قەلبىمىـز، روھىمىـز تېنىمىزدىـن قالقىـپ چىقىـپ خەلقىمىـز بىلـەن شـاد ـ خوراملىققـا چۆمسـۈن، گـۈزەل، ئـازات ھاياتقـا ئېنتىلسـۇن! ئاللاھنىـڭ بىـز بىلەن بىرگـە ئىكەنلىكىدىـن مەمنۇنىيەت ھېـس قىلسـۇن!

ھەزرىتـى مەۋلانـا بىـر كۈنـى ئۆيگـە كىرگەنـدە، ئوغلىنىـڭ كۆڭلىنىـڭ يېرىملىقىنـى كـۆرۈپ سـەۋەبىنى سـوراپتۇ، ئوغلـى «ھېـچ» دەپتـۇ. مەۋلانـا سـىرتقا چىقىپتـۇ، ئىشـىك ئالدىـدا بىـر بـۆرە تېرىسـى بـار ئىكـەن، ئۇنـى ئېلىـپ ئۈسـتىگە يېپىـپ تـۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللىرىنى ئاسمانغا ئاچقىنىچە بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلاپتۇ. ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەزرىتى مەۋلانا: «بالام كۆردىڭمۇ؟ دۇنيا دەرتلىرى دەل مۇشۇنداق. بۆرە ئەسلى قورقۇنۇچلۇق ھايۋان، ئەمما سەن بۆرە تېرىسىنىڭ كەينىدە داداڭنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكىڭ ئۈچۈن قورقمىدىڭ ۋە كۈلدۈڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دەرتلەرنىڭ كەينىدە رەببىڭنىڭ بارلىقىنى بىل ۋە ئۇنىڭغا ئىشەن» دەپتۇ.

گەرچە ھازىر بىز «سۆكۈشۈپ ئۇرۇشسار، ئارىدا تون تىتىلار» دېگەندەك، بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆزىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىپ بارغان بولساقمۇ، بۇ يولدا چوقۇم ئاللاھ ياردەمچىمىز بولىدۇ. بىزنى بۇ زىندانغا يالغۇز تاشلاپ قويمادۇ. ئاللاھتىن ئۈمىدىمىزنى كەسمەيلى. ھەقتىن باھارنىڭ خەۋىرى كەلمىگىچە، تۇپراق ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ. شۇڭا سەۋر قىلايلى. چىدامچان بولايلى، جالالىدىن رۇمىنىڭ بۇ سۆزىنى ئەستىن چىقارمايلى: «شام بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئەتراپنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزەڭ كۆيۈشۈڭ كېرەك» خۇددى قىيا تاشلاردىن پەسكە چۈشۈپ ئاققان سۇ، بارا - بارا ئاستىلاپ، كېڭىيىپ تىنىچ ئاققانغا ئوخشاش، بىزمۇ ئەمدى كۈچلۈك ھاياجانىمىزنى بېسىپ تۇرۇپ سالماقلىق بىلەن ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەرىكەت قىلايلى. «يىراقتىكى سۇ بىلەن يېقىندىكى ئوتنى ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.»

مانا مۇشۇ چاغدا تۈگۈلۈكتىن چۈشىۋاتقان كۈن ئۆزىنىڭ سارغۇچ نۇرلىرىنى ئاستا - ئاستا يىغىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلغانىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان ئالاپاچاق پاشا غىڭىلداپ ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋېتىپ باراتتى.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن كېيىن، دەرھال كىچىك ئاخۇن تەنجاڭنى 300 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن يەركەندىكى ھاپىز تەنجاڭغا ياردەم قىلىشقا يولغا سالدى. كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ يەركەنگە يېتىپ كېلىپلا ھاپىز تەنجاڭ بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇپ، ئەمىر نۇرئەھمەدكە ئاشكارا قارشى تۇردى. كۆپلىگەن شىپھىتلەرنى بىرىپ ئازات قىلغان يەركەننى بۇنداقلا تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ئەمىر نۇر ئەھمەد دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، گىزى كەلگەندە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرغان چاغدا، قەشقەردىن تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ تەسلىم بولۇش توغرىسىدىكى مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەمما، ئۇ ئاكىسىنىڭ مۇنداق بىر مەكتۇپ يازىدىغانلىقىغا زىنھار ئىشەنمىدى. ئاكىسىنىڭ پەقەت بىرلا يولدا ماڭىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرى توغرا دەپ ئاتالغان شېھىتلەرنىڭ قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان توغراقلىق يوللار ئىدى. شۇڭا ئۇلار جان كەتسىمۇ شۇ يولدا ماڭاتتى. بۇ يولنىڭ ئاخىرى ۋەتەننى زالىملارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ، ئەركىن دۆلەت قۇرۇشقا تۇتىشاتتى. خۇددى شۇ توغراقلارنىڭ يىلتىزى ئانا تۇپراققا تېرەن يىلتىز تارتقاندەك، ۋەتەن سۆيگۈسىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىگە شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ سۆيگۈنى ئانىسىنىڭ ھالال سۈتىدىن ئالغانىدى، ئانا تۇپراقنىڭ مېزىلىك ھىدىدىن ئالغانىدى، ئۇستازلارنىڭ بەرگەن ئىلىملىرىدىن ئالغانىدى ۋە دوست - يارانلارنىڭ سۆيگۈسىدىن ئالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى ئاللىبۇرۇن ئانا ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن تەسلىم قىلىپ، بۇ يولدا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

بىراق، ھازىر بۇ ئۇرۇش دۆشمەن بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش بولماي، بەلكى ئوخشىمىغان پىكىرگە ئىگە بولغان قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ھەر ئىككىلى تەرەپ بىر ئاز تەمكىن بولسا ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىدى. ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ يۈرىكى بىردىنلا راھەتلىغاندەك بولدى. ئۇنى ھاردۇرىۋاتقان، مىڭىسىنى چارچىتىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان يولدا بىردىنلا بىلىش چىراقلىرى يانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەقلى ئىشلەشكەن باشلىدى. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ زەپەرنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ مۇشەقەتلىك ھايات يوللىرىدىكى تەجرىبىلىرىدىن ئىگە بولغانىدى. تەمكىن بولۇپ ئەقلىنى ئىشلەتكەن ئادەم ھامان بىر چىقىش يولىغا ئىگە بولاتتى. مانا بۇ قېتىم ئەمىر نۇرئەھمەد بىر ئەپچىل چىقىش يولىنى تاپقانىدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەركەندىكى قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن يەركەندىكى خەزىنىنى دەرھال ئەبەيدۇللاھ ئارقىلىق قاغىلىق تەرەپكە ئەۋەتىۋەتتى. بىراق باھانە تاپالماي تۇرغان ھاپىز تەنجاڭ دەرھال ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم باشلىدى. مانا بۇ ئۇرۇش خۇددى قەشقەردىكىدەك دۆشمەننىڭ پايدىسىغا يۈزلەنگەن ئۇرۇش بولدى. ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن قانچە كۆپ ئۇرۇشسا خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك پايدىلىق بولاتتى. ئەمىر نۇرئەھمەد ئىككىلى تەرەپتىن كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولماسلىق ئۈچۈن دەرھال تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق قىلغاندا ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ كۈچى خورىمايتتى. كېيىنكى ئىشلارنى ئاكىسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر

تـەرەپ يەركـەن دەرياسـىنى چېگـرا قىلىـپ تىنچلىـق كېلىشـىمى تـۈزدى. بـۇ دەل 8 ـ ئاينىـڭ 17 ـ كۈنـى بولـۇپ، ئەمـر نـۇر ئەھمەدنىـڭ قوشـۇنلىرى قورالللىرىنـى ھاپىـز تەنجاڭغـا تاپشـۇرۇپ بېرىـپ، يەركەندىـن چىقىـپ كەتتـى. لېكىـن قوراللارغـا ئىگـە بولغان ھاپىـز تەنجـاڭ دەرھـال كېلىشـىمنى يىرتىـپ تاشـلاپ، ئەمىـر نۇرئەھمـەد بىلـەن قوشـۇپ بىرنەچچـە خوتـەن كوماندىلىرىنـى تۇتـۇپ سـولاپ قويـدى. باشسـىز ۋە قورالسـىز قالغـان خوتـەن قوشـۇنى تـەرەپ ـ تەرەپكـە پادىچىسـىدىن ئايرىلغـان قويـلاردەك تـاراپ كەتتـى. ھاپىـز تەنجاڭمۇ غەلىبىسـىدىن پەخىرلىنىـپ دەرھـال قاغىلىققـا يـۈرۈش قىلـدى. بـۇ خەۋەرنـى ئاڭلىغـان قاغىلىقتىكـى خوتـەن قوشـۇنى ئىلچىغا چېكىنـدى. بۇنـى پۇرسـەت بىلگـەن ھاپىـز تەنجـاڭ بىـر پـاي ئـوق ئاتمايـلا خوتـەن ھۆكۈمىتىنىـڭ قولىدىـن قاغىلىقنـى تارتىۋالـدى. مانـا ئەمـدى بـاش قومانـدان مۇھەممـەد ئەمىـن بۇغرانىـڭ باشـتىلا ئەنسـىرىگەن ئىشـلىرى رېئاللىقتـا بىـر ـ بىرلـەپ زاھىـر بولىۋاتاتتـى. بـۇ ئارقـا ـ ئارقىدىـن كەلگـەن مەغلۇبىيەتلەردىـن خـەۋەر تاپقـان مۇھەممـەد ئەمىـن بۇغـرا دەرھـال كېچـە ـ كېچىلـەپ يـول مېڭىـپ قاراقـاش ۋە زاۋىلارغـا بېرىـپ چېچىلىـپ كەتكـەن ئەسـكەرلەرنى توپلاشـقا باشـلىدى. يەركەندىـن كەلگـەن ئەسـكەرلەرنىڭ ئائىلىسـىگە قايتىمىـز دەيدىغانلىرىغـا يـول قويـۇپ، ئىختىيـار قىلغانلارنـى ئـۆز قوشـۇنىغا ئېلىـپ، قايتۇرمـا ھۇجۇمغـا ئۈتۈشـكە تەييارلىـق قىلـدى. لېكىـن ھاپىـز تەنجـاڭ قاغىلىقتـىلا توختـاپ قالمـاي گۇمىغـا ئەسـكەر يولـلاپ، ئـۇ يەرنىمـۇ ئـۆز تەسـەررۇپىغا ئالـدى ۋە خوتەنگـە كـەڭ كۆلەملىـك ھۇجـۇم قىلىـش ئۈچـۈن بىـر تەرەپتىـن ئارقىسـىدىن كېلىدىغـان قوشـۇننى كۈتسـە يەنـە بىـر تەرەپتىـن ئۆزىنىـڭ ھەربىـي تەييارلىقنـى قىلـدى. مۇشـۇ چاغـدا مۇھەممـەد ئەمىـن بۇغـرا 1500 كىشـلىك بىـر قوشـۇننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇمغا يوللىدى. بۇ قوشۇن گۇمدا ھاپىز تەنجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتى. ھاپىز تەنجاڭنىڭ تىرىك قالغان قىسمى ئۆز جانلىرىنى قولتىقىغا قىستۇرۇپ قاغىلىق تەرەپكە قاچتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يەنە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ داۋاملىق ئۆز مىللىتىنىڭ قانلىرىنىڭ بىھۇدە تۆكۈلۈشىگە يۈرىكى چىدىماي دەرھال بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ھاپىز تەنجاڭ بىلەن كېلىشىشكە ئەۋەتتى.. لېكىن ھاپىز تەنجاڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي داۋاملىق ئاداققىچە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جاھىللىق بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ، بارلىق ئەلچىلەرنى قولغان ئالدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۇرۇش قىلماقتىن باشقا بىر يولنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، دەرھال ئۆزى زاۋىغا كېلىپ، ئۆزى بىۋاستە قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ، پۈتۈن ئەسكەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ، تەرتىپكە سېلىپ ھاپىز تەنجاڭنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش قوشۇنىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. ئۇ يەنە دەرھال ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ زادى قەيەردىن ـ قەيەرگىچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولۇپ، ئۇ تەرەپكە پايلاقچى ئەۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ھاپىز تەنجاڭ قەشقەردە خوتەن قوشۇنىغا خائىنلىق قىلغان غۇلام قادىرنى زور بىر قوشۇن بىلەن خوتەنگە يولغا سالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال ئۆز قوشۇنىنى زاۋىدىن ئىلچىگە قايتۇردى ۋە ئۆزى قاراقاشتا قالدى. بۇ چاغدا ھاپىز تەنجاڭنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بىرقانچە ئادەملىرى قۇتۇلۇپ قاراقاشقا قېچىپ كەلدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇلار ئارقىلىق ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئۈنچىلىك زور ئەمەسلىكىنى،

پۈتۈن ئەسكىرىنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ۋە زاۋۇدىكى ئەسكىرى كۈچىنىڭ مىڭدىن ئاشمايدىغانلىقى توغرىسىدا توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولدى. بۇ ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال يوشۇرۇن ئىلچىغا قاراپ يولغا چىقىپ، ئاخشىمى پۈتۈن ئەھۋالنى مىلىك ھەزرىتىمگە مەلۇم قىلدى. مىلىك ھەزرىتىمنىڭ قوللىشى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال مۇداپىئە ئۇرۇشى قوزغاشنى قارار قىلدى. بۇ ئېلىنغان دادىل قارارغا ئاساسەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا كېچىسى بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋۇغا قاراپ يولغا چىقتى. تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ خوتەن قوشۇنلىرى ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. دەھشەتلىك بىر مەيدان جەڭ ئىككى قېرىنداش قوشۇن ئارىسىدا باشلىنىپ كەتتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمى بىلەن قەشقەر قوشۇنىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ جەڭدە يەنىلا ئەڭ باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلغان ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ بولدى. ئۇلار ھەر قېتىم قارشى تەرەپنى قارىغا ئالغاندا تەككۈزمەي قالمايتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى بەش ئاتار مىلتىقتىن ئېتىلىۋاتقان پولات ئوقلار قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئوبدانلا تەمتىرىتىپ قويۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇشتا ھامۇت دېھقانمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ھازىر توققۇز ئاتارلىق كونا مىلتىق بار ئىدى. نەچچە قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىش نەتىجىسىدە ئۇمۇ تەجرىبىلىك جەڭچىگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. باشلىرىدا ئەجەل ئوقلىرى ئۇچۇپ يۈرسىمۇ، خىيالىغا ئۆلۈم كىرىپمۇ قويمايتتى. ياق، ئەسلىدە پۈتۈن ئادەم ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. مانا مۇشۇ ئۆلۈم قورقىسىدىن باشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتا قارشى تەرەپتىكىسى ئۆز مىللىتى، ئۆز ۋەتەندىشى بولسىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ گۈزەل سوۋغىسى. بۇ ھاياتتا ئىنسان ۋە بارلىق جانلىقلار تۇغۇلىدۇ، ئۆسىدۇ، قېرىيدۇ ۋە ئۆلىدۇ. قېرىغاندا ئۆلۈمنىڭ تاتلىق تەمىنى تېتىش ھەر كىم ئۈچۈن گۈزەل. ئەمما ھېچكىم ياشمۇ - ياش تۇرۇپ ئۆلۈشنى خالىمايدۇ. ھەتتا ئۇ دۇنيادىكى جەننەتنىڭ ئەڭ گۈزىلىنى ۋەدە قىلسىمۇ ھېچبىر ياش ئالدىراپ جاپالىق، دەردلىك بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقنى كۆرۈشنى ئويلايدۇ. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپتىكى ياش ئۇيغۇر ئەسكەرلەر شۇ ئۆلۈم قورقىسىدا قارشى تەرەپتىكىسىنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ياخشى ياشىشى ئۈچۈن قارشىدىكىنى ئۆلتۈرۈش ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى. مانا ھازىر ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئوق ئېتىلىۋاتاتتى. تېخى بەزىلەر پىستولى ئېتىلىپ قالغان مىلتىقلارنى تازىلاش بىلەن ئاۋارە بولسا، بەزىلەر ئوق بەتلەشكە ئۈلگۈرەلمەي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. ئىشلىتىۋاتقان مىلتىقلارنىڭ كۆپىنچىسى كونا مىلتىقلار بولغاچقا بەزىدە ئوق كەينىگە يېنىپ كېتىپ، ياندىكى مىلتىققا ئوق سېلىۋاتقان كىشىگە تېگىپ كېتىپ، ئۆز سەبدىشىنى ياردار قىلىپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇنداق بىر ئۇرۇشتا ئۇنداق ئەھۋالدىن ئېھتىيات قىلىش ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كېلىپ قويمايتتى. پەقەت ئىش يۈز بەرگەندىلا پۇشايمان قىلاتتى، زارلىناتتى. ئەمما بىرلا ئىشتا ئۇلار قەتئىي ئىدى. ئۇ بولسىمۇ قارشى تەرەپتىكىسىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش. قانچە كۆپ ئۆلتۈرسە ئۆزىنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆلۈۋاتقىنى ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار خۇددى بىر توپ قوي پادىلىرىغا ئوخشايتتى. ئالدىدىكى قوي دەرياغا ئۆزىنى

ئاتسا ئارقىسىدىكى قويلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى دەرياغا ئاتقاندەكلا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىۋاتقىنىغا قاراپلا ھايات ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، بىراق ئەقلىگە دائىر ھۆكۈم قىلماق تەس ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ياخشى بىر ئىش قىلىشىۋاتقىنىغا ۋە كىمنىڭ پىكرىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلماق تەس. ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئەسكەرلەر ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن كۈچكە ئىشىنەتتى ۋە شۇ كۈچ ئۈچۈن قىممەتلىك جانلىرىنى دوغا تىككەن ئىدى. «ئىككى بۇغرا ئېلىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يانچىلار» دېگەندەك، بۇ يەردىكى قانلىق جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈۋاتقىنى يەنىلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ياش - ئوغلانلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋاتقانلىقىنى، كىم ئۈچۈن جان بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. بەزى ئىنسانلار ئەزەلدىن نانكور بولۇپ، بۇگۈن بەرگەن قارارلىرىدىن، سۆزلىرىدىن ئاسانلا يېنىۋالىدىغان ئەردەمسىزلەر بولغاچقا مانا مۇشۇنداق ئورۇنسىز قان تۆكۈلىشلەرگە سەۋەب بولىۋاتاتتى. مىلتىق ئاۋازلىرى، ياردارلارنىڭ ۋايساشلىرى، ئىككى تەرەپتىن تەڭ كۆتۈرۈلگەن چوقان - سۈرەنلەر ئالاھەزەل ئۈچ سائەتچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ھاپىزنىڭ قوشۇنى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى. ئاخىرى ئۇلار ئارقىغا قاراپ قاچتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياۋداق ئاتلارغا مىنىۋېلىپ قەشقەرنىڭ يولىغا ئات سالغان ئىدى. ئەردەملەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ پىيالىمغىچە باردى. بۇ قېتىمقى جەڭ خوتەن تەرەپنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. جەڭ مەيدانىنى بويىغان قانلار ساپ ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئەردەم قىزىل بويالغان ئانا تۇپراققا قارىدى. يەر يۈزى ۋە يەردە ئۇنۇپ چىققان گىياھلارنىڭ غوللىرى، ياپراقلىرى قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ يۈزلىرى نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا قىپ قىزىل كەھرىۋادەك يالتىراپ، ئەسكەن شامالدا تىترەيتتى. گىياھلارنىڭ تىترەشلىرى شامالدىن بولسا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئەردەمنىڭ يۈرىكىنىڭ تىترەشلىرى شۇ ئاققان قانلارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلىۋاتقان تازە ھىدىدىن، ئۇنىڭ قىپ قىزىل يالتىراق رەڭگىدىن ئىدى. ئىسسىق ئاپتاپنىڭ ئەپتىدىن يەرلەردىكى، گىياھلاردىكى قانلار ئاستا ـ ئاستا قارىداشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئەردەمنىڭ يۈرىكىدىمۇ ئەنە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مەڭگۈ يوقالمايدىغان قارا قان داغلىرى قالدى. ئۇلار گەرچە غالىبلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ غەمكىن باشلىرى ئانا زېمىنغا قاراپ ئېگىلگەندى. كۆڭلى بولسا سۇنۇق ئىدى. ئۇلار شۇتاپنىڭ ئۆزىدە ئۆزلىرىنى بىر قاتىلدەك، بىر جىنايەتچىدەك ھېس قىلدى. ئۇلاردا بىردىنلا تىنچلىق تۇيغىسى ھاسىل بولغاندەك بولدى. بۇ تۇيغۇ ئەسلىدە ئىنسانىنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇرۇش ئىنسانىنىڭ ئىچىدىكى شۇ تەبىئىي تۇيغۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتەتتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئەردەمنىڭ ھازىرقى تۇيغۇلىرى بولسا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىقتەك ۋەيرانە ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى چۈللۈكتە شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ قۇملار بىلەن تولغان كۆزلىرىدىن كۆرۈۋالغاندەك بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدىنىڭ قۇم باراخسانلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقت ئۆتكەندە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەرھال ئۆزىنىڭ ھېسسى تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئەردەمگە بۇيرۇق قىلىپ، ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، يەركەنگە قاراپ يۈرۈش

قىلىشقا تەييار بولۇشقا ئەمر بەردى. ھاپىزمۇ ساق قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇدۇل قەشقەرنىڭ يولىنى تۇتقان ئىدى.

ئەمدى سۆزنى قەشقەر تەرەپتىن ئاڭلايلى، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى «غەلىبىسىدىن» كۆرەڭلەپ، خوجانىياز ھاجىم ئەۋەتكەن «تۇڭگانلار بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى، دەرھال يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىڭلار»، دېگەن مەزمۇندىكى بۇيرۇقنى پىسەنت قىلماي، يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملىق كېچىكتۈردى. ئەسلىدە خوجانىياز ھاجىم تۇڭگانلارنىڭ نەچچە قېتىملىق دامىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن دوست ئۆتۈشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان شېڭشىسەي بىلەن 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جىمسار تاغلىرىدا ئۆزئارا كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىدى. بۇ چاغدا شېڭشىسەينىڭ ۋەكىللىرىدىن چىڭ دىلى، ھۇسەيىنبەگ، تۇرسۇن بابا، مەنسۇرجانباي، ئەخمەتخان دارىن ۋە سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق يەتتە كىشى خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خوجانىياز ھاجىمغا سوۋېت كېپىل بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن ئىدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى شىمال ۋە جەنۇب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشقان ھەر ئىككى تەرەپ، يەنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۆرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبى شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى باراۋەر ئىدارە قىلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق رايونلار جەنۇبى شىنجاڭغا، بارىكۆل بولسا شىمالى شىنجاڭغا تەۋە قىلىنىدۇ. جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەربى، مەمۇرى، جۈملىدىن مالىيە ھوقۇقى جەنۇبى شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش باش قوماندانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قولىدا بولىدۇ. ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ئىشلىرىنى شۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى باشقۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ تېزىملىكىنى ئۈرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 5000 دىن كۆپ ئەسكەر ساقلىمايدۇ. شىنجاڭدا ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر، مەزكۇر قوشۇننىڭ قورال - يارىقى بىلەن ئوق - دورىلىرىنى ئۈرۈمچى تەرەپ تەمىنلەيدۇ ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىككى ئايلىق مائاشى دەرھال تارقىتىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر تەرەپنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۇنىڭغا شەرتسىز ھەربىي ياردەم بېرىدۇ ۋە ياردەم زۆرىيىتى تۈگىگەن ھامان ئۆز تەۋەسىگە قايتىدۇ.»

بۇ كېلىشىم خىتايچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ نۇسخا قىلىپ يېزىلىپ، كېلىشىمگە شېڭ دوبەن بىلەن خوجانىياز ھاجىم ئىمزا قويۇپ، تامغىلىرىنى بېسىشقان ئىدى ۋە ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت باش كونسۇلى شاھىت بولۇپ قول قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىم جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغانىدى. مانا ھازىر خوجانىياز ھاجىم بولسا قەشقەر يولىدا داۋاملىق ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ چېكىنىۋاتقان چاغلار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭغا بۇيرۇق قىلىپ يېزىلغان مەكتۇپمۇ يولدا يېزىلغان مەكتۇپلاردىن بىرى ئىدى. ئەمما بۇ بۇيرۇق تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى. چۈنكى ئۇ شېڭشىسەينى تۇڭگانلاردىن بەتتەر ئۆچ كۆرەتتى. شېڭشىسەيگە نىسبەتەن ئۇنىڭدىكى ئىنتىقام ئاتەشى تېخى ئۆچمىگەن ئىدى. شۇڭا تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان ئەلىنىڭ شۇنچە يالۋۇرۇشلىرىغا ۋە خوجانىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پىسەنت قىلماي، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلماي، جىم يېتىۋالدى. بۇ سەۋەبتىن ئوسمان ئەلى

بىلەن بولغان زىدىيىتى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن تۇڭگانلار ئىككى قوماندانىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن بىرىنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ، يەنە بىرىنى دۈشمەن كۆرسىتىپ، بارلىق چارىلەرنى ئىشلەتتى ۋە ئاخىرى ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولدى. نەتىجىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى ئوتتۇرىسىدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. قېرىنداشلارنىڭ كۈچلۈكلۈكنى تالىشىپ ئۆزئارا قان تۆكۈشىنىڭ ئۆزى، ئەسلىدە ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئىدى. بۇلار گەرچە 20 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، تەپەككۇرى شۇ ئىپتىدائى ئىنسانلاردىن قىلىشمايتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ئوسمان ئەلى بولسا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھەرخىل سۇيىقەستلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، تاغقا قاراپ چېكىنگەن ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۆمۈر سىجاڭ بولسا ئوسمان ئەلىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇشقا قەسەم ئىچىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن تاغقا يۈرۈش قىلدى. ئەمما پىلانى ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا يېڭىشەھەردىن يوشۇرۇن چىققان تۇڭگانلار، تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، يولدا پۇسۇ قۇرۇپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدى. تۆمۈر سىجاڭ تاغدىن ئارقىغا يېنىپ توغراق مازار دېگەن يەرگە كەلگەندە، يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۇڭگان ئەسكەرلىرى، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئوق ئېتىپ، تۆمۈر سىجاڭنى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بېشىنى تېنىدىن ئايرىپ، يېڭىشەھەرگە غەلىبە بىلەن قايتتى. يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار بۇ غەلىبىدىن ئىلھام ئېلىپ، دەرھال مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، قەشقەر شەھىرىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز پۇلاڭ ـ تالان قىلىپ، ئۇچرىغانلا كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن شەھەرنى

www.uyghurkitap.com

قانغا بويىدى. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ كوناشەھەردىكى سەلتەنىتى ئاخىرلاشتى. سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان تۆمۈر سىجاڭ ئۆزىنى دولقۇنلار ئارىسىدا لىڭشىپ تۇرغان بىر كېمە ئۈستىدە كۆرۈپ، شۇنچىلىك بىخەتەر ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كاپىتانسىز بۇ كېمىنىڭ ئۇدۇل بېرىپ قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، پارە - پارە بولۇپ پارچىلىپ، ئۆزىنىڭ سۇدا غەرق بولۇشىنى ئەسلا ئەقلىنىڭ ئۇچىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ باشسىز تېنى، توپىغا مىلەنگەن ھالدا ئادەمسىز يوللاردا قالغان ئىدى. تەنسىز بېشى بولسا، ياتلارنىڭ قوللىرىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئاخىرى ماجەنسانىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ تېرىك چاغدىكىدىن ئوبدانلا يوغان كۆرۈنىۋاتقان ئېچىقلىق كۆزىگە قارىدى ۋە پىشقانمۇ، ياكى خاممۇ؟ دەپ، تاۋۇزنى چېكىپ باققاندەك، ئىشارەت بارمىقى بىلەن تەنسىز باشنىڭ توپا يۇقى ماڭلىيىنى چېكىپ باقتى - دە، ئاندىن ئۇنىڭ قانسىز گۆشلۈك يۈزىگە مەسخىرىلىك كۈلكە يۈگۈردى. تۆمۈر سىجاڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ئارقىلىق بۇ تراگېدىيەلىك رېئاللىقنى تارىخنىڭ سەھنىسىگە چىقارغان ئىدى. ئۆزىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن، ئاقىۋەتنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇڭا ھەر كىم ھەقىقىي كۈچى ۋە ھەقىقىي ئىرادىسى بىلەن يولغا چىققاندا، ئالدىدىكى يولنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ئەردەملىك بىر تەپەككۇر قىلىشى لازىم. بۇ يولدا ئىلىم ئىنسانغا جاسارەت ئەكەلسە، نادانلىق ئىنساننى يولسىزلىق قىلىش يولىغا باشلايدۇ. نادانلار پۈتۈن يولسىزلىقىغا قارىماي بەختلىك بولۇشنى ئويلايدۇ، ئۆزىنىڭ توغرىلىقىغا شەرتسىز ئىشىنىپ، باشقىلارنىڭ دانا پىكرىنى قارىغۇلارچە رەت قىلىدۇ. ھەتتا دانا پىكىر ئىگىلىرىنى

ئۆزىگە دۈشمەن چاغلاپ كۆزدىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ ماڭغان يولىغا سان ـ ساناقسىز توزاقلارنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. يولسىزلىق قىلىش نەتىجىسىدە كۆزى كور بولۇپ، دۈشمىنىنىڭ يولسىزلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ۋە ئۆلۈم بىلەن تولغان تۇزاقلىق يوللاردا باشسىز قالىدۇ. ھەتتا نادانلىقىدىن تەپەككۇر قىلىشنى ئۆلۈمدىن بەتتەر قورقۇنچلۇق دەپ بىلگەچكە، جانلىرىنى دۈشمەنلىرىگە بىردەمدىلا تەسلىم قىلىدۇ. كۈچلۈكلۈك، جەسۇرلۇق ئادەمنى يولدا ئالغا باستۇرسىمۇ، ئەمما ئادەمنى يۈكسەكلىككە، مەنزىلگە كۆتۈرىدىغان يەنىلا ئەقىلدۇر. ئەقىلسىزلار بولسا ئەنە شۇنداق پەرق ئېتىش تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ئالدىدىكى توغرا يولنى كۆرەلمەي، ئۇدۇل تىك يارغا قاراپ يول ئالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنى تىك يارغا باشلاۋاتقىنى يەنە ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىزلىقى ۋە پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى «مېنىڭلا توغرا» دەپ، بىلىدىغان نادانلىقى، ئۆزىنى كۆرسىتىشى ۋە شەخسى ئاداۋىتىدۇر. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ بارلىق پىداكارلىقىنى بىسىپ چۈشىدىغان كەمچىلىكىدۇر. بۈيۈك بىر قەھرىماننىڭ زاۋاللىقىدۇر، قەدىرسىز بىر ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ئىنقىلابچىنىڭ مەغلۇبىيىتىدۇر. مانا بۇ مەغلۇبىيەت تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان سۈزۈك ئەينىكى.

ماجەنسانىڭ بۇ قانخورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. تاغدىكى ئوسمان ئەلى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، كونا شەھەرنى قايتا قولغا ئالدى. تۇڭگانلار يەنە يېڭىشەھەرگە چېكىندى.

ئەسلىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى ئۇرۇشۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاغدا، سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھلار سولاقتىن قۇتۇلغان ئىدى. ئەمىر ئابدۇللاھ تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەن كىچىسى ئەرەن بىلەن بىرگە يەركەنگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. سابىت داموللام بولسا ئۆز ھىمايىچىلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قەشقەردە قالغان ئىدى. كېيىن ئوسمان ئەلى كونا شەھەرنى ئالغاندا، سابىت داموللام يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن قايتا چىقىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قايتا جانلاندۇردى. ئەمىر ئابدۇللاھ بولسا يەركەندە ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن قايتا قوشۇننى تەشكىللەپ، بىر سائەتكە بارمىغان بىر جەڭ ئارقىلىقلار قايتا يەركەن كونا شەھەرنى قولغا ئالدى. ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە قامىلىپ قالدى ۋە ئاخىرى ئۇلارمۇ تەسلىم بولۇپ يەركەن قايتا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قولغا ئۆتتى.

1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خوتەن شەھرىدە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۈچ ئايلىق بىر قانلىق جەڭلەردىن كېيىن ئۆزىنى قايتىدىن رۇسلاپ، ناھايىتىمۇ مۇھىم تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە قارارلارنى ئالدى. بۇ قارارلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقىدا ناھايىتىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇ قارارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى:

خوجانىياز ھاجىمغا ئەسكىرى ۋە ماددى ياردەم بېرىش.

قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجەنسا قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەسكەر يوللاش.

خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىتىكى چېگرىسى بولغان چارقىلىق بىلەن لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى جايلارنى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش.

ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى نامىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولۇش ۋە ئۇلاردىن خوتەن ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن كوماندىرلارنى تەكلىپ قىلىش.

ئەمىر ئابدۇللاھ باشچىلىقىدا مىڭ ئەسكەرنى يېڭىسارغا يولغا سېلىش قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مانا مۇشۇ مەزگىلدە سابىت داموللام قەشقەردىكى پائالىيىتىنى قايتا جانلاندۇرغان ئىدى. ئەمىر ئابدۇللاھ بولسا سابىت داموللامنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشىغا قارىماي يېڭىساردا ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەرگە كىرمەي تۇردى. چۈنكى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن قەشقەرگە خوتەن قوشۇنىنىڭ كىرىشى توغرىسىدا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قارار ئالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرمۇ قەشقەردىكى كۈچلەرگە يەنىلا تولۇق ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، يېڭىشەھەرنى ئېلىشقا قەتئىي بىر قارار ئالمىغان ۋەزىيەتتە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈچەپ كەتكەن ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق گېزىتنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانىدا «بىزگە ھۆكۈمەت كېرەك» سەرلەۋھىلىك ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىنىڭ بېشى مۇنداق مەزمۇندىكى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان نادىر جۈملىلەر بىلەن باشلانغان ئىدى:

«يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئەڭ قەدىمى زاماندىن تارتىپ، بىر خىل ھۆكۈمەت تۈزۈپ، شۇنىڭ قائىدىلىرى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ھۆكۈمەتسىز ياشىشى تەبىئىي مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتى بەشەرىيە ئارىسىدىكى ھەق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـ ھوقۇقنى ئادالەت بىلەن ساقلاپ، بىر ـ بىرلىرىنىڭ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا يول قويماي، كۈچلۈكنىڭ كۈچسىزگە تاجاۋۇز قىلىش كەبى پاك ۋىجدانىغا يات ۋە ئەسكى ئىشلارنى مەنئى قىلىش، تاشقىرىدىن كېلىدىغان تەئەررۇز ۋە ئىشغاللاردىن ئىدارىسىدىكى يۇرت ۋە مىللىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدۇر. بۇنداق ھۆكۈمەتكە ئىنسانلارنىڭ ئىتائىتى ئەلۋەتتە ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەسلىھەتى ۋە مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەتچى بولغان بىر ھەيئەتكە ئىتائەت بولمىسا، ھەممىسىنىڭ ھالى بارابەر خاراب ۋە پەرىشان بولىدۇ. زەرەرلىرىگە ئىش قىلىدىغان ۋە زۇلۇم كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان باشقا بىر كۈچكە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ. خۇلاسە قىلغاندا، ئىنسان جەمئىيىتىگە بىرىنچى زۆرۈر بولغان نەرسە دۆلەتتۇر...»

ھاياتىنى بىر دۆلەت قۇرۇشقا، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىق يولىغا ئاتىغا سابىت داموللام ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا بەك ئالدىرايتتى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەرنىڭ ئازات بولۇشىغىمۇ قارىماي، يەنە بىر تەرەپتىن خوجانىياز ھاجىمنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشىنىمۇ كۈتمەيلا، دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ دەل 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى. بۈگۈن قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدا قۇياش باشقىچە پارلىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ مېھرىلىك نۇرى بىلەن كەچ كۈز مەۋسۇمىدىكى قالدۇق ياپراقلارنىڭ ساپ ـ سېرىق يۈزىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى. قەشقەر خەلقى بىلەن مۇڭداش، سىرداش ۋە ئەزەلدىن قەشقەرنىڭ باھادىر ئوغلانلىرىغا ھەمنەپەس ھەم مەدەتكار بولۇپ

كەلگەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىئارام بولۇپ، غەم - قايغۇ، دەرت - ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يىراق - يىراقلارغا تولغىنىپ ئاققان تۆمەن دەرياسى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن جۇشقۇن ۋە مەردانە قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، شاۋقۇن چىقىرىپ، كۆۋەجەپ ئۆز خوشنۇتلۇقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. مانا بۇ قۇتلۇق كۈندە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق خەلق تەنتەنىگە چۆمۈلگەن بىر روھلۇق ھېسسىيات بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىكىنىپ ياتقان ئۆي - ماكانلىرىدىن ئىرغىپ چىقىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن ئالەمگە جاكارلايدىغان مەيدانغا قاراپ، بەئەينى ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئويناقشىپ چاپقان تايچاقلاردەك كېتىۋاتاتتى. بۇ توپ - توپ بولۇپ كېتىۋاتقان خالايىقنىڭ ئارىسىدا چىرايلىق ياسانغان يىگىت - قىزلار، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈگرەۋاتقان ئۇششاق بالىلار، ساقال - بۇرۇتلىرى قاردەك ئاقارغان بوۋايلار، بەللىرى مۈكچەيگەن مومايلارمۇ بار ئىدى. مانا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللام ئۆز ھەمرالىرى بىلەن تۆمەن دەرياسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن مەيدانغا قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە يېتىپ كەلدى.

قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن مەيدانىنىڭ رەئىس سەھنىسىدە سابىت داموللام باشلىق بارلىق مىنىستىرلار، قوماندانلار، ئۆلىمالار ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئورۇنلاردا قاتار - قاتار بولۇپ ئولتۇردى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئەسكەرلەر، مەمۇرى خادىملار، ئوقۇغۇچىلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزىدە ھېچ بىر ۋاقىت ھېس قىلىپ باقمىغان تاتلىق شېرىن بىر تۇيغۇ بىلەن سەھنىگە نۇرلانغان كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى. ئەتراپقا قاتار - قاتار ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك

www.uyghurkitap.com

بايراقلار قادالغان بولۇپ، قىشنىڭ سوغۇقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئەكىلىۋاتقان كەچ كۈز سەلكىنىنىڭ تەسىرىدە شۇنچىلىك گۈزەل لەپىلدەپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە، بۇ مەيدان خۇددى كۆكنىڭ يەر يۈزىدىكى بىر پارچىسىدەك شۇنچىلىك جۇلانىپ كۆرۈنەتتى. بۇ مەيدانغا جەم بولغان مىھمانلەتكەش ئۇيغۇر خەلقى كۆك بايراقنىڭ جۇشقۇنىدىن تامچىغان ھاياجان ياشلىرىنى خوشاللىق بىلەن سۈرتىۋاتاتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇنداق بىر جۇشقۇنى سالغان بۇ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق بولسا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ، مۇستەقىللىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئىرادىسىنىڭ ۋە مەھجۇتلۇقىنىڭ ھەمدە ئادالەتسىزلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە بولغان قارشىلىق كۈچىدىن مەھرۇم قالمىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. كۆك بايراقنىڭ جىلۋىسىدىن چاقنىغان نۇرلار ئەسىرلەردىن بېرى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالغان مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى يورۇتۇپ، ئوغۇزخان روھىنى يەنە بىر قېتىم ئويغىتىپ، ئىنساننىڭ قىممىتىنى، ئەركىنلىكىنىڭ قىممىتىنى، ئازاتلىق سۆيگۈسىنى، بۇ ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىر ـ قىممىتىنى مىللىتىمىزگە ھېس قىلدۇرغان ئىدى.

بۈگۈن سابىت داموللام ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۈگۈن ئۈچۈن ئۇ ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىدى. چۈنكى، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن خەلققە ۋە جۈملىدىن پۈتۈن جاھانغا جاكارلايتتى. مانا ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن پەيت دەل ھازىرقى ۋاقىت ئىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئىككى ئالقىنىنى ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ

گىرۋىلىگە قويۇپ، ھاياجانلىق بىر تون بىلەن سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

- بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، بارلىق ھەمدۇسانا ئالللاھقا خاستۇر. ئالللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلىسىگە ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە، جۈملىدىن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەن بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلارغا بولغاي. ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم قەدىردان قېرىنداشلار! ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز ئانا ۋەتەن! مەن بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھازىر جاكارلايمەن!

بۇ سادا بىلەن مەيداندىكى بارلىق خەلقنىڭ بىردەك «ياشىسۇن شەرقى تۈركىستان!»، «ياشىسۇن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق» دەپ، تۆۋلىغان ئاۋازلىرى قەشقەرنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ چىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان ياڭراق ئاۋازلار تۈمەن دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تەكلىماكانغا جىممىلا سىڭىپ كەتتى. لەرزان لەپىلدەپ تۇرغا كۆك بايراق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇشقۇنسىغا - جۇشقۇ قوشۇپ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ قەلب ساداسىنى ئۆزىنىڭ رەڭگىدە تون كىيگەن كۆكلەرگە تۇتاشتۇرغان ئىدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كىيىن خەلقنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسلىدى. سابىت داموللام سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

- مەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مۆھتەرەم خوجانىياز ھاجى ھەزرەتلىرىنىڭ نامىدىن ئەسىرلەردىن بىرى مۇستەملىكچىلەرنىڭ قاتمۇ - قات زۇلمىنى چەككەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقىنى چىن قەلبىم بىلەن تەبرىكلەيمەن. ئەزىز قېرىنداشلار! ئەسىرلەپ ھۆكۈم سۈرۈپ

كەلگەن زۇلۇم زالالەت، قاراڭغۇ جاھىلىيەت قاپلىغان زامانلاردا كۆپ جەبىر ـ جاپا تارتتۇق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىدۇق. ھەتتا ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ زۇلۇم تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئىنساندەك ياشاش ھوقۇقىمىزنى قولىمىزدىن ئالدى، ئەركىنلىككە بولغان ئۈمىدلىرىمىزنى كۆزىمىزدىن يۇلۇۋالدى. شۇڭا خەلقىمىز پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا قوزغىلىپ، كۈرەش يولىغا ئاتلاندى. ئەمدى بىزنىڭ يولىمىز ئەركىنلىك يولى، ئازاتلىق يولى. بۇ يولدىن بىزنى ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. بىزنىڭ يولىمىزنى كۆكتىكى قۇياش يورۇتتى، ئۇزۇن قاراڭغۇ تۈنلەر ئازىيىپ، تاڭ قۇياشى يۈزىمىزگە قاراپ پارلاشقا باشلىدى. ئەمما ئالدىمىزدىكى مەنزىل ھەم ئۇزۇن ھەم جاپالىق. ھەقىقىي كۈرەش ئەمدى باشلاندى. مەن مۇشۇ پەيتتە سىلەرنى قۇتلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى، جانجان خەلقىمىزنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن قانلىق جەڭگاھقا ئاتلىنىشقا چاقىرىمەن! كىمكى جەڭگاھتا كۆكسىگە ئوق تېگىپ يىقىلسا ئاللاھ يولىدا شېھىتتۇر! شېھىتلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ روھى ئەبەدى مۇشۇ ئانا زېمىننى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەزىز قېرىنداشلار ياۋۇز، قانخور تاجاۋۇزچىلاردىن جانغا جان، قانغا قان ئېلىشقا ھازىرمۇ سىلەر؟

پۈتۈن مەيداندا سەپراس تۇرغان ئەسكەرلەر ۋە خەلق توپىدىن بىردەك ئاۋازدا «ھازىر! ھازىر!» دېگەن سادالار ياڭرىدى. بۇ ياڭراق سادالار تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ ئىلى بوستانلىقلىرىغىچە يېتىپ باردى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىئارام بولۇپ، غەم ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا تولغىنىپ ئاققان تارىم دەرياسى قەشقەر خەلقىنىڭ ياڭراق سادالىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن جەڭگىۋار، مەردانە قىياپىتىنى

ئاشكارىلاپ، جوش ئۇرۇپ، شاۋقۇن چىقىرىپ، ئۆركەش ياساپ ئېقىپ، بۇجغۇنلىغان سۇلىرىنى قىيان تاشلارغا ئۇرۇپ، مەرۋايىت دانچىلىرىنى ئەتراپقا سىخىلىك بىلەن چاچرىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. بۇ ياڭراق سادالار تۈرتكىسىدە مىللەتنىڭ تەقدىرى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى جاھىلىيەت تۈتەكلىرى قاپلاپ كەلگەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چارلاشقا، تەڭرىتاغ ئاتىنىڭ گىگانت گەۋدىسى مىدىرلاشقا، ئۈن - تىنسىز ئېقىپ كېلىۋاتقان ئىلى دەريالىرىمۇ دولقۇنلاشقا، نەچچە ئەسىردىن بېرى پۈشۈلداپ ياتقان بۇ قەدىمى تۇپراق سىلكىنىشكە باشلىدى.

سابىت داموللام بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزلىرىنىڭ تونىنى تېخىمۇ ۋەزىنلىك قىلىپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

- مۆھتەرەم ئەزىز يۇرتداشلىرىم! كىندىك قېنى مۇشۇ ئەزىزانە قەشقەرگە تۆكۈلگەن ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا مۇنداق ئالتۇن قۇرلارنى تىزغان ئىكەن: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەرنىڭ بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ.»

بۇ سۆزلەردىن بىزنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئېسىل سەلتەنەتلەرنى سۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ بېشىمىزغا مۇدھىش كۈلپەتلەر كەلدى. بۇ كۈلپەت - زۇلۇملارنىڭ تۈپ يىلتىزى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرىپ، دۆلىتىمىزنى مۇنقەرز قىلىپ، خەلقىمىزنى قۇللۇق، جاھىلىيەت زەنجىرى بىلەن چىرماپ، بىزنىڭ روھىيىتىمىزنى قۇللۇققا مايىل قىلىپ قويغانلىقىدىندۇر. مانا ئەمدى خەلقىمىزنىڭ روھى قايتىدىن تىرىلدى. ئەسىرلەردىن بېرى تەلمۈرۈپ، ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن قۇياش بىزگە باقتى. ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەمدى تولۇق ئويغانمىساق، ئەمدى قولىمىزغا قورال ئالمىساق ئاللاھمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئېلى ئوغلانى سادىر پالۋان: «ئاتاڭ ئەردۇر، ئەردەك قىلىق قىل» دېگەن ئىكەن. شۇڭا بىز ئەجدادلار يولىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ياشنىتىپ، ئۆز دۆلىتىمىز شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز! دۆلەت بايرىقىمىز ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق. بۇ دېمەك دىنىمىز مۇقەددەس ئىسلامنىڭ روھى ئاستىدا ئىمانىمىز بىلەن بۇ يولدا ئاداقىچە ماڭىمىز. ھەمدە كۆكرەكنى مۇقەددەس بىلگەن ئوغۇزخان ئاتىلىرىمىزنىڭ مىللىي روھى بىلەن كۈرەش يولىمىزنى يورۇتىمىز. خۇلاسە قىلغاندا كۆپ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر چېكىپ تۆمەن - تۆمەنلەپ مەزلۇم مىللىتىمىزنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈپ، كۆپلىگەن جايلىرىمىز دۈشمەن تەرىپىدىن ۋەيران بولۇش بەدىلىگە قۇرۇلغان مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنى ۋە

سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى يەنە قولىمىزدىن بەرمەي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نىزاملىق ۋە قائىدىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتىغا قەتئىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش ۋىجدانى ۋە ئىمانى بۇرچىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆلكىلىرىدىن تاللانغان ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى يەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي، مالىيە ۋە ئەدلىيەگە ئوخشاش مەخسۇس كەسىپتە يېتىشكەن زاتلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئالىي ھۆكۈمەت مەھكىمىسى تۇرغۇزۇلدى. مەملىكەتتىكى ھەر خىل ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى شۇ ئالىي مەھكىمىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق باش شۆبىسىگە قاراپ ئىتائەتتە بولۇشى شەرتتۇر. بىز قۇرۇپ چىققان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى خەلقنىڭ ئامانلىقى، تىنىچ ـ بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆز تىرىكچىلىكىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئادالەتنىڭ قۇياشى ئاستىدا خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنشائاللاھ ھەربىر ئىشىمىز ياخشى ھالەتكە كېلىپ، مۇشى مەزلۇم خەلق مىللىي ئازاتلىق ئاپتىپىنىڭ زىياسىدىن كۆپ مىقداردا پايدىلىنىپ، قەددى كۆتۈرۈلۈپ، پەيزى سائادەت ۋە ئىززەت ئىقبالىدىن مەمنۇن بولۇپ، بەختىيارلىق ئىچىدە ياشار دەپ ئۈمىد كۈتىمىز. ئەلھەمدۇلىللاھ! ھازىر مىللىي ئازاتلىق دەۋرگە چىقتۇق. ئۆز ئۆزىمىزنى تونۇپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىپ، خانىدان مىللىتىمىزنى ھەر خىل زىيان ۋە زەخمەتتىن مۇھاپىزەت قىلىپ، تا ئاداققىچە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش يولىمىزنى داۋام قىلىمىز. تېخى بىز ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئالدىمىزدىكى يول تېخىمۇ مۇشەققەتلىك. بۇ مۇشەققەتلىك ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشلەردە مىللەتنىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇن ئېغىر تراگېدىيەلىك ھالاكەتلەر كېلىشى مۇمكىن. ۋەلېكىن ئازاتلىق يولىدىكى مۇنداق ھالاكەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە بىزگە مىللىتىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، ئانا يۇرتقا بولغان سۆيگۈمىزنى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېس قىلدۇرىدۇ. مىللىتىمىز مۇنداق ھالاكەتنىڭ زەربىسىدە، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ تىرىلىپ، چېھرىنى بويلاپ چىققان قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يورۇتۇپ ماڭىدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن سەلتەنەتلىك يوللارنى بويلاپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى دەسسەپ، توختاۋسىز قەدەملىرىمىز بىلەن ئازاتلىق ئۇچۇن داۋاملىق كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

بۇنىڭ بىلەن مەيداندا 41 دانە توپ ئېتىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالدىن تەييارلانغان كۆك بايراقلار يەنە ئېچىلىپ، ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ بىر روھ بىلەن مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنە قىلىندى ۋە ئارقىدىنلا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىم ـ زاتلىرى ئېلان قىلىندى:

دۆلەت رەئىسى: خوجانىياز ھاجى

باش مىنىستىر: سابىت داموللام

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى: سەئىدزادە يۇنۇس بەگ

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى: قاسىمجان ھاجى

مائارىپ مىنىستىسى: ئابدۇلكەرىمخان مەخسۇم

ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى: ئورازبەگ

ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى: زىرىپ قاراجىم

مالىيە مىنىستىرى: ئەلى ئاخۇنباي

......................

ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىم شەرىپى ئاتىلىپ بولغاندىن

كېيىن يەنە خەلق قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئۇلارنى ئۇزۇنغىچە تەبرىكلىدى. ئەتراپقا قاتار - قاتار قادالغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار خۇددى ئوغۇزخان قوشۇنلىرىغا يول باشلىغان كۆك بۆرىنىڭ يالىسىدەك يالتىراپ، كەچ كۈزنىڭ سەلكىنىدە توختىماي لەپىلدەپ، گۈلدۈر - قاراس سادالارغا جۆر بولماقتا ئىدى. ئەسىرلەردىن بېرى تەقدىرى شۇنچە كاج بولۇپ كەلگەن تىلەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى چىن بولغاچقا بۈگۈن بىر كۈن بولسىمۇ مۇرادىغا يېتىپ بۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. سابىت داموللامنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى، ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن تويغان ۋە قان ياشلىرى بىلەن تولغان قەشقەر خەلقىنىڭ كۆڭۈللىرىدە بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئەنە ئاشۇ كۆك بايراقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرۇشلىرىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى، كىشىگە قانچىلىك بەختىيار بىر تۇيغۇ بېرىدىغانلىقىنى ئەزىزانە قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ بىغۇبار قەلبىدە ھېس قىلىشماقتا ئىدى. بۇ زېمىننى سۆيۈپ قوچاق ئاچقان قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆز نۇرلىرى كۆك بايراقنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇياش نۇرلىرى بىلەن تۇتىشىپ بىر ئۇيۇق سىزىقنى ھاسىل قىلغانىدى. مانا ئەمدى كۆك بايراقنىڭ ئانا تۇپراققا چۈشۈرگەن غۇۋا شولىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي روھىنى تىرىلدۈردى. بۇ روھنىڭ تىرىلىشى ئانا تۇپراقنى دەسسەپ تۇرغان ھەربىر ئۇيغۇرغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ روشەن تونۇتىۋاتاتتى. كۆك بايراقنىڭ كۆكىش نۇرلىرى تۈمەن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلىرىنى دولقۇنلىتىپ، سىرلىق سوقۇشلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇزلىغان ۋۇجۇدىنى ئىللىتىشقا باشلىدى. كۆك بايراق جۇشقىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زەئىپ روھىدىكى يامان خەۋپ ۋە خەتەر ئىزتىراپلارنى بىردىنلا كۆتۈرىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىككەن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاشىقنىڭ شېھىدلىرى

زامان پۇرسەت كۆزەتتى،

ئوغرى تۈزنىقنى قۇردى.

بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،

قاچىسا قانداق قۇتۇلار؟

— «تۆركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يولنىڭ غولى بولغان يېڭىسار تارىختىن بۇيان يېپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ ھېسابلىناتتى. مانا بۇ مۇھىم قورغاننى ھازىر ئەمىر ئابدۇللاھ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئادەتتىكى بىر ئەركىنلىك جەڭچى بولۇپلا قالماي، بەلكى پىشىپ يېتىلگەن، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىك بىر قوماندان ۋە ئۇستا بىر سىياسىيون بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلق ئۇنى ھۆرمەتلەپ «شاھمەنسۇر» دەپ ئاتايدىغان بولدى. شاھمەنسۇر بولسا ئاكىسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇ ماڭغان يولدا مېڭىپ، نۇرغۇن جەڭلەردە باھادىرلىق كۆرسەتتى ۋە نۇرغۇن جەبىر - زۇلۇملارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۆزى ئىشەنگەن بۇ يولدا ئىرادىسىدىن ھەرگىز

يانمىدى. بۇ يولدا يۈرگەنسېرى ئىرادىسى كۈندىن ـ كۈنگە تاۋلاندى، كۈچەيدى، پولاتتەك قاتتى. ئۇ بۇ يولدا نۇرغۇن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىغا ئاتىدىغان ئىدى. بۇ كۈرەش يوللىرىدا ھازىرغىچە بۇ زېمىندىكى نۇرغۇن قۇم ـ باراقسانلىق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا، ئەمدى بۇ يوللار ئۇنىڭ ئىچىگە، قەلبىگە تۇتاشقان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ بۇ ياشلىق ھاياتىدا ئۆزى ئۈچۈن ھېچ بىر نەرسە ئىستىمىدى. پەقەت ئىستەكلىرى ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بولدى. پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىستىكى بىلەن قىلدى. بۇنداق قىلىشقا ئۇنى ھېچ كىم زورلىمىدى، ئۇنى زورلىغان پەقەت ۋەتەنگە بولغان ئىشقى ۋە قەلبىگە تۇتاشقان ئىشقى يولى ئىدى. ئۇ ۋەتەن ئىشقىدا ئۆلۈشكە رازى ئىدى. شۇڭا ئۇنى «شاھمەنسۇر» قىلغان شۇ ئۆزى ئىشەنگەن ۋەتەن ئىشقىنىڭ ئىچىگە تۇتاشقان يولى ئىدى. بەزىلەر ئۆزى ئىشەنگەن يولدىن ئۆزىنى ئۆلۈمگە بىلسە، ئۇ ئۆزى ئىشەنگەن يولنى ئۆزىدىن ئۈلۈغ بىلگەن ئىدى. ئەگەر كىشى ئۆزىنى ھەقىقەتەن ئۆزى ماڭغان يولدىن ئۈلۈغ دەپ بىلىدىغان بولسا، ئۇ ھەتتا ھەزرىتى سۇلايمان پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ ھامان گۇمران بولىدۇ.

مانا ئەمدى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، قەشقەردىكى ئىنقىلابىي قوشۇن يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن تېخىچە بوشاڭلىق قىلىپ ياتقان ئىدى. 6000 كىشىلىك ئەسكىرى بار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، يېڭىشەھەردىكى 1500 كىشىلىك تۇڭگان قوشۇنى بىلەن كۈچ ئېلىشالماي ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىۋېتىپ باراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاران قولغا چۈشكەن پۇرسەت بارماقلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىن ساقىپ كېتىۋاتقان سۇدەك قولدىن كېتىۋاتاتتى. گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى كىشىنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدىغان داغدۇغا بىلەن قۇرۇلۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئارزۇ قىلغان مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەندەك قىلغان بىلەن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى ھەقىقىي ئۇيغۇرنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆچلەردىن تەركىب تاپمىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئازراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. مەيلى ھۆكۈمەت تەشكىلى قۇرۇلمىسىدا بولسۇن، مەيلى ئەسكىرى قۇرۇلمىدا بولسۇن ھەرخىل مۇرەككەپ كۆچلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى زامان بىرمۇبىر ئىسپاتلاۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئەسكىرى قاتلامدا مەسىلە ئوبدانلا ئېغىر ئىدى. مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ئىچىدە قەشقەر خەلقىدىن ئېلىنغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەر ئۆزبېكىستاندىن قېچىپ چىققان ئۆزبېك كۆچلىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بىلەن قىرغىزىستاندىن قېچىپ كەلگەن قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ھەرۋاقىت ئۆزىنىلا ئويلايتتى، ھەرگىز بۇ زېمىندا قۇرۇلغان بىر دۆلەت ئۈچۈن جانلىرىنى بىكاردىن بىكارغا پىدا قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. دائىم مەنپەئەتكە قاراپ ھەرىكەتكە ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرغىز قوماندان ئادىبەگ بىلەن ئۆزبېك قوماندان يۈسۈپجاننىڭ ئوتتۇرىسىدا دائىم سۈركىلىش بولۇپ تۇراتتى. بۇ سۈركىلىشلەرگە سەۋەب بولغان نەرسە ھەرۋاقىت كىچىك ئىشلار ئىدى. ئەمما بۇ كىچىك ئىشلار چوڭ ئىشلارنىڭ يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. بىر قېتىم كۆرۈلمىگەن بىر كۆچنىڭ كۆشكۈرتىشى بىلەن «ئادىبەگ ھاراق ئىچىپتۇ» دەپ قىرغىز قوماندانلىرىدىن ئابدۇخالىق بىلەن ئۆزبېك

قوشۇنىنىڭ قوماندانى يۈسۈپجاننى كۆشكۆرتۈپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئادىبەگنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى ۋە قول ئاستىدىكى 500 قىرغىز ئەسكەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى. بۇ ۋەقە ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇخالىق بىلەن يۈسۈپجاننىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. بۇ سۈركىلىش كۆچەيگەندە ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭمۇ ئادىبەگدەك ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى پانا تارتىپ يەركەنگە كەتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرى كۈچ ئاكتىپ بىر ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇدائىپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار قەشقەر كونا شەھەردە گۇرۇھ بولۇپ مۆرىسىگە ئېسىۋالغان قوراللىرى بىلەن ئۆزئارا بىر ـ بىرلىرىگە ھەيۋە كۆرسىتەتتى. بۇنداق زىددىيەتلىك بىر ۋەزىيەت ئاستىدا يېڭىشەھەرنى بېسىپ ياتقان تۇڭگانلارنىڭ خورىكى كۆندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى بولغان ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغان خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غالجىرلىششقا باشلىغانىدى. ھەتتا ئۇلار پات ـ پات يېڭىشەھەردىن چىقىپ، ئەتراپتىكى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالان قىلىپ، ئۆزىگە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى توپلاش بىلەن بىرگە يەنە ھال كۈنى ياخشى بايلارنى ئۆلتۈرۈپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىگە چاڭ سالاتتى. تېخى جاسارىتى ئۆرلىگەن چاغلاردا، كونا شەھەردىكى ئەسكىرى كۈچلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىشتىن تەپتارتمايتتى. مانا بۇ پاراكەندىچىلىكتىن ئەنسىرەپ قالغان سابىت داموللام 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆزى مەخسۇس يېڭىسارغا كېلىپ شاھمەنسۇر بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە قەشقەر يېڭىشەرھەرنى ئېلىشنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، مەخپى

پىلان تۈزۈشتى. نەتىجىدە قەشقەر يېڭىشەھەرگە بىرلىكتە بىرلا ۋاقىتتا تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. يەنى جەنۇب ۋە شەرق تەرەپتىن شاھمەنسۇر ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان، غەرب بىلەن شىمال تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ھۇجۇم قوزغايدىغان ۋاقىت سائەتلەر ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە قاتتىق مەخپىي تۇتۇلىدىغان بولدى. بۇ ئۆزئارا كېلىشىشتىن مەمنۇن بولغان سابىت داموللام ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشكەن قوماندانلاردەك ناھايىتى مەغرۇر قەشقەرگە قاراپ يول ئالغان ئىدى.

1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دەل سابىت داموللام بىلەن شاھمەنسۇرنىڭ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قوزغاشقا پۈتۈشكەن كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى شاھمەنسۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خوتەن ئارمىيەسىدىن 500 كىشىلىك بىر قوشۇنغا باش بولغان قوماندان ئابدۇغىنى ئاخۇن ئالدىن يولغا چىقىپ، يېڭىشەھەردىن ئون بەش كىلومېتىرلىق يىراقلىقتىكى تازغۇن كەنتكە يېتىپ كەلدى. ئەمما شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئىچىدە ئىختىلاپ تۇغۇلغانلىقتىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. مانا بۇ ئەسكىرى يۈرۈش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن يېڭىشەھەردىكى ماجەنسا تازغۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئابدۇغىنى ئاخۇننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈچ ئارىسىدا قاتتىق بىر مەيدان جەڭ بولدى. لېكىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئابدۇغىنىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ، نائىلاج دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا بۇ قوشۇندىن 200 گە يېقىن ئەسكەر شېھىت بولغان بولۇپ، قالغان 300 ئەسكەر تۇڭگانلارغا ئەسىرگە چۈشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوماندانلىرى گەرچە بۇ جەڭدىن خەۋىرى بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ـ بىرىگە بەس سېلىپ، ھەربىر گۇرۇھ ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تارغۇنغا كېلىپ خوتەن قوشۇنلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى راۋا كۆرمىدى. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق نارازى بولغان شاھمەنسۇر 200 ئەسكىرىنى يېڭىساردا قالدۇرۇپ، ئۆزى يەركەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كېيىن باش قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمىر ساھىب مىڭدەك قوراللىق ۋە قورالسىز ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە يېڭىسارغا كەلدى. ئۇنىڭغا باش قوماندان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا: ئەگەر قەشقەردە قىرغىز بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىلا بولىدىكەن، ئۇلارغا ياردەم ئۈچۈن ھەرگىز ئەسكەر يوللىمايسەن،ـ دەپ، بۇيرۇق بەرگەن ئىدى.

تازغۇن پاجىئەسىدىن كېيىن قەشقەردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسكىرى كۈچلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا سابىت داموللامنىڭ كۈچى يەتمەي قالدى. ئەنە شۇنداق ئۆز ئىچىدە پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشى داۋاملىق كېچىكتۈرۈلدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا خوجانىياز ھاجىم تۇڭگانلار بىلەن جىددى ئۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىملىق جەڭدە يېڭىلىپ، ئاخىرى تاغ يولى بىلەن ئاتۇشقا قاراپ ماڭغان ئىدى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىققانلىقى خوشاللىق بىر ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما «بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قۇم ياغار» دېگەندەك، قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا زور بىر بالايىئاپەت يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاپەتنىڭ زادى قانداق بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەسلى

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى
www.uyghurkitap.com

ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىغا نەزەر كۆزىمىزنى ئاغدۇرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشلار ئەسلىدە ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى بىلەن تەڭلا باشلانغانىدى.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قىش باشلىنىش بىلەن تەڭلا ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. دەسلەپتە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تېز ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى داۋاملىق قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ شەھەرنىڭ جەنۇبى قوۋۇق تەرەپتە جەڭ بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. گەرچە بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ھۇجۇمنى ھېچ بوشاشتۇرۇپ قويماي جەڭ قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى توپلاپ ئۈرۈمچىنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى ئايروپىلان ئىستانسىسىنى بېسىۋېلىپ، ئىككى ئايروپىلاننى پاچاقلاپ تاشلىدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. مانا مۇشۇنداق جىددى پەيتتە بىرقانچە مىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى 30 ئايروپىلان، بەش تانكا، يىگىرمىدىن ئوشۇق تۆمۈر كوڭكا بىلەن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا باستۇرۇپ كىردى. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى قورغاستىن كىرىپ، ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، يەنە بىر قىسىم سوۋېت ئەسكىرى كۈچى چۆچەك چېگراسىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن ئىدى. مانا بۇ كۈچلۈك سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ئۈرۈمچى بوسۇغىسىنى دەسسەش بىلەن تەڭ ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن بىردەك ما جۇڭيىڭنىڭ

قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، تۇڭگان قوشۇنلىرىنى تىرە پىرەن قىلىۋەتتى. تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەرگەن شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئەسكىرى كۈچلىرى بۇ ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا بالا بولغان ما جۇڭيىڭنى ئۇدۇل ئاپىرىپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىرىغا بالا قىلىپ سالماقچى بولدى. بۇنداق بولغاندا «بىر پاي ئوق بىلەن ئىككى قۇشنى تەڭ ئاتقاندەك» ئاقىلانە ئىش قىلغان بولاتتى. شۇڭا شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت قوشۇنلىرى توختىماي ھاۋادىن بومباردىمان قىلىپ، تۇڭگانلارنى جەنۇب تەرەپكە سۈرۈپ قوغلىدى. 38 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان شېڭ شىسەينىڭ قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىگە چۆككەن خاۋاتىرلىقلار ئەمدىلىكتە بولسا، ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا خىتايلارنىڭ كىشىگە ھىلە ـ مىكىرلىكنى، ئۆز دۈشمىنىنى قانداق بويسۇندۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر» ۋە «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە يادلاپ چوڭ بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، زامانىۋى ھەربىي ئىلىملەرنى ياخشى بىلگەچكە، ما جۇڭيىڭدەك شاش ئاق بوز ئاتنى قانداق قىلىپ قوتانغا ئەكىرىشنى، خوجانىياز ھاجىمدەك تاغ ئارسلانلىرىنى قانداق قىلىپ قەپەزگە سولاشنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇ قېتىم «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ناملىق كىتابىدىكى «ئۆتنە ئالغان پىچاق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش» ھىلىسىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان بولۇپ، رۇسلارنىڭ ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، گىلىغا پىچاق تەگلەپ، دىۋەيلەپ تۇرغان دۈشمىنىنى چېكىندۈرگەننى ئاز دەپ، ئۇنى يەنە بىر دۈشمىنىنىڭ

ئۈستىگە بالا قىلىپ سېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى.

ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ تۇرپانغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى. بىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىش يولى، يەنە بىرى بولسا داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىش يولى. مۇشۇنداق ئىككى يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغاندا، شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي كۈچلىرى ئايروپىلان ئارقىلىق تۇرپاننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى يەرگە ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ۋاراقچىلارغا «تۇرپان شەھرىنى بومباردىمان قىلىمىز. ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ چىقىرىپ، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئۇيغۇرلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز» دەپ، يېزىلغان ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ ئارقىلىق بىر چەتتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئۆزىنى ياخشى چاق قىلىپ كۆرسەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن تۇڭگانلارغا ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى جەنۇبقا قوغلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. ئەمما، ما جۇڭيىڭ بۇ تەھدىتلەرگە پىسەت قىلماي، تۇرپاندا مىدىرلىماي تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئاسماندىن بومبىلارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ھاۋادىن چۈشكەن بومبىلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى نەتىجىسىدە، نۇرغۇن بىگۇناھ تۇرپان ئاھالىسى ئىسسىق جانلىرىدىن ئايرىلدى ۋە ئۆي ماكانلىرى كۆيۈپ كۇل بولدى. ما جۇڭيىڭمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۈستىدىن ياغدۇرغان بومبىلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا بارغانسېرى ئۆز كۈچىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرى قارا شەھەر ۋە كورلا تەرەپكە قاراپ قاچتى. ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ما جۇڭيىڭ خاۋاتىرلىق ئىچىدە ئامالسىز جەنۇبنىڭ يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر يولى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز يۇرتى گەنسۇنىڭ يولىغا مېڭىشتىن ئۆلگەندەك قورقاتتى.

چۈنكى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئەجىلىنى ساقلاپ تۇرغان دۈشمىنى مابۇفاڭ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ قارا شەھەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. تۇڭگانلار قارا شەھەرگە كەلگەن چاغدا، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى ئۇلارغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپ قاتتىق تىركەشكەنلىكتىن، ناھايىتى قانلىق بىر مەيدان جەڭ يۈز بەردى. جەڭ تازا پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغدا، تۇڭگانلار ھىلە ئىشلىتىپ چوڭ يولنى تاشلاپ دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان قەشقەردىن ياردەمگە كەلگەن ھاپىز تەنجاڭنىڭ قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈرگەندىن كېيىن، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا كىرىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى تۇڭگانلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، قارا شەھەر بىلەن كورلىنى تاشلاپ كۇچاغا چېكىندى. گەرچە تۇڭگانلار كورلىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى بەكتېق قوماندانلىق قىلغان 3500 كىشىلىك زور بىر قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. بۇ قوشۇن چوڭ يولنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، تۇڭگانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ تۇرۇپ زەربە بېرىپ، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى كورلىدىن قوغلاپ چىقاردى. نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قاچقان تۇڭگان قوشۇنى يەنە جەنۇبقا قاراپ قېچىپ، كۇچا تەرەپكە يول ئالدى. سوۋېتنىڭ رۇس، تاتار ۋە قازاق، خىتايلاردىن تەركىب تاپقان نەچچە مىڭ كىشىلىك زور بىر موتورلاشقان قوشۇنى چوڭ يولنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. سوۋېت تەرەپنىڭ مەقسىدى خوجانىياز ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭنى ئۇرۇشقا سېپ قويۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماجۇڭيىڭ ئاجىزلىغاندا ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، يىلتىزىدىن بىراقلا يوقىتىش ئىدى. شۇڭا گېنېرال بەكتىنى كۇچاغا ئالدىرىماي يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك كۇچادا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق بىر مەيدان جەڭ بولدى. جەڭدە يەڭگىنى يەنىلا تۇڭگانلار بولدى. چۈنكى تۇڭگانلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىن باشقا يولى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار جان تىكىپ كۇچانى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن تۇڭگانلارنىڭ قوشۇنى مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن قوشۇن بولۇپ، قورالّلىرىمۇ خىل ئىدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان باللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورالنىڭ تايىنى يوق ئىدى، بۇنداق بىر قوشۇن بىلەن تۇڭگانلارغا تەڭ كېلىشى سەل تەس ئىدى. شۇڭا ئازراق جەڭدىن كېيىن گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى بايغا قاراپ چېكىندى. ماجۇڭيىڭ كۇچانىمۇ غەلىبىلىك قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىنى قايتا رەتكە سالدى. ئەمما ئۇنىڭ كۈچى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. دەل مۇشۇنداق قىيىن بىر چاغدا، ماجۇڭيىڭنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ، ئىلىدىن مەغلۇب بولۇپ قاچقان تۇڭگان قوشۇنلىرى مۇزات داۋىنى ئارقىلىق كۇچاغا يېتىپ كەلدى. بۇ قوشۇننىڭ سانى 3000 ئەتراپىدا بولۇپ، ھەممىسى ئېسىل قورال بىلەن قوراللانغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىلىدىن مەجبۇرى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ياش ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىمۇ، يول باشلىغۇچى ۋە ئات باقار قازاقلارمۇ بار ئىدى. مەيلى تۇڭگان ئەسكەرلەر بولسۇن، مەيلى ئىلىدىن كەلگەن ئۇيغۇر بىلەن قازاقلار بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى ئويلايتتى. بۇنداق ئەھۋالنى سەزگەن سەزگۈر ما جۇڭيىڭ دەرھال ئۇلارنى يىغىپ ئۆزىنىڭ بارلىق ماھارىتىنى

ئىشقا سېلىپ، تەسىرلىك بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ما جۇڭيىڭ شۇنچىلىك قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ سۇنماس جاسارىتىنى، ھەرگىز يوقالمايدىغان ئۈمىدۋارلىقىنى ۋە نادىر ئەقىل - پاراسىتىنى ئۈلارنىڭ ئالدىدا نامايەن قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جاراڭلىق نۇتۇقلىرى ئىلىدىن كەلگەن بارلىق قوماندان - ئەسكەرلەرنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە تىڭىرقاپ قالغان ئادەمنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇنداق سەترلەر بار ئىدى:

- ئەزىز يۇرتداشلار، قەدىرلىك قېرىنداشلار، جەسۇر باش ئەگمەس ئەسكەرلەر! ھەممىڭلار مېنىڭ قوشۇنۇمغا خوش كەلدىڭلار! مەن سىلەرنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن قارشى ئالىمەن. مەن بولسام سىلەر بۇرۇنلا نام - شەرىپىنى ئاڭلىغان «بالا قوماندان» بولىمەن. مەن ھازىر بۇ يەردىكى بارلىق مىللەتلەرنى ۋە مۇسۇلمان - مۆمىنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى زور بىر تېررىتورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئۇلۇغ ئىسلام خانىدانلىقىنى قۇرۇپ چىقىپ، مۇشۇ يولنى تا مەككە - مەدىنىگىچە تۇتاشتۇرىدىغان شانلىق بىر غەلبىنىڭ ئاساسىنى مۇشۇ زېمىندا سالماقچىمەن. مۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىلەردەك باھادىر ئوغلانلارنىڭ، ئىسلام ئارسلانلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن. ئەسلىدىلا بىز بۇ ئۇلۇغ يولغا بىرگە چىققان. شۇڭا بۈگۈنكىدەك قاراڭغۇ كۈنگە قالغاندا، ئارقىغا يانغانلار بىزدىن ئەمەس. مەن ماڭغان يولۇمغا پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئىشىنىمەن. ئۆزۈم ئىشەنگەن مۇنداق ئۇلۇغ يولغا سىلەردەك ئىشەنچلىك ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە چىقماق، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭگاھلاردا بىرگە جەڭ قىلماق مەن ئۈچۈن بىر بەخت! ئەمدى «ياق مەن يۇرتقا قايتىمەن» دەيدىغانلار بولسا، يەنە مەيلى، ئىختىيار

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭلاردا، ئەگەر راستىنلا قايتىدىغانلار بولسا، ئۇلارنى يېتەرلىك يول خىراجىتى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىمىز. ئەگەر ماڭا ئىشىنىپ بۇ يولدا مەن بىلەن ئاداقچە ماڭىمىز دەيدىغانلار بولسا، بۇ مەن ئۈچۈن بۈيۈك بىر شەرەپ. سىلەرنى ئۆز جېنىمنىڭ بىر پارچىسى دەپ بىلىمەن. مەن بۇ دۇنيادا ئىمكانسىز دەيدىغان ھېچ نەرسە يوق دەپ قارايمەن. چۈنكى بىز ئىمكانسىزلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، يوقنى بار قىلغان ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭىدىغان، ئاللاھنىڭ ۋاپادار مۇجاھىتلىرى بىز! شۇڭا بىز ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقان رۇس ۋە شىمالى ئارمىيە قاتارلىق بارلىق دۈشمەنلىرىمىز بىلەن قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلساقلا، مۇقەررەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نۇسرەت قازىنىمىز. ئالدىمىزدىكى يولنى تورايدىغانلار بولسا ئۇلارنى ھاشارەتلەرنى دەسسەپ يەنجىگەندەك مىجىپ تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. مەن يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، بۇ غەلىبە ۋە نۇسرەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، گۈللەپ ياشنىشى ۋە ئەركىنلىكى، ھۆرلىكى ئۈچۈن يەنىلا سىلەرگە ئوخشاش قورقماس شىر يۈرەك ئوغلانلارغا موھتاجمەن. ھازىرچە بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سۆزلەيدىغان گەپلىرىم. يەنە ئىچىمدىن چىقىرىپ سۆزلىيەلمەي قالغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار. مانا ھازىر دۈشمەن ئارقىمىزدىن قوغلاپ بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى. بۇنداق جىددى بىر پەيتتە مەن سۆزلىگەنلىرىمنى ئاڭقىرالايدىغان، ئىدراك قىلىپ چۈشىنەلەيدىغان ئەسكەرلەرگىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىچىمدىن چىقىرىپ سۆزلىيەلمىگەنلىرىمنىمۇ ئاڭلىيالايدىغان، ئىدراك قىلالايدىغان ھەم جەسۇر ھەم ئەقىللىق سىلەردەك يىگىتلەرگە ئېھتىياجىم بار. قېنى ئەمدى قايسى يولنى تاللاش سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا.

ما جوڭيىلـك ئىككىنچى قېتىم نىگشادىن ۋەتىنىمىز زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلغان ياخشىلىقىدىن يامانلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. «بالا قوماندان» دەپ، ئاتالغان ما جوڭيىلـك بولسا ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان قاپ يۈرەك، شۇنچىلىك رەھىمسىز ھەمدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر كۆچ بىلەن خەقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان سېھرى كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، ئۆزى ئورۇق، ئېگىز بويى كەلگەن، تىرىلىرى سىلىق ۋە ئاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاق بوز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى رۇسلاپ، مەغرۇر ئولتۇرۇشلىرىدىن ھەرقانداق كىشى ئەيمەنمەي تۇرالمايتتى. ئۇ ھەرقانداق جەڭگە ئۆزى باش بولۇپ، ئاق بوز ئېتىنى چاپتۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ئايروپىلاننىڭ ئۈستىدىن بومبىلارنى ياغدۇرسىمۇ پىسەنت قىلماي قويماي، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلاتتى. مانا ھازىر شۇنچە تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، قەھرىتان سوغۇقتا مۇز چوققىلاردىن ئارتىلىپ كەلگەن ئىلى ئەسكەرلىرى ما جوڭيىگنىڭ بۇ تەسىرلىك، جەڭگىۋار نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۇلارغا قايتىدىن جان كىرىپ، روھى تىرىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جەڭگىۋار ھالىغا كەلگەنىدى. ئەسلىدىلا ئۇلار مۇشۇ «بالا قوماندان» ئۈچۈن يولغا چىققان پىدائىيلاردىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ما جوڭيىگنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلىمىغان بىرمۇ ئەسكەر يوق ئىدى. مانا ھازىر ئۇ قوماندان كۆز ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ما جوڭيىگنىڭ قوشۇنىغا ئۆز مايىللىقى بىلەن بىردەك قوشۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ما جوڭيىگنىڭ ئولتۇرۇشقا باشلىغان خانىدانلىقىنىڭ قۇياشى قايتىدىن شەپەق قىزارتىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خارەكتىرىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولغان چېكىدىن ئاشقان ئاشقۇن قارا نىيىتى، ئاق كۆڭۈل، ئاددى كىشىلەرنىڭ ئۇستىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆز غەلىبىسىنى نامايەن قىلغان ئىدى. ئۇلار ھېچقانداق شۇملۇقنىڭ بىشارىتىنى تۇيمايلا، بۇ قارام، قارا نىيەت «بالا قوماندان»نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا خوشنۇتلۇق بىلەن چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ ھادىسە بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپلا شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى كۇچاغا يېتىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ بۇ زور قوشۇن ئالدىدا ئۆز ماھارىتىنى قانچە كۆرسىتىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى يېڭىلىپ، جەنۇبقا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ داۋاملىق چېكىنىش جەريانىدا بىر چەتتىن يەرلىك خەلقتىن مەجبۇرى ئۆزىگە ئەسكەر ئالسا، يەنە بىر چەتتىن ئۇچرىغانلا يەرلەردىكى خەلقنى بۇلاپ ئۆزىگە يەم - خەشەك توپلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەنلا زېمىندىن ئوت بىلەن قان ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتەشتە كۆيۈپ، گىياھ ئۆسمەيدىغان بولۇپ قارىداپ كېتىپ باراتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئايروپىلان ۋە تانكىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن شۇنچىلىك ھۈركۈپ، ئەجەل ھودۇقۇشى ئىچىدە، چېكىنىش يولىدىكى بارلىق توسۇقلارنى قۇيۇنتازدەك سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ، يۇلۇپ ئۇچۇرۇپ خانى - ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى. چېكىنىش يولىنى تورىغان ھەرقانداق قوشۇن ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، يىقىلسا قايتا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆلسە يەنە تىرىلىپ، ئاقسۇ بايىغا يېتىپ كەلدى. مۇشۇ چاغلاردا بۇ ھايات، ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقەتەن رەھىمسىزلىك قىلىۋاتاتتى. چۈنكى ھايات ئۇيغۇر خەلقىدىن باشتا ئىمتىھان ئېلىپ، ئاندىن دەرس بېرىۋاتاتتى. ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ھەر قېتىم تۇتۇشقاندا ئۇيغۇرلار

بەزىــدە بىپەرۋالــق قىلــپ يېڭىلســە، بەزىــدە جاسارەتســىزلىك قىلــپ يېڭىلــپ، بــۇ يــاۋۇز هايۋاننــى قورونــۇك ئىچىدىــن قەدەممۇ قــەدەم هوجرىنىــڭ ئىچىگــە باشــلاپ ئەكىرىۋاتاتتــى. ئۇرۇشــۇپ بىــر - بىرىنــى قىرىۋاتقــان تــۇڭگان ۋە ئۇيغۇردىــن ئىبارەت هــەر ئىككىــلا تەرەپنىــڭ قولىــدا ئىسلام بايرىقــى بــار ئىــدى. بــۇ ئىككــى تــەرەپ بــۇرۇن بىــر - بىرىنــى بېشىــغا ئېلىــپ كۆتۈرگــەن بولسا، هازىــر بىــر - بىرىگــە ئــوق ئېتىــپ ئۆلتــۈرۈپ، قېرىنداشــلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنــى ئاياقلىرىنىــڭ ئاستىدا يەنجىۋاتاتتــى. ئەسلىدە ئــەڭ توغرىسى تەڭمۇ - تــەڭ، يانمۇ - يــان، مۈرىنــى - مۈرىگــە تىــرەپ تــۇرۇپ، ئــەڭ چــوڭ دۈشــمەن شــىڭ شىســەيگە قارشــى تۇرۇشــنىڭ كېرەكلىكىنــى ئەقلىگىمــۇ كەلتۈرمىــدى. ئەقىــل ئىنســانلارغا بېرىلگــەن ئاللاهنىــڭ ئــەڭ بۈيــۈك هەدىيەســىدۇر. بــۇ هايــات يولىــدا بەزىلــەر بــۇ ئەقىلنــى قوللىنىــپ دۈشــمەننى توغــرا تونــۇپ، ئۇنــى يوقىتىشــقا ئىشلەتســە، بەزىلــەر بــۇ ئەقىلنــى قوللىنىــپ ئۆزىنىــڭ گۆرۈنــى ئــۆزى كولاشــقا ئىشــلىتىدىكەن. دېمــەك «كىــم تۆتــۈن قويۇرسا، ئــۆزى ئىســلىنۇر» دېگــەن مۇشــۇ بولسا كېــرەك.

بايــدا گېنېــرال مەهمــۇد مۇهىتــى خوتەنديــن ياردەمگــە كەلگــەن قىســملار بىلــەن ئىستىهكام قــۇرۇپ، تۇڭگانــلار بىلــەن جــەڭ قىلدى. ئەممــا بــۇ جــەڭمۇ ئوخشاشــلا ئوڭۇشــلۇق بولمىــدى. تۇڭگانلارنىــڭ خىــل قورالىرىدىــن ئۈزۈلمــەي ئېتىلىۋاتقــان ئوقلارغــا، تــوپ - زەمبىرەكلىرىنىــڭ پارتلىتىشــلىرىغا گېنېــرال مەهمــۇد مۇهىتىنىــڭ ئىســتىهكاملىرى بەرداشــلىق بېرەلمىــدى. تــۇڭگان ئەســكەرلىرىنىڭ چاقماقتــەك تېــز هۇجۇملىــرى نەتىجىســىدە ســەپلىرى بۇزۇلغــان ئۇيغــۇر قىســىملىرى ئاقسۇغا قــاراپ قېچىشقا باشــلىدى. ۋەزىيەتنىــڭ جىددىيلىكىنــى پــەرق ئەتكــەن خوجانىيــاز هاجىــم ئاقســۇدىكى ئىسمائىل باينىــڭ قــول ئاســتىدىكى ئەســكەرلەر بىلــەن بىرلىكتــە

www.uyghurkitap.com

ئاقسۇ بىلەن باينىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قارايۇلغۇن دېگەن جايغا كېلىپ ئىستىھكام قۇردى. بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئەسكەرنىڭ سانى، بايدىكى جەڭدىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قىسىملىرىنى قوشقاندا جەمئىي 12000 غا يەتكەن ئىدى. ئالدىدىكى يولنى ئەنە شۇنداق زور بىر قوشۇننىڭ توراپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، تۇڭگانلار يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قارايۇلغۇنغا يېتىپ كەلدى. گەرچە خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى تۇڭگان قىسىملىرىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسكەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى دېھقان پىدائىلار ئىدى. بۇلارنى تۇڭگانلار ئوبدان بىلگەچكە، خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوشۇننىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇلارنى قورقۇتالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجانىياز ھاجىمنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلە بىر جەھەتتىن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالمايلا جەڭگە كىرگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تۈزۈكرەك قوراللار يوق بولۇپ، تولىسى ئادەتتىكى كونا قوغۇشۇن ئوقلۇق مىلتىقلار ئىدى. بۇنداق بىر قوشۇن مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ئالغان ھەم قوراللىرى ئىلغار تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنى تەمتىرەشكە باشلىدى ۋە بىردىنلا جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى يوقاتتى. ھەتتا بەزىلىرى توپ ـ توپ بولۇپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان خوجانىياز ھاجىم ئۆزى باش بولۇپ تۇڭگانلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ جەڭ قىلدى. ئۇرۇشتا ئىسمائىل بايمۇ ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسىتىپ ئۆز قوشۇنى بىلەن ھېچ ئارقىغا چېكىنمەي جەڭ

قىلىشاتاتتى. ئۇرۇشنىڭ تازا ھالقىلىق پەيتىگە كەلگەندە، بىردىنلا ئىسمائىل باينىڭ يېنىدا ئۆزىنى بويان خىزمەت قىلىپ كەلگەن، ئىسمائىل باينىڭ ئاجايىپ يۈكسەك ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن تۇڭگان خىزمەتچى قولىدىكى قورالىنى ئىسمائىل بايغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئىسمائىل باي شۇ زامان يەرگە يىقىلىپ جان بەردى. ئۇ تۇڭگان قاچاقچى بولغاندا، ئىسمائىل باينىڭ يەنە بىر ئەسكىرى ئارقا مېڭىسىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۆلتۈردى. مانا بۇ ئەھۋال «ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس، يات بىلەن تۇغقان بىر بولماس» دېگەن، ئاتىلار سۆزىنى بىزگە يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن كېيىن ئىسمائىل باينىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سېپى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. تۇڭگانلار بارغانسېرى سەپ يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىشاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن باشقا ئىككىنچى بىر يولىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئارقىسىدا ئىز قوغلاپ كېلىشاتقان سوۋېت ئارمىيەسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ چېكىنىشىنىڭ ئۆزى ئالغا بېسىشقا تەڭ بولۇپ ھېسابلىناتتى. تۇڭگانلارنىڭ داۋاملىق يېقىنلاپ ئەتراپىنى قورشاپ كېلىشاتقانلىقىنى پەملىگەن خوجانىياز ھاجىم ئاخىرى ئارقىغا چېكىنىشتىن باشقا ئىككىنچى ياخشى تاللاشنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ئاقسۇغا چېكىندى. بۇ ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرگەن خوتەن قىسىملىرى قارايۇلغۇندىن ئۇدۇل خوتەنگە قاراپ يول ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا خوتەن قوشۇنى بىلەن ئىسمائىل باينىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ جەمئىي 500 دىن ئارتۇق ئەركىنلىك جەڭچىلىرى شېھىت بولدى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ قىسمىدىن 250 تىن ئوشۇق ئەسكەر شېھىت بولدى. ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغا خوجانىياز ھاجىم ئاقسۇدىمۇ تۇرماي ئۇدۇل ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، ئۇيەردىن تاغ يولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارقىلىق قەشقەرنى نىشانلاپ يولغا چىقتى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ بۇنداق تېزلا ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن تۇڭگانلار بىر پاي ئوق ئاتمايلا ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى قولغا چۈشۈرۈپ، قەشقەرنىڭ يولىغا كۆزىنى تىكتى. ما جۇڭيىڭدىن ئىبارەت بۇ ئوت چەمبىرىكى تا تۇرپاندىن تارتىپ ئاقسۇغا كەلگىچە بولغان بۇ چوڭ يولدا دۈمۈلاپ، ئالدىغا كەلگەنلا نەرسىنى كۆيدۈرۈپ، كۆيدۈرگەنسېرى ئوت كۈچى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، غايەت زور، ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر ئوت چەمبىرىكىگە ئايلانغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ۋەھشى ئوت چەمبىرىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن غول يولنى بويلاپ دۈملاپ، ئەتراپقا ئوت يالقۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، يەر ۋە كۆكنى ئىس ـ تۈتەك بىلەن قاپلاپ، كۈننىڭ گۈزەل يۈزىنى قارا تۇمانلىرى بىلەن پەردىلەپ، بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتىپ، يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ دەھشىتىنى سىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ ئوت چەمبىرىكى قەشقەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىدىغانلا بولسا، يېڭىشەھەردىكى كىچىك ئوت چەمبىرەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭلىغان شېھىتلىرىنىڭ قان بەدىلى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىككى ھۆكۈمەتنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايدۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىپ ئاشىدىغان ئالەمشۇمۇل ئوت شارىغا ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك كۈرەشلىرىگە يول باشچى بولغانلار بۇ ئوت چەمبىرىكىنىڭ ئوت شارىغا ئايلىنىشىدىن بۇرۇن ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان

بىر سەلنى ئۆستىگە باشلاشقا ئىقتىدارسىزلىق قىلىۋاتاتتى. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بارغانسېرى كۆچىيىپ، جىددى دۇملاپ ئوت شارىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوت چەمبىرىكى، ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىق دەستىدىن ۋەيران بولۇپ ھالىدىن كەتكەن ۋە ئۆز ئىچىدىكى ئورۇنسىز جېدەللەر تۈپەيلىدىن يوغان ئېچىقلىق تۇرغان دەرۋازىسىنى تاقاشقىمۇ بىپەرۋالىق قىلغان قەشقەرگە قاراپ ئۇدۇل يول ئالدى.

دېمەك، نىزامى بۇزۇلغان بۇ دۇنيادا ئەسكىلەرنىڭ يولى تۈز، مەنزىلى يېقىن بولغاچقا ئېرىشمەكچى بولغانلىرىغا ئاسانلا ئېرىشەلەيتتى، قىلىدىغان ئەسكىلىكىنى ئوڭايلا قىلالايتتى. ياخشىلارنىڭ يولى بولسا ئەگىر، مەنزىلى ئۇزۇن ئىدى. بۇنداق يوللارنىڭ بەزىلىرى قۇم ـ باراقسانلار بىلەن تولغان دەشتى ـ باياۋانلىق يول بولسا، بەزىلىرى ئېگىز تاغ ـ داۋانلاردا ۋە بەزىلىرى قومۇشلۇقلار بىلەن تولغان سازلىقلاردىكى يوللار ئىدى. بۇنداق يوللار بەكمۇ مۇشەققەتلىك ھەم مەنزىلى بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچقا، ئېرىشمەكچى بولغانلىرىغا ئېرىشىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ياخشىلار بۇنداق يوللاردا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەسىرلەپ يول يۈرۈشكە ۋە مىليونلىغان قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ھەر يەردە قەۋرىسىز قالدۇرۇپ، مۇستەقىللىق مەنزىلىگە قاراپ تىنماي يول ئېلىشنىڭ كېرەكلىكىنى، ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قالغان يولنىڭ گۇڭگا نىشان ـ بەلگىلىرى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

مانا شۇنداق قىلىپ ئاقسۇنى تۇڭگانلارغا تاشلاپ چېكىنگەن خوجانىياز ھاجىم 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن ئىدى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئاتۇشقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سابىت داموللام يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىدەك بىر ھاياجان بىلەن ئالدىغا بېرىپ بىر قوللۇق ھال سورىدى ۋە خوجانىياز ھاجىنى دەرھال قەشقەر شەھەر ئىچىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغ دەل ئون بىر ئاينىڭ سۇلتانى بولغان ئۇلۇغ رامىزان ئېيىغا توغرا كەلگەن چاغ بولۇپ، ئۇلار ئىپتاردىن كېيىن خالىي بىر ئۆيدە يالغۇز ئوبدان مۇڭداشتى. سابىت داموللام شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى يەنە بىر قېتىم ئۆز ئاغزى بىلەن باشتىن ئاياق زىر - زەۋەرىگىچە تەپسىلى چۈشەندۈردى ۋە ھازىرقى ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى بىرمۇ - بىر ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئەسلىدىنلا كونا تونۇشلاردىن بولغان بۇ ئىككى ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيەر ئەركىنلىك كۈرەشچىلىرى بىر - بىرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئوقۇشماسلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاسانلا تونۇپ يېتىشتى. سابىت داموللام 1923 - يىللىرى غۇلجىغا كېلىپ دەڭ مەچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىپ، غۇلجا خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، قەدىرلىنىپ كېلىۋاتقان چاغلىرىدا، خوجانىياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ غۇلجىدا تۇرغان چاغلارغا توغرا كەلگەن بولغاچقا، بۇ ئىككى يول باشچى كۆپ قېتىم غۇلجىدا ئۇچراشقان، مۇڭداشقان ۋە خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىنقىلابى توغرىسىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغان ئىدى. مانا ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەزىز ماكاندا يەنە بىر قېتىم ئىككىسى يالغۇز باش قوشۇپ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان دۆلەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئەمما باشتا بۇ سۆھبەت ئۇنچىلىك كۆڭۈللۈك باشلانمىدى. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتىدىكى بەزى

كىشىلەردىن خوجانىياز ھاجىم ئىنتايىن نارازى ئىدى. بولۇپمۇ ئەسكىرى قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ بولۇشىدىن كۆڭلى ئەمىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، خوجانىياز ھاجىم سەل تەرىنى تۇرۇپ سابىت داموللامغا تەنە ئارىلاش مۇنداق دېدى:

ـ دامولللام سىلە مېنى ئوبدان بىللا. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ يىل تۇرغان ئادەم. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيەر زىيالىلار بىلەن كۆپ قېتىم ھەم سۆھبەتتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خېلى ئوبدان خەۋەردار بولغان ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى كۆزەتكەنمەن. مەيلى قازاقىستان بولسۇن، مەيلى قىرغىزىستان، مەيلى ئۆزبېكىستان ھەتتا موسكۋانىڭ ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەردارمەن. مەن ئۇ يەرلەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە بىزنىڭ كۆرگەن كۆنمىزگە سېلىشتۇرۇپ زادى نېمە قىلىش كېرەكلىكى ۋە قانداق قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان بىرسى مەن. ھەم قولامغا قورال ئېلىپ، ئۈچ قېتىم ئىنقىلابقا قاتناشقان مەن. شۇڭا بۇ قىرغىز ۋە ئۆزبېك دېگەنلەر نېمىنى ئويلاپ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا قېتىلغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. زاھىرەن ئۇلار بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەمپەئىتى ئۈچۈنلا قولىرىغا قورال ئېلىپ بىزگە قېتىلغان. ئۇلار سوۋېت بولشېۋىكلىرىدىن قېچىپ، جانلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ بىز تەرەپكە كەلگەن قاچقۇنلار. شۇڭا ئۇلار ھەر ۋاقىت بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تەرىپىگە بۇرايدۇ. بىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمىز ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۆز مەنپەئىتى سەل زىيانغا ئۇچراپ، ئۆز ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدىغان ئىش سادىر بولىدىغان ئەھۋال ئاستىدا دەرھال بىرگە ئاسىلىق قىلىدۇ. شۇڭا تېگى نامەلۇم بۇ كىشىلەرگە زىيادە ئىلتىپات كۆرسىتىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايمەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا تۇترۇق كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان قارا نىيەتلەرنى يوق دەپ، كىم ئېيتالايدۇ. بۇنداقلا ئاجايىپ ئويۇنباز كېلىدۇ، قىلىدىغان ھىلە - نەيرەڭلىرىنىڭ چېكى يوق. ئۇلارنىڭ بۇ يامان نىيىتى پۈتۈن ئەلنى ۋەيران قىلىشقا يېتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بۇنىڭدىنمۇ يامان تەرىپى شۇكى، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلاب قوشۇنى ئىچىگە ئەكىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىرلىك سەپ تۈزگەندەك بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلدۇق. سوۋېتنىڭ دۈشمىنىنى بىز قوينىمىزغا ئالدۇق. بۇ ئەھۋال خۇددى تارىختا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ 1871 - يىللىرىدىكى پاجىئەلىك يىمىرىلىشىنى بىرگە ئەسلىتىدۇ. ئەينى زاماندا غۇلجىغا چار رۇسىيە ئەسكەرلىرىدىن جانلىرىنى ئېلىپ قاچقان قازاقلارنىڭ ئالبات ۋە تازبەك قاتارلىق قەبىلە باشلىقلىرى نەچچە مىڭ قازاقنى باشلاپ، ئەلاخان سۇلتاندىن پانالىق تىلەپ، ئىلىغا كەلگەن. شۇ چاغدا ئەلاخان سۇلتان ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ تەھدىت ئاستىدا قىلىشىغا قارىماي، بۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان. ئەلاخان سۇلتان: «بۇ قازاقلار بىزنىڭ ھەم مىللىي ھەم دىنىي قېرىنداشلىرىمىز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بالا - قازا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بالا - قازاغا ئوخشاش» دەپ، ئويلىغان. ئۇ قازاقلارغا ئىلىنىڭ ئەڭ ئېسىل يايلاقلىرىدىن بىرى بولغان كۈنەس يايلىقىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن. بۇ چاغدا

چارپادىشاھنىڭ گۇبېرناتورى ئەلاخان سۇلتانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ قازاق پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ئەلاخان سۇلتان قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى دوغا تىككەن. بۇنىڭ بىلەن دەرغەزەپكە كەلگەن چارپادىشاھنىڭ گۇبېرناتورى ئىلىغا زور قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش بولغان. بۇ ئۇرۇش نەچچە ئاي داۋام قىلغان. غۇلجا خەلقى بۇ ئۇرۇشتا قىرىلىپ تۈگەپ كەتكىچە قان كېچىپ جەڭ قىلغان ۋە ئاخىرى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان. ئەينى چاغدىكى جەڭدە شېھىتلارنىڭ ئەزىز تەنلىرىدىن ئاققان قانلار غۇلجا شەھرىدە ئېرىق ـ ئېرىق بولۇپ ئاققان، جەڭ مەيدانىدىكى ئاتنىڭ تۇياقلىرى قانغا چىلىشىپ كەتكەن. دېمەك ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ، قارىغان ئاشۇ نەچچە مىڭ قازاقنىڭ جانلىرى ئۈچۈن يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر باھادىرلىرى قىرىلىپ، شېھىت بولغان. 1871 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رۇسلار ئىلى سۇلتانلىقىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، ئەلاخان سۇلتاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ كېتىپ يوغان بىر قورغانغا نەزەربەند قىلىپ قويغان. بۇ يەر كېيىن تارىختا «سۇلتان قۇرغان» دەپ، ئاتىلىپ قالغان. شۇندىن كېيىن ئىلى خەلقى رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشىغان ۋە ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن رۇسلار مانجۇلار بىلەن «ئىلى شەرنامىسى»نى تۈزۈپ، ئىلىنى مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە تۇتۇپ بەرگەن. شۇندىن بۇيان بىز خەق خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلالماي كەلدۇق. دېمەك بىز شۇنچىلىك ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل مىللەت ئىكەنمىزكى، ئۆزىمىزنى ئويلىماي ئاشۇ قازاقلارنى دەپ، بىر سەلتەنەتلىك ئىلى سۇلتانلىقىدىن

ئايرىلىپ قالدۇق ۋە ئاخىرى كېلىپ مۇشۇ ختاي لومودىلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇق. بىز سىياسەت قىلىشتا ھەر دائىم «ئۇممەتچىلىك»، «تۈركچىلىك» قىلماي دەپ ئولتۇرماي، گېزى كەلسە «ئۇيغۇرىستان»چى بولۇشىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشىمىز لازىم. بىز ئەمدى بەش يۈز يىلدىن ئوشۇق سەلتەنەت سۈرگەن ئوسمانىيلا ئىمپېراتورلۇقىدەك سىياسەت قىلىشنى ئۈگەنسەك بولغىدەك. كەچكىچە قېرىنداش، دىنداش دەپ ئولتۇرۇپ، ئۆز دۆلتىمىزنى خەتەرگە ئىتىپ، خەقنى دەپ دۈشمەنگە قۇل بولغىچە، ۋاقتى كەلگەندە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بارلىقىمىزدىن ۋاز كېچىشنى، ئاچچىق بەدەل تۆلەشنى ئۈگەنسەك بولىدۇ. ئەينى زاماندا ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىدىكى شاھزادىلەرنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى تالىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش چىقىرىپ دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ سەيخۇل ئىسلاملىرى «قېرىنداش قاتىللىقى جائىزدۇر» دەپ، پەتىۋا بەرگەن ئىكەن. بىز بولساق بىرەر مىڭ ئادەمنى دەپ، بىر پۈتۈن خانلىقنى مۇنقەرز قىلىشقا يول ئاچتۇق ۋە نەچچە يۈز مىڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆلۈشىگە، يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ياقا - يۇرتلارغا كۆچ بولۇشىغا سەۋەبچى بولدۇق. بىز ئەمدى تارىختىن ساۋاق ئېلىشنى بىلىشىمىز لازىم، تارىختىكى خاتالىقلارنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئون مىڭلىغان شېھىتلار بەدىلىگە يەنە بىر دۆلەتنى قۇرۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ قويىنىغا ئۇياقتىن قاچقان باندىتلارنى ئالساق، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدەك دۇنيادىكى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ چىشىغا تەگكەن بولمامدۇق؟ مىڭ بىر جاپادا قۇرغان بۇ دۆلەت تۆت كۈنگە بارماي شۇلار تەرىپىدىن بۇزۇنقىدەكلا مۇنقەرز

بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ! چۈنكى، ئۇلار ھازىر بەك كۈچلۈك، مەن ئۇلارنىڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىز پەقەت ئاشۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تايانغاندىلا ئاندىن ئەڭ بولمىغاندا غەربىي تۈركىستاندىكى ئاشۇ خەلقلەردەك ئۆز مىللىتىمىزنىڭ رىسپۇبلىكىسى بولغان «ئۇيغۇرىستان»نى قۇرۇپ چىقالايمىز ۋە ھازىرقى ھالىمىزدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز. ئاندىن ۋاقتى كەلگەندە غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز نېمە بولسا بىزگىمۇ شۇ بولار، قالغىنى ئاللاھ كەرىم! مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان بىر ئىمپېراتورلۇق جاھاندا يوق. مەن ـ مەن دېگەن ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىمۇ، چاررۇسىيەمۇ غۇلاپ چۈشتىغۇ. بىز بىزدىن ئىككى ماڭدام نېرىدىكى شۇنچىلىك قۇدرەتلىك قوشنىمىزنىڭ چىشىغا تىگىپ نەدىكى ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن نەچچە تاغ، نەچچە دېڭىز يىراقلىقتىكى خەقتىن ئۈمىد كۈتكىنىمىز بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار شۇنچە يىراق يەردىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ بولغۇچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىزنىڭ كۆكىمىزنى كۆككە سورۇپ بولىدۇ. شۇڭا مېنىڭ دەيدىغىنىم سوۋېتنىڭ چىشىغا تەگمەيدىغان شەرت ئاستىدا بىر ئىش قىلىشىمىز ۋە پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ يۇرت ۋە مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ يول ئېلىشىمىز لازىم، ۋەسسەلام.

خوجانىياز ھاجىم بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۆلچەملىك ياغاق سۆڭىكى ئۈستىدىكى قىرو باسقان ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆز ئۇۋىسىغا جايلاشقان ئۆتكۈر كۆزلىرىگە تاشلىنىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ قاشلىرىمۇ بىر يۇقىرىغا، بىر تۆۋەنگە ھەرىكەت قىلىپ، قاش سۆڭىكىدىن ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ قارىدىغان يۈزىنى شۇنچىلىك سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالدىغا

قويۇلغان شىرەدىن يىراقلىشىپ، ئارقىسىدىكى تامغا كەڭ كەلگەن غولنى تىرەپ، سول پۇتىنى ئۆزۈن سوزۇپ، ئېگىلگەن ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىغا تولا ئوق ئېتىپ چارچىغان ئىككى قولىنىڭ ئون بارمىقىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ قويۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن چارچىغانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆرەشكە تولغان بۇ ھاياتى، جەڭ مەيدانلىرىدا قۇربان بولغان شېھىتلارنىڭ قانلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېتىۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك، شارقىراپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مۇشەققەتلىك بۇ ھايات يوللىرىدا نەچچە قېتىم ئۆلۈپ نەچچە قېتىم تىرىلگەنىدى ۋە بۇ ھايات ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق قىيىنچىلىقلارنى چىقارغان بولسا، شۇنداق ئاماللارنى قىلىپ بۇ كۆنگە ئۇلاشقان ئىدى. سابىت داموللام بولسا خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىككى قارا كۆزىنىڭ يانلىرىدىكى چوڭقۇر قورۇقلارنىڭ ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىگە ئەگىشىپ تەڭ توختىماي مىدىراشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئارىسالدىلىق ئىچىدە چارىسىز قالغانلىقىنى بايقىدى. بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈن بىر ۋاقىتلارغىچە قانداق بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسىز. ئەمما خوجانىياز ھاجىم ئۇنداق كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئويلىغانلىرى دەرھاللا تاشقى قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق بىلىنىپ قالاتتى. بۇنداق كىشىلەر ئىچىدە ئاچچىقلانسۇن ياكى خوشال بولسۇن ھەممىسى ئىچى بىلەن تەڭ تاشقى قىياپىتىدىمۇ ئىپادىلىنەتتى، ئاچچىقى ۋە خوشاللىقىنى يوشۇرالمايتتى. مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىپىك پىسخىك خارەكتېرلىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇنداق ئادەملەر ئەقىل جەھەتتىن بەتتەررەك كىشىلىك ئادىمىلىك جەھەتتە يېتىشكەن بولىدۇ. بۇ ھاللارنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئەقىلدان سابىت داموللام سۆھبەت جەريانىدا نېمە مەسىلە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىدىن بەكرەك كىم بىلەن

سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاچقا، بەك كۆپ گەپ قىلىپ خوجانىياز ھاجىمنى تىرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، سۆزىنىڭ بېشىنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىبراھىم سۈرەسىدىكى 11 ـ ۋە 12 ـ ئايەتلىرى بىلەن باشلىدى:

ـ «پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا: ‹بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمىز، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز. مۆمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن. ئاللاھ بىزنى مېڭىشقا تېگىشلىك يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، بىز نېمىشقا ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلمايمىز؟ سىلەر بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن› دېدى».

سابىت داموللام ئايەتلەرنى ناھايىتى مۇڭلۇق، تەجۋىتلىك قىلىپ ئوقۇغان ئىدى. ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئىككى ئايىتىدىن ئىلھام ئالغان خوجانىياز ھاجىم ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشىنى قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، بوينىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ سابىت داموللامنىڭ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ۋەزىنلىك قىلغان سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. سابىت داموللام ھەقىقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان سۆز تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، خوجانىياز ھاجىمنىڭ روھىغا ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

ـ ھاجىم سىلە بۇ مۇبارەك شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاتىسى بولىدىلا. ئۆزلىرى ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، جەڭگاھلاردا قان كېچىپ نەچچىلىگەن ئىنقىلابقا قاتناشقان غازى، خەلقىمىزنىڭ باشپاناھى، يول باشچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

هازىر قەشقەر خەلقى ناھايىتىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇلار بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كېچىلەردىن تېزرەك قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئۈستىدە يورۇق بىر قۇياشنىڭ پارلىشىغا تولىمۇ تەشنا ئىدى. سىلە دەل مۇشۇ تەشنالىق پەيتتە بۇ مۇبارەك زېمىنغا پارلىغان قۇياشتەك پەيدا بولۇپ، بىزدەك نائۈمىد ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تىنگىرقاپ قالغان قەدىناس دوستلىرىنى ئالەمچە بەختىيار قىلىۋەتتىلە. خەلقىمىزنىڭ سىلىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى بەكمۇ زور. شۇڭا بەكمۇ چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇرماي، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەمگە تەۋەككۇل قىلىپ، قەشقەرگە دەرھال يولۇش قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سىلىدىن سورايمەن. قالغان ئىشلارنى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن يەنە ئۆزئارا ھەم پىكىردە بولۇپ، بىر قارارغا كەلسەكمىكىن دەپ ئويلايمەن.

خوجانىياز ھاجىم سابىت داموللامنىڭ ھەم قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەل بوشىغاندى. سابىت داموللام ئۇنچىلىك زورلىمىسىمۇ ئۆزىنىڭ قەشقەرگە يولۇش قىلىدىغانلىقى تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەس خىيالى ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىشتا ئىدى. ئەمدى ئۆزىنى ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىسىدا قالغان بىرسىدەك ھېس قىلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ تەرسالىقىنى كۆرسىتىپ يەنە مۇنداق دېدى:

— داموللام سىلە دېگەندەك ئۇلۇغ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ كەلگەن جايىمىز مۇشۇ. بۇ كۆڭلەرگىمۇ يۈز مىڭ قەتىرە شۈكرى. قەشقەرگە كىرىشنىمۇ كىرىمىز. ئەمما كىرگەندىن كېيىن ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ سەل ئويلاشمىساق

بولمايدۇ. چۈنكى ما جۇڭگىدىن ئىبارەت بىر تەلۋە ئۆز قوشۇنى بىلەن ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە بۇ زور كۈچنى قەشقەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەي تۇرۇپ يوقىتىشتا. شۇڭا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇش بەكمۇ مۇھىم. نۆۋەتتە بىز قەشقەرنىڭ ئىچى ھەم تېشىدىكى دۈشمەنگە تەڭ دۈچ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا كۈچنى ئىككىگە بۆلۈپ جەڭ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق بىر قىيىن شارائىتتا ھۆكۈمەت بىرلىككە، ئىنتىزامچانلىققا موھتاج. ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە گەپ قىلىدىغانلار كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. قىلىدىغان ئىش كۆپ بولغىنى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم يوق، چىقارغان قانۇنلار كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلار ۋە ئىجرا قىلىدىغانلار يوق، «يېنىڭدا بىز بار» دەپ، قويغىنى بىلەن يولغا چىققاندا يانىدا ئادەم يوق. يولنى ماڭغاندەك قىلغان بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان ئادەم يوق. يىغىپ ئېيتسام «خەق ئۇسسىغاندا بۇلاق ئىدۇق، بىز ئۇسسىغاندا دەريا قۇرۇق» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن.

خوجانىياز ھاجىمنىڭ سۆزى ئۈزۈلە ئۈزۈلمەيلا سابىت داموللام دەرھال پاراسەت بىلەن سۆز ئالدى:

— «ئايرىلىقتا زىلۋەت، بىرلىكتە نۇسرەت باردۇر» دېگەن، ھېكمەتلىك سۆزنى بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىلىسمۇ، سىلە ئېيتقاندەك ئەمەلىيەتتە يەنىلا نۇرغۇن ئايرىمچىلىقلار يوق ئەمەس بار. بىزنىڭ خەلقىمىزگە قارىتىلغان ئۇزۇن يىللىق زۇلۇم - سىتەم، قۇللۇق ھايات، يەكلىنىش ۋە ئېرقىي قىرغىنچىلىقلار ئەنە شۇ خەلقىمىزدىكى ھەققانىيەتكە تەلپۈنگەن، زۇلمەت

قاراڭغۇلۇقـدىــن ئادالەتنىــڭ يورۇقلۇقـىغــا ئىنتىلگــەن، خارلىقتىــن ئۆلۈمنــى ئــەلا بىلگــەن كىشــلەرنىڭ ئىرادىســىنى تىخمــۇ تــاۋلاپ، ھىممەتلىرىنــى تىخمــۇ مۇســتەھكەملىدى. شــۇنىڭ بىلــەن بىرگە يەنە ئــۇلار ئىچىدىكــى بــەزى پۇرســەتپەرەس يامان نىيەتلىــك كىشــلەر بــۇ ئىنقىلابتىــن مەنپەئەتلىنىــش ئۈچــۈن ھەرخىــل يوللارغا بــاش ئۇرۇشــقا باشــلىدى. ھەتتــا بەزىلــىرى ئىشــلىرىمىزغا چوماق ســوقۇپ، مەۋجۇت مەســىلىلىرىمىزنىڭ ئۈســتىگە يەنــە يېڭــى مەســىلىلەرنى چىقىرىــپ، تىخمــۇ جىگگــىش قىلىۋېتىــپ باردۇ. شــۇڭا بىز يىڭىشــەھەرنى ئالماي تــۇرۇپ بــۇ ئىشــلارنى ھــەل قىلىشــقا چارىســىز. شــۇ مۇناســىۋەت بىلــەن نۆۋەتتــە ئــەڭ جىــددى مەســىلە قەشــقەرنى دەرھــال تەلتۆكــۈس تولــۇق ئــازات قىلىــش. «ئارپىســىز ئــات قىــر ئاشــالماس، ياردەمچىســىز ئالــپ ســەپنى يىمىرەلمــەس» دېگەنــدەك، بىــز ســىلىنىڭ ياردەملىرىگــە بەكمــۇ موھتــاج. نىمــە ســەۋەب بىلــەن بولســا بولســۇن ئۆتكــۈزگــەن خاتالىقلىرىمىزغــا ئۆكــۈنــۈپ، كۆڭــۈللىرىمىزنــى قارىداتمايلــى. ئۈمىــد بىلــەن ئالدىمىزغــا قــاراپ يولىمىزنــى پاكلايلــى. بــۇ پاتقاقچىلىــق يولــدا ئۆزىمىزنــى قانچە پاتقاقتا مۆلــمەي ماڭســاق شــۇنچە ياخشــى. شــۇنداق قىلغاندىــلا يــول قۇرغانــدا ماڭىمــز دەپ، پۇرســەتنى قولدىن بېرىــپ قويــۇپ، پۇشــايمان قىلىدىغــان ئەھــۋال يــۈز بەرمەيــدۇ. شــۇڭا مــەن بــۇ يولــدا ھېچكىمگــە ئىشــەنمىگەنچىلىك قــەدەر ســىلىگە ئىشــىنىمەن. ســىلە بــۇ خەلقنىــڭ كۆزىنــى ئاچتىــلا. ئــادەم كۆزىنــى كــۆر قىلغانغــا ئەمــەس، كۆزىنــى ئاچقانغــا ئەگىشــىپ يــول ئالــدۇ.

تــولا تــالاش ـ تارتىشــنى بــەك ياقتــۇرۇپ كەتمەيدىغــان خوجانىيــاز ھاجىــم ئەمــدى ئۆزىنىــڭ بــۇ مەســىلىلەر ئۈســتىدە كــۆپ توختالمايدىغانلىقىنــى ئىپادىلــەپ، «مۇھەققــەق قىيىنچىلىــق بىلــەن بىرگــە بىــر ئاسايىشــچىلىقمۇ بــاردۇر» دېگــەن، ئايەتنــى ئوقــۇدى. بــۇ چاغــدا ئۇنىــڭ ســاقال باسقان يۇمــۇلاق يۈزىنى باللارغا خــاس بولغان

بىر خىل تەبەسسۇم چىرماپ ئالغان ئىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ دەرھال قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سابىت داموللامنى ئالەمچە خوش قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتىۋاتقان قىيىنچىلىقى يېڭىشەھەرنى ئېلىش جېڭى ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بېرىدىغان قورال - ياراقلارنى ئېلىشتا بىر پىشكەلچىلىكنىڭ بولۇپ قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، كۆڭۈللىرى دىلغۇللۇق ئىچىدە قالغان ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ھەر تەرەپتىن كۈشەندە بولىۋاتاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ باندىت قوشۇنلىرى ئۇنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ بۇ مۇشەققەتلىك يوللاردا يۈرۈپ تەن ۋە روھ جەھەتتىن ناھايىتى چارچىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيچان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى بامدان نامىزىدىن كېيىن، سابىت داموللام خوجانىياز ھاجىمغا قەشقەردە كۈتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىرايلىق خوشلىشىپ قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

خوجانىياز ھاجىم سابىت داموللامنى يولغا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيال تۇلپارى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاپقىلى تۇردى. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، بۇ ھاياتتىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ، بۇندىن كېيىنكى ھايات يوللىرىنى پىلانلاش ئۈچۈن چوڭقۇر سۈكۈنات ئىچىگە چۆمدى. ئۇ ئۆزى قوپال، سۈرلۈك، بىر ئاز تەرسا بولسىمۇ ناھايىتىمۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىگە ئەگىشىپ جەڭ قىلغان سەپداشلىرىنى چىن دىلى بىلەن سۆيگەچكە، ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ قۇچاق ئېچىپ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر

www.uyghurkitap.com

بولغان مەردانە يولباشچى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ مەردانىلىقى، بەقۇۋۋەت باتۇرلۇقى ۋە مەرگەنلىكى بىلەن ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئەل ئىچىدە «پەلىگان» دەپ، نام ئالغان نوچىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھايات يولىدىكى جاپالىق سەپەرلىرى ئون سەككىز ياشقا كىرىش بىلەن تەڭلا باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. 1907 - يىللىرى قىش ئايلىرىدا ئىمىننىياز ئاخۇن ئائىلىسىگە شىڭشىڭشىيادىكى خىتاي چېرىكلىرىگە ئوتۇن، سامان ئاپىرىش ئالۋىنى كەلگەن ئىدى. ئىمىننىياز ئاخۇن بۇ ئالۋاڭغا ئوغلى خوجانىيازنى ئەۋەتكەن ئىدى. خوجانىياز بۇ ئالۋاڭنى تۆگىتىپ كۆپچىلىك بىلەن قايتىشىدا يولدا، قاتتىق قار - شىۋىرغان ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى يولدىن ئېزىپ كېتىپ، قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. پەقەت خوجانىياز بىلەن ئوردا بېگى ئىشاق ۋە يەنە بىر كىشى بولۇپ، ئاران ئۈچ كىشىلا ساق قالغان ئىدى. مانا شۇ قاتتىق شىۋىرغانلىق كېچىدە يولدا توڭلاپ قالغان 20 دەك خىتاي چېرىكمۇ بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ چېرىكلەرنىڭ يانلىرىدا 50 سەر تەڭگە، ئىككى جىڭ ئەپيۇن بارمىش. ھازىر بۇ ماللار يوقالغان بولغاچقا چارلاشقا چىققان خىتاي چېرىكلىرى يول ئۈستىدە بۇ ساق قالغان ئۈچىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ تەكشۈرگەن ئىدى. شۇ چاغدا خوجانىيازنىڭ يانچۇقىدىن بىر تەڭگە پۇل چىقىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر خوجانىيازدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى قولغا ئالغان ۋە بىر ئايغا يېقىن ئېغىر ئەمگەككە سالغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا قورايىدا «توروپاقلار» قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجانىياز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ، تاغ يولى ئارقىلىق يول يۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان ئىدى. ئەمما بۇ قوزغىلاڭ ۋاڭ

ئوردىسىغا ھۇجۇم باشلىماي تۇرۇپلا ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولغانىدى. شۇ چاغدىكى قۇمۇلنىڭ ۋاڭى شامەخسۇت ۋاڭ بۇ قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە خوجانىيازنىڭمۇ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغانىدى. قاتتىق ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان خوجانىيازنىڭ ئانىسىنى ئۇنى بىر ئاماللارنى قىلىپ يوشۇرۇن ھالدا تۇرپانغا يولغا سېلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ تۇرپاندا ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ئىشاق دېگەن نام بىلەن ئاستانە مەدرىسىسىدە بىر يىل مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن بىرگە ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان ئىدى. مانا ئاشۇ ئوقۇش يىللىرىدا خوجانىياز موھىتى ئائىلىسى بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ئىدى. خوجانىيازنىڭ تۇرپاندىكى بەختلىك ئوقۇش ھاياتىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا سۇرمىگەن ئىدى. چۈنكى قۇلىقى ئۇزۇن شامەخسۇت ئۇنىڭ تۇرپاندا ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەنىدى. بۇ چاغدا خوجانىياز ھەرەمگە ماڭغان ھەج ئۆمىكى بىلەن ھەج سەپىرىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەرەمدە ئۈچ يىلدىن ئوشۇق تۇرغاندىن كېيىن 1912 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ دەل تۆمۈر خەلىپىنىڭ يول باشلىشىدا قۇمۇل دېھقانلىرى شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىۋاتقان مەزگىللەر بولغاچقا، ئۇ يەنە قولىغا قورال ئېلىپ بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقانىدى. قۇمۇل تاغلىرىدا ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشىپ، تازا راۋاجلىنىۋاتقاندا تۆمۈر خەلىپە ياڭ زېڭشىڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۈرۈمچىگە چىققانىدى ۋە شۇ جايدا سۇيىقەستكە ئۇچراپ شېھىت بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنقىلاب پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىم تاغدىكى ئىنقىلابىي قوشۇنغا بىر مەزگىل قوماندانلىق قىلىپ، شاھمەخسۇتقا قارشى بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئاخىرى قورال ـ ياراقلارنىڭ ناچارلىقى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ، قوشۇننى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى يەككە ـ يېگانە تەگرىتاغلىرىنى ماكان قىلىپ، ئوۋچىلىق بىلەن جېنىنى جان ئەتكەنىدى. بۇ چاغدا شاھمەخسۇت ۋاڭ پۈتۈن يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. لېكىن بۇ تاغ قاپلىنىنى كىممۇ تۇتالىسۇن دەيسىز. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ئۆزىگە ماكان بولغان تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ يول ئېلىپ، ئاخىرى رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇ يەركەنتە ۋولباي بىلەن تونۇشقانىدى. خوجانىياز ھاجىم ۋولباينىڭ ھىمايىسىدە ئوۋچىلىق تىجارىتى قىلىپ، ھال ـ ئەھۋالى ئوبدانلا ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى. 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىگە كىرگەنىدى ۋە بۇ جەرياندا بىر قاتار سىياسىي ۋەقەلەر، ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ جۇغراپىيەدىكى يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ئىشلار خوجانىياز ھاجىمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. خوجانىياز ھاجىممۇ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ ماڭغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچكەن ئىنقىلاب ئوتى قايتىدىن يالجىشقا باشلىغانىدى. ئۇ دەسلەپتە ۋولباينىڭ ياردىمى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشقانىدى، كېيىن رەسمى نۇقتىلىق ھالدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش مەكتەپلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇ مەكتەپلەردە دۇنيادىكى ئىلغار ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگەندى ۋە بارلىق ئىلغار ھەربىي قوراللار بىلەن تونۇشۇپ چىققاندى. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرى نەزەرىيەسىنى ۋە ھەر خىل ئىلغار قورالارنى ئېتىشنى قېتىرقىنىپ

ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ خېلىلا ئوبدان ھەربىي بىلىملەرنى ئالغاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى بىر قانچە شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيەدە بولغان ئىدى. بۇ جەرياندا رۇس شەھەرلىرىدىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئىلغار زىيالىلار بىلەنمۇ تونۇشۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولغان ئىدى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دەۋرى ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تازا ئويغانغان، مىللىي تۇيغۇسى يۈكسىلىۋاتقان، ھەرخىل مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى گۈللىنىۋاتقان چاغلىرىغا توغرا كەلگەچكە، خوجانىياز ھاجىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ بۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان ئىدى. بولۇپمۇ ئەينى چاغدىكى يەتتە سۇ زىيالىلىرىنىڭ كۆزى بولغان ئابدۇللاھ روزىباقىيۇۋ بىلەن يېقىن سەپداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. 1920 ـ يىلى خوجانىياز ھاجىم يەتتەسۇدا ئابدۇللاھ روزىباقىيۇۋ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئالتە شەھەر ـ جۇڭغار ئىتتىپاقى» ناملىق تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرگەن ئىدى. ھازىر بولسا خوجانىياز ھاجىم ئەنە ئاشۇنداق كەچمىشىدىكى ئېسىل خاتىرىلەرنى ئەسكە ئېلىپ، بىر ئاز ھازىرقى رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ تاشكەنتتىكى چاغلىرىنى خاتىرىلىدى. ئاشۇ خاتىرىلەر ۋۇجۇدىدىن تېشىۋاتقان ۋولقاندەك كۆۋەجەپ تۇراتتى. شۇ چاغلار ئۇنىڭ ئۈمىد ئاسمىنىدىكى بوشلۇقلارنى بىر ـ بىرلەپ تولدۇرغان ئاجايىپ گۈزەل زامانلار ئىدى. ئەينى چاغدا، ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ تارىخىي ئەھمىيەتتە ئىگە بولغان، مىڭ يىللارچە تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە دۈملىنىپ ياتقان

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە بۇ نامنىڭ ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىڭ مەڭگۈلۈك مۇقەددەس نامىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا ۋەسىلە بولغان تاشكەنت قۇرۇلتىيى ئېچىلغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق بۇ قۇرۇلتاي ئەينى چاغدىكى ئىلغار زىيالىلار قوشۇنىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولغان ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «كالتە چاپانلار تەشكىلاتى»، «مەدەنىيەتپەرۋەرلەر تەشكىلاتى» ۋە «ئالتە شەھەر - جۇڭغار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1921 - يىلى 3 - ئىيۇندىن 6 - ئىيۇنغىچە تاشكەنتتە تەنتەنىلىك ئېچىلغانىدى. بۇ قۇرۇلتايغا ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋنىڭ تەكلىپى بىلەن خوجانىياز ھاجىممۇ ئىشتىراك قىلغان ئىدى. يىغىن ھەقىقەتەن ھاياجان بىر كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، يىغىنغا 99 تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەردىن باشقا يەنە ئون تۇڭگان، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاتار قاتارلىق مىللەتلەر قاتناشقان ئىدى. جەمئىي 122 ۋەكىلنىڭ ئىچىدە 55 كاسىپ، 22 دېھقان، 18 ئىشچى، 17 زىيالىي، 10 ھەربىي بولۇپ، ھەرقايسى قاتلام ئاۋانگارتلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر زور ۋەكىللەر قوشۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتلىرى ئىچىدە قاتتىق بۆلۈنۈش ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇ بىر تەرەپتىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسى بويىچە يېيىلغان مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىرىدىن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقىنى پارچىلاپ ئىدارە قىلىش ھىلىسىنىڭ يەنە بىر قارا يۈزى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقلىرى بىر - بىرى بىلەن بولغان

ئوخشاشلىقتىن بەتتەررەك پەرقلىق بولغان يەرلىرىنى بەكرەك نەزەرگە ئالغان ئاساستا قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق مىللىي كىملىكلەر ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ۋاھالەنكى بۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردا بۇنداق بىر كىملىك تېخى شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار بەزىلىرى ئۆزلىرىنى تارانچى دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى قەشقەرلىك، يەنە بىزىلەر خوتەنلىك دەپ ئاتاپ كېلىۋاتاتتى. دېمەك، نەچچە ئەسىردىن بېرى بەزىدە مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن بەزىدە جۇغراپىيىۋى ئورۇن كىملىكى بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەتنى، ئۆزىگە خاس بولغان چىرايلىق ئەسلى ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان زامان يېتىپ كەلگەن ئىدى. دېمىسىمۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان بۇ قەۋمنى ئەبەدىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرخىل ناملار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئەسلى نامى بىلەن «ئۇيغۇر» دەپ، ئاتاش ھەقىقەتەن بىر زۆرۈرىيەت ئىدى. مانا مۇشۇ تاشكەنت قۇرۇلتىيى بولسا شۇ ھەرخىل ئاتىلىۋاتقان نامىلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق بىر نام بىلەن ئاتاش توغرىسىدا قارار ماقۇللاش ئۈچۈن ئېچىلغان تارىخ بۆلگۈچ مۇھىم بىر قۇرۇلتاي بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەردىن يەنە نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خىتاينىڭ ئەھۋالى، مىللىي مەسىلە، ئىنقىلابىي ئىتتىپاقنىڭ يېقىن مەزگىللىدىكى ۋەزىپىسى ۋە تەشكىلى مەسىلىلەر قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا «ئالتە شەھەر ـ جۇڭغار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ نامىنى رەسمى ھالدا «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىنغان ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى مىللەتنىڭ نامى قىلىش قارارى ئېلىنغان ئىدى. مانا بۇ قارارلار ئېلىنغان چاغدا خوجانىياز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاجىم ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك كىملىكىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھەمدە قۇرۇلتاي قارارى بويىچە ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيەدىن ئىبارەت بۇ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىكى خەلقلەرنى «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى»نىڭ تەسىرى ئاستىغا ئېلىش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىتىش لازىم ئىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، زامانىۋى مائارىپ ئارقىلىق جەڭگىۋار ئاۋانگارت قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئەينى چاغدا خوجانىياز ھاجىم تاشكەنت قۇرۇلتىيىغا قاتناشقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان سودىگەرلىرى كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم جايلارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشقان. كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ شۇ قارارلارنىڭ تۈرتكىسىدە رۇسىيەدىكى ئون يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1923 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غۇلجىدىكى ئىلغار پىكىرلىك بايلار ۋە زىيالىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. بولۇپمۇ غۇلجا بايلىرىدىن ھۈسەن باي ھاجىم، ياقۇپ باي ۋە ھېكىم بەگ خوجىلار بىلەن يېقىن دوستلۇق قۇرغان، ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم سابىت داموللامنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ھەم سۆھبەتلەردە بولغان. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى

ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، بۇ يولدا بىر ئەمەلىي ئىش قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەن، تەشكىللەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇرت كاتتىلىرى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئىگىنىڭ ئۆسۈشىگە يېقىندىن ياردەم قىلغاندى. خوجانىياز ھاجىم خەلقنىڭ ئىچىدىكى ھەرساھە ئاممىنى ئويغىتىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆگەنگەن تەجرىبىلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ رۇسىيەدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ، ئۇ يەرلەردىكى خەلقنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى يۈكسىلىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى يېڭىلىققا يۈزلىنىشكە چاقىرغان.

1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوجانىياز ھاجىم ئاكا ـ ئۇكا مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزى قۇمۇلدا، مەخسۇت مۇھىتلار تۇرپاندا بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلىپ، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بىر قارارغا كەلگەن. دەل شۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىمنىڭ دادىسى ۋاپات بولغا خەۋىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىم قۇمۇلغا يولغا چىققان. ئۇ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق كۆزىتىش ئېلىپ بارغان.

1928 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى نەزەر ۋاڭ بولغان. 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ

كۈنى ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىندا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە شۇنداق قىلىپ، 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى باشلىنىپ، بۇ ئىنقىلابقا خوجانىياز ھاجىم باش بولغان. دېمەك، ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىنقىلاب قىلىش بىلەن سۆدەك ئېقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ يىللاردا نۇرغۇن دۆلەت ۋە نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلار بىلەن مەيلى سودا قىلىش ۋاستىسى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۆگىنىش ۋاستىسى بىلەن بولسۇن، مەيلى ھەج قىلىش ۋاستىسى بىلەن بولسۇن ۋە ياكى ئىنقىلاب قىلىش ۋاستىسى بىلەن بولسۇن ئىشقىلىپ بارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇچراشقان ئىدى. مانا مۇشۇ جەرياندا كۆپ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغانىدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنىدى ھەمدە نۇرغۇن جان ئالغان ۋە نۇغۇن جان بەرگەن ئىدى. ئۆزى ئاخىرەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن نەچچە قېتىم قايتىپ كەلگەن يەرلىرىمۇ بولمىدى ئەمەس بولغانىدى. خوجانىياز ھاجىم ئەنە ئاشۇنداق بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى ئويلاپ ئاخىرى بىر قارارغا كەلگەن ئىدى. ئۇ دۈشمەندىن قورقمىغان بىلەن قارارسىزلىقتىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ ھەردائىم ئەڭ خاتا قارار، قارارسىزلىقتىن ياخشى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ 30 يىلغا يېقىن ۋاقتى ئەنە ئاشۇنداق خاتا ۋە توغرا قارارلارنى ئېلىش بىلەن ئۆتكەن بىر زاماننىڭ جەريانى ئىدى. مانا ۋاقىت يەنە



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختىماي ئۆتمەكتە، ھېچ ئۈنىنى چىقارماي ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئېلىپ كەتمەكتە. بەرگىنىدىن بەكرەك، ئېلىپ كېتىۋاتقىنى كۆپ بولماقتا، چۈنكى ئەنە شۇ زامانلار ئىچىدە توغرا قارارلاردىن بەكرەك خاتا قارارلار ئېلىنماقتا. توغرا قارارلار ئىنسانلارنى غەلىبىگە، نىجادلىققا يۈزلەندۈرسە، خاتا قارارلار مەغلۇبىيەتكە، ھالاكەتكە يول ئاچماقتا.

مانا ئەمدى سابىت داموللامنىڭ،ـ قەشقەردە سىلىنى كۈتىمەن،ـ دەپ، كېتىپ قالغىنىغىمۇ بىر ھەپتە بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈن خوجانىياز ھاجىم ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنىنى ئارقىسىغا سېلىپ، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا قاراپ باسقان قەدەملىرى بىلەن قەشقەرگە كىرىپ كەلگەن ئىدى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى يانلىرىدىكى باشلىرىغا ئاپاق، يوغان ـ يوغان سەللە ئورىۋالغان شەھەر ئاقساقاللىرى قاتارلىق ئەھلىئاۋام خوجانىياز ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەمىنلىك تىلەپ، دۇئالار قىلاتتى:

ـ ئاللاھىم! سەن بۇ يولغا ئاتلانغان خوجامنىياز ھاجىمنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاسان قىلغايسەن. بۇ يولدىكى بارلىق مۇشەققەتلىرىگە، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە ئاسايىشلىق بېرىپ، ئۇنى دۈشمەن ئۈستىدىن مۇزەپپەر ئەيلە. سىلەرنى ھېچبىر ئامانەتلەرگە زىيان سالمايدىغان ئاللاھقا ئامانەت ئېتىمىز. دۈشمەنىنىڭ شەررىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نۇقسانسىز كەلىمىلىرىگە سىغىنىمىز. خەلقنى دۆلەتسىز، دۆلەتنى باشسىز، ئەسكەرلەرنى بايراقسىز، مۇنارلىرىمىزنى ئەزانسىز، كۆڭۈللەرنى ئىمانسىز قويما! يا رەببىم! ئامىن! ئامىن!

دۈمبىلىرىگە ياماق چۈشكەن، يالاڭ، جۇل ـ جۇل كىيىنگەن دېھقانلار قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقى دەستىدىن ھەممە يېرى مۇزلاپ، دىر ـ دىر تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشپاناھى بولغان دۆلەت ئاتىسىغا ئۈمىدكە تولغا كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى. توڭلىغان گۆشسىز قوللىرى بىلەن ياداڭغۇ يۈزلىرىگە ساقىغان ئىسسىق ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، پىچىرلاپ دۇرۇتلار ئوقۇيتتى. بەزى ئۈنسىز دەردمەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە ياڭرىدى، مۇزلىغان ۋۇجۇدى ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، ئۆز يولباشچىسىغا بولغان ئوتلۇق مېھرى بىلەن قوشۇلدى. تەشنا يۈرەكلەر ۋىسال جامىدىن قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگۈ شەربىتى ئىچىشتى. ئەمدى ئەندىشە تۈگەپ، شادلىق يامرىغانىدى، ھەممە يەرنى ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ياڭراق ناۋاسى قاپلاپ، شەھەر قايناپ ئايەم تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەن ئىدى. كۆزلىرى نۇرسىز، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئورۇقلۇقىدىن قارانچۇقلارغا ئوخشاپ قالغان بۇ بىتەلەي ئاما، جەڭلەردە تۆكۈلگەن قانلارنىڭ قىزىل رەڭگىنى، كېسىلگەن باشلارنىڭ سانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ھۈركۈپ كەتكەن قۇياشنىڭ ھارارەتسىز نۇرلىرى ئاستىدا، ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدەك قىلاتتى. مانا مۇشۇ قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئەركىنلىككە بولغان سىغىنىشىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بىغۇبار ئىسسىق قەلبىدە ھېس قىلىشماقتا، سۆيۈنۈشكە تولماقتا، سىغىنغان، ئۆزى ئىشەنگەن ئادەملىرىگە ئىسسىق قۇچاق ئېچىپ، قارشى ئالماقتا ئىدى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە سەۋرسىزلىك بىلەن پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئاشۇ كۆكسى قالقاندەك كەڭ، قارا ئارغىماق ئۈستىدە قاپلاندەك بەقۇۋۋەت، شەمشاتتەك تەندۇرۇس ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەمگە باغلىماقتا ئىدى. مانا بۇ ئادەم نۇرغۇن جەڭلەردە سەپ يېرىپ جەڭ قىلىپ، نۇسرەت قازىنىپ، بۇنداق تەنتەنىلەرنى كۆپ

كـۆرۈپ كۆنگەچكمكـن ئۇنىڭـدا ھېچبـر ھاياجـان تۇيغۇسـىنىڭ ئالامەتلـرى بىلىنمەيتتـى. ئۇنـىڭ يۈزىنـىڭ كۆنگەيگـە قـاراپ تۇرغـان تەرىپـدە ئۈمـد ۋە ئـۆز ـ ئۆزىگـە بولغـان ئىشـەنچىنىڭ ئىپادىسـى تولـۇپ تاشـقان بولسـا، تەسـكەي تەرەپكـە قارىغـان تەرىپىگـە، ئۆزىگـە شـۇنچىلىك ئىشـەنگەن ئـەل ـ يۇرتنـىڭ ئۈمىدىنـى ئاقلىيالماسـمەنمىكىن دېگـەن خاۋاتـر يوشـۇرۇنغان ئـىدى. مانـا دەل مۇشـۇ پەيتلـەردە قەشـقەرنىڭ يېرىـم بۇلۇتلـۇق ئاسـمىنىدا پـەرۋاز قىلىۋاتقـان بىـر بۈركـۈت كۆرۈنـدى. بۈركـۈت داۋاملىـق قاناتلىرىنـى سـوزۇپ يۇقىرىغـا قـاراپ ئۆرلەۋاتاتتـى، كـۆك قەھرىـدە ئاسـتا ـ ئاسـتا كىشـلەر كۆزىدـىن يىراقلىشـۋاتاتتى، ئـۇ داۋامليـق ھـەم ئېگىـز ھـەم يىراقلارغـا قـاراپ ئۇچۇۋاتاتتـى. ئـازراق ۋاقىتتىـن كېيىـن يىـراق ـ يىراقلاردىــن بىــر كىچىــك قــارا چېكىتتــەك كۆرۈنــۈپ، ئاندىــن قەشـقەر خەلقىنـىڭ كۆزىدـىن غايىـپ بولـدى. بۈركۈتنـىڭ كۆزدىـن غايىـپ بولۇشـى بىلـەن تـەڭلا قۇياشـمۇ بىردىنـلا كۆكتىـن غايىـپ بولـدى. پەلـەك ئۆزىنـىڭ قەھرىلـك تەبىئىتىنـى ئاشـكارىلاپ، قىـش ئاسـمىنىدا ھـەر دائىـم بولىدىغـان قـارا بۇلۇتلاردىـن تېخىمـۇ قـارا، تېخىمـۇ قويـۇق بۇلۇتـلار ئەرشـىنى قاپلىـدى. قىشـنىڭ جانىدىــن ئۆتىدىغـان سـوغۇقلىرىنى ئەكىلىـپ، ئاجىـز تەنلەرگـە ئۇرىدىغـان جـۇدۇن شـامالّلار بولسـا كۇھىقاپتىـن چىققانـدەك ھۇشـقىرتىپ ئەتراپنـى قاپلىـدى. بەجايىكـى بـۇ ئالامـەت قەشـقەر خەلقىگـە بىـر قىسـمەتتىن بىشـارەت بېرىۋاتقانـدەك قىلاتتـى. ھەرقانـداق بىـر ۋەقەنىـڭ تۇيۇقسـىز يـۈز بېرىـش ئېھتىمالـى بولغـان بىـر دەۋردە، تەبىئـەت ھادىسىلىرىدىن بېرىلگـەن بۇنـداق بىشارەتنىڭ ھېچقانـداق ئەھەلىـي ئەھمىيىتـى يـوق دېگىلـى بولاتتىمـۇ؟

خوجانىيـاز ھاجىـم ئـۇزۇن بىـر يـول يـۈرۈپ شـەھەر ئېغىزىدىـن تـا قارارگاھىغىچە سـوزۇلغان ئـادەم دېڭىزىنـى يېرىـپ ئۆتـۈپ، خوجا

www.uyghurkitap.com

چوڭىنىڭ قوملۇقىغا كېلىپ بارگاھ قۇرۇپ جايلىشىۋالدى. ئاندىن ئۇ نە تەنتەنە، نە ماختاشلاردىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزىنىڭ يېڭىشەھەرنى ئېلىش پىلانى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ئاساسەن ماھمۇد مۇھتى باش قوماندا بولۇپ تەيىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، دەرھال يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. دەسلەپ يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى تۇڭگان كۈچلىرى سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىپ مەھمۇد مۇھتىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن روبىرو ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە بىرقانچە قوماندانلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىپىرەن بولۇپ سېپىل ئىچىگە چېكىنىپ كىرىۋالدى. ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن جانلىرىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ باھادىرلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ ئۇرۇش باشتا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپىقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، نەتىجىدە يېڭىشەھەر سېپىلىغا مەھمۇد مۇھتىنىڭ جەڭچىلىرى ئوبدانلا يېقىنلىشىپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋېتىپ بارغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇد مۇھتىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن ئەمىر نۇر ئەھمەد ئۆز قوشۇنى بىلەن يېڭىساردىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. بۇ خەۋەر جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە كەلگەندە يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە بىكىنىۋالغان تۇڭگان كۈچلىرى ئۆزىنىڭ جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىدا ئىككى يول قالغان ئىدى. بىر يول بولسا بىر ئاماللارنى قىلىپ يېڭىشەھەردىن قېچىپ كېتىش، يەنە بىر يول تەسلىم بولۇش. مانا مۇشۇنداق ئەجەل ھودۇقۇشىدا قالغان بىر

پەيتتە بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى يەنە قەشقەر ئاسمىنىدا چاقناشقان باشلىدى. يەنى ئاقسۇدىن يولغا چىققان تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىققان بارلىق قارشىلىق كۈچلەرنى يوقىتىپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى بېشىغا كەلگەن ئىدى. خوجانىياز ھاجىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە پەيدا بولغان غەزەپ ئۇچقۇنى خۇددى كۆز چاناقلىرىدىن پارتلاپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چېكى تومۇرلىرىنى كۆپتۈرىۋەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى تەۋەككۇل دەپ، ئۆز قىلىچىنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرماسلىق ئۈچۈن ئەتراپلىق بىر پىلان تۈزدى. تۇڭگانلارنى قەشقەر دەرۋازىسىغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىم يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەھمۇد مۇھىتىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن بىرگە قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلارنى يوقاتماقچى بولدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولغان مافۇيەن ئۆزى قارام ھەم ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ماھىر قوماندان بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگان قوشۇنى ئۆلۈم دېگەندىن ھېچ قورقمايدىغان شۇنچىلىك جەڭگىۋار ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بىر مۇنتىزىم ئارمىيە ئىدى. بۇنداق بىر كۈچكە قارشى كۈچلۈك بىر بىرلىك سەپ بولمىسا ئۇلارنى بىردىنلا يېڭىش ئۇنچىلىك ئاسانمۇ ئەمەس ئىدى. خوجانىياز ھاجىم باشتا ئەمىر نۇر ئەھمەدكە، مافۇيەننىڭ قوشۇنىنى مارالبېشىدا توراپ زەربە بېرىش بۇيرۇقىنى بەردى، ئاندىن قەشقەر تەرەپتىن كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇرەشىت لىيەنجاڭنى مارالبېشىغا يوللىدى. ئەمما بۇ

پىلان خوجانىيـاز ھاجىمنىـڭ ئويلىغىنىـدەك ئۇنـداق ئوڭۇشـلۇق يۈرۈشـمىدى. تـۇڭگان قوشـۇنلىرىغا قارشـى مارالبېشـى ئالدىنقى سەپتە تـۇرۇپ روبـىرو جـەڭ قىلغـان ئابدۇرەشـىت، تۇڭگانلارنىـڭ ئاتالمىـش غازاتچىلىرىنىـڭ ئۆلۈمدىـن قورقمـاي جەسسۇرلۇق بىلـەن «ئاللاھـۇ ئەكبـەر!» دەپ، تەكبىـر ئېيتىـپ، چېكىلىرىنـى قۇرئـان ئايەتلىـرى يېزىلغـان لىنتىـلار بىلـەن باغـلاپ، بەللىرىگـە قاتـار ـ قاتـار بومبىلارنـى قىسـتۇرۇپ، قوللىرىدىكـى پىلمۇتتىـن توختىمـاي ئـوق ئـۈزۈپ، ئالغا ئىلگىرىلـەپ كېلىۋاتقانلىقىنـى كـۆرۈپ، يۈرىكىنـى بىردىنىلا قورقۇنچلـۇق بىـر تۇيغـۇ مۇجۇشـقا باشـلىدى. تۇڭگانلارنىـڭ جەڭگاھتىكـى ئـۇ قورقمـاس قىياپىتـى ئابدۇرەشـىتنىڭ كۆزىگـە شـۇنچىلىك سـىرلىق ۋە ئـوق ئۆتمـەس مەھبۇبىلـەردەك كۆرۈنـۈپ كەتتـى. تۇڭگانـلار جۈرئـەت قىلىـش بىلـەن ئـۆز جاسـارىتىنى ئارتتۇرىۋاتقـان پەيتتـە، ئابدۇرەشـىت بىـر قوشـۇننىڭ قوماندانـى تـۇرۇپ قورقۇنچاقلىـق قىلىـپ تەسـلىمچىلىك بىلـەن بـاش ئېگىـپ، بىـر قىسـىم ئەسـكەرلىرى بىلـەن تۇڭگانـلار تەرەپكـە ئۆتـۈپ كەتتـى. ئۇرۇشـنىڭ ھالقىلىـق پەيتىدىكـى بـۇ تەسـلىمچىلىك پۈتـۈن بىـر پىلاننىـڭ ئەمەلگـە ئاشـماي، مەغلۇبىيەتكـە يۈزلىنىشـىگە يـول ئاچتى. ئارقىدىـن ئەمىـر سـاھىب 300 گـە يېقىـن ئەسـكىرى بىلـەن جـەڭ مەيدانىغـا يېتىـپ كېلىـپ تۇڭگانـلار بىلـەن قانلىـق جـەڭ قىلغـان بولسـىمۇ، ئەممـا يەنىـلا تۇڭگانلارغـا تـەڭ كېلەلمىـدى. چۈنكـى ئۇنىـڭ ئالدىـدا تۇرغـان دۈشـمەن يالغـۇز تۇڭگانـلارلا بولـۇپ قالماسـتىن، بەلكـى يەنـە ئـۆز پۇشـتىدىن بولغـان ئۇيغـۇر قېرىنداشـلىرىنىڭمۇ تۇرغانلىقـى ئۇنىڭغـا قاتتىـق ئەلـەم قىلـدى. ئەممـا، ئـۇ يەنىـلا تۇڭگـان ۋە خائىنـلار بىلـەن قانلىـق جـەڭ قىلـدى ۋە نۇرغۇن قۇربانلارنـى بـەردى ۋە لېكىـن رەھىمسـىز رېئاللىـق ئالدىـدا ئۆزىنىـڭ ئاجىزلىقىنـى كـۆرۈپ، ئۆردەكلىـك دېگـەن يـەر ئارقىلىـق

پەيزاۋاتقا چىكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمىر ساھىب پەيزاۋاتتا ئۆز قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ئەمما ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭدىن كۆپى شېھىت بولغان بولۇپ، ھايات قالغانلىرى ئىچىدە نۇرغۇن يارىدارلار بولغانلىقى ئۈچۈن نائىلاج ئۆز قوماندانلىق شتابى بولغان يېڭىسارغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مۇشۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىم مارالبېشىدىكى خائىنلىق ۋە قانلىق مەغلۇبىيەتتىن خەۋەر ئېلىپ، ـ ئەمىر ساھىبقا ئۆزۈم ياردەمدە بولۇپ، بۇ تۇڭگان دېگەن لومودىلارنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بەرمىسەم بولمايدىغان يېرىگە كەلدى، ـ دەپ، 300 دەك ئەسكىرى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمما ئەمىر ساھىب ئامالسىزلىق ئىچىدە يېڭىسارغا چېكىنگەنلىكى تۈپەيلىدىن خوجانىياز ھاجىم ئاققاش دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ چاغدا تۇڭگان قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇنداق بىر كۈچكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇبدان بىر ستراتېگىيە ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بىر زور قوشۇن بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما خوجانىياز ھاجىمنىڭ ھازىرقى ئەمەلى كۈچى ئۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئاز بىر قىسىم ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، زور كۆپچىلىك ئەسكەرلىرىنى چوكانىيار دېگەن يەرگە پۇسۇ قۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇلار كەلگەندە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش، ئاندىن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ھالسىرىشى بىلەن تەڭ، ئۆزى ئارقىدىن كېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىشتەك ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوز دالادىكى ياۋلار بىلەن بولغان جەڭلەردە قوللىنىدىغان «بۆرىنىڭ ئۆز ئولجىسىنى قانسىرىتىپ ئۆلتۈرۈش» چارىسىنى قوللانماقچى بولغان ئىدى. ئەمما لېكىن مافۇيەن قىسىملىرى سان جەھەتتىن بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى

يەنىلا ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ئامالسىزلىق ئىچىدە قالغان خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ غەلىبە قىلغان تۇڭگانلار چوڭ يولنى بويلاپ ئۇدۇل قەشقەر يېڭىشەھەرگە كىرىپ، ماجەنسانىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ غايەت زور بىر قوشۇننى تەشكىل قىلىدى. مانا ئەمدى خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئۆزۈندىن بىرى ئەنسىرىگەن ئىشى راستىنلا رېئاللىققا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولغان ئىدى. بۇ رەھىمسىز بۇلۇتلار ھەر ۋاقىت يامغۇر ئەمەس، بەلكى تاش ياغدۇرۇشقا تەييار تۇرۇۋاتاتتى. كاج پەلەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدا يەنە تەتۈر چۆگىلەشكە باشلىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان خوجانىياز ھاجىم بولسا سابىت داموللام باشلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى يارباغقا چاقىرىپ، جىددى بىر كېڭەش ئاچتى ۋە بۇ كېڭەشتە ئالغان قارارلارغا ئاساسەن ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى يېڭىسارغا يۆتكەش ھەمدە مەھمۇد مۇھىتىغا يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، يېڭىسارغا چېكىنىشى كېرەكلىكى ئۇختۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قىرغىز ئەسكەرلەر تاغقا قاراپ يول ئالغان بولسا، ئۆزبېك ئەسكەرلەر توققۇزاق تەرەپكە قاراپ يول ئالغان ئىدى. مانا ئەمدى باش - پاناسىز قالغان قەشقەر ئاھالىسى، ئاچ چىلبۆرىنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ غالجىرلىشىپ كەتكەن تۇڭگانلارنىڭ ئىنسابىغا تاپشۇرماقتىن باشقا بىر چىقىش يولى يوق ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالدى. ئەمدىلا كۆزلىرىنىڭ قىرلىرىغا بالقىپ چىققان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلەن بىرگە پۈتۈن ئىشەنچلىرىنى يوقاتقان ئاۋام يېڭىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ئازابلىق تولغىنىپ، ئەسكى تاملىق ئۆيلىرىگە

قايتىدىن بىكىنگەن ئىدى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ روھى دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ سۆيگەن كىشىلىرىدىن ئەڭ كۆپ نەپرەتلىنىدىغان پىسخىك بىر بىنورماللىق شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى. چۈنكى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنلىرىدىن باشلاپ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس زېمىن بىردىنلا ئىگىسىز قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئىشلار يولدىن چىققان ئىدى. يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار مافۇيەن بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغانىدى. قەشقەر پۈتۈنلەي تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەردە قانلىق قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. مافۇيەن شەھەر ئاھالىسىنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ماسلاشتى،ـ دەپ، ئەيىبلەپ، بۇ گۇناھسىز مەزلۇملارنى قەتلىئام قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىگە 24 سائەتلىك مۆھلەت بەرگەن ئىدى. بۇ بۇيرۇقنى ئالغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى سەۋەبىدىن، 4000 دىن ئوشۇق بىگۇناھ خەلقنىڭ قانلىرى شەھەر كوچىلىرىدا سەل بولۇپ ئاقتى. قەشقەر ئاھالىسىنىڭ بارلىق بىساتلىرى بۇلاڭ ـ تالانغا ئۇچرىغان ئىدى. ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان تۇڭگانلار مەدرىسىلەرنى، ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسلۇبىنىڭ نامايەندىسى بولغان گۈزەل ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن سارايلارنى، ئۆيلەرنى، باغلارنى ئوت قويۇپ كۆلگە ئايلاندۇرىۋەتكەن ئىدى. ھەتتا چەتئەلنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىمۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن ساق قالمىغانىدى. ئافغانىستان كونسۇلى مۇھەممەد شىرىپخان ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ئىككى خىزمەتچىسىمۇ ئۆلتۈرۈلدى ۋە باش كونسۇل يارىدار بولغان ئىدى.

نىمە ئامال، ئەسكى ئىنسانلار قانداق مىللەت بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسۇن، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلسا قىلسۇن ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلايدىكەن. ئۆزلىرىنى «دىندىشىم، ئۇممەتىم» دەپ، تونۇغان، بىلگەن ئىنسانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئۇلارغا مىسلىسىز زۇلۇملارنى سالىدىكەن. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ ئۇلار ھەتتا ئۆزىنى شۇنچە ئۇلۇغ غازاتچى دەپ بىلسىمۇ، ئۆزى يارىتىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆز قوللىرى بىلەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇلتۇرماي يوق قىلىۋېتىدىكەن.

مانا مۇشۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىم يەنە شۇ سوۋېتتىن ئالىدىغان قوراللارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، يېڭىساردىمۇ تۇرماي ئۇدۇل يەركەن ئارقىلىق بەشكەرەم يولى بىلەن ئەركەشتامغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان تۇلكىدىن قۇۋ ۋە شەيتاندىن بەتتەر ھىلىگەر مافۇيەن ئەسكەر چىقىرىپ خوجانىياز ھاجىمنى يۇتۇنلەي يوقاتماقچى بولدى. ئىز بېسىپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەڭگە تار تېغىدا خوجانىياز ھاجىمغا يېتىشىۋالغان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم تاغ ئارىسىدا ئۇۋچىلىق قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن خوجانىياز ھاجىمغا تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەڭ كېلەلمىدى. خوجانىياز ھاجىم تاغنىڭ ئېگىز قىياسىغا چىقىۋېلىپ، ئەپلىك بىر جايدا ئۆزى يالغۇز دۈشمەننى بىر - بىرلەپ قارىغا ئېلىپ، بىر قوللۇق يوقاتتى. خۇددى ئەينى زاماندا ئىلىنىڭ باھادىر ئەزىمەتى سادىر پالۋان مانجۇ تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چېرىكلىرىنى تاغ ئارىسىدا قانداق يوقاتقان بولسا شۇنداق يوقاتقان ئىدى. سادىر پەلۋان:

ئىككى مىڭ چېرىك چىقتى،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

دەپ، بىر چەتتىن قوشاق قېتىپ، بىر چەتتىن دۈشمەننى چەنلەپ ئاتقان بولسا، خوجانىياز ھاجىمۇ بىر چەتتىن، بۇ لومودىلارنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بەرمىسەم بولمايدۇ، ـ دەپ، دۈشمەننىڭ مېڭىسىنى چەنلەپ ئوق ئۈزدى. مىلتىقىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىۋاتقان نىشان ئوقى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلەتتى. ھەر بىر ئاتقان ئوق دەل نىشانغا تەگكەندە بىر جەسەت تاغدىن تۆۋەنگە دۇملايتتى. ئاخىرى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۇڭگانلار ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئارقىغا زور مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنگەن ئاز بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا كېلىپ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىغا ئوت قويۇپ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈردى. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ قاتىللىقنىڭ ھېسابىنى سورىمايدىغاندەك، ناھايىتى بەھوزۇر خەلقنى بۇلاپ ـ تالىدى. يەنىلا كەلگۈلۈك ئىگىسىز قالغان خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بولۇپ، جاھان قاتىل بىلەن بۇلاڭچىنىڭ بولۇپ كەتكەن چاغ بولدى.

خوجانىياز ھاجىم گەرچە تۇڭگانلاردىن قۇتۇلۇپ، ساق ـ سالامەت ئەركەشتامغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشلىرى ئۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئالماقچى بولغان قوراللارغا ئېرىشەلمەي، سوۋېتلىكلەرنىڭ ئاغزىغا سالغان ئالدىغاندا قۇرۇق سوسكىسىنى شۈمۈپ، يەركەنگە قاراپ يول ئالغان ئىدى. رۇسلار ئۇنىڭغا جىمسار كېلىشىمنى ئەسكەرتىپ، بىر قاتار شەرتلەرنى قويغان ئىدى. ئەگەر شۇ شەرتلەر ئورۇنلانسا ئاقسۇدا قايتا كۆرۈشۈپ قالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرلىكتە قارار ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇنىڭ ئويلىرى داۋالغۇپ تۇرغان يەركەن دەرياسىدەك بېشىنىڭ ئىچىدە دولقۇن كۆتۈرۈپ چايقىلىپ، بېشىنى قاتتىق ئاغرىتىۋاتاتتى، يۈرىكى توختىماي شۇنچىلىك ئىتتىك سوقماقتا ئىدى. ئۇ بىقارارلىق ئىلكىدە جىددىيلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ جىددىيلىشىشىدىن پەيدا بولغان ھاياجانى ئاشۇ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان دەريادەك تاشقان ئىدى. بۇ دەريا خۇددى قەلبىدىن ئاققاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، ئەقلىنى ئۆزگە ئەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ ئىچىدە «ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزىنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى» دېگەن، ماقال - تەمسىلنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا يەنە «ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ» دېگەن، ماقالنى ئەسكە ئېلىپ، رۇسلار بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسكە ئالاتتى. دېمەك، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ۋىجدانى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرى ئالدىدا ئاستا - ئاستا زەئىپلىشىۋاتاتاتتى. بەزىدە بۇ ھاياتتا ئۆز مىللىتى، ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلار ۋە بۇ يولدا گەپ سېتىپ يۈرگەن كىشىلەر ئادەتتىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدىكى ۋەدىسىدە تۇرۇش ۋە ياتلار بىلەن بولغان كېلىشىمگە رىئايە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە كەلگەندە، ۋىجدانى تولىمۇ زەئىپلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ زەئىپلەشكەن ۋىجدان چوڭ ئىشلارنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. يەنى «كالىنى سويۇپ قۇيرۇقىغا كەلگەندە پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ» دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

مانا ئەمدى قىشنىڭ جۇدۇنلىرى تۈگەپ باھارنىڭ ئىللىق قۇياشى يېڭىسار ئاسمىنىنىڭ قەھرىدە خوش چىراي ئېچىپ، تەبەسسۇم بىلەن يېڭىسارغا تىكىلگەن ئىدى. پۈتۈن تەبىئەتنىڭ تەلەتى ئىللىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كېلىۋاتقان ئىسسىق

تىنىق يېڭىسار خەلقىنىڭ يېرىلغان يۈزلىرىگە مېھرى بىلەن سوقۇلاتتى. ئىللىغان يەرنىڭ هارارىتىدىن يەر ئاستىدا ئۈچەكتە ياتقان بارلىق قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئويغانغان ئىدى. قاناتلىرى ئاپتاپ كۆرگەن ئۇچار قۇشلار بۇلۇتسىز كۆكتە تىنىماي ئۇچماقتا ئىدى، باغ ـ هويلىلاردىكى دەل ـ دەرەخ، مېۋە كۆچەتلىرى بىخ ئۇردى، ئېتىزلىقلاردىكى بىدىلەر باش كۆتۈرۈپ، ئېرىق قىرلىرى مامكاپ گۈللىرى بىلەن تولدى. شورتاق قۇملۇقلاردىكى قېرى يۇلغۇن، ئاقتىكەن، سۆكسۆكلەرنىڭ تۈۋى كۆرۈندى، توغراقلار ياپراق چىقىرىشقا باشلاپ يەر ـ جاهان يېشىل لىباسقا ئورالغان ئىدى. يېڭىسار سېپىلىنىڭ ئۈستىگە ۋە قوۋۇقلىرىغا قاتار ـ قاتار قادالغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق سەلكىن نەۋباهارنىڭ شامالىرىدا ئاجايىپ لەرزان لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىدىغان بۇ كارامەت لەپىلدەشلىرى يەر بىلەن كۆكنى، سېپىل بىلەن بۇلۇتلارنى، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئۇنىڭ مۇقەددەس دىنىي بولغان ئىسلامنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىغان ئىدى. ۋاھالەنكى باھارنىڭ مۇشۇنداق پەيزى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يېڭىسار سېپىلىنىڭ ئۈستىدە بىردىنلا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، هاۋانىڭ پەيلى تېزلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

قەشقەرنى تولۇق ئىشغال قىلغان تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ قېچىش يولىدىكى توسقۇنلۇقلاردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ تولۇق قۇراللانغان ئەسكەرلىرى بارلىق كۈچىنى توپلاپ يېڭىسارغا قاراپ يۈرۈش قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر نۇرئەھمەد يېڭىسارنى ئۆز قوشۇنى بىلەن قوغداۋاتاتتى. تۇڭگانلار باشتا ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاپ بىر هۇجۇم بىلەنلا يېڭىسار سېپىلىنىڭ قوۋۇقىدىن بۆسۈپ كىرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، جەڭ ئۇلار ئويلىغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۈنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. يېڭىسار سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ ئەسكەرلىرى بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۇڭگانلارنى سېپىلنىڭ قوۋۇقىغا يېقىن كەلتۈرمىدى. بۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار يېڭىسارنى ھەر تەرەپتىن قامال قىلىپ، پۈتۈن تەرەپتىن يېڭىسارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. خوتەندە تۇرىۋاتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يېڭىسارنىڭ پۈتۈنلەي قامال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە بىر ئەنسىزچىلىك پەيدا بولۇپ، ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك دەردلىرىمۇ ناھايىتى چوڭىيىپ تۇغرا قارار چىقىرىش ئىقتىدارىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى يېڭىسارنىڭ قولدىن كېتىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئېچىپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدە بۇ ئالەمدىن ئۆن - تىنسىز يوقىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق خاۋاتىرلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال يەركەندىكى ئەمىر ئابدۇللاھقا ئەمىر قىلىپ، ئۇنى يېڭىسارغا ياردەمگە يوللىدى.

ئەمىر ئابدۇللاھ يېڭىسارغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، تۇڭگانلار ئەسكەرلىرىنى يېڭىسار سېپىلىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، يىراقتىن توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن توپقا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاساسلىق كۈچىنى ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قىسمىغا قاراتتى. ئەمىر ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ قارشىدا تۇرغان دۈشمەننىڭ ناھايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قوشۇنىنى ئەتراپلىق تەشكىللىگەندىن كېيىن تۇڭگانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن پىلىمۇتلىرىدىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ھېچ ئۈزۈلمەيتتى، زەمبىرەكتىن ئېتىلغان توپلار ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىدا پارتلاپ، ئۇلارنىڭ سېپىنى بۇزۇۋېتىپ باراتتى. يەر - زېمىن ئوت ئىچىدە قالغان ئىدى،

ھەممە يەرنى ئاچچىق ئىس ـ تۈتەك بىلەن يانار تاغدەك پۇرقىراپ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان قويۇق توپا ـ چاڭ قاپلىدى. جەڭگاھتىكى جەڭچىلەر بىر ـ بىرىنى تونۇماس ھالغا كېلىپ، يەر ـ جاھان زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولدى. زېمىن خۇددى تەتۈر ئايلىنىۋاتقاندەك، ئات تۇياقلىرى ۋە ئادەم ئاياقلىرى ئاستىدىن تىنىماستىن گۈپۈرلىگەن سادالارغا توپ ـ زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ، جاھاننى توپان تاشقاندەك قىلىۋەتكەن ئىدى. كۆكتىكى قاندەك قىپ قىزىل قىزارغان قۇياشنىڭ يۈزىنى قاپ قارا قان داغلىرىدەك بۇلۇتلار تورىغان ئىدى. ئاقار يۇلتۇزلاردەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان زەمبىرەك توپلىرى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، دەھشەتلىك پارتلاپ، ھەر تەرەپكە چاقماق چېقىلغاندەك ئۇچقۇنلارنى چېچىپ ئەسكەرلەرنى قاقشاتقۇزىۋەتتى ۋە چۆچۈپ كىشنەۋاتقان ئاتلارنى ھۈركۈتۈپ ئىگىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئەرەن ئۆزىنىڭ مەرگەنلىرى بىلەن دۈشمەننىڭ سول تەرىپىگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىۋاتقان پىلىمۇتچىلارنى چىنەپ ئوق ئاتتى ۋە بىرچەچە دەقىقە ئىچىدىلا دۈشمەن پىلىمۇتچىلىرىدىن بىر نەچچىسىنى يەر تىشلەتتى. ئەمما ئوق چىققان تەرەپنى بايقىغان تۇڭگانلار بىر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ بىر تەرەپتىن ئەرەن تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەرەن دۈشمەنگە بەك يېقىنلىسىشىنىڭ ئۇنچىلىك ئاقىلانە ئامال ئەمەسلىكىنى پەملەپ، مەرگەنلىرىگە ئارقىغا چېكىنىشكە ئەمر قىلدى. ئەمىر ئابدۇللاھ بولسا جەڭگاھنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قاشقا ئېتىنىڭ ئېگىرىنىڭ قۇشبېشىغا قولىنى تىرەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا سېپى بۇزۇلغان قوشۇنىنى رەتلەش ئۈچۈن، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمىر قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا دۈشمەن پىلىمۇتىدىن ئېتىلغان ئوق كېلىپ، ئۇنىڭ سول كۆكسىگە تەگدى ـ دە، «گۇپ» قىلىپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن يەرگە يىقىلدى. ئىگىسىنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگەن ئات قاتتىق ھۆركۈپ، تۇياقلىرىدىن تىلغانغان تۇپراقلارنى چاچرىتىپ، جەڭگاھتىن چىپىپ چىكەتتى. بۇ چاغدا كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلاپ ئارقىغا چېكىنىۋاتقان ئەرەننىڭ ياشاڭغۇرغان كۆزلىرى بىردىنلا جەڭگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاتتىن يەرگە يىقىلغان ئەمىر ئابدۇللاھ توپىغا مىلەنگەن پېتى قىمىر قىلماي يەردە ياتاتتى. يەر ـ زېمىن قاتتىق تولغاق ئەۋجىدىكى نىمجان ئانىدەك سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى، ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغان پەيتتە، ئەرەن ئۆزىنىڭ تاغ ئارىسىدا يورۇپ تاسادىپىي يۈز بەرگەن تىراگېدىيەلەر ئالدىدا تېز ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنگەن قابىلىيىتىگە تايىنىپ، دەرھال بىر ئامالنى تاپتى ـ دە، قاياققا قېچىشىنى بىلمەي پىرقىراپ يۈرگەن بىر بىغىررەڭ ئارغىماقنىڭ قېشىغا ئۇچقاندەك يۈگرەپ باردى ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئەپچىللىك بىلەن قولىغا ئېلىپ، بىر ئىرغىپلا ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، تىزگىنىنى بىرتارتىپلا ئاتنىڭ بېشىنى ئەمىر ئابدۇللاھ بار تەرەپكە قاراتتى. بۇ چاغدا ئات ئالدى ئاياقلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، تۇياقلىرىنى يەرگە زەربە بىلەن ئۇردى، بۇنىڭ بىلەن كەتمەن يۈزچىلىك يەردىن ئويۇلۇپ چىققان توپا ئانا تۇپراقتىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئاتراپقا توزىدى ۋە بۇرنىدىن ئوكيان سۇلىرىنى پۈركۈگەن كىتلەردەك پىشىلداپ بۇرنى بىلەن بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئاندىن پۇشقۇرۇپ ھاۋا چىقاردى. دەل شۇ چاغدا ئەرەن ئىككى پۇتى بىلەن ئاتنىڭ ئىككى بىقىنىغا

شۇنچىلىك قاتتىق دېۋىتىۋېدى، تولا جەڭ كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن ئۇچقۇر ئات بىقىنىنىڭ ئاغرىقىدىن ھۇشىنى تاپتى ۋە قومۇش يوپۇرماقلىرىدەك قۇلاقلىرىنى تىكمۇ - تىك قىلىپ، دەرھال ئەرەنىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويۇن ئەگدى-دە، ئەمىر ئابدۇللاھ ياتقان تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى. ئېگىلگەن بېشىنى ئاتنىڭ يالىسىغا تەگكۈزۈپ، سالغىدىن ئايرىلغان تاشتەك شىددەتلىك كېتىۋاتقان ئەرەنىنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ پىلمۇت ئوقلىرى ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتاتتى. غالجىرلاشقان دۈشمەن پىلمۇتچىلىرى ئەرشىدىن چۈشكەن ساماۋى ئەختەرلەردەك ئات ئۈستىدە چەبدەس ئولتۇرۇپ، ئوقنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇ قورقماس ئۇزۇن چاچلىق باھادىرنىڭ كارامىتىگە قاراپ بىر پەس تېڭىرقاپ قېلىشتى.

تۇلپارىم يۈگۈرۈك بولدى،
يۈگۈرۈك بولۇشنى مۇناسىپ كۆردى.
بۇلۇت چىقىپ كۆك قاپلىدى،
تۇمان تۇرۇپ، مۆلدۈر ياغدى.

دەپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەيت قىلىنغان بېيىتلاردا تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلاردەك، ئۈستىگە مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماي، يۈگۈرۈك ئاتنى چاپتۇرۇپ، قارا تۇمانلارنى يېرىپ كېتىۋاتقان ئەرەن، لىككىدە قىلىپ ئۆزىنى ئېگەردىن ئالدى-دە، ئاتنىڭ ئوڭ بېقىنىغا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇپ، يەردە ياتقان شاھ مەنسۇرنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. شاھ مەنسۇر بولسا، يامان قوللار ئۆستەڭ قىرلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىۋەتكەن يۇمران قوناق گۈلىدەك، جانسىز ھالەتتە يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ ساقال -

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

بۇرۇتلىرى توپىغا مىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كاتاڭدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چوڭ ـ چوڭ ئوچۇق كۆزلىرىدە، ئانا يۇرتىنىڭ ئىللىق مېھرى بىلەن باھارنىڭ نۇرلۇق قۇياشى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەردەم سول قولى بىلەن ئېگەرنىڭ قۇشبېشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن خۇددى سانىڭ سوزۇلۇپ كېلىپ، يەردىكى قوزنى قاماپ ئېلىپ، كۆككە ئېلىپ قاچقىنىدەك يەردىن شاھ مەنسۇرنى قاماپ ئالدى ـ دە، بىر ئىرغىپ ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تىزگىننى بىر تارتىپلا، ئاتنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، ئوغلاقنى ئېلىپ قاچقاندەك بەدەر قاچتى. ئەمما، كاج پەلەك يەنە قىلغىلىقىنى قىلغان ئىدى. ئالدىدا «گۇم» قىلىپ پارتلىغان زەمبىرەكنىڭ توپى بىلەن تەڭ ئاتنىڭ تۆت پۇتى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى ھاۋادا لەيلىدى. شاھ مەنسۇرنى چىڭگىدە قوچاقلىۋالغان ئەرەن قىيادىن غۇلاپ چۈشكەن قۇرام تاشلاردەك ئاتتىن ئايرىلىپ، نەچچە غۇلاچ نېرىغا دومۇلاپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە سىېرىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقارا يالتىراق ئۇزۇن چاچلىرى، چۆل شاماللىرىدا تىترىگەن خورما ياپراقلىرىدەك تال ـ تال بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى. دەججال ئورنىدىن تۇرغادەك يەر ـ زېمىن ئورنىدىن قوزغالغان ئىدى. پۈتۈن جاھاننى ئوت ـ تۈتەك قاپلىدى. سېپىلنىڭ ئالدىدىكى كەڭ دالا بەئەينى دوزاخنىڭ ئۆزىگىلا ئايلانغان ئىدى. ھەر يەردە «گۇم... گۇم... گۇم» قىلغان زەمبىرەك توپلىرىنىڭ پارتلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يەر يۈزىدىكى بۇ يېڭىسارنىڭ بوسۇغىسىدا يۈز بېرىۋاتقان جەھەننەم مەنزىرىسىدىن قورقۇپ قاچقان قۇياشمۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنى زۇلمەت پەردىسى بىلەن ياپقان ئىدى. نورۇزنىڭ خەۋرىنى ئېلىپ كەلگەن باھار قۇشلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ زېمىننى تەرك

ئەتكەندەك قىلاتتى. چۈنكى ئەتراپتا ئوق ئاۋازىدىن، زەمبىرەك توپلىرىنىڭ پارتلىغان گۈلدۈرماملىرىدىن، ئاتلىرى بىلەن بىرگە چاڭ - توزانغا پاتقان پېتى يەرگە غۇلىغان ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن، ئاتلارنىڭ ھۆركۈپ كىشنەشلىرىدىن، يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىڭراشلىرىدىن، شېھىت بولغان سەپداشلىرىنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ نالە قىلىشلىرىدىن باشقا بىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. پۇت - قولىدا ئازراق مادارى بارلارنىڭ ھەممىسى، بۇ دوزاختىن چاققانراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە مۆدۈرەپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى. تۇڭگانلار بارلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دەھشەتلىك سەلدەك باستۇرۇپ كېلىپ، پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە چۆككەن ئىدى. يىراقتىن شاھ مەنسۇر بىلەن ئەرەننىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىپ كەتكەن ئەزىز جەسەتلىرى قاپ - قارا چېكىتتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەپقەتسىز رېئاللىقتىن، ئاچچىق ھەقىقەتتىن، زۇلمەتلىك دۇنيادىن دېرەك بەرگۈچى بۇ قارا چېكىت ئاستا - ئاستا توپا - توزان، ئىس - تۈتەك ۋە پارتلىغان زەمبىرەك توپلىرى ئىچىدە ئاخىرى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتتى.

بۇ كاج پەلەك بۇ مىللەتنى ئۆز باھادىرلىرىدىن يەنە ئايرىغان ئىدى. مانا بۇ ناھەقچىلىكلەرنى كۆك ئاسمان نە زامان ئاڭلايدىغاندۇ؟ كۆك قەھرىدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىگەم نە زامان ھەق - ناھەق ئۈستىدىن ھۆكۈمىنى جاكارلايدىغاندۇ؟ نە زامان ئاجىزلارنىڭ ئاھلىرى كۆكلەرگە يېتىدىغاندۇ؟ ئۇلۇغ ئاللاھ! نە زامان بارلىق ئىنسانىيەتكە بالا ياغدۇرۇۋاتقان ئادەم باللىرىغا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈمىنى ئىلان قىلىدىغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرىسى

مانا بۈگۈن قۇربان ھېيتنىڭ ھارپىسى بولغان ئايەم كۈنى ئىدى. ئەتە بولسا قۇربان ھېيت. قۇربان ھېيت دېمەك، بۈيۈك ئىمتىھان دېمەك. چۈنكى، ئۇ كۈن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن كۈنى ئىدى. ئەسلىدە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇزۇن يىللار بويىچە ھېچ بالىسى بولمىغان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىدىن ھېچ بىر زامان ۋاز كەچمىدى. ئاللاھقا ئىسيان ئەتمىدى. ئەكسىچە ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ سۆيگۈنىڭ يېرىنى ھېچقانداق بىر نەرسە ئەسلا تولدۇرالمايتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ نەسلىنىڭ داۋام قىلىشىنى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئارزۇ قىلاتتى. مانا مۇشۇ ئىچىگە تولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، ئىككى قولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئاللاھقا نىدا قىلدى:

ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم، يارال دەپلا يارىتىدىغان، ئىچىمىزنى ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن تولدۇرغان، رەھمان ۋە رەھىم بولغان پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر پۇرسەت ئاتا قىلغان بولساڭ! مۇشۇ ئاجىز بەندەڭنىڭ تىلەكلىرىنى ئۆز ھوزۇرۇڭدا قوبۇل قىلساڭ! بىر بالام بولسا، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلغان بولاتتىم، ئامىن!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ چىن دىلىدىن قىلغان دۇئالىرىنى ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇر تۈپىدەك بىر ئوغۇل ئاتا قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئىسمائىل قويدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئايالى ھەزرىتى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى چەكسىز كەتكەن بىر سۇسىز چۆللۈككە قويۇپ قۇيۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. كېيىن بۇ چۆللۈكتە زەمزەم سۈيى تېپىلدى ۋە كارۋانلار بۇ چۆللۈككە

يەرلىشىپ ئاستا ـ ئاستا بۇ ئادەمسىز گىياھ ئۆنمەيدىغان قاقاس چۆللۈك ئاۋات بىر مۇقەددەس ماكانغا ئايلاندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسمائىلمۇ ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ، ئوينايدىغان ياشقا كىلىپ قالغان ئىدى. مۇشۇ زامانلاردا ھەزرىتى ئىبراھىم بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاشقا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. دەسلەپتە بۇ چۈشكە بەكمۇ ئېتىۋار بىرىپ كەتمىدى. ئەمما بۇ چۈشنى داۋاملىق كۆرۈشكە باشلىدى. كىيىن بىلدىكى بۇ بىر ئادەتتىكى چۈش بولماستىن، بەلكى ئىلاھىي ئىشارەت ئىدى. بۇ چۈش ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشتىن بىشارەت بىرىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ ئىلاھىي بىشارەتنى ئاڭلىغاندىن كىيىن ھىچ ئىككىلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىتائەت قىلاتتى ھەمدە ئاللاھتىن ئۆزگە ھىچقانداق بىر يامانلىقنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئىسمائىلنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا نىيەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالىغا بۇ چۈشنى ۋە ئۆزىنىڭ نىيىتىنى سۆزلىمەي، ئوغلى بىلەن تاغقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ. ئوغلىنى بىر مۇراسىمغا بارىدىغاندەك قىلىپ چىرايلىق كىيىندۇردى ۋە قولىدىن يېتىلەپ تاغقا قاراپ يول ئالدى. بۇ يول ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان مۇقەددەس يول ئىدى. بۇ يول نىيەت ۋە ساداقەتنى، ئىشەنچىنى سىنايدىغان بىر ئىلاھىي ئىمتىھاننىڭ يولى ئىدى. بۇ يولدىن شەيتان خەۋەردار بولۇپ قاتتىق بىئارام بولدى. ئەمما شەيتان ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمنى ئالدىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى بۇرۇن ئالدايمەن دەپ بۇرنىغا يىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىسمائىلنىڭ

ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئالدىماقچى بولدى. ئەمما ھەزرىتى ھاجەرنىڭ ئانىلىق مېھرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھەزرىتى ئىبراھىمنى ئوبدان بىلەتتى. ئۆز يولداشىنىڭ خاتا ئىش قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەزرىتى ھاجەر ئۆز يولداشىدىن تەسلىمىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ساداقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئۆگەنگەن ئىدى. شۇڭا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئەسلا زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىغا پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىشىنەتتى. مانا مۇشۇ ھېچ بىر گۇمان قىلماي ئىشىنىدىغان ئىشەنچ، تەسلىمىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەن ئالدىغا كەپ ئېيتىپ كەلگەن شەيتاننى قوغلىۋەتتى. بۇ يەردە ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىگەن شەيتان ئاخىرى كىچىك ئىسمائىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمما كىچىك ئىسمائىلمۇ ئۆز ئاتىسىغا بولغان ساداقىتىدىن، تەسلىمىيەت تۇيغۇسىدىن شەيتاننىڭ ئالداشلىرىغا ئىشەنمەي ئۇنى قوغلىدى. ھەتتا قوغلاپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇردى ۋە ھېچبىر قارشىلىق قىلماي دادىسىغا بويسۇنۇپ، يولنى داۋام قىلدى. يولدا ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ ئىلاھىي ئەمرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوغلىدىن سەل ئەندىشە قىلدى. ئوغلىنىڭ قارشىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىدى ۋە قېچىپ كېتەرمۇ؟ دەپ، ئۆز - ئۆزىگە سوئال تاشلىدى. ئەمما بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىكار چىقتى. ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئوغلىغا ئېيتقاندا، ئىسمائىل مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى:

- جېنىم دادا! ھېچ ئىككىلەنمە، ئاللاھ تەرىپىدىن ساڭا قانداق ئەمر كەلگەن بولسا، قەتئىي ئىجرا قىلغىن. ئىنشان ئاللاھ مېنىڭ قانچىلىك سەۋرلىك ۋە قانچىلىك چىدامچانلىقىقا ئىگە بولغان، بىر ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن.

بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلىنىڭ بېشىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، يېنىدىن قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرىدىغان پىچاقنى چىقاردى ۋە تەكبىر ئېيتىپ، ئوغلىنىڭ گېلىغا سۈركىدى. ئەمما شۇنچىلىك بىلەپ شەمشەردەك ئىتتىك قىلىۋەتكەن پىچاق ئىسمائىلنىڭ گېلىغا ئۆتمىگەن ئىدى. بۇرۇن نەمرۇتنىڭ ئىبرائىمنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ياققان ئوتىغا «ئىبراھىم ئۈچۈن سۆرۈن ۋە سالامەتلىك بول!» دەپ، بۇيرىغان ئاللاھ، بۇ قېتىممۇ پىچاقنىڭ كېسەلمەسلىكى ئۈچۈن ئەمر قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم، ئاللاھقا پۈتۈن بارلىقى بىلەن، ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرىۋاتقان چاغدا، كۆكتىن مۇنداق بىر نىدا كەلدى: «چۈشۈڭدە كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى جايىدا ئىجرا قىلدىڭ». ئاندىن كۆكتىن بىر قوچقار يەرگە چۈشتى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم، ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. زاتەن ئاللاھنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمدىن ئىستەيدىغىنى ئۇنىڭ ئوغلىنى قۇربان قىلىشىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىش سەۋەبىنى ئۇنتۇتۇرىدىغان ھەممە نەرسىنى ھەتتا ئۆز جېنىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئوغلىنىمۇ بۇ يولدا پىدا قىلالايدىغان ئىتائەتمەنلىكىنى، ساداقىتىنى سىناش ۋە ئاللاھقا بولغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ھەرقانداق قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى ئىمتىھان ئارقىلىق بىلدۈرۈش ئىدى. ئاللاھ يولىدا ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز ئوغلىنىمۇ پىدا قىلىدىغان بۇنداق ئىمتىھان ھەقىقەتەن ناھايىتىمۇ قىيىن بىر ئىمتىھان بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئىمتىھاندا ھەزرىتى ئىبراھىم كۆكتىن بىر قوچقارنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ ئاللاھقا شۇنچىلىك ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى. ھەمدە ئۆزى شۇنچىلىك ئاشىق بولغان ئاللاھتىن

ئۆزگە ھېچقانداق بىر زىيانىنىڭ، يامانلىقىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا بارلىقى بىلەن ئىشىنەتتى. دېمەك، قۇربانلىق دېمەك ھەزرىتى ئىبراھىمدەك ئۆزى ئىشەنگەنگە، ئۆزى ئىتائەت قىلغانغا، ئۆزى ياخشى كۆرگەنگە ھېچ ئىككىلەنمەي ئىتائەت قىلماق، ئىشەنمەك، بويسۇنماق دېمەكتۇر. قۇربانلىق دېگەن يەنە ھەزرىتى ھاجەردەك ئۆزى ئىشەنگەنگە، ئۆزى سۆيگەنگە، ئۆزى ئاشىق بولغانغا، ئۆزى ھۆرمەتلىگەنگە بويسۇنماق، سادىق بولماق، ھېچقانداق بىر نام ۋە مەنپەئەت تەلەپ قىلماي، جاپا ـ مۇشەققەتتىن ھېچ قورقماي كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىشەنمەك، تەسلىم بولماق دېمەكتۇر. قۇربانلىق دېگەن يەنە ھەزرىتى ئىسمائىلدەك سەۋر بىلەن ساقلىماق، كۈچلۈك بولماق، ئىرادىلىك بولماق، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئۆزى ئىشەنگەنگە ئىشەنمەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋەدىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ھېچ قورقماي، ھېچ ئىككىلەنمەي پىچاققا بويىنىنى سۇنماق دېمەكتۇر.

قۇربان ھېيت ئاشىقلارنىڭ ھېيتىدۇر. چۈنكى، ئاشىقلىق يانماقتۇر، كۆيمەكتۇر. ھەزرىتى ئىبراھىمدەك ھېچ سوئال سورىماي ئوتنىڭ ئىچىگە كىرمەكتۇر، ھەزرىتى ئىسمائىلدەك بويىنىنى ئىشەنچ بىلەن پىچاققا سۇنماقتۇر، ھەزرىتى ياقۇپتەك ئايدىڭلىققا ھەسرەت قالماقتۇر، ھەزرىتى يۇسۇپتەك زىنداندا سەۋر بىلەن ساقلىماقتۇر.

ئاشىق، مەجبۇر قالغاندا ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك چۆل يوللىرىنى كېزىپ ھىجرەت قىلماقتۇر.

ئاشىق، ئاسارەت زەنجىرى بىلەن باغلانغان خەلقنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرادەك ئارسلاندەك ھۆكۈرەپ چىقىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، باھادىرلارنى

كـۈرەش يولغـا باشـلىماقتۇر! ئاشــىق، بۇلبۇلنىــڭ ئەتىــر گۈلنىــڭ ئىچىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەر تاڭدا ئويغىنىپ ۋىسال دەردىدە خەنـدان ئـۈرۈپ نـىدا قىلماقتـۇر.

ئاشــىق ـ شــاھ مەنسـۇردەك، ئەرەنــدەك ۋەتــەن ئىشــقىدا، مىللـەت ئىشقىدا، ئاللاھ ئىشقىدا ئۆزىنىڭ ئەزىـز جانلىرىنـى قۇربـان قىلماقتـۇر.

ئاشــىق ـ ئـۆزى مۇقــەددەس دەپ بىلگــەن يولــدا بــەدەل تۆلمەكتـۇر، قىيىنىــى ئىقتىماقتـۇر!

ئاشىق ـ ۋەتەنىدىن ۋە ئاللاھ يولىدىن باشقا، ھەممىدىن ۋاز كەچمەكتۇر.

ئاشــىق ـ يىگىتسـار سـىپىلى ئىچىگـە قامىلىـپ قالغـان ئەمىـر سـاھىب، ئەبەيدۇلـلاھ ۋە ھامـۇت دېھقانــلاردەك ئـۆز يۇرتىنــى دۈشمەنىدىن قوغداش ئۈچۈن، ئۆز بارلىقىدىن ۋاز كېچىپ، كېچە ـ كۈنــدۈز جــەڭ قىلماقتــۇر.

ئاشــىق ـ بىلمەكتـۇر ۋە ۋەتــەن، ئــەل ـ يـۇرت ۋە دۆلــەت مەنپەئىتىنىـڭ ھەممىدىـن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنـى ئىـدراك قىلماقتـۇر.

ئاشــىق ـ ئــۆز دۆلىتىنىــڭ، ئــۆز ۋەتىنىنىــڭ نامـى بىلــەن ۋە سـالامى بىلــەن كەلگــەن ئەمىرلەرنــى بېشــىغا ھەرقانــداق بــالا كەلسـىمۇ، ئۆلـۈم كەلسـىمۇ سـۆيگۈ بىلـەن بىجـا كەلتۈرمەكتـۇر.

ئاشىق ـ ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش يولىدا ئاچلىقتا، سۇسـىزلىقتا، ئۇيقۇسـىزلىقتا چىدىماقتـۇر ۋە بوسۇغىسـىغا دىۋەيلـەپ كەلگەن دۈشمەن بىلـەن تـا ئـەڭ ئاخىرقى بىرتامچە قېنى قالغۇچە كـۈرەش قىلماقتـۇر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى

ئاشىق ــ جاسارەتتۇر، باھادىرلىقتۇر. قورقۇنچ بولغان يەردە ئاشىق بولمايدۇ. ئاشىق زۇلۇمغا كۆكرەك كىرىپ چىقماقتۇر.

ئاشىق ــ ھەممە ئىشتا پىداكار بولماقتۇر، ئۇمىدۋار بولماقتۇر ۋە پاسسىپ ياخشى ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولماقتۇر!

ئاشىق ــ تارىختا ئۆتكەن يول باشچىلارنىڭ، باھادىرلارنىڭ، مۇتەپەككۇر ئىلىمدانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۇ ياشىنىتىش، ئۇلارنىڭ روھى ئۈچۈن مەڭگۇ ئۆچمەس، يوقالماس بىر ئابىدە تىكلەش ئۈچۈن، قولغا قەلەم ئېلىپ رومان، تارىخ ۋە داستان يازماقتۇر.

ئاشىق ــ ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ يول ئالىدىغان بىر ئىرادىگە، مەنىۋىيەتكە ۋە مىللىي روھقا ئىگە بولغان ياش بىر نەسىلنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنى كېچە ـ كۈندۈز ئىزدىنىپ تۈرۈپ قىلماقتۇر.

ئاشىق ــ يەنە توختىماي تەپەككۇر قىلماقتۇر، ئىلىم يولىدا بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يول بويى زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلەپ بىلىم ئالماقتۇر!

ئاشىق ــ ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلماقتۇر.

ئاشىق ــ ھەق يولىنىڭ يولچىسى بولماقتۇر!

ئايەم كېچىسىدىكى يېگىسار ئاسمىنى، خۇددى كۈندۈزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاجايىپ تىنىچ، شۇنچىلىك ئوچۇق

ئىدى. ئۇن مىڭلىغان مەرۋايىتلارنى چىچىۋەتكەندەك يالتىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆكنى شۇنچىلىك چىرايلىق بېزىۋەتكەنىدى. كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بۇ ئايەم ئاخشىمىدا ساھىبجامال قەشقەر قىزىنىڭ قېشىنى ئەسلىتىدىغان ئەگىم ئاي، سۈس نۇرىنى يېگىسارنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى چېچىپ تۇراتتى. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاستىدىكى يېگىسار سېپىلى يىراقتىن شۇنچىلىك بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى يالغۇز ئاياق يولدا، قوماندان ئەمىر ساھىبنىڭ مۇرىلىرىگە مىلتىق ئاسقان ئەسكەرلىرى ئۇيان ـ بويان ئۆتۈشۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا جىددىي كۆز تاشلاپ قاقاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەللىك تاسمىلىرىغا قىستۇرۇۋالغان قىنىدىن چىققان يېگىسار پىچاقلىرى ئاينىڭ نۇرىدا سۈس چاقنايتتى. بەزىلىرىنىڭ دۈمبە تەرىپە قىستۇرۇۋالغان يالىڭاچ قىلىچلىرىنىڭ ساپلىرىدىكى پۈپۈكلىرى بولسا باھارنىڭ كەچتە ئەسكەن شاملىدا تال ـ تال بولۇپ يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆتۈك كىيىۋالغان پۇتلىرىنى جۈپلەپ، قەددىنى تىك تۇتقان قورۇچى ئەسكەرلەر، سېپىل قوۋۇقىنىڭ ئۈستىدە زەبەردەست قىيापەتتە ئاپتوماتنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ، كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرۇپ سېپىلنىڭ ھەيۋىسىگە ھەيۋە قاتقان ئىدى. سېپىلنىڭ چىڭ تاقالغان قارا يوغان سۆرلۈك دەرۋازىسى يېنىدىكى قوۋۇق ئۈستىدە تۇرغان ئەمىر ساھىب بىلەن ئەبەيدۇللاھ يىراقلاردىكى جەڭگاھقا سۈكۈت ئىچىدە نەزەر سېلىپ سۈكۈتتە تۇراتتى. بۇ ئانا تۇپراق زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە ئورەك ـ ئورەك بولۇپ كۆيۈپ قارىداپ خۇمداندەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، شېھىتلارنىڭ قانلىرى ئۈستىگە تۆكۈلگەچكە ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يەنىلا يوقاتمىغان ئىدى. ئەمىر ساھىبنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى تامچە

ياش، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن دومىلاپ ياداڭغۇ ياڭاقلىرىنى قاپلاپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ ساقىلىنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالدى. بۇ بىر جۈپ ياش تامچىسى ئاينىڭ يورۇقىدا ئۈنچىدەك يالتىراپ، يېنىدا تۇرغان ئەبەيدۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر قايغۇ ـ ئەلەمگە تولغان كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە، قېرىنداشلىرىنىڭ سىماسى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەمىر ساھىب ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئاكىسى شاھ مەنسۇرنىڭ بۈگۈنكى جەڭدە ھايات قالغان ياكى شېھىت بولغانلىقىدىن ئېنىق بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان يىراقتىكى جەڭگاھنىڭ ھالىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزچىلىك چۈشكەن ئىدى. ياش كۆزنى توپا باسقان، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئورۇقلاپ قارانچۇققىلا ئوخشاپ قالغان ئەبەيدۇللاھنىڭمۇ يۈمران يۈرىكى، كىچىك تۇرۇپلا زىندىلەنگەن ئىدى. ئەسلىدىكى يۇمشاق ۋە سېمىز ئەتلىك يارقىراپ تۇرىدىغان يۈزىنىڭ ھاللىرىدىن ھېچ بىر خاتىرە قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق ۋە ئەلەم ئىگىلىگەن ئىدى. سېپىل دەرۋازىسىدىن 300 ماڭدام يىراقلىقتىكى تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ياققان گۈلخانلىرىدىن يىلان تىلىدەك تولغىنىۋاتقان يالقۇن ئاستا ـ ئاستا پايانى يوق كۆككە قاراپ ئۆرلەۋاتقان ئىدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ، ۋاقىرىشىۋاتقان ئاۋازلىرى يالقۇن ئۇچىدىن ئۈزۈلۈپ ئايرىلغان قارا تۈتۈنلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ھاۋاغا تارقىلىۋاتاتتى. ئۇلار تەرەپكە زەڭ سېلىپ تۇرغان شاھ مەنسۇر بىردىنلا بىر نەرسىنى ئىسىگە ئالغاندەك كۆزلىرى گۈلخاندىكى چوغدەك چاقناپ، يۇنۇس ئەمىرنىڭ مۇنۇ روبائىيسىنى ئەقلىدىن كەچۈردى:

بولسۇن ئالدىرما ياراتقان ياردۇر،
ئويلىما زالىمنىڭ قىلغىنى كاردۇر.
مەزلۇمنىڭ ئاھى ئالدۇ شاھ تاجىنى،
ھەر نەرسىنىڭ بىر ۋاقتى باردۇر.

ئەبەيدۇللاھ شاھ مەنسۇرنىڭ ئاينىڭ شولىسىدا يورۇپ تۇرغان ئاۋاق يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــ نۇر ئەھمەد ئاكا! ئەگەر ئالمادىس ماڭا بىر ئىش بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، شۇ ياشانغان دادام بىلەن ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسەن. مەن ئۇلارنى كۆرمىگىنىمگە نەچچە ئاي بولدى، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىندىم. ئۇلارنى ھەرۋاقىت يادىمدىن چىقارمىغانلىقىمنى ئۇلارنىڭ بىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن!

توغرا، بىرئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلۈم، ئەڭ تەبىئىي بولغان نەتىجىدۇر ۋە بار بولىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. ئۆلۈم بىز ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بىردىنبىرھەقىقەت. ئۆلۈم پۈتۈنلەي يوق بولۇش دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۆلۈم، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەت ھاياتىغا كۆچۈش دېگەنلىكتۇر. ئۆلۈم بۇ دۇنيادىن كېتىپ، ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇش دېمەكدۇر. ئۆلۈم دېمەك ماكان، زامان بار بۇ ئالەمدىن ماكانسىز، زامانسىز ئۇ ئالەمگە ئاپىرىدىغان بىردىنبىر يول دېمەكتۇر. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى بويىچە «ئاشىق»نىڭ ۋىسالىغا يېتىش دېمەكتۇر. ئۇ ئۆلۈم توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەي ئاشىق، ئاشىقلارنىڭ ھاياتى ئۆلۈمدە. جاننى سەن ئالغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلۈم شېكەردەك تاتلىق تۇيۇلىدۇ. ئۆلۈش ئارقىلىق سېنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندىكىن، ئۆلۈم بىزگە تاتلىق جاندىنمۇ تاتلىق تۇيۇلىدۇ.»

ھەق يولىنىڭ يولچىلىرى ئۆلۈمدىن ھېچ قورقمايدۇ. مەيلى جەڭگاھتا بولسۇن ۋەياكى دەرگاھتا. چۈنكى بۇ ھايات مۇساپىسىدە ئارقىغا قايتىدىغان يول يوق، ئالدىدىكى يولنىڭ ئۇچى ئۆلۈمگە تۇتىشىدۇ. بۇ دۇنياغا ئانىمىزنىڭ قارنىدىن يىغلاپ تۇرۇپ ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلاپ، ئۆلۈمگە قاراپ يول ئالدىغان بۇ ھەقىقەت بىزنىڭ مۇتلەق يولىمىزغا ئايلانغان. بۇ ھاياتتا مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن يوللار بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ يېتىپ بارىدىغان مەنزىلى ھامان ئۆلۈم. شۇڭا بىزنىڭ بۇ ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر باسقان قەدىمىمىز بىزنى ئۆلۈمگە ئۈزلۈكسىز يېقىنلاشتۇرىدۇ. تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئارىلىقىدىكى بۇ مۇساپە بىزنىڭ ماڭىدىغان يولىمىز بولۇپ، بۇ يولدا خوشاللىق بىلەن قايغۇ، گۈل بىلەن تىكەن، بەخت بىلەن ئازاب دائىم بىرگە بولىدۇ. مانا مۇشۇ مەنزىلى ھامان ئۆلۈم بولغان بۇ يوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل يول ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن تاللىغان كۈرەش يولىدۇر. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن بېسىلغان قەدەملەر ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ شەرەپلىك تاللاشتۇر. توغرا ئەبەيدۇللاھتەك بىر ياشنىڭ ئەقلىگە ئۆلۈمنىڭ كېلىشى ھەقىقەتەن ئازابلىق بىر ئىش. ئەركىنلىكنى، بەختنى دەپ چىققان بۇيول بۆگۈنكى كۈندە ئەبەيدۇللاھتەك ئوغلانلارنىڭ ئازابلىنىشىنىڭ، ئەنسىرىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ يولدا ئادەمگە ئەڭ يېقىن نەرسە ئۆلۈم. مانا بۇ ئوغۇدەك رېياللىق. دېمەك، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئۆمۈر ھاياتى ئەنە ئاشۇنداق زور بەدەل تۆلەيدىغان، ئەنە ئاشۇنداق

ئـازاب بىلـەن تولغـان هايـات يولىدىـن ئىبـارەت. ئەممـا ئەركىنلىـك ئۈچـۈن، ۋەتـەن ئۈچـۈن ئۆلـۈش، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئازابلىنىـش ۋە بـۇ ئازابنىـڭ مەمبەسـىنى ئىـدراك قىلىشـىنىڭ ئۆزىمـۇ بىـر بەخـت. بۇنـداق بەختنىـى تونـۇپ يەتكـەن ئـادەم ھەقىقەتـەن يۈكسـەك پەزىلەتكـە ئىگـە بولغـان ۋەتـەن ئەۋلادلىرىـدۇر!

ئەمىـر سـاھىب ئەمدىـلا ئـون سـەككىزنىڭ قارىسـىنى ئالغـان ئەبەيدۇللاھنىـڭ ئەقلىگـە ئۆلۈمدىـن ئىبـارەت بـۇ هايـات يولىدىكـى ئـەڭ ئاخىرقـى مەنزىلنىـڭ كەلگىنىنـى كـۆرۈپ، ئىچىـدە ئاچچىـق بىـر تۇيغـۇ پەيـدا بولـدى. مانـا بـۇ ئاچچىـق تۇيغـۇ ئۇنىـڭ بارلىـق تەپەككۇرلىرىنـى ئۆزىگـە ئەسـىر قىلىـپ، ئۇنـى ئەبەيدۇللاھقـا لايىقىـدا جـاۋاب بېرىشـتىن مەھـرۇم قالدۇرغـان ئىـدى. ئـۇ كۆزىنـى ئەبەيدۇللاھتىـن قاچـۇرۇپ، قوۋۇقنىـڭ قېلىـن تاملىرىغـا قادالغـان ئـاي يۇلتۇزلـۇق كـۆك بايراققـا قاراتتـى، ئاندىـن كۆزىنـى كـۆك بايراقتىـن ئـۈزۈپ، كۆككـە تىكتـى ۋە ئىچىـدە: «مۇشـۇ جىمـىرلاپ تۇرغـان يۇلتـۇزلار ۋە ھـىلال ئـاي بىلـەن بىزەلگـەن كـۆك ئاسـتىدا، ھەمـدە ئالدىمـدا لەپىلـدەپ تۇرغـان ئـاي يۇلتۇزلـۇق كـۆك بايـراق ئالدىـدا، قەسـەم قىلىمەنكـى، ئەبەيدۇلـلاھ ئىنىمنىـڭ چوقـۇم هايـات قىلىشـى ئۈچـۈن، قولۇمدىـن كېلىدىغـان بارلىـق ئىشـنى قىلىمـەن. ھەتتـا زورۇر بولسـا ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئۆلىمـەن» ئاندىـن ئۆزىدىـن بىرجاۋابنىـڭ كېلىشـىنى كۈتـۈپ، تەلمـۈرۈپ قـاراپ تۇرغـان ئەبەيدۇللاھقـا قارىـدى:

ــ بـۇ مۇبـارەك كۈنلـەردە ئەقلىڭگـە نېمىلەرنـى كەلتـۈرۈپ يۈرىيدىغانسـەن، ئاللاھ بۇيرىسـا ھەممىمىـز بـۇ مۇھاسـىرىنى بـۇزۇپ چىقىـپ كېتىمىـز. بىـز تۈگگانـلار بىلـەن ئابايـلا كېلىشـتۇق. بـۇ ئۇلـۇغ قۇربـان ھېيـت ئۆتـۈپ كەتكىچـە ئۆزئـارا ئـۇرۇش قىلىشـنى،

ئـوق ئېتىشنى توختىتىدىغان بولـدۇق. شـۇڭا كۆڭـۈل خاتىرجەملىكى بىلـەن ئەتـە سـەھەردە قۇربـان ھېيـت نامىزىنـى چىرايلـىق ئۆتـەپ، يېڭىسـار پىدائىيلىرىنـىڭ قۇربانلىققـا ئاتـاپ تەييارلىغـان ماللىرىنـى قۇربانلـىق قىلـىپ، خوشـال - خـورام ھېيـت ئۆتكۈزىمىـز، - دەپ بولـۇپ، ئارقىدىنـلا قۇرئانىنـىڭ ھۇجـۇرات سۈرىسـىنىڭ 9 - ئايىتىنـى ئاسـتا تەجۋىدلـىك ئوقـۇپ سـۆزىنى داۋام قىلـدى:

- «ئەگـەر مۆمىنلەردىـن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشـۇپ قالسا، ئۇلارنى ئەپلەشـتۈرۈپ قويـۇڭلار، ئەگـەر ئۇلارنىـڭ بىـرى ئىككىنچىسـىگە تاجـاۋۇز قىلسـا، تاجـاۋۇز قىلغۇچـى تـەرەپ تاكـى ئاللاھنىـڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىـڭ بىلـەن ئۇرۇشـۇڭلار، ئەگـەر ئـۇلار (ئاللاھنىـڭ ھۆكمىگـە) قايتسـا، ئۇلارنـى ھېچقايسـى تەرەپكـە يـان باسـماي ئەپلەشـتۈرۈپ قويـۇڭلار. ئادىـل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنـى دوسـت تۇتىـدۇ» مانـا مۇشـۇ ئايەتنىـڭ ھۆكمىگـە ئاساسـەن، ئـۆز تۇپرىقىمىزنـى، ئـۆز دۆلىتىمىزنـىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن تۆكۈلگەنـلار بىلـەن جان تىكىـپ جەڭ قىلىشىمىز. بـۇ يولـدا نۇرغۇن شـېھىتلەرنى بېرىشىمىـز. ئەگـەر ئـۇلار ئـۆز نىيەتلىرىدىـن يېنىـپ ئۇرۇش توختىتىشنى خالىسا ئەلۋەتتە بىزمۇ ئـۇلار بىلەن ئەپلىشـىش تەرەپتـارى بولىمىـز. مۇشـۇ ھېيـت باھانىسـى بىلـەن ۋاقىتىنچە ئۇرۇش توختىتىـش توغرىسـىدا ئىككـى تـەرەپ كېلىشـتۇق. شـۇڭا ھەرخىـل قالايمىقـان ئويـلاردا بولمـاي، خاتىرجـەم بېرىـپ ئـازراق بولسـىمۇ ئۇخلىـۋال، ئەتـە قىلىدىغـان نۇرغـۇن ئىشـلىرىمىز بـار.

ئەبەيدۇلـلاھ ئەمىـر سـاھىبنىڭ بىـر قومانـدان ئەمـەس، بەلكـى ئاكىلـىق ئورنىـدا قىلغـان بـۇ سـەممىيي سـۆزلىرىنى ئـاڭلاپ، ئەمىـر ساھىبقا ئامانلـىق تىلـەپ سـېپىلنىڭ تۆۋىنىگـە قـاراپ يـۈرۈپ كەتتى.

قـوۋۇق ئۈسـتىدە يالغـۇز قالغـان ئەمىـر سـاھىبنىڭ قولىقىغـا

بىردىنلا، سىپىلنىڭ ئىچىدىكى يېقىن بىر يەرلەردىن، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ «ھۇ - ھۇ»، «ھۆم ئاللاھ، ھەق دوست» دەپ زىكرى قىلىشلىرى ۋە خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ، ھۆكمەتلىرىنى ساپايى، داپلارغا جۆر قىلىپ ئېيتىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قاتىل،
ناھەق تۆتۈپ ھەق ئىشلارنى قىلدى باتىل،
مۆرىد پىرگە قىلمايدىلار يۈزۈ خاتىر،
ئەجەپ شۇملۇق زامانلار بولدى دوستلار.

ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھلار ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق،
دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدا ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بەلا خەلق ئۈستىگە ياغدى دوستلار.

ئاخىر زامان ئالىملەرى زالىم بولدى،
خوشامەتنى ئايتقۇچىلار ئالىم بولدى،
ھەقنى ئېيتقان دەرۋىشلەرگە غانىم بولدى،
ئەجەب شۇملۇق زامانەلەر بولدى دوسلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرەك باغرىدىن ئۆرتىنىپ چىققان قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن، ئۆز پىرىنىڭ ھۆكمەتلىرىنى مۇڭلىنىپ ئېيتىۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭ ئاھ ـ زارلىرى، يېڭىسار كېچىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىۋېتىپ باراتتى. ئەمدى يەنە ساتارنىڭ يېقىملىق كۈيىگە قوشۇلۇپ، مۇقامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

دائىم غۇربەتتە يۈردۈم تاشلابان يارۇ دىيارىمنى،
ۋەتەن ھىجرىدە سۇ يەڭلىغ يۈرۈپ بىلمەم يانارىمنى.

ئىدى بەرھەق ماڭا چۈن گۈل تىكەندە ئەيلەمەك مەسكەن،
نىتەي قىلدى قازا ئالتۇن قەپەزدە جان ئۇزارىمنى.

ۋەتەن دەپ، ئول ۋەتەنگە يەتمىگەندىن قىل نىشان دوستلار،
كى ھىجران تاشىدىن باشىم ئۈزە ئەيلەپ مازارىمنى.

نە بولغاي ساقى ئەسلى ئول ۋەتەن خۇمغا نەسىدىن مەي،
سۇنۇپ بادى ئەجەل كەلمەي تۇرۇپ دەفئەت خۇمارىمنى.

غەرىبى، يەڭلىغ ئول پەرھادۇ مەجنۇن بولغىنىمدىن كىم،
دائىما غۇربەتتە يۈردۈم تاشلابان يارۇ دىيارىمنى.

ساتارنىڭ مۇڭگىگا مۇڭ قوشقان غەزەلنىڭ مەستخۇش ئاۋازى بولسا ئاستا ـ ئاستا ھەممە جاھانغا ياڭراپ، چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلۇق ساماغا كۆتۈرۈلۋاتاتتى. مۇقامچى غەزەلنى شۇنچىلىك پىداكارلىق بىلەن مەپتۇن ۋە مەھلىيا بولۇپ، زوق ـ شوققا چۆمۈپ ئېيتتىكى، ھەر كىشىنىڭ دىللىرىنى پىغان ئېتىپ، يۈرەكلىرىدە يۈكسەك ئىنتىلىش ھېسلىرىنى قوزغىتىپ، مۇقام بىلەن كىشىلىك ھاياتنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىغان ئىدى. كۆڭۈلدىكى بارلىق تەشۋىشلەر، قورقۇنچلار، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئۇنتۇلۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پايانسىز دىلى يورۇپ، يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ۋاھالەنكى، ھامۇت دېھقاننىڭ ھاياجىنى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ھاياجان ياشلار يادىڭغۇ يۈزىنى قاپلىغان ئۆسكىلەڭ ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى زاماندىن، ماكاندىن خالىي بولۇپ، كۆز يەتمەس ھاۋادا لەيلىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ مۇشۇ ئەركىنلىك كۈرىشىگە ئاتلانغان كۈنلەرنىڭ بارلىق خاتىرىلىرىمۇ، شۇ ئەسكى ئۆيدە يولغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىۋاتقان بىغۇبار ئايالى بىلەن ئۇششاق باللىرىنىڭ سەبى سىماسىمۇ، مۇشۇ پەيتلەردىكى ھېسلىرى، چۈشەنچلىرى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ، ئاشۇ مۇقامنىڭ كۈيلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر سىرلىق تەرزدە قوشۇلۇپ، پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئەلمىساقتىن بۇيان بۇ زېمىندا كىشىلىك ھاياتنى، ئۆلۈمنى، شەپقەت بىلەن نەپرەتنى، تىنچلىق بىلەن ئۇرۇشلارنى ۋە ئاشىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مۇزىك ۋە مۇقاملار سۆزلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ياڭراق مۇقام كۈيلىرى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئالىي ھۆر ـ ئەركىنلىكىنى نامايەن قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ ھۆر ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن، كىشىلىك ئاڭغا ئىگە بولغان كۈندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تارتىپ تا بوگۈنگە قەدەر ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مانا ئەمدى سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭمۇ، مۇقامچىنىڭ كۈيىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان ھاپىزنىڭ يېقىملىق قىلغان قىرائىتى، شېھىتلار مازارلىقىدىن كېلىپ، كىشىنىڭ يۈرىكىگە تېگىشكە باشلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، روھىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ئەنە ئاشۇ ئەركىن روھتىن كۆتۈرۈلگەن ئاۋاز كىشى قەلبىنىلا ئەمەس، پۈتۈن تەبىئەتنى لەرزىگە سېلىۋېتىپ باراتتى. ئەنە ئاۋاز ئاڭلانماقتا، قاراڭغۇ يوللارنى يورۇتماقتا ...

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم،

ياسىن. ۋەل قۇرئانىل ھەكىيم. ئىننەكە لەمىنەل مۇرسەلىين. ئەلا سىراتىم مۇستەقىيم...»

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ياسىن! ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن. توغرا يولدىسەن. قۇرئان ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان، غاپىل قالغان قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە

بىر توسۇق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ. سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ، قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن.»

پىنھان كېچىدە، كۆك قۇببىنىڭ ئاستىدا گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا ساما تارتىپ، زىكرى قىلىۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئاۋازى، مۇقامچىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئېيتقان مۇقامى ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلغان ساتارنىڭ مۇڭلۇق نىداسى، ئارقىدىنلا ھاپىز قارىنىڭ يېقىملىق قىرائىتى ۋە بۇ ئاۋازلارغا قوشۇلغان تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تېۋىنىشلىرى بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ ئىلاھى كۈچنىڭ قۇدرىتى بىر تەرەپتىن سېپىل سىرتىدىكى تۈگمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلىپ، ئۇلارغا ۋەھىمە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنىڭ قەدەملىرىنى چەمدەس ئېلىپ، كۆزلىرىنى يىراقلاردىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئاغدۇرتقۇزۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۈرلۈك ئوي - خىياللارغا چۆمگۈزىۋەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ شېھىتلىكتىن كېلىۋاتقان قارىنىڭ تەجۋىت بىلەن قىلغان قىرائىتىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى باھار كېچىسىنىڭ يەڭگىل شامىلى ئۇچۇرتۇپ، كۆكلەرگە تەلمۈرۈپ باققان خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئەكىلىپ ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىلاھىي قۇۋۋەت بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، كۆزلىرىدىكى ئۇيقۇنى يىراق چۆللۈككە ئېلىپ قاچسا، سېپىل سىرتىدىكى دالادا قەۋرىسىز ياتقان شېھىتلەرنىڭ مۇبارەك يۈزىنى سىلاپ، ماڭلىيىغا سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆكلەرگە ئۇچۇرتقان ئىدى. دېمەك

ھەممىلا ئادەم، ھەممىلا روھ ئۆز ئالدىغا مۇناجاتىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى.

مانا ئەمدى دەرۋىشلەرنىڭ زىكىرلىرى بىردىنلا كۆچىيىپ يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىشقى كۆيلىرى بىپايان ئاسمان گۈمبىزىگە ئۇرۇلاتتى، پۈتلىرى بولسا زېمىن ئۈستىدىن چاڭ چىقىرىۋېتىپ باراتتى، ئۇلارنىڭ غەيرىتىدىن ۋە ئىشقي ساداسىدىن ئاشىقنىڭ يۈكسەك پەرۋازىنى، روھنىڭ قاناتلىنىپ ئۇچقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى:

ئاشىقلارنى ئىشق دۇكانىن بارسا قۇرۇپ،
ياشىن ساچىپ، كۆكسىن ئاچىپ، يۈزىن سۈرۈپ،
ئىنشائاللاھ دۇزاخ قاچغان ئاندىن قورقۇپ،
يەتتە ئاسمان تاقەت قىلماي كۆچەر دوستلار.

ئىشق بابىنى ھەق يۈزىگە ئۇچۇق ئەيلەسە،
خاس ئىشقىنى كۆڭۈل ئىچرە جاي ئەيلەسە،
لۇتف ئەيلەسە ئىككى ئالەم شاھ ئەيلەسە،
ئاشىقلارى ھەق سارىغە ئۇچار دوستلار.

ئاللاھ دىبان گۆردىن قوپسا ئالەم كۆيەر،
خاس بەندەم دەپ رەھمان ئىگەم يالغۇز سۆيەر،

ياش ئورنىغە قانىن تۆكۈپ يۈزىن بويار،
ھەمدىن ئايتسا شەيتان لەئىن قاچار، دوستلار.

مەن ئايتمادىم ئاللاھ ئۆزى ۋەئدە قىلدى،
يولسىز ئىدىم، لۇتف ئەيلەبان يولغە سالدى،
غەرىب بولۇپ نالە قىلدىم قولۇم ئالدى،
ئانداغ ئاشىق شەۋق شارابىن ئىچەر دوستلار.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي سوپى كىم؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن: «سوپىلارنىڭ قەلبى ئىبراھىمنىڭ قەلبىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بولسا مۇمىنلىكتە ئىسمائىلنى، مۇڭلۇقلۇقتا داۋۇتنى، پېقىرلىقتا ئىيسانى، سەۋر ـ قانائەتتە ئەييۇبنى، مۇناجاتتا مۇسانى، سەمىمىيلىكتە مۇھەممەد ئەللەيھىسساللامنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغان ئىنسانلاردۇر.»

مانا مۇشۇ جاپالىق كۈنلەردە، ئاشۇ بۈيۈك پىرى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تەرىپلىگەن خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان، مىڭلىغان سوپى ـ دەرۋىشلەر يىراق ـ يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىكى خانىقالىرىدىن ئىرغىپ چىقىپ، يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئېلىپ، كۈندۈزلىرى جەڭ قىلسا، كېچىلىرى دوست تارتىپ دۇرت ئوقۇپ، «ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ» دەپ زىكرى قىلىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ جانلىرىغا جان قوشاتتى. ھاردۇق يېتىپ ھالىدىن كېتەي دېگەن ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەدەت بېرىپ، ئۆلارنىڭ هارغىن كۆڭلىدە ئاللاھ ئىشقىنىڭ ئوتىنى ياندۇراتتى، كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۈمىد چوغىنى پۈۋلەپ ئېچىپ، جىسمى ۋە روھىنى ئۆرتەيتتى. سوپىلار هېچ جاپادىن قورمايتتى. گاھ يەرنى تەخت، كونا كۆلاھنى تاج بىلىپ، بىر بۇردا نان بىلەن داغ سۇغا ئالەمچە شۈكرى قىلىپ، ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ئاجىز تەنلىرىنى قالقان قىلغان ئىدى. خۇددى جالالىدىن رۇمى ئېيتقانىدەك: «ھەركىم ئۆلۈمدىن ئۈركۈپ، قورقىدۇ. سوپىلار بولسا ئۇنىڭغا بۇرۇتلىرىنىڭ ئاستىدىن كۈلىدۇ.» مانا هازىر ئۆلۈم بوسۇغىسى ئالدىدا يالچىپ يېتىۋاتقان گۈلخاننى پەرۋانىدەك پىرقىراپ، دوست تارتىپ ساما بەزمىسى قىلىشلىرىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

ئايەم كېچىسى قوللىرىنى كۆككە سوزغان سوپا ــ دەرۋىشلەرنىڭ ئاۋازلىرىدىن بىر تەۋبە ــ ئىستىغپارنىڭ، ئاھۇ ــ پەريادنىڭ، ئاشىقلارنىڭ، ئاققان قانلارنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتاتتى. بۇ پەرياد، بۇ پۇراقلارنى يالغۇز جانلىقلارلا ئەمەس، بەلكى مازارلىقلاردىكى ئۆلۈكلەرمۇ تۇيىدى ۋە ئۇلارنىڭ روهلىرى ئەبەدىيلىك ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك قىلاتتى. سوپا ــ دەرۋىشلەر زىكرلىرى، ھەمدۇ ــ سانلىرى بىلەن، مۇقامچى كۈيى ۋە مۇڭزارى بىلەن، هاپىز قارى ئىبادەت ۋە دۇئالىرى بىلەن بۇ كۆز يەتكۈسىز كائىنات بوشلۇقلىرىغا بېقىپ، ئاشۇ چەكسىز كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى رەببىمدىن ئۆزگىچە مەدەت، ئىشەنچ، تايانچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇشۇ سېپىلنىڭ ئىچىگە مەڭگۈلۈك قاملىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزگىچە يار ــ مەدەتكار بولۇشىنى، نىجاتلىققا يۈزلەندۈرۈشىنى كۈتەتتى. مۇبادا شۇ سوپى ــ دەرۋىش، كۈي ــ مۇقامچى، قارى ــ هاپىزلارنىڭ قىلغان بارلىق ئىلتىجالىرى يىغىلىپ بىر دەرياغا تۆكۈلگەن بولسا ئىدى،

شۈبھىسىزكى ئاشۇ دەريا قىرغاقلىرىغا پاتماي، سەل بولۇپ تېشىپ، يېڭىسار بوسۇغىسىغا دېۋەيلەپ كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ ئۈستىنى توپاندەك باسقان بولاتتى.

ئەمىر ساھىبنىڭ بىردىنلا ھوزۇرى بۇزۇلدى. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى بارگاھ قۇرۇپ جايلاشقان تۇڭگانلارنى ئويلاپ يەنە جۇدۇنى تۇتتى. تۇڭگانلارغا ئۇنچىلىك ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇلارنى يا بىر مىللەت يا بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگىلى بولمايتتى. بىر مىللەتنى مىللەت قىلغان ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك زەررىچىلىرىنىمۇ ئۇلاردىن تاپقىلى بولمايتتى. بۇ مۇبارەك كۈنلەردە، ئۇلۇغ مەككىدە نەچچە مىليون مۇسۇلمان جەم بولۇپ ھەج تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلاپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانغا قىلىچ يالىڭاچلاپ ھۇجۇم قىلىپ، قان تۆكۈشكە قارىغاندا، ئۇلارنى قانداقمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟ يىلان ئەڭ زەھەرلىك، ئەڭ خەتەرلىك بارلىقتۇر. ئەمما يىلانمۇ سۇ ئىچىۋاتقان بىرسىگە چىقىلمايدىغۇ! ئەمىر ساھىم مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاڭلىغان يىلان توغرىسىكى ھېكايىنى يادىغا ئالدى:

ـ يىلان ھەر زامان ئۇۋچىدۇر، توشقان بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئوۋدۇر. توشقان بىر كۈنى بۇك باراقسان ئورماندا بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاقتىن سۇ ئىچىۋاتقاندا، يىلان ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆمىلەپ توشقاننىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپتۇ ۋە توشقاننىڭ سۇنى ئىچىپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، توشقان سۇنى ئىچىپ بولۇشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئەمما، توشقان سەزگۈر ۋە ناھايىتى تېز بولغاچقا، چاققانلىق بىلەن قېچىپ كېتىپ، يىلاننىڭ چىقىۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپتۇ. يىلان

www.uyghurkitap.com

بولسا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ توشقاننى قاچۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئويلاشقا باشلاپتۇ. توشقان بولسا يىلاننى ئەخمەق قىلىپ: «سېنى مەن بەكمۇ سەزگۈر، دەپ بىلەتتىم، مەن سۇ ئىچىۋاتقاندا ئارقامدا تۇرۇپ ساقلىغانىڭنىڭ ئورنىغا نېمە ئۈچۈن كېلىپلا ماڭا زەھەرلىك نەشتىرىڭنى سانجىمىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

يىلان بولسا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «سۇ ئىچىشكە ھەركىم موھتاج. شۇڭا مەن موھتاجلىق ئىچىدە تۇرغان بىرسىگە ھەرگىز ھۇجۇم قىلمايمەن. ئەگەر بىرسى، ئۆزى موھتاج بولغان نەرسىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا ھۇجۇم قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئىپلاس، نامەرت بىرسىدۇر. مەن ئۇنداق ئىپلاس، نامەرتلەردىن ئەمەسمەن» دەپتۇ. توشقان دۇنيادىكى ئەڭ ئەسكى، ئەڭ زەھەرلىك دەپ تونۇغان يىلاننىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتىمۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. شۇندىن بۇيان كىشىلەر ئارىسىدا «سۇ ئىچىۋاتقاندا يىلان چاقمايدۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىل تارقىلىپ، ئىنسانىيەتكە مىراس بولۇپ قاپتۇ.

ئەمىر ساھىب ئۆز ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىپ: «پاك سۇ خۇددى ئىسلام دىنىمىزغا ئوخشاش، ئادەم جىسمى ۋە روھىنىڭ قاغجىراپ كېتىشىدىن، قۇرۇپ چۆلدەرەپ كېتىشىدىن، پاسكىنا بولۇپ چىركىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. بولۇپمۇ توشقان ئىچكەن زەمزەمدەك بۇلاقنىڭ ساپ، سۈزۈك سۈيى خۇددى بىزنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئېسىل ئەقىدىلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر. دېمەك، ئەتە سەھەردە بىز ئاشۇ مەنىۋى بۇلاقتىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ كىشى قوراللىرىمىزنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ،

سەپراس تۇرۇپ ۋە ئانا تۇپراققا باش قويۇپ، سەجدە قىلىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇيمىز. تۇڭگانلارمۇ ئەھلى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە ھېيت نامازى ئوقۇپ، ھېيت ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا نېمىدىن ئەنسىرەيمەن. ھەرقانچە بولسىمۇ تۇڭگانلارنىڭ يىلانچىلىك ۋىجدانى باردۇ. ئاللاھ خالىسا ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ قۇربان ھېيت نامازىمىزنى خاتىرجەم ئوقۇۋالارمىز. ئاندىن كېيىنكى ئىشلارغا ئاللاھ كەرىم!»، دەپ ئويلاپ سېپىلدىن تۆۋەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھەپتىگە دۈشەنبە يەنى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەر ئىدى. قانداق قىزىرىپ كەتكەن شەپەقنى يېرىپ، ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ھەركىمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدە نەچچە مىڭ ئەسكەر ۋە يېڭىسار پىدائىيلىرى، جۈملىدىن دەرۋىش ـ سوپىلار قاتار ـ قاتار شۇنچىلىك رەتلىك سەپ تۈزۈپ نامازغا تۇرۇشقان ئىدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولۇپ، ھەممە كىشى قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئەمىر ساھىب، ئەبەيدۇللاھ ۋە ھامۇت دېھقان قاتارلىق بارلىق جەڭچىلەر سەجدىگە باش قويغاندا ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى ئانا يۇرتنىڭ تۇپراقلىرىغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئادەم ئۆز ئىچىدە مۇشۇ ئۇلۇغ كۈننىڭ ھۆرمىتى بىلەن يۇرتىغا، ئائىلىسىگە ئامانلىق تىلىشىۋاتاتتى. يىراقتىكى چۆلدىن كەلگەن ئىسسىق شامال، ئۈستىدىكى كۆك ئاسمان، ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغلارمۇ ئالەملەرنىڭ رەببىگە سىغىنماقتا، ئۇنى ئەسكە ئالماقتا ئىدى. تۇپراق بىلەن ساما ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاللاھنىڭ خەلپىسىنىڭ ئارقىسىدىن سەپ تۇتقاندا، بارلىق مەخلۇقاتلار جەم بولۇپ ئاللاھقا بويۇن ئېگىۋاتقاندا، ھەممە

جاھان توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى ۋە باش پاناھى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھقا تەسلىم بولغاندا، ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار كۆك ۋە يەر يۈزىنىڭ نۇرى، رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھقا ندا قىلىپ دەل قوللىرىنى ساماغا كۆتۈرگەندە، بىردىنلا گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ، پۈتۈن زېمىن تىترەپ كەتتى. ئاسمان يېرىلغاندەك، دەريالار تاشقاندەك، تاغلار سەنتۈرۈلگەندەك بولۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ھاۋادا بۇلۇتلاردەك لەيلىدى، قۇشلار كۆكتىن ئۆلۈك ھالدا يەرگە چۈشۈپ، بىردىنلا جاھاننى دەھشەت ئۆرتىگەندى. ئارقىدىنلا تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ يىرتقۇچ قۇشلاردەك «شا» (ئۆلتۈرۈڭلار) دېگەن ۋەھشى ئاۋازى ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى. مىلتىق، پىلمۇت ۋە زەمبىرەك ئوقلىرى ئانا تۇپراققا تىزلىنىپ، ئىككى قولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇشقا، ئوتتۇرىلىرىغا چۈشۈپ پارتلاشقا باشلىدى. ئىمام دەرھاللا «ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۇكسەك ئاۋاز بىلەن نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگەن جاراڭلىق تەكبىر ئېيتىش بىلەن تەڭ پۈتۈن جەڭچىلەر سەل يىراقتىكى يىغقلىق تۇرغان قوراللارنى ئېلىشقا يۈگۈردى. ئۆز جايىدىن قوپالماي يىقىلغان ئەسكەلەرنىڭ سانى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈزلەرگە يېتىپ بارغان ئىدى. كۆڭۈللىرى ئاللاھقا بولغان سىغىنىشنىڭ ھوزۇرىدا جۇلالانغان ئەسكەرلەر، كۆڭۈل ئىختىيارلىقى بىلەن ۋەتەن ئىشقى يولىدا شېھىتلىك ئۈچۈن جان تىكىپ دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئارسلاندەك ئېتىلىپ، شىردەك تۈۋلاپ، بۆرىدەك ھوۋلاپ، چىشلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، مۇشلىرىنى چىڭ تۈگۈپ جەڭگاھقا

باشـچىلاپ كـىرىــپ كەتتــى...

ئەمــر ســاھىب بولسـا دەرھــال ئەسـكەرلىرىگە ســىپىلنىڭ ئۈســتىگە چىقىشــقا ئەمــر قىلــدى ۋە ئــۆزى ئۇچقانــدا ســىپىلنىڭ ئۈستىگە يۈگـرەپ ماڭـدىـن، ئارقىدىــن ئەبەيدۇللاھ، ھامۇت دىھقـان قاتارلىــق باھادىــرلار ســىپىلغا چىقتــى-دە، دەرھــال دۈشــمەننى نىشـانغا ئېلىــپ قورالليرىدىــن ئــوق ئۈزۈشـكە باشـلىدى. تۇڭگانــلار ئۇيغـۇرلار نـەق ناماز ئۆتەۋاتقـان پۇرسـەتتىن پايدىلىــپ، سـىپىلنىڭ بىـر يېنىغـا يېقىنـلاپ كېلىــپ، سـىپىلنىڭ تۆۋىنـى كولاپ پارتلاشـقۇچ كۆمـۈپ پارتلاتقاندىــن كېيىــن ســىپىلنىڭ ئىچىگــە «شــا» دەپ باستۇرۇپ كىرگـەن ئىـدى. دېمەك، ئۆزىنـى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان تۇڭگانلارنىـڭ ۋىجدانـى بولسـا ئاشـۇ زەھەرلىـك يىلاننىڭكىچىلىكمۇ ئەمەسـلىكى مۇشـۇ مۇبـارەك قۇربـان ھېيــت نامىزىــدا قىلغــان بــۇ رەزىلللىكــى ئارقىلىــق ئىسـپاتلانغان بىــر ھەقىقـەت بولـۇپ قالــدى. ئەمــر ســاھىب ســىپىلنىڭ ئۈســتىدە قولىغــا پىلىمۇتنــى ئېلىــپ ســىپىلنىڭ ئۆرۈلگــەن ســۆكگۈچىدىن چاچقانــدەك تېــز ئۆملــەپ كىرىۋاتقـان تـۇڭگان ئەسـكەرلىرىگە ئۈزۈلدۈرمـە ئــوق ئــۈزدى. ئەممـا ســىپىلنىڭ يەنــە بىــر تەرىپىدىــن تۇڭگانــلار ئۆزلــرى تەييارلىغــان شــوتىلىرىنى قويــۇپ چۆمۈلــدەك يامىشــىپ چىقىشــقا باشــلىغان ئىــدى. بۇلارنــى كۆرگــەن ئەبەيدۇللاھ بىلــەن ھامۇت دىھقانمـۇ ئـۇ تەرەپكــە بۇرۇلــۇپ دەرھــال ئــوق ئېتىشــقا باشــلىدى ۋە ئۇلارنىــڭ سـىپىلنىڭ ئۈسـتىگە چىقىشـىنى توسـۇپ قالـدى. دەل شـۇ چاغـدا ئۇنــدەك ئۇيغـۇر يىگىتــى ســىپىل تۈۋىــدە پەيــدا بولــدى - دە، بىرســىنىڭ مۈرىســىگە بىرســى مىنىــپ تــۇرۇپ، ســىپىلغا يامىشىشـقا باشـلىدى. بـۇدرە چاچلىـق بىـر ئۇيغـۇر يىگىتـى سـىپىلغا ياماشـقان پېتــى، قولىدىكــى بــەش ئاتارلىــق مىلتىقنــى ســىپىل ئۈســتىدىكى ھامۇت دىھقانغـا سـۇنۇپ تـۇرۇپ: «قېرىنداشـلار مـاۋۇ قورالـلار بىلـەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

ئوقدانلارنى ئېلىشقىلار. بىز غۇلجىلىق، بىز جەمئىي ئون كىشى، ئارىمىزدا تۇرپانلىق ئىككى يىگىتمۇ بار. بىز مەجبۇر ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا ئوق ئېتىشقا ۋىجدانىمىز كۆتۈرمىدى. سىلەرنى ئاللاھ ئامان قىلسۇن، يېڭىسارنى چوقۇم قوغدام قىلىڭلار، بۇ بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغانى»دەپ، سۆزلەپ تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئون ملتىق بىلەن ئوقدانلىرىنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بېرىپ، تۆۋەنگە دومىلاپ يىقىلىپ چۈشتى. مانا بۇ يىگىتلەر بولسا ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئوق چىقىرىشقا ۋىجدانى چىدىماي، ئۇلار ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز تەنلىرىنى قالقان قىلغان، هايات ـ ماماتلىق پەيتتە ئۇلارنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ بىلگەن پىداكار ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىدى. ئۇلار سېپىل تۈۋىدە تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن كاللا ـ موللاق بولۇپ يەكمۇ ـ يەك، روبىيو ئېلىشتى، باهادىر يىگىتلەرنىڭ قوللىرىدىكى خەنجەرلەر نەچچە دۈشمەننىڭ كۆكسىگە سانجىلدى، ئەمما ئاخىرى ئۇلار ئۆز شەرىپى بىلەن، ئۆز غورۇرى بىلەن شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. سېپىلنىڭ ئىچىدە بولسا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭىسار خەلقى ۋە سوپى ـ دەرۋىشلەردىن تەشكىللەنگەن بەش مىڭغا يېقىن پىدائىيلار دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ تۇرۇپ جەڭگە كىرىشكەن ئىدى. يېڭىسارنىڭ ئىچىدە هېيت تەنتەنىسىنىڭ ئورنىنى جەھەننەم ئاتىشى ئالغان ئىدى. قەشقەردىكى بارلىق هەربىي كۈچىنى توپلاپ ئەكەلگەن مابۇفاڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىسارنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغانىدى. ھەممە يەرنى ئوت ـ تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، سېپىل ياقىسىدىكى پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ۋاراسلاپ كۆيىۋاتاتتى. ئەمما قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى دۈشمەننىڭ سەرخىل قوراللىرى ئالدىدا هېچ تىز

پۈكمەي جەڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. قولغا نېمە بولسا شۇنى كۆتۈرگەن خەلق ئۆلۈمنىڭ ئالدىغا مەرتلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن پىداكارلىقىنى، ساداقىتىنى كۆرسىتىپ، قىيامغا تۇرغان ئىدى. نەچچە ئون يىلنى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن مابۇفاڭ ئۆلۈمگە مەرتلەرچە ئۆزىنى ئۇرىدىغان بۇنداق خەلقنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ خىتايلار بىلەنمۇ، رۇسلار بىلەنمۇ تۇتىشىپ باققان، ئەمما بۇنداق قاپ يۈرەك، قورقۇمسىز ئادەملەرگە ھەرگىز دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىدى. يېڭىسار ئاسمىنىدا توپ ـ توپ بولۇپ تۇرغان بۇلۇتلار قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى يەر يۈزىدە ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ شولىسىدەك كۆرۈنەتتى. جاللات قىلىچىنىڭ زەربىسىدە چالغا تەككەن بىدىدەك چېپىلىپ كېتىۋاتقان نارسىدە باللارنىڭ باشلىرى يېڭىسار كوچىلىرىدا پىلىكىدىن ئۈزۈلگەن چىلگىدەك دۇملاپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى سىپىل ئۈستىدىكى ئەمىر ساھىب ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىدىكى ئوقلار پۈتۈنلەي تۈگىگەن ئىدى. ئەمىر ساھىب ئەتراپقا قاراپ ئەبەيدۇللاھنى ئىزدىدى ۋە ئۇنى بۇ رەھىمسىز ئۇرۇشنىڭ بالا ـ قازالىرى ئىچىدە پۈتۈن ئەزايى قانغا مىنەلگەن ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، جان ـ جەھلى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆردى ـ دە، دەرھال يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا، دەرھال بىرقانچە ئەسكەرنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، يېڭىساردىن چىقىپ كېتىشىنى ئەمر قىلدى. بۇنداق بىر جىددى پەيتتە ئەلۋەتتە ئەبەيدۇللاھ ئۆز سەپداشلىرىنى ئۆلۈمنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئەمما ئەمىر ساھىبنىڭ ئەمرى كەسكىن ئىدى. شۇڭا ئەبەيدۇللاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى ئەسكىرى بىلەن سېپىلدىن تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئارقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمىر ساھىبمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرماي، يەردە ئۆلۈك ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ كوچا جېڭىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، سېپىلدىن چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلدى. ئەبەيدۇللاھ بولسا ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى باغلاپ قويغان ئېغىلدىن ئېلىپ، ئۆزلىرى پىششىق بىلىدىغان يول بىلەن يېڭىسار ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن ئاتلاندى، ئۇ ئەمىر ساھىب قاتارلىق ئۆز يېقىنلىرى بىلەن خوشلىشىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئۆز ئېتىغا مىنىپ يول ئېلىش ئالدىدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئىنشىراھ سۈرىسىنى ئوقۇدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم.

ئەلەم نەشرەھ لەكە سادرەك...»

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سېنىڭ كۆكسىڭنى كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ شان - شۆھرىتىڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟ بىلگىنكى، ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئاسانلىق بار. شۇ مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم يەنە بىر ئاسانلىق بار. سەن بىكار بولغان چېغىڭدا تىرىشىپ ئىبادەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن.)

بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز سەپداشلىرى بىلەن ۋىدالاشتى ۋە كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ پاراغەت تاپقاندەك بولدى. شۇ چاغدا يىراقتا تۇرغان ھامۇت دېھقان، ئەبەيدۇللاھنىڭ ئات سېلىپ چاڭ چىقىرىۋەتكەن يولغا خۇنى قالمىغان كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى ئۇنىڭغا ئامانەت

قىلىۋاتقاندەك، شۇنچىلىك ساپ نىيەت بىلەن، شۇنچىلىك بەختلىك بىر ئىپادە بىلەن، شۇنچىلىك سەبى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن بىرنەچچە دەقىقە جايىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، سارغۇچ يۈزى قارىداپ كەتكەن بولۇپ، رەڭگىدىكى ھارغىنلىق ئالامەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ياغاچتىن ئويغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ روھىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى شۇنچىلىك تېز پىلدىرلاپ، جېنىغا جان قاتتى ـ دە، ئەمىر ساھىبنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

جەڭ شىددەتلىك داۋام قىلىۋاتاتتى. قوراللىرى خىل، ئوق ـ دورا قاتارلىق لاۋازىمىتى يېتەرلىك بولغان تۇڭگانلار جەڭدە پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى. يېڭىسارنى قوغداش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئەمىر ساھىبنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنىڭ ئوق ـ دورىلىرى ئەمدى تەلتۆكۈس تۈگىگەن ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئالدىغا كەلگەن دۈشمەنلىرى بىلەن قوچاقلاشما جەڭلىرىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارغا ھازىر ئەڭ ئەسقىتىۋاتقىنى يانلىرىدىكى يېڭىسارنىڭ پىچاقلىرى بولدى. مانا بۇ يېڭىسار ئۇستىلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرىدا ياسالغان پىچاقلار ئۆز كارامىتىنى ئەمدى تازا كۆرسىتىۋاتاتتى. ھامۇت دېھقان ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپ ئالدىغا زەربە بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بىر تۇڭگان ئەسكىرىنىڭ بوينىغا زەبەر بىلەن پىچىقىنى سۈردى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈم دېڭىزى ئىچىگە شۇڭغىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈم قايتا تىرىلىشنىڭ، ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنىڭ بىشارىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھاللىرىنى جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى دەلىللەيتتى:

كەلمەس ساڭا بىر زىيان بۇ ئاشىقتىن كۆڭلۈم،

جان كەتسىمۇ قورقما باشقا بىر جاندۇر ئۆلۈم.

ئەمما بۇ روبىرو جەڭ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئارقىسىدىن ئېتىلغان نامەرت دۈشمەن ئوقى ھامۇت دېھقاننى يەرگە يىقىتقان ئىدى. ئۇ تا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن قاراقاش يولىدا ئۇچراشقاندىن بېرى ئۆزىنى ئەركىنلىكنىڭ جەڭچىسى قاتارىدا كۆرگەن ئىدى. روھىغا روھ قوشۇلۇپ بۇ يولدا ئۆز باللىرىنى يېتىم، ۋاپادار ئايالىنى تۇل قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ ئۆزى مۇقەددەس دەپ بىلگەن ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىدى. ئەركىنلىكنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەنىدى. توغرا ئەركىنلىكتىن ئىبارەت بۇ سۆزنىڭ ۋەزنى شۇنچىلىك ئېغىركى بۇنىڭ ئۈچۈن ئون مىڭلىغان ۋەتەن ئوغلانلىرى ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلدى. ئەنە ھەممە يېرى قانغا بويالغان ئەمىر ساھىب يارىلانغان ئارسلاندەك ھۆكۈرەپ دۈشمەنگە ھەيۋە قىلماقتا، ئالدىغا كەلگەنگە خەنجەر ئۇرماقتا. مانا ئەمدى تەرەپ - تەرەپتىن چىلبۆرىدەك ھۆرپىيىپ كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى قوللىرىدىكى قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ

«شا» دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى - دە، ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىچ ئۇردى. بەدەنلىرى قىيما - چىيما بولۇپ يەرگە يىقىلغان ئەمىر ساھىب يېڭىسارنىڭ كۆك يۈزىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ، ئىنسان سۈرەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

ئايەتلىرىنى ئوقۇدى:

«ھەقىقەتەن بۇ (ئايەتلەر) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن. پەقەت ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىلا، ئاندىن سىلەر (بىر ئىشنى) خالايسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.»

ئىنسانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا دېگەن سۆزلىرى ۋە ئويلىغان ئويلىرى ئۇدۇل ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىدۇ. رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھ ئەلۋەتتە ئادەم بالىسىنىڭ ئۆز ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىغا قاراش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى دېگەن سۆزلىرىنى، ئويلىغان ئويلىرىنى ئالاھىدە نەزەرگە ئالىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، بارلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي مەۋجۇدات بولغان ئىنسانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزلىرى ۋە ئويلىرى پۈتۈن ھاياتىدىكى سۆزلىرى ۋە ئويلىرىدىن شۇنچىلىك تازە ۋە شۇنچىلىك راستچىللىققا تولغان بولىدۇ. ئاشىقنىڭ شېھىدى ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئويلىرىنى ئۆزىگە، ئانا ۋەتەننى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، بۇ ئالەمدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ئىدى. ھازىر ئانا ۋەتەنىنىڭ بىر پارچىسى بولغان يېگىسارنىڭ ھەممە يەرلىرى ئوت ئىچىدە كۆيۈپ مىستەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئەمىر ساھىبىنىڭ ياتقان يېرىدىكى تۇپراقلار قىپ ـ قىزىل قانغا بويالغانىدى. ئۇنىڭ تاشلىنىپ تۇرغان چاچلىرى بولسا خۇددى قارا رەڭدە ئاققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دەرياداەك، جانسىز بەدىنى ئۈستىدە بەھەيۋەت يېيىلىپ تۇراتتى. قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلىرى بولسا، يۇمۇلغان ئىككى كۆزىنى مېھرى بىلەپ سىلاۋاتاتتى. ئەمىر ساھىب بىلەن شاھ مەنسۇردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئاشىقنىڭ شېھىتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھاياتتا نە يىققان ماللىرى بار ئىدى، نە دۇنياغا قالدۇرغان ئەۋلادلىرى... ئۇلار تېخى 25 بىلەن 23 ياشلاردىكى يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا تۇتاشقان يولغا پاك ـ پاكىز بىر قەلب بىلەن، ۋەتەن، مىللەت ئىشقى بىلەن چىققان ئىدى ۋە گۈزەللىكنىڭ گۈزەللىرىدىن بولغان شاھادەتلىرى زاھىر بولغانىدى. دۈشمەننىڭ ئوق ۋە قىلىچ ـ مىزراقلىرى ھەممە تەرەپتىن يارىلاندۇرغان بەدىنى ئۇزانغان پېتى، ئانا تۇپراققا مىلىنىپ ياتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ گۈل پۇراقلىق تەنلىرى شۇ دالىدا قەۋرىسىز قالغان ئىدى. يەنە ئەرەن ۋە ھامۇت دېھقان قاتارلىق نەچچە مىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ ئەزىز تەنلىرىنىڭ بەزىلىرى دالىدا كېپەنسىز قىلىپ، ئىسسىق ئاپتاپنىڭ ئەپتىدە قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتلاشلىرىدا ئېزىلىپ، تىتىلىپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەنىدى. تۇڭگانلار بۇ ۋەھشىلىكى ئارقىلىق بۇ باھادىرلارنىڭ ئىزلىرىنى يەر يۈزىدىن پاك ـ پاكىز يوقاتماقچى بولغانىدى. ئۇلار شۇنچىلىك ھەددىلىرىدىن ئېشىپ، ئۆچمەنلىكى شۇنچىلىك چەككە يەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈت پۇرىقى كەتمىگەن بوۋاقلاردىن تارتىپ ئۆچرىغانلا ئادەمنى قەتلى قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ قىرغىنچىلىقتا ئۆچرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دات ـ پەريادلىرى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يېتىپ، ھەريانىنى قاپلىغانىدى. ئۇ ناللەرنى، پەرىشانلىقنى ئاڭلىغان

ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى داغلىنىپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئەت پۇراقلار كۆككە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك سامانىڭ يۈزىنى قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلەر قاپلىغان ئىدى. ئەگەر ياراتقان رەب بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغان ۋە بىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئاشۇ نارسىدىلەرنى قوغداپ قالمىغاندۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئىنسانلار نېمىشقا ئۆزى ئاپىرىدە بولغان ئانا زېمىندا تېپتىنچ ياشىماي، باشقىلارنىڭ يۇرتىغا كۆز تىكىدىغاندۇ؟ ئۆزىنىڭ نەپسانى نەپسى ئۈچۈن، يۇرت ئاتلاپ ئۇرۇش قىلىپ، مەسۇم ئىنسانلارنىڭ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزىچە، ئۆزلىرىنى ھەقىقەت يولىدا چاغلاپ، دۇنياغا ئادالەت كەلتۈرىمىز دېيىشلىرىچۇ تېخى، ئەمدى زادى كىم ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ؟ قارا تۇپراققا ئاققان قانلارمۇ؟ كېسىلگەن باشلارمۇ؟ ياكى كۆك قەھرىدىكى قۇياشمۇ؟ ياكى بۇ قىساس قىيامەتكە قالدىمۇ؟ شۇنچىلىك چىرايلىق كۆك ئاسمان بىلەن شۇنچىلىك مۇنبەت بۇ زېمىننىڭ ئارىسىدا بۇنچىلىك ۋەھشى ئىنسان قىلىپىدىن چىققان رەھىمسىز قىرغىنچىلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن بولىدىغانلىقىغا ئادەمزاتنىڭ ئەقلى ئۇيلاپ يېتەلمەيتتى. بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ بۇ ئالەمدە قازىسى يوق ئىدى. چەكسىز ئاسمان قەھرىدە سەگەك كۆزلىرى بىلەن بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىپ تۇرغان، بىلىپ تۇرغان تەڭرىمۇ جىم تۇرغان ئىدى. بۇ دۇنيادا تەڭرىنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىدىنمۇ بەتتەر قورققۇنچلۇق بىر ئىش بولمىسا كېرەك. چۈنكى تەڭرى جىم تۇرسا زامانىنىڭ رېتىمى بۇزۇلاتتى، دۇنيادا ئادەلەت يوقىلاتتى، دۇنيانى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلار ئۆچەتتى، جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ، ھۇۋقۇشنىڭ ئاۋازى ياڭرايتتى، زالىمنىڭ قىلىچى يالتىرايتتى. ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، سەن ھەر نەرسىنى ياراتالايسەن ۋە ھەر نەرسىنى يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قىلالايسەن، سەن ھەر نەرسىگە قادىر، سەن ھەر نەرسىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىسەن، سەن چەكسىز قۇدرەتكە ۋە چەكسىز كۈچكە ئىگە، سەن بولساڭ چەكسىز ئۇكيان، بىز بولساق بىر تامچە. مادامىكى سەن شۇنداق تۇرۇپ، نېمە دەپ بىزگە ياردەم قولۇڭنى سۇنمايسەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ قۇربان ھېيتتا شۇنچىلىك بىگۇناھ، مەسۇم ئىنسانلارنىڭ قانلىرىنىڭ تۆكۈلىشىگە قاراپ جىم تۇرىسەن؟

يېڭىسار ئاسمىنىدا ئەت خۇمار يوغان بىر سا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ، پەستە يەنى قاناتلىرى ئاستىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى جىمغىنا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزەتتى. ئاندىن ئۆز ئولجىسىنى ئېلىش ئۈچۈن سوزۇلۇپ پەسلەپ كېلىپ، جەسەتلەر بىلەن تولغان يەرگە كېلىپ قوندى. ئۇ جەسەتلەرنىڭ ئېچىلىپ قالغان جاراھەتلىرىگە ئۇچلۇق تۇپشۇقىنى تىقىپ قوچۇشقا باشلىغان ئىدى. بەزى جەسەتلەرنىڭ مەيدىسىنى چوقۇپ تىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدىكى قانلىرىنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى. دېمەك، بۇ دۇنيا ئاجايىپ بىر يەر، ھەم ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق، كىم ئاجىز بولسا، نېمە ئاجىز بولسا ئۇنى مۇتلەق بوزەك قىلىدۇ ۋە ئاجىزلارنىڭ قانلىرىنى شورايدىغان بىرەر جانلىق تەييارلا تۇرىدۇ. ئەنە قارىمامسىز شۇنچىلىك كىچىك چىۋىنلەرمۇ بۇ جەڭدە ئۆز ئولجىسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇچۇپ كېلىپ شۇ ئۆلۈك، جانسىز، چارىسىز تەنلەردىن «ئۆزىنىڭ رىسقىنى» خاتىرجەم يەۋاتمامدۇ. ئەمما ئۇ يەردە ياتقىنى پەقەت ئۆلۈك، جانسىز جەسەتلا ئىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ پاك روھلىرى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، ئاللىبۇرۇن كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ روھلىرى روھلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل روھلار ئىدى. ئۇلار گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ

ھەردائىم بىزنىڭ ئارىمىزدا مەڭگۈ ھايات يۈرىدۇ. ئۇلار تەنلىرىنى مۇشۇ زۇلۇم باسقان زېمىنغا تاشلاپ قويۇپ، مىللىي روھىنى تارىخقا مەڭگۈلۈك يالداما قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ تراگېدىيەگە ھەرقانداق ئىنسان چىداپ تۇرالمايتتى. بىراق، تارىختا كۆپ تەكرارلىنىۋاتقان بۇنداق تراگېدىيەلەرگە بۇ مىللەت تا ھازىرغىچە چىداپ كېلىۋاتاتتى. ئەگەر باشقا بىر مىللەت بولسا چوقۇم ھەممىسى بىراقلا ساراڭ بولۇپ قالار ئىدى. ئەمما بۇ مىللەت زامان ـ زامانلاردىن بېرى بۇ ئانا يۇرتتا ياشاپ كەلمەكتە. بۇ مۇئەللەق ئۆلۈمدىن ئامان قالغانلار بۇ زېمىننى جاندىن ئەزىز بىلىپ يەنە قوغداپ كەلمەكتە، ھاياتىنى داۋام قىلماقتا.

توڭگانلار بۇ قېتىملىق قەتلىئامدا شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىب، ئەردەم، ھامۇت دېھقان بولۇپ خوتەن ئەسكەرلىرىدىن 4000 دەك ئادەم، يېڭىسار پىدائىي ۋە سوپىلىرىدىن بولۇپ 5000 دەك ئادەم شېھىد بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭلىغان يېڭىسار ئاھالىسى ئۇرۇشتىن كېيىن قەتلىئام قىلىنغان ئىدى. يېڭىسارنىڭ كوچىلىرى، مەھەللىلىرى، باغلىرى، ئېتىزلىرى جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. يەر يۈزىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەن ئادەم، خۇددى كۆكتىن يەرگە ئۆلۈك ياققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئانا يۇرتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ھەق يولنىڭ ئاشىقلىرى ئۇ دۇنياغا ئىككى كۆزىگە توپا كىرگەن قىياپەتتە، شېھىتلىك تۇلپارىغا مىنىپ سەپەر قىلغان ئىدى. ئەمما يېتىم قالغانلار بولسا ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنى ئىدى. شۇڭا پەرياتلىرىمىزدىن داستانلار پۈتكەي! ئاھلىرىمىز كۆكلەرگە يەتكەي! ۋەتەن ئاشىقلىرى بىزدىن ئايرىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

روھى جەننەت گۈلىستانىدا ۋىسالىغا يەتتى. مۇلكى بۇيۇكلىكىدىن كۆك قۇببەگە پاتمايدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ باھادىرلىقى روھى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۇنۇق قەلبىدە ئەبەدى ئۆچمەيدۇ.

ئەي ۋەتەن ئاشىقلىرى. ئەي مىللەت ئاشىقلىرى، ئەي ئاللاھنىڭ توغرا يولىنىڭ ئاشىقلىرى مۇشۇ ئانا زېمىنغا چۈشكەن ئىككى تۇيغۇنىڭ بىرى بولسا ئۈمىد، يەنە بىرى قورقۇنچتۇر. مانا مۇشۇ ئىككى تۇيغۇ بىلەن ئىنسان بۇ زېمىندا قىيامەتكىچە ياشايدۇ. بۇ زېمىن خۇددى بىر چۆلگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يوللىرى خۇددى سافا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوللارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەجەر ئانىدەك ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ ئارىسىدا ئاشۇ يوللاردا تىنماي چاپقاندا، ئاللاھ چوقۇم زەمزەمنى ئېھسان ئەيلەيدۇ. شۇڭا بۇ يوللار ئۈمىدنىڭ يوللىرىدۇر، چۆل يوللىرى سەۋرنىڭ يۇرتىدۇر. كۆپلىگەن نەبىلەر ئەنە شۇ يوللاردا مېڭىپ پىشقان، ئاللاھنىڭ توغرا يوللىرىنى ئۆگەنگەن. چۆل يوللىرىدا ئىزلار قالمايدۇ، تۇيۇقسىز چىققان بىر بوران بىلەن ھەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن چۆل يولىدا ئىنسانلار كۆپ ئېزىپ قالىدۇ. شۇڭا چۆل يولىدا مېڭىش ئۈچۈن يول باشچى كېرەك. بۇ يولدا كۈرمىڭ قېتىملاپ ماڭغان ۋە كۆپ قۇربان بەرگەنلەر يول باشچى بولالايدۇ. مانا بۇ ئانا يۇرتتىكى يوللارنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرادۇر.

باھارنىڭ شىر - شىر قىلغان شاماللىرىنىڭ ئاڭلىنىشى كىشىگە تېخىمۇ جىمجىتلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە بەختى قاچقان، چېھرىدىن ئازاب - ئوقۇبەت يېغىپ تۇرغان ئەبەيدۇللاھ ئىككى ھەمرايى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن

بۇغرانىڭ يېنىغا قاراپ ئات سالغان ئىدى. ئۇنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمگە تولغان كۆزلىرى قورقۇنچتىن قۇتۇلۇپ ئىنتىقام قەھرىگە تولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بولسا ۋەتەن سۆيگۈسىگە تولغانىدى. ئۇنداق ۋەتەنگە بولغا چەكسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت پەقەت كۆڭۈل كۆزىدىلا يېتىشىپ چىقاتتى. ئەمدى ئۇ بارلىق شەيئىلەرگە كۆڭۈل كۆزى بىلەن قاراشنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە شاھ مەنسۇر بىلەن ئەمىر ساھىبنىڭ سىماسى بار ئىدى. بۇ كۆڭۈل سىماسى ئاشىق شېھىتلىرىنىڭ سىماسى ئىدى. ئۇلار شېھىدلىك مەرتىۋىسىدە ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلەكلىرى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇنلا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ جەڭگاھتىكى ئوتلار ئىچىدە كۆيگەن تەنلىرى ئاشىق بىلەن كەۋسەر سۇلىرىدا يۇيۇلدى. شۇڭا ئەبەيدۇللاھنىڭ سۇلغۇن كۆڭلى ئەمدى كۆڭۈللەرگە ھوزۇر ئاتا قىلىدىغان ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن، ئىنتىقام ئوتىدا يېنىپ، دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنە بىر ئۇلۇغ يولغا ئاتلانغان ئىدى. ئۇنىڭ زەپىرەڭ يۈزى قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. باھارنىڭ تازە ھاۋاسىدا، ئاشىق شېھىتلىرىنىڭ ئوبرازى قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇنىڭ مىنگەن بۆرۈل ئېتى «ئات يولدا، يىگىت جەڭدە بىلىنىدۇ» دېگەندەك توختىماي يول ئالماقتا ئىدى. يول بويىدىكى بارلىق بارلىقلار ئاتنىڭ چېپىشى بىلەن تەڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەرتكەتنىڭ ئۆزى مۇقەددەس، ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى تېخىمۇ مۇقەددەس. چۈنكى بۇ يول ئاشىقنىڭ شېھىدلىرى ماڭغان ئاشىق يوللىرى

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ھازىر بۇ ئاشىق يوللىرى تەبىئەتنىڭ باھاردىكى بارلىق ھادىسىلىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھال جالالىدىن رۇمى مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ مىسرالىرىنى كىشىگە ئەسلىتەتتى:

گۈل ئېچىلسىمۇ، مەندە بىر باھار ھەسرىتى بار،
ھەر كۆزدە باشقا بىر ۋىسال لەززىتى بار.
باق تالدىكى ۋە ياپراقتىكى مىدىرلاشقا،
ھەر لىڭشىشنىڭ پەرقى ۋە بىر ھېكمىتى بار.

ياقۇت لەۋلەر كۆڭلۈمنى ھەسرەت ئەيلىدى،
بىھۇش ئۇ گۈزەللەر مېنى مەسھۇش ئەيلىدى.
روھىمدا ھەر دائىم باھار ھېكايىسى،
گۈل باغچىلىرى قەلبىمنى خوش ئەيلىدى.

بىرىنچى مۇھەببەت بىلەن ئاتقاندا تاڭ،
بىردىنلا ئۇچۇپ كېتىدۇ تەندىن بۇ جان.
بىر مەرتىۋەدۇر ئۇ، ھەر نەپەس ئالغىچە،
كۆزسىز كۆرىدۇ، قولسىز تۇتىدۇ ئۇيەردە ئىنسان.